دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# پارلاپ تۇرغان مىڭ قۇياش

خالىد ھۇسەيىن ( ئامېرىكا )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

خالىد ھۇسەيىن ( ئامېرىكا )

پارلاپ تۇرغان مىڭ قۇياش

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



پارلاپ تۇرغان مىڭ قۇياش

ISBN 978-7-228-16869-9


9 787228 168699 >

定价：42.00元

خالىد ھۆسەيىن ( ئامېرىكا )

# پارلاپ تۇرغان مىڭ قۇياش

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرنىسا قۇربان



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

灿烂千阳：维吾尔文 / （美）胡赛尼（Hosseini，K.）著；努尔尼沙·库尔班译.—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2013.7

ISBN 978-7-228-16869-9

Ⅰ.①灿… Ⅱ.①胡… ②努… Ⅲ.①长篇小说—美国—现代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I712.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013) 第158179号

Copyright(c) 2007 by ATSS Publications, LLC
涉外合同登记新权图字29—2013—05

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 伊丽达娜·阿不都热依木 |
| 助理编辑 | 古丽夏尔·尼格买提 |
| 责任校对 | 阿依古丽·阿西木 |
| 封面设计 | 穆卡代斯·迪力夏提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 15.5 |
| 版　　次 | 2013年7月第1版 |
| 印　　次 | 2013年7月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-3000 |
| 定　　价 | 42.00 元 |

# كىرىش سۆز

خالىد ھۇسەيىن 1965 ـ يىلى كابۇلدا تۇغۇلغان، كېيىن دادىسى بىلەن ئامېرىكىغا كۆچۈپ بېرىپ سان خوسې شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان. ئۇ كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى سانتىئاگو تېببىي ئىنىستىتۇتىنى پۈتكۈزگەن، ھازىر كالىفورنىيە ئىشتاتىدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇ «لەگلەك قوغلىغۇچى بالا» ناملىق رومانى بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭ 2007 ـ يىلى مايدا نەشر قىلىنغان ئىككىنچى رومانى «پارلاپ تۇرغان مىڭ قۇياش» يىگىرمە بەش دۆلەتتە خىلمۇخىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ بۇ ئىككى ئەسىرى بىلەن نۇرغۇن شەرەپلەرگە ئېرىشكەن، «2008 ـ يىلىدىكى دۇنيا بويىچە تەسىرى ئەڭ زور يۈز كىشى» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

ئاپتور «پارلاپ تۇرغان مىڭ قۇياش» ناملىق ئەسىرىدە ئافغانىستان ئاياللىرىنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئۇچرىغان خىلمۇخىل كۈلپەتلىرىنى تەسىرلىك نامايان قىلىپ بەرگەن. ئەسەردىكى باش پېرسوناژ مەريەم ئافغانىستاندىكى چەت، نامرات رايوندا چوڭ بولغان، ئۇ مەكتەپتە ئوقۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى، بىراق، ئاپىسى ئۇنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىغا قوشۇلمايدۇ. مەريەم ئون بەش ياشقا كىرگەندە، ئاپىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى سەۋەبلىك ئۆسمۈرلۈك دەۋرى بىلەن خوشلىشىپ، كابۇلدىكى موزدوز رەشىدنىڭ ئەمرىگە ئۆتىدۇ ۋە زوراۋانلىق بىلەن تولغان ئائىلە تۇرمۇشىنى باشلايدۇ. ئون سەككىز يىلدىن كېيىن، ئافغانىستاندا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بولۇۋاتقاندا، ئەسەردىكى يەنە بىر پېرسوناژ —

ئۆسمۈر لەيلا ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان يىگىتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، رەشىدكە ياتلىق بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. دەسلەپتە ئىككى ئايال بىر ـ بىرىگە رەقىبلەرچە ئۆچلۈك قىلىشىدۇ، كېيىن بالىلارنى تەربىيەلەش جەريانىدا ئاستا ـ ئاستا بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، رەشىدنىڭ خورلاشلىرىغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرىدۇ. خورلۇق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان بۇ ئىككى ئايال ئۆزلىرىنىڭ ئازابلىق تۇرمۇشىنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىشىنى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلىدۇ... مەريەم بىلەن لەيلا ئوخشىمىغان دەۋرلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئەسلىمىلىرى ئىچىدە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، ئائىلە قىيىنچىلىقى ۋە زوراۋانلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىدۇ...

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلۈم


بىرىنچى باب ........................................ 3
ئىككىنچى باب ........................................ 9
ئۈچىنچى باب ........................................ 16
تۆتىنچى باب ........................................ 24
بەشىنچى باب ........................................ 30
ئالتىنچى باب ........................................ 45
يەتتىنچى باب ........................................ 54
سەككىزىنچى باب ........................................ 61
توققۇزىنچى باب ........................................ 67
ئونىنچى باب ........................................ 72
ئون بىرىنچى باب ........................................ 83
ئون ئىككىنچى باب ........................................ 89
ئون ئۈچىنچى باب ........................................ 98
ئون تۆتىنچى باب ........................................ 105
ئون بەشىنچى باب ........................................ 111


## ئىككىنچى بۆلۈم


ئون ئالتىنچى باب ........................................ 123
ئون يەتتىنچى باب ........................................ 135
ئون سەككىزىنچى باب ........................................ 146
ئون توققۇزىنچى باب ........................................ 160
يىگىرمىنچى باب ........................................ 164
يىگىرمە بىرىنچى باب ........................................ 169
يىگىرمە ئىككىنچى باب ........................................ 181
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ........................................ 186

يىگىرمە تۆتىنچى باب ........................ 203
يىگىرمە بەشىنچى باب ........................ 211
يىگىرمە ئالتىنچى باب........................ 218

## ئۈچىنچى بۆلۈم

يىگىرمە يەتتىنچى باب ........................ 231
يىگىرمە سەككىزىنچى باب ........................ 237
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ........................ 246
ئوتتۇزىنچى باب ........................ 254
ئوتتۇز بىرىنچى باب ........................ 259
ئوتتۇز ئىككىنچى باب ........................ 267
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب ........................ 277
ئوتتۇز تۆتىنچى باب ........................ 288
ئوتتۇز بەشىنچى باب ........................ 296
ئوتتۇز ئالتىنچى باب ........................ 304
ئوتتۇز يەتتىنچى باب ........................ 323
ئوتتۇز سەككىزىنچى باب ........................ 331
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب ........................ 337
قىرىقىنچى باب ........................ 347
قىرىق بىرىنچى باب ........................ 358
قىرىق ئىككىنچى باب ........................ 372
قىرىق ئۈچىنچى باب ........................ 392
قىرىق تۆتىنچى باب ........................ 395
قىرىق بەشىنچى باب ........................ 413
قىرىق ئالتىنچى باب ........................ 419
قىرىق يەتتىنچى باب ........................ 432
قىرىق سەككىزىنچى باب ........................ 444
قىرىق توققۇزىنچى باب ........................ 452
ئەللىكىنچى باب ........................ 459
ئەللىك بىرىنچى باب ........................ 483

# بىرىنچى بۆلۈم

# بىرىنچى باب

مەريەم «هارىمى» دېگەن سۆزنى بەش ياشقا كىرگەندە تۇنجى قېتىم ئاڭلىغانىدى.

ئۇ كۈنى پەيشەنبە، شۇنداق، پەيشەنبە كۈنى ئىدى، مەريەم پەقەت پەيشەنبە كۈنىلا مۇشۇنداق ئىچى تىت - تىت بولاتتى، جىددىيلىشەتتى. چۈنكى، پەيشەنبە كۈنى جېلىل ئۇنى كۆلبىسىگە يوقلاپ كېلەتتى. بۇ چاغدا مەريەم تىزىغا كەلگۈدەك ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىدىن قولىنى پۇلاڭلاتقىنىچە جېلىلنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقاتتى. بۇ پەيت كەلگۈچە ئۇ تەقەززالىقىنى بېسىش ئۈچۈن، ئورۇندۇقتا چىقىپ، ئاپىسىنىڭ قەدىمكى جۇڭگودا ياسالغان بىر يۈرۈش چىنە - قاچىلىرىنى يۆتكىشىپ بېرەتتى. مەريەمنىڭ ئاپىسى نانا ئىككى ياش ۋاقتىدىلا ئاپىسىدىن يېتىم قالغان، ئاشۇ بىر يۈرۈش چىنە - قاچىلار ناناغا ئاپىسىدىن مىراس قالغان بىردىنبىر تەۋەررۈك ئىدى. نانا كۆك ۋە ئاق رەڭ ئارىلاشقان، جوغىسى چىرايلىق ئېگىلگەن، سىرتىغا قۇشقاچ بىلەن بامبۇكنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن چەينەك بىلەن يامان كۆزدىن ساقلايدىغان ئەجدىھا نۇسخىلىق قەندەلنى جېنىدىنمۇ ئەزىز بىلەتتى.

دەل ئاشۇ قەندەل مەريەمنىڭ قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىپ چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى.

نانا يەردىكى قەندەلنى كۆرۈپ، يۈزلىرى كۆپچۈپ قىزىرىپ كەتتى. لەۋلىرى تىترەپ، بىرسى خۇنسىز، بىرسى نۇرلۇق كۆزى مەريەمگە مىختەك قادالدى. نانانىڭ شۇ قەدەر ئاچچىقلانغانلىقىنى

كۆرگەن مەريەم قورققىنىدىن ناناغا يەنە جىن چاپلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. ئەمما، بۇ قېتىم جىن كەلمىدى. نانا مەريەمنى بىلىكىدىن تارتىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ھالدا:

— ھەي، كالانپاي ھارىمى. مىڭ جاپادا باقىقان ئەجرىمگە ئەڭ ئەزىز نەرسەمنى چېقىۋېتىپ، مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇرامتىڭ، ھەي كالانپاي ھارىمى، — دەپ تىللاپ كەتتى.

ئۇ چاغدا، مەريەم ئاپىسىنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىگەنىدى، ئۇ «ھارىمى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمەيتتى. ئۇ دۇنيانىڭ تەڭسىزلىكىنى چۈشىنىشكە، ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىكلەر ھارامدىن تۇغۇلغانلار بولماستىن، بەلكى شۇ «ھارىمى»لارنى تاپقانلار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىشكە تېخى كىچىكلىك قىلاتتى. لېكىن، مەريەم ئاپىسىنىڭ «ھارىمى» دەپ تىللىغان چاغدىكى ئەلپازىغا قاراپ، ئۇ سۆزنىڭ چوقۇم بەتبەشىرە، يىرگىنچلىك بىر نەرسىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى. ئۇ چوقۇم ئاپىسى ئۆي سۈپۈرگەندە تىللاپ تۇرۇپ سۈپۈرۈپ چىقىرىۋېتىدىغان سۇۋەرەككە ئوخشايدىغان يىرگىنچلىك ھاشارات بولسا كېرەك.

كېيىنچە، مەريەم چوڭ بولغاندا ناناننىڭ ئۇ سۆزنى پەقەت ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا دېمىگەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ «ھارىمى» دېگەن سۆزنىڭ كېرەكسىز نەرسىلەرگە قارىتىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ دەل ئاشۇنداق قانۇن ئېتىراپ قىلمايدىغان، باشقىلار ئېرىشەلىگەن مۇھەببەت، ئائىلە، ئېتىراپ قىلىش دېگەنلەرگە ئېرىشىش ھوقۇقى مەڭگۈ بولمايدىغان كېرەكسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

جېلىل مەريەمنى بىر قېتىممۇ ئۇنداق ئاتاپ باقمىغانىدى. جېلىل ئۇنى «ئوماق گۈلۈم» دەيتتى. ئۇ مەريەمنى قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزۇپ ھېكايە ئېيتىپ بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بىر قېتىم مەريەمنىڭ 1959 ـ يىلى تۇغۇلغان يۇرتى ھېراتنىڭ بىر چاغلاردا پارس مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولغانلىقىنى، ئۇ يەردە

نۇرغۇنلىغان يازغۇچى، رەسسام ۋە سوپىلارنىڭ ياشىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەندى.

— شائىرلارنىڭ كۆپلۈكىدىن پۈتۈكنى شۇنداقلا كۆتۈرسەڭ گەپ - سۆز يوق بىر شائىرنىڭ كاسىسىغا تېپىپ سالىسەن، — دېگەندى ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ.

جېلىل مەريەمگە 15 - ئەسىردە ياشىغان خانىش گۆھەر شادنىڭ① ھېراتقا بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ گۈزەل مۇنارلارنى تىكلىگەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەندى. ئۇ يەنە ھېراتنىڭ كەڭ كەتكەن ياپيېشىل ئېتىزلىرىنى، باغلىرىنى، ساپاق - ساپاق ئۈزۈملەر مەي باغلاپ تۇرغان ئۈزۈمزارلىرىنى ۋە ئادەملەر مىغىلداپ تۇرغان ئۈستى يېپىق بازارلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگەندى.

— ئۇ يەردە بىر پىستە دەرىخى بار، — دېدى جېلىل بىر كۈنى، — مەريەم، ئاشۇ دەرەخنىڭ ئاستىغا ئۇلۇغ شائىر جامىي② دەپنە قىلىنغان، — ئۇ ئېڭىشىپ تۇرۇپ مەريەمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، — جامىي بەش يۈز يىل ئىلگىرى ياشىغان. مەن سېنى ئۇ يەرگە، ئاشۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئاپارغان. ئۇ چاغدا سەن تېخى كىچىك بولغاچقا ئېسىڭدە قالماپتۇ.

توغرا. مەريەم ئۇنى ئېسىگە ئالالمايتتى. گەرچە ئۇ بۇ دۇنياغا تۆرەلگەن ئون بەش يىل جەريانىدا، ھېراتقا پىيادە يېتىپ بارغىلى بولىدىغان يەردە ياشىغان بولسىمۇ، ئۇ دەرەخنى، ھېلىقى داڭلىق مۇنارلارنى يېقىندىن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغانىدى. ھېراتنىڭ مېۋىلىك دەرەخلىرىدىن مېۋە ئۈزۈش، ئېتىزلىقلىرىنى ئايلىنىش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىغانىدى. لېكىن، ھەر قېتىم جېلىل مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلغاندا، مەريەم ھەۋەس بىلەن ئاڭلايتتى. ئۇ جېلىلنىڭ نۇرغۇن

---

① گۆھەر شاد (1378 — 1457) — تېمورىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ سۇلتانى شاھرۇخنىڭ خوتۇنى، ئۇلۇغبەگنىڭ ئانىسى.

② راخمان جامىي (1414 — 1492) — پارس شائىرى.

نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىغا بەكمۇ قايىل ئىدى. مۇشۇنداق بىر بىلىملىك دادىسى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلەتتى.

— نېمىدېگەن يالغانچىلىق بۇ! — دەيتتى نانا جېلىل كەتكەندىن كېيىن، — بايلارنىڭ يالغان سۆزلىرىمۇ ئۇلارنىڭ پۇلىغا ئوخشاشلا كۆپ بولىدىكەن. ئۇ سېنى ھېچقاچان ئۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئاپارغان ئەمەس. سەن ئۇنىڭ قۇرۇق گەپلىرىگە ئالدىنىپ كەتمە. سېنىڭ ئۇ قەدىرلىك داداڭ بىزگە خىيانەت قىلدى. بىزدىن ۋاز كەچتى. ئۇ بىزنى ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيىدىن خۇددى ئەخلەتنى سۈپۈرگەندەك سۈپۈرۈپ چىقىرىۋەتتى. ئۇ خۇشاللىق بىلەن شۇنداق قىلدى.

مەريەم بۇ سۆزلەرنى ئامالسىز ئاڭلايتتى. ئۇ نانىنىڭ جېلىل توغرۇلۇق بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتىشقا ھەرگىز پېتىنالمايتتى. مەريەم جېلىل بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىدا ئۆزىنى ھەرگىزمۇ «ھارىمى»دەك ھېس قىلمايتتى. ھەر پەيشەنبە كۈنى جېلىل بىلەن كۆرۈشۈپ، بىللە بولىدىغان ئاشۇ بىر ـ ئىككى سائەت جەريانىدا، ئۇ ئەكەلگەن سوۋغا ـ سالاملار ۋە ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى كۆرۈپ، مەريەم ئۆزىنى ھاياتلىقتىكى بارلىق گۈزەللىكلەر ۋە بارلىق ئىلتىپاتلارغا ئەرزىيدىغاندەك ۋە ئېرىشكەندەك ھېس قىلاتتى.

مانا شۇنىڭ ئۈچۈن مەريەم جېلىلنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.

ئۇ ھەتتا جېلىلنىڭ باشقا بىر ئائىلىسىنىڭ بارلىقىنى بىلسىمۇ، ئۇنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتى.

جېلىلنىڭ ئۈچ خوتۇنىدىن قانۇنلۇق توققۇز بالىسى بار ئىدى، مەريەم ئۇلارنىڭ بىرسىنىمۇ تونۇمايتتى. جېلىل ھېراتتىكى بايلارنىڭ بىرسى بولۇپ، ھېراتتا بىر كىنوخانىسى بار ئىدى. گەرچە مەريەم ئۇ كىنوخانىنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، جېلىلنىڭ تەسۋىرلەپ بېرىشىدىن كىنوخانىنىڭ كۆك

ۋە ئاق رەڭلىك خىش تېمى، ئايرىم ئورۇندۇق قويۇلغان بالكونلىرى ۋە ۋاساجۇپ تورۇسى بارلىقى، كىنوخانىنىڭ قوش ئىشىكلىك دەرۋازىسىدىن تاملىرىغا ھىندىستان فىلىملىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئېلىنغان ئەينەك جازىلار قادالغان مەرمەر تاشلىق زالغا كىرىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. جېلىل يەنە مەريەمگە سەيشەنبە كۈنلىرى باللارنىڭ كىنوخانىدا ھەقسىز ماروژنى يەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

نانا جېلىلنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. جېلىل كۆلىبىدىن كەتكەندىن كېيىن، نانا مەريەمگە قاراپ مەسخىرە بىلەن ئېيتتى:

— يات ئادەمنىڭ باللىرى ھەقسىز ماروژنى يەپتۇ. سەن نېمە يەيسەن مەريەم؟ ماروژنى ھېكايىسىنىمۇ؟

جېلىلنىڭ كىنوخانىدىن باشقا يەنە كاروخ ۋە فاراخ دېگەن جايلاردا يېرى، ئۈچ گىلەم دۇكىنى، بىر كىيىم - كېچەك دۇكىنى، شۇنداقلا 1956 - يىلى ياسالغان قارا رەڭلىك بېيك ماركىلىق ماشىنىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ھېراتتا مۇناسىۋەت تورى كەڭ بولۇپ، شەھەر باشلىقى ۋە ئۆلكە باشلىقى بىلەن دوست ئىدى. ئۇنىڭ يەنە شەخسىي ئاشپىزى، شوپۇرى ۋە ئۈچ نەپەر ئۆي خىزمەتكارى بار ئىدى. نانا ئاشۇ خىزمەتكارلارنىڭ بىرى ئىدى، ئېغىرئاياغ بولۇپ قېلىپ قورسىقى يوغىناپ كەتكۈچە خىزمەتكار بولۇپ ئىشلىگەنىدى.

نانانىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ ئىش پۈتۈن ھېراتقا تارقىلىپ كېتىپتۇ. جېلىلنىڭ تۇغقانلىرى قان تۆكۈشكە قەسەم قىپتۇ. ئاياللىرى بولسا نانانى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىشنى تەلەپ قىپتۇ. نانانىڭ گۈلدامان يېزىسىدا تاشقا نەقىش ئويۇپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان دادىسى نومۇسقا چىدىماي ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ، بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ، ئىرانغا بارىدىغان ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ كەتكەن پېتى دېرىكى بولماپتۇ.

— بەزىدە، — دېدى نانا بىر كۈنى ئەتىگەندە كۆلىبىنىڭ

سىرتىدا توخۇلارغا دان بەرگەچ، — دادام مېنى بوغۇزلاپلا جېنىمنى ئېلىپ نومۇسىنى يۇغان بولسىچۇ، دەپ ئويلاپ كېتىمەن. شۇنداق قىلغان بولسا بەلكىم مەن ئۇچۇن ياخشى بولاتتى، — ئۇ يەنە بىر سىقىم داننى ئېلىپ، كاتەكنىڭ ئىچىگە چېچىپ، بىردەم تۇرغاندىن كېيىن مەريەمگە قارىدى، — ساڭىمۇ ياخشى بولاتتى بەلكىم. سەن ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى بىلىشتىن قۇتۇلۇپ قالاتتىڭ. لېكىن، مېنىڭ ئۇ قورقۇنچاق دادامدا ئۇنچىلىك يۈرەك يوق ئىكەن.

نانا يەنە جېلىلدىمۇ ئۇنداق يۈرەكنىڭ يوقلۇقىنى، خوتۇنلىرى، تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىدا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى قوغداش ئۈچۈن يەڭ ئىچىدە سودىدا پۇتۇشكەنلىكىنى ئېيتتى. نانانىڭ دېيىشىچە، ئەتىسىلا ئۇ نانانى خىزمەتكارلار تۇرىدىغان ئۆيدىكى يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۇنى يولغا سېلىۋېتكەنىكەن.

— سەن ئۇنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن خوتۇنلىرىغا نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى زورلاپتىمىشمەن. ھەممە گۇناھ مەندىمىش. كۆردۈڭمۇ؟ مانا مۇشۇنىڭ ھەممىسى بۇ دۇنياغا ئايال بولۇپ تۆرىلىپ قالغاننىڭ گۇناھى.

نانا قولىدىكى دان سېلىنغان قاچىنى يەرگە قويۇپ، بارمىقى بىلەن مەريەمنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ:

— ماڭا قارا، مەريەم، — دېدى، مەريەم ئامالسىز ئۇنىڭغا قارىدى، — گېپىمنى قۇلىقىڭدا ئوبدان ساقلا قىزىم. خۇددى كومپاسنىڭ ئىستىرېلكىسى دائىم شىمالنى كۆرسەتكەندەك، ئەرلەرنىڭ گۇناھ چاپلايدىغان بارمىقى ھەرقاچان ئايالىلارغا توغرىلاقلىق. ھەرقاچان شۇنداق. سەن بۇنى مەڭگۈ ئېسىڭدە تۇت، مەريەم.

# ئىككىنچى باب

— جېلىل ۋە ئۇنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ ئالدىدا مەن بىر خوخا تېكەن ياكى بىر توپ شۇمبۇيا، سەنمۇ شۇ. سەن تېخى تۇغۇلماي تۇرۇپلا شۇ تەقدىر پېشانەڭگە پۈتۈلدى.

— شۇمبۇيا دېگەن نېمە؟ — سورىدى مەريەم.

— بىر خىل ياۋا ئوت ـ چۆپ، — دېدى نانا، — ئۆسكەن هامان يۇلۇپ تاشلىنىدىغان.

مەريەمنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. جېلىل ئۇنىڭغا ياۋا ئوت ـ چۆپتەك مۇئامىلە قىلمايتتى. بۇرۇنمۇ ئۇنداق قىلمىغان. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى يوشۇرۇشنى توغرا تاپتى.

— ئوت ـ چۆپكە ئوخشىمايدىغان بىرلا تەرىپىم، سېنىڭ سەۋەبىڭدىن سۇ ۋە تاماق بىلەن بېقىلىۋاتىمەن. جېلىل ئۆيىدىكىلىرى بىلەن شۇنداق پۈتۈشۈپتىكەن.

نانا ئۆزىنىڭ ھېراتتا ياشاشنى رەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

— مەن ئۇ يەردە نېمىدەپ تۇراتتىم؟ ئۇنىڭ نايناق خوتۇنلىرىنى ماشىنىسىغا سېلىپ بازار ئايلاندۇرغىنىنى كۆرۈپ تۇرۇش ئۈچۈنمۇ؟

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ھېراتتىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دادىسىنىڭ بوش ئۆيىدىمۇ تۇرمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇ يەردىن يىراق بولغان، قوشنىلىرى ئۇنىڭ قورسىقىغا مەسخىرىلىك تىكىلىپ قارىمايدىغان، ھەتتا قوپاللىق بىلەن زەربە بېرەلمەيدىغان بىر جايدا ياشاشنى تاللىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ماڭا ئىشەنگىنكى، — دېدى نانا، — داداڭ مېنى كۆزدىن يىراق قىلغاندىن كېيىنلا كۆڭلى ئارام تاپتى. ئۆزىنىڭ

كۆتكىنىمۇ دەل شۇ ئىدى.
نانانى بۇ يەرگە كەتكۈزۈۋېتىش ئەقلىنى جىلىنىڭ چوڭ خوتۇنى خەدىچەدىن بولغان چوڭ ئوغلى مۇخسىن ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ يەر گۈلدامانىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانىدى، بۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن، ھېرات بىلەن گۈلدامانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق يولنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدىغان دۆڭ ئۈستىدىكى لاي چىغىر يول بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. چىغىر يولنىڭ ئىككى تەرىپى تىزغا كەلگۈدەك ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان، ئارىسىدا پورەكلەپ ئېچىلغان ئاق ۋە يېشىل گۈللەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يىلان باغرى كەتكەن بۇ يول دۆڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ سولىشىپ كەتكەن كېۋەز شاخلىرى بىلەن قاپلانغان، ياۋا چاتقاللار بىر - بىرىگە چىرمىشىپ ئۆسكەن تۈز مەيدانغا تۇتىشاتتى. دۆڭنىڭ چوققىسىدىن گۈلدامانىدىكى تۈگمەننىڭ ئۇپراپ كەتكەن چاقپەلىكىنىڭ ئۇچىنى كۆرگىلى بولاتتى. تۆۋەندە بولسا چەكسىز كەتكەن ھېرات كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ چىغىر يول بېلىقلار ئويناپ تۇرىدىغان، گۈلدامانىنى ئوراپ تۇرىدىغان سافىدكوھ دەپ ئاتىلىدىغان تاغلاردىن سۇ ئېلىپ كېلىدىغان كەڭ بىر ئېقىن بىلەن تىك كېسىشەتتى. بۇ ئېقىننىڭ ئىككى يۈز مېتىردام كېلىدىغان يۇقىرىسىدىكى تاغ باغرىدا چۆرگۈلىمەچ ياساپ بۈك - باراقسان ئۆسكەن سۆگەتلىك بار ئىدى. بۇ سۆگەتلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پارچە بوش يەر بار ئىدى.
جىلىل بۇ يەرگە كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ بىر قېتىم كەلگەنىكەن. نانانىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قايتىپ كېلىپلا، خۇددى ئۆز تۇرمىسىنىڭ ئاق تاملىرى بىلەن پاكىز پوللىرىنى ماختاۋاتقان گۇندىپايدەك بۇ جاينى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىپتۇ.
— شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەن بىلەن ماڭا بۇ چاشقان ئۇۋىسىنى ياساپ بەردى.

نانا ئون بەش ياش ۋاقتىدا توي قىلغىلى تاسلا قالغانىكەن. لايىق چىققان بالا شىندان① دېگەن يەردىن بولۇپ، ئۆزۈن قۇيرۇقلۇق شاتۇتى سېتىش بىلەن جېنىنى باقىدىكەن. گەرچە نانا ئېتىراپ قىلمىسىمۇ، مەريەم ئۇنىڭ ئاشۇ ھېكايىنى ئېيتقۇچە كۆزلىرىنىڭ چاقناپ كېتىشلىرىدىن نانانىڭ ئۇ يىگىت بىلەن توي قىلغان بولسا خۇشال بولىدىغانلىقىنى، بەلكىم تويىنىڭ پارىڭى بولغان ئاشۇ كۈنلەر ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ خۇشال ئۆتكەن كۈنلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

مەريەم نانانىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ، نانانىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغاچ، توي كۈنى ئۇنىڭ قوللىرىغا خېنە يېقىلغان، ئۈستىبېشى كۈمۈش بېزەك بىلەن بېزەلگەن، چاچلىرى دەرەخ يېلىمى بىلەن قاتۇرۇلۇپ ئۆرۈلگەن، ئاتنىڭ ئۈستىدە يېشىل رەڭلىك توي كۆڭلەكنى كىيىپ يۈزىگە يېپىلغان ياغلىقنىڭ ئاستىدىن تارتىنغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇ يەنە مۇزىكانتلارنىڭ نەي ـ ناغرا چالغان، كوچىدىكى بالىلارنىڭ بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ چۇرقىراشقان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغاندەك تۇيغۇغا كېلەتتى.

تويغا بىر ھەپتە قالغاندا، ناناغا جىن چاپلىشىپتۇ. بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى مەريەمگە چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

چۈنكى، مەريەم نانانىڭ تۇيۇقسىز يەرگە يىقىلىپ، پۈتۈن بەدىنى تارتىشىپ، كۆز قارىچۇقى ئارقىغا كەتكەن؛ خۇددى بەدىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىرنەرسە مېڭىۋاتقاندەك پۇت ـ قوللىرى تىترەپ، ئاغزىدىن قان ئارىلاش كۆپۈك كەلگەن ھالەتنى نۇرغۇن قېتىم كۆرگەنىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بېشى قېيىش، خۇدىنى بىلمەسلىك ۋە قالايمىقان جۆيلۈش قاتارلىق ئىشلارمۇ

---

① شىندان ـــ ئافغانىستاننىڭ غەربىگە جايلاشقان شەھەر، ھېراتنىڭ جەنۇب تەرىپىدە.

دائىم يۈز بېرەتتى.

بۇ خەۋەر شىندانغا يېتىپ بارغاندا، شاتۇتى ساتىدىغان يىگىتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تويىنى بىكار قىپتۇ.

— ئۇلار قورقۇپ كېتىپتىمىش، — دەيتتى نانا.

توي كىيىمى ئېگىز يەرگە يوشۇرۇپ قويۇلۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ناناغا ھېچ يەردىن لايىق چىقماپتۇ.

سۆگەتلىك ئوتتۇرىسىدىكى بۇ بوش يەرگە جەلىل ئوغۇللىرى فەرھاد ۋە مۇخسىنلارنى باشلاپ بېرىپ، مەريەم ئۈچۈن بۇ كۆلبىنى ياساپ بەرگەنىدى. مەريەم بۇ كىچىك كۆلبىدە ئون بەش يىللىق ھاياتىنى ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇلار كۆلبىنىڭ تاملىرىنى خام خىشلارنى سامان ئارىلاشتۇرۇلغان لاي بىلەن چاپلاپ قوپۇرغانىدى، كۆلبىنىڭ ئىچىدە ئىككى ياغاچ سۇپا، بىر ئۈستەل، ئىككى دانە قاتتىق ئورۇندۇق بار ئىدى. تاملىرىدىكى تەكچىلەرگە نانا سېغىز لايدىن ياسالغان قاچىلار ۋە ئۆزى چىن يۈرىكىدىن قەدىرلەيدىغان چىنە چەينەك ـ پىيالىلىرىنى رەتلىك تىزىپ قوياتتى. جەلىل كۆلبىگە قىشتا ئىسسىنىش ئۈچۈن بىر چويۈن مەش قويۇپ بەرگەن، كۆلبىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تامغا پارچىلانغان ئوتۇنلار دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. ھويلىدا تونۇر، توخۇ كاتىكى بار ئىدى. جەلىل ئاشۇ چاغدا بىرنەچچە قوي ئالغاچ كەلگەن، ھويلىغا قوي قوتىنىمۇ ياسىغانىدى. ئۇ يەنە ئوغۇللىرىغا كۆلبىدىن يۈز مېتىر كېلىدىغان چاتقاللىقتا چوڭقۇر ئورەك كولىتىپ ھاجەتخانا ياساتقۇزغانىدى. جەلىل كۆلبىنى مەدىكارلارغا پۇل بېرىپ ياساتقۇزسىمۇ بولاتتىكەن، لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلماپتۇ.

— بۇ ئۇنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئۆزىنى جازالىغىنىمىش، — دەيتتى نانا.

نانانىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، مەريەم تۇغۇلغان كۈنى قېشىدا

ھېچكىم يوق ئىكەن. ئۇ كۈنى 1959 ـ يىلى باھارنىڭ يامغۇر ياغقان كۈنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ يىلى زاھىر شاھنىڭ[①] قىرىق يىللىق تىنچ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىگىرمە ئالتىنچى يىلى ئىكەن. جېلىل ناناغا تولغاق جەريانىدا يەنە جىن چاپلىشىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى بىلسىمۇ، ياردەم ئۈچۈن دوختۇرمۇ، تۇغۇت ئانىسىمۇ چاقىرماپتۇ. نانا كۆلبىسىدە ئۆزى يالغۇز يېنىغا پىچاق قويۇپ، داق يەردە تەرگە چۆمۈلۈپ يېتىپتۇ.

— تولغاق ئېغىرلاشقاندا ياستۇقنى چىشلەپ، ئۈنۈم پۈتۈپ قالغۇچە چىرقىرىدىم. شۇنداق تۇرۇپمۇ ھېچكىم كېلىپ، يۈزۈمدىكى تەرنى ئېرتىپ قويمىدى. بىر تېمىم سۇمۇ ئىچۈرۈپ قويمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەريەم، سەنمۇ بۇ دۇنياغا كېلىشكە پەقەت ئالدىرىمىدىڭ. سەن مېنى ئىككى كۈن ئاشۇ قاتتىق، سوغۇق يەردە يېتىشقا مەجبۇر قىلدىڭ. مەن شۇ جەرياندا ھېچ نەرسە يېمىدىم ياكى ئۇخلىمىدىم. پەقەت ئىنجىقلاپ، سېنىڭ سالامەت تۇغۇلۇشۇڭ ئۈچۈن توختىماي دۇئا قىلدىم.

— تازا جاپا تارتىپسىز، نانا.

— مەن ئىككىمىزنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان كىندىكنىمۇ ئۆزۈم كەستىم. شۇڭا، پىچاقنى يېنىمغا قويۇۋالغان.

— مېنى كەچۈرۈڭ، نانا.

ھەر قېتىم سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، نانا چوڭقۇر مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ قويىاتتى. مەريەم بۇ كۈلۈمسىرەشنىڭ ئەيىبلەش ياكى ئامالسىز كەچۈرۈۋېتىش ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا قانداق تۆرىلىپ قالغانلىقىغا كەچۈرۈم سورىشىنىڭ ناھەقچىلىك ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلالمايتتى.

لېكىن، ئۇ ئون ياشقا كىرگەندە ئۇنى ھېس قىلدى. ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىدا يۈز بەرگەن ئىشلار توغرۇلۇق نانا ئېيتقان

---

① مۇھەممەد زاھىر شاھ (1914 — ) — ئافغانىستاننىڭ سابىق پادشاھى، 1933 ـ يىلدىن 1973 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

ھېكايىلەرگىمۇ ئىشەنمەس بولدى. ئۇ جېلىلنىڭ ھېكايىسىگە، يەنى جېلىلنىڭ نانانى ھېراتتىكى دوختۇرخانىغا ئاپارغانلىقى، دوختۇرنىڭ تۇغدۇرغانلىقى، يورۇق ياتاقتىكى پاكىز كىرلىك قاپلانغان كارىۋاتتا ياتقۇزغانلىقى توغرۇلۇق ئېيتىپ بەرگەنلىرىگە ئىشەندى. مەريەم ھېلىقى پىچاق توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەندە، جېلىل مەيۈسلەنگەن ھالدا بېشىنى چايقىدى.

مەريەم ھەتتا ئاپىسىنىڭ ئىككى كۈن تولغاق ئازابىدا قىينالغانلىقىدىنمۇ گۇمانلىنىشقا باشلىدى.

— ئۇلار ماڭا پۈتۈن تۇغۇت جەريانىنىڭ بىر سائەتكىمۇ بارمىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، — دېدى جېلىل، — سىز بەكمۇ ئوبدان قىز، مەريەم. تۇغۇلغانىدىمۇ ئاپىڭىزغا جاپا سالمىغانىدىڭىز.

— ئۇ بۇ يەردە يوقتى، — دېدى نانا چالۋاقىغان ھالدا، — سەن تۇغۇلغاندا ئۇ تاختى سافاردا دوستلىرى بىلەن ئات چاپتۇرۇپ ئويناۋاتقانىكەن.

نانا مەريەمگە جېلىلنىڭ قىز تۇغۇلغىنىنى ئاڭلاپ، دولىسىنى چىقىرىپ قويۇپ، ئېتىنى تاراۋەرگەنلىكىنى، تاختى سافاردىن ئىككى ھەپتىگىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— راست گەپنى قىلسام، ئۇ سەن بىر ئايلىق بولغۇچە سېنى قولىغا ئېلىپمۇ قويمىغان. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ساڭا بىر قېتىملا قاراپ، چىرايى سوزۇنچاق ئىكەن دەپ قويۇپلا ماڭا قايتۇرۇپ بەرگەنىدى.

مەريەم ھېكايىنىڭ بۇ قىسمىغىمۇ ئىشەنمىدى. توغرا، جېلىل ھەقىقەتەن ئات مىنگىلى كېتىپتىكەن، لېكىن ئۇ مەريەمنىڭ تۇغۇلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا دولىسىنى چىقىرىپ قويماپتۇ. بەلكى ئېتىنى دەرھال ئېگەرلەپ ھېراتقا ئۇچقاندەك چېپىپ كەپتۇ. ئۇ مەريەمنى قولىغا ئېلىپ بارماقلىرى بىلەن قاش - كۆزلىرىنى سىلاپتۇ. ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. گەرچە مەريەمنىڭ چىرايى ھەقىقەتەن سوزۇنچاق بولسىمۇ،

جىلىلنىڭ ئۇنداق دېيىشىنى مەريەم كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىدى.

نانا يەنە «مەريەم» دېگەن ئىسمنى ئۆزىنىڭ تاللىغانلىقىنى، ئۇ ئىسمنىڭ ئاپىسىدىن قالغان تەۋەررۇك ئىسىم ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن بولسا، جىلىل ئۇ ئىسىمنى ئۆزىنىڭ تاللىغانلىقىنى، چۈنكى مەريەم دېگەن بىر گۈزەل گۈلنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

— سىز ئۇ گۈلگە ئامراقمۇ؟ — دەپ سورىدى مەريەم.

— ئۇ مەن ئامراق گۈللىرىمنىڭ بىرسى، — دېدى جىلىل كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

# ئۈچىنچى باب

ئۈچ چاقلىق هارۋىنىڭ شىغىللىقتا ماڭغاندىكى غىچىلدىغان ئاۋازى مەريەمگە كىچىكىدىن تونۇش ئىدى. گۈرۈچ، ئۇن، چاي، شېكەر، ماي، سوپۇن ۋە چىش پاستىسى بېسىلغان ئۇ هارۋا هەر ئايدا بىر قېتىم مەريەملەرنىڭ ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولاتتى. مەريەمنىڭ ئۆگەي ئاكىلىرىدىن ئىككىسى، بەزىدە مۇخسىن بىلەن رامىن، بەزىدە رامىن بىلەن فەرهاد نۆۋەت بىلەن هارۋىنى سۆرەپ كېلىشەتتى. ئۇلار ئىككى تەرىپى قويۇق ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان ئوڭغۇل - دوڭغۇل چىغىر يولدا هارۋىنى نۆۋەت بىلەن سۆرىشەتتى. ئېرىق بويىغا كەلگەندە هارۋىدىكى نەرسىلەرنى قوللىرىدا كۆتۈرۈپ، سۇدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يەنە هارۋىغا سالاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يۈز مېتىرلىق يول پۈتۈنلەي قويۇق چاتقاللار بىلەن قاپلانغان، ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن پاقىلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا سەكرەپ چىقاتتى. ئۇلار يەنە تەر باسقان يۈزلىرىگە قونغان پاشىلارنى توختىماي قورۇيتتى.

— دادامنىڭ ئۆيىدە خىزمەتكارلىرى بار بولغاندىكىن، بۇ ئىشقا خىزمەتكارلىرىنى ئەۋەتسىمۇ بولاتتى، — دەيتتى مەريەم.

— ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەپ شۇنداق قىلىمادۇ ئۇ، — دەيتتى نانا جاۋابەن.

نانا بىلەن مەريەم ئۈچ چاقلىق هارۋىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تالاغا يۈگۈرۈپ چىقتى. مانا مۇشۇنداق «تەمىنات» ئالىدىغان كۈنى نانا يالاڭ ئاياغ پېتى بوسۇغىدا ئىشىككە يۆلىنىپ، قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆن نۇرىدا قىسىلىپ كەتكەن ئالىغاي كۆزلىرى ئوغۇللارغا

مەنسىتمەسلىك بىلەن تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ تارالمىغان قىرقىم چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن، ئۇستىگە كىيىۋالغان كۆل رەڭ كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرى گېلىغىچە ئېتىلگەن، يانچۇقىنى ياڭاق چوڭلۇقىدىكى تاشلار بىلەن توشقۇزۇۋالغانىدى.

ئوغۇللار مەريەم بىلەن نانا ھارۋىدىكى نەرسىلەرنى كۆلبىسىگە توشۇپ بولغۇچە، ئېرىق بويىدا ساقلاپ ئولتۇراتتى. گەرچە نانانىڭ ئاتقان تاشلىرى ھېچقاچان ئۇلارغا تەگمىسىمۇ، ئۇلار ناناغا يېقىن كېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى. نانا گۈرۈچ خالتىسىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ، مەريەم چۈشەنمەيدىغان سۆزلەر بىلەن ئوغۇللارنى، ئوغۇللارنىڭ ئانىلىرىنى تىللايتتى. لېكىن، ئوغۇللار ئۇنىڭغا تىل ياندۇرمايتتى.

مەريەم ئۇلارنىڭ شۇنچە يىراق يەردىن ئېغىر ھارۋىنى سۆرەپ كەلگىنىنى ئويلاپ ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتاتتى. ئۇ نانانىڭ ئۇلارغا بىر قاچا سۇ بولسىمۇ ئاپىرىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلسىمۇ، نانادىن ھېچ سادا چىقمايتتى. ئوغۇللار ناناغا قول ئىشارىسى قىلسىمۇ، نانا پىسەنت قىلمايتتى. بىر قېتىم، مەريەم نانانى خۇشال قىلىش ئۈچۈن مۇخسىنغا قاراپ: «سىنىڭ ئاغزىڭ كەسلەنچۈكنىڭ قوڭغا ئوخشايدۇ» دەپ ۋارقىرىدى ـ يۇ، بۇ سۆزنىڭ جىلىلىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، دەرھال توختىۋالدى. نانا سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ شۇنداق قاتتىق كۈلدىكى، مەريەم ئۇنىڭ تۇتقاق كېسىلىنىڭ قوزغىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كەتتى. نانا كۈلكىدىن توختىغاندىن كېيىن مەريەمگە قارىدى ـ دە:

— ئەجەب ياخشى دېدىڭ، ئوبدان قىزىم، — دېدى.

ھارۋا بىكار بولغاندىن كېيىن يىگىتلەر ھاپىلا ـ شاپىلا ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، ھارۋىنى سۆرىگەن پېتى ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ مېڭىشتى. مەريەم ئۇلارنىڭ قارىسى ئاشۇ ئېگىز ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردى.

— ئۆيگە كىرەمسەن ـ قانداق؟

— مانا هازىر، نانا.

— ئۇلار سىنى مازاق قىلىپ كۈلىدۇ. چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈلگەن ئاۋازىنى دائىم ئاڭلايمەن.

— مانا كەلدىم.

— ماڭا ئىشەنمەمسەن؟

— مانا مەن.

— سەن بىلىسەن مەريەم، مەن سىنى جىنىمدىن ئەزىز بىلىمەن.

سەھەردە ئاڭلانغان قوشلارنىڭ مەرەشلىرى بىلەن گۈلدامان پادىچىلىرىنىڭ تاغ باغرىدىكى ئوتلاقتا چالغان نەي ئاۋازى مەريەم بىلەن نانانى ئۇيقۇدىن ئويغىتاتتى. ئۇلار كالىلارنى سىغىپ، توخۇلارغا دان بىرىپ، كاتەكلەردىن تۇخۇملارنى يىغاتتى. ئۇلار يەنە بىللە نان ياقاتتى. نانا مەريەمگە خېمىر يۇغۇرۇش، تونۇر قىزىتىش، نىپىز راسلانغان خېمىرنى تونۇرغا قانداق چاپلاشنى كۆرسىتىپ قوياتتى. مەريەم يەنە نانادىن كىيىم تىكىشنى، چامغۇر قوردىقى پولۇسى، دورا - دەرمەك سېلىنغان پالەك پولۇسى ئېتىشنى، شۇنداقلا زىغىر بىلەن زەنجىۋىل سېلىنغان گۈرۈچ پىشۇرۇشنى ئۆگەندى.

نانا ئۆيىگە مېھمان كېلىشنى خالىمايتتى. ساناقلىق بىرنەچچە كىشىدىن باشقا ئادەملەرنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلمايتتى. گۈلدامانىنىڭ يىزا باشلىقى ھەبىبخان بىشى كىچىك، ساقاللىق، يوغان قورساق كىشى بولۇپ، ئۇلارنى ئايدا بىر قېتىم يوقلاپ كېلەتتى. ھەر قېتىمدا خىزمەتكارىغا بەزىدە توخۇ، بەزىدە سامساق بىلەن پىياز سېلىنغان پۇرچاق پولۇسىنى كۆتۈرگۈزۈپ كېلەتتى. مەريەمگە رەڭلىك پىششىق تۇخۇممۇ ئالغاچ كېلەتتى. ئۇلارنى يوقلاپ كېلىدىغانلارنىڭ يەنە بىرسى نانا «بىبى» دەپ چاقىرىدىغان، سىمىز بىر موماي ئىدى، ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە، ئالتە كېلىنىنىڭ بىرسى بىلەن بىر ياكى ئىككى نەۋرىسىنى

بىللە ئەكېلەتتى. بىبى ئاقساقلىغىنىنچە مېڭىپ كېلىپ، نانا ئىشىك ئالدىغا قويۇپ قويغان ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇچە يانپېشىنى سىلاپ ۋايسايتتى. موماي ھەر قېتىم مەريەمگە سوۋغات ئۈچۈن بىر قۇتا كەمپۈت ۋە بىر سېۋەت بىيە ئالغاچ كېلەتتى. ئۇنىڭ پارىڭى سالامەتلىكىنىڭ ناچارلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن باشلانسا، ھېرات بىلەن گۇلدامانىدا تارقىلىپ يۈرگەن غەيۋەتلەر بىلەن ئاخىرلىشاتتى. مومايىنىڭ كېلىنى ئامالسىز ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇپ قۇلاق سالاتتى.

مەريەم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مېھمان جېلىلدىن قالسىلا، يېزىدىكى «قۇرئان كەرىم»دىن ساۋات بېرىدىغان فەيزۇللا موللام ئىدى. فەيزۇللا موللام گۇلدامانىدىن مەريەملەرنىڭ ئۆيىگە ھەر ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم كېلىپ، خۇددى ناناغا كىچىك ۋاقتىدا «قۇرئان كەرىم»دىن تەلىم بەرگەندەك، مەريەمگىمۇ «قۇرئان كەرىم»نى يادلىتاتتى. ئۇ مەريەمنىڭ بارمىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، «قۇرئان كەرىم»دىكى ھەربىر سۆزنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا قانداق ئوقۇشنى ئۆگىتەتتى. مەريەمنىڭ قولىغا قىرىنداش تۇتقۇزۇپ، ھەربىر ھەرپنى قانداق يېزىشنى ئۆگەتكەنمۇ ئەنە شۇ فەيزۇللا موللام ئىدى.

چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن، ئاپپاق ساقاللىرى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان فەيزۇللا موللام كۆلبىگە كۆپىنچە ئۆزى يالغۇز كېلەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا قىزىل چاچلىق ئوغلى ھەمزەنىمۇ بىللە ئېلىپ كېلەتتى. موللام ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە، مەريەم ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، تېرىلىرى تىكەندەك سانجىلىدىغان قوللىرىنىڭ دۈمبىسىگە سۆيەتتى. موللام بولسا ئۇنىڭ پېشانىسىغا سۆيەتتى. ئۇلار كۆلبىنىڭ ئالدىدىكى دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرۇپ، نانا تىزىپ قويغان تەخسىدىكى قارىغاي مېغىزىنى يەپ چاي ئىچكەچ ساۋاقنى داۋاملاشتۇراتتى. شاختىكى بۇلبۇللارنىڭ سايراشلىرى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى. بەزى ۋاقىتلاردا، ئۇلار كۆز پەسلىدە

سارغىيىپ يەرگە چۈشكەن غازاڭلارنى دەسسەپ چاتقاللىقلارنى بويلاپ، تاغ باغرىغا قاراپ ماڭاتتى. موللام يول بويى قولىدىكى تەسۋىسىنى سىيرىغاچ، ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى بوغۇق ئاۋازدا سۆزلەپ بېرەتتى. ئۆزىنىڭ ئىراندىكى ئوتتۇز ئۈچ ئەگمىلىك كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدىن ئىككى باشلىق بىر يىلان تېپىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇ يەنە مازاردىكى كۆك مەسچىتنىڭ ئالدىدا، بىر تاۋۇزنى ئوتتۇرىدىن كەسكەندە، كېسىلگەن تاۋۇزنىڭ بىر تەرىپىدە «ئاللا» دېگەن خەت، يەنە بىر تەرىپىدە «ئەكبەر» دېگەن خەت كۆرۈنگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

فەيزۇللا موللام مەريەمگە ئۆزىنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنىمۇ ئىقرار قىلغانىدى. لېكىن، موللام ئەرەبچە سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاڭلىنىدىغان مۇڭلۇق ئاھاڭنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا يۈرىكى يايراپ، ۋۇجۇدىدىكى مەيۈسلۈك ۋە ھارغىنلىقلار دەرھال غايىب بولاتتى.

— بۇ ئايەتلەر ساڭىمۇ تەسەللى بېرىدۇ، مەريەم، — دەيتتى فەيزۇللا موللام، — سەن قاچان موھتاجلىققا يولۇققاندا ئاشۇ ئايەتلەرنى ئوقۇساڭ، ئىشلىرىڭ ئوڭغا تارتىدۇ. ئاللانىڭ سۆزلىرى ھەرگىز ساڭا ئاسىيلىق قىلمايدۇ، قىزىم.

فەيزۇللا موللام مەريەمگە ھەر خىل ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى ھەم مەريەمنىڭ سۆزلىرىنىمۇ ئىشتىياق بىلەن ئاڭلايتتى. بەزىدە بېشىنى لىڭشىتىپ، بەزىدە كۈلۈمسىرەش بىلەن مەريەمنىڭ پىكىرلىرىنى تەستىقلايتتى. مەريەم ناناغا ئېيتىشقا ئاغزى بارمايدىغان يۈرەك سۆزلىرىنى فەيزۇللا موللامغا ئېيتاتتى.

بىر كۈنى ئۇلار چىغىر يولدا بىللە كېتىۋاتقاندا، مەريەم ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتتى.

— مېنىڭمۇ دادامنىڭ باشقا بالىلىرىغا ئوخشاش مەكتەپتە، سىنىپتا ئوقۇغۇم بار.

فەيزۇللا موللام جايىدا جىمجىت تۇرۇپ كەتتى.

بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا بىبى موماي ئۇنىڭغا جىلىلىنىڭ قىزلىرى سەئىدە بىلەن ناخىدەنىڭ ھىراتتىكى «مېھىر» قىزلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا بارىدىغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزگەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مەكتەپ، سىنىپ، مۇئەللىم، سىزىقلىق خاتىرە دەپتەرلەر، ئۈزۈن سان ـ سىپىرلار ۋە قارا سىياھلىق قەلەملەر مەريەمنىڭ خىيالىدىن نېرى كەتمىدى. ئۇ ئۆزى دېمەتلىك قىزلار بىلەن بىللە سىنىپتا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاۋاتقان ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ دەپتەرگە سىزغۇچ بىلەن سىزىقلارنى سىزىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى.

— راستلا شۇنداق ئارزۇيۇڭ بارمۇ؟ — دېدى فەيزۇللا موللام قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتقىنىچە، ياشاڭغىرىغان، مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ. ئۇنىڭ بېشىدىكى ياغلىقىنىڭ شولىسى سىرىق رەڭلىك ئېيىقتاپان گۈلىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

— ھەئە.

— سەن ماڭا ئاپاڭنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ بەر دېمەكچىمۇ؟

مەريەم كۈلۈمسىرىدى. بۇ جاھاندا جىلىلىدىن قالسا پەقەت مۇشۇ قېرى موللاملا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئوبدان چۈشىنەتتى.

— ئۇنداق دېسەڭ مەن قانداق قىلالايتتىم. ھەممىگە قادىر ئاللا ياراتقان بەندىسىگە ئاجىزلىقمۇ ئاتا قىپتىكەن. سېنىڭ تەلىپىڭنى رەت قىلالماسلىق مېنىڭ ئاشۇ ئاجىزلىقلىرىمنىڭ بىرى، مەريەم، — دېدى ئۇ قېتىپ قالغان بارمىقىدا ئېڭىكىنى يېنىك چېكىپ تۇرۇپ.

لېكىن، ئۇ بۇ خەۋەرنى ناناغا يەتكۈزگەندە، نانانىڭ قولىدىكى پىياز توغراۋاتقان پىچاق يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— نېمە، مەكتەپتە ئوقۇپ نېمە قىلىدىكەن؟

— ئەگەر بۇ قىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغۇسى بولسا، يول قويغىنىمىز ياخشى. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەيلى.
— ئوقۇيدۇ؟ نېمىنى ئوقۇيدۇ، موللا ساھىب؟ — دېدى نانا دەرھاللا، — مەكتەپتە ئۆگىنىدىغان نېمە بار؟ — نانا كۆزلىرىنى مەريەمگە تىكتى. مەريەم دەرھال يەرگە قارىۋالدى، — سەندەك بىر قىزنىڭ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇغىنىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ئۇ يەردە ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىسەن. بۇ دۇنيادا سەن ۋە مەندەكلەر ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىرلا نەرسە بار. ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئۇنى ساڭا مەكتەپتە ئۆگەتمەيدۇ. ماڭا قارا.
— قىزىم، ئۇنىڭغا بۇنداق سۆزلەرنى قىلماڭ، — دېدى فەيزۇللا موللام.
— ماڭا قارا، دەۋاتىمەن.
مەريەم بېشىنى كۆتۈرۈپ ناناغا قارىدى.
— سېنىڭ ئۆگىنىدىغان بىرلا نەرسەڭ بار، ئۇ بولسىمۇ شۈكۈر قىلىش.
— نېمىگە شۈكۈر قىلىمەن، نانا؟
— سەن شۈكۈر قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر بەك كۆپ، — دېدى نانا.
نانا جىلىلىنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ ئۆزىنى «سەت، پەسكەش تاش ئويمىچىنىڭ قىزى» دەپ ھاقارەتلىگەنلىكىنى، قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدە سىرتتا تاكى قوللىرى توڭلاپ قېتىپ قالغۇچە ئۇنىڭغا كىر يۇغۇزغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.
— مانا بۇ سەن ۋە مەندەك ئاياللارنىڭ تەقدىرى، مەريەم. بىزنىڭ مۇشۇ كۈنىمىزگە شۈكۈر قىلماي ئامالىمىز يوق. سۆزۈمنى چۈشەندىڭمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەكتەپكە بارساڭ خەقلەر سېنى مازاق قىلىپ كۈلىدۇ. سېنى «ھارامى» دەپ چاقىرىدۇ. سەت گەپلەر بىلەن تىللايدۇ. مەن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن.

مەريەم بىشىنى لىڭشىتتى.

— ئەمدى ھەرگىز مەكتەپكە بارىمەن، دىگەن گەپنى قىلغۇچى بولما. مىنىڭ سەندىن باشقا ھىچنىمەم يوق. مەن سىنى ھەرگىز ئۆلارغا يەم قىلىپ بەرمەيمەن. ئەمدى مەكتەپ توغرۇلۇق ھەرگىز ئىغىز ئاچما.

— بولدى قىلىڭ. ئۇنداق يولسىزلىق قىلماڭ. ئەگەر بۇ قىزنىڭ شۇنىڭغا مەيلى بولسا... — دەپ سۆز باشلىدى فەيزۇللا موللام.

— سىزچۇ، موللا ساھىب، بۇ قىزنىڭ ئۇنداق ئەخمىقانە خىياللاردا بولۇشىغا يول قويماڭ. ئەگەر سىز ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا كۆيۈنسىڭىز، ئۇنىڭغا چۇشەندۇرۇڭ. ئۇ پەقەت ئانىسى بىلەن مۇشۇ ئۆيگىلا مەنسۇپ. سىرتتا ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئاغرىقى تارتىش ۋە چەتكە قېقىلىشتىن باشقا ھىچ نەرسە يوق. بىلىمەن، موللا ساھىب، مەن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن.

# تۆتىنچى باب

مەريەم كۆلبىسىگە مېھمان كەلسە بەك خۇشال بولاتتى. ئۇ يېزا ئاقساقىلىنىڭ سوۋغاتلىرىنى ئېلىشنى، بىبى موماينىڭ ۋاي ـ ۋايلاپ تۇرۇپ قىلغان غەيۋەتلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئەلۋەتتە، فەيزۇللا موللام كەلسىمۇ مەريەم بەك خۇشال بولاتتى. لېكىن، ھېچكىممۇ جېلىلنىڭ ئورنىنى باسالمايتتى.

مەريەم ئۈچۈن سەيشەنبە كەچ ھەممىدىن ئۇزاق بىلىنەتتى. جېلىلنىڭ سودا ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، پەيشەنبە كۈنى بۇ يەرگە كېلەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. چارشەنبە كۈنلىرى كۆلبىسىنىڭ ئەتراپىدا خىيالى چېچىلغان ھالدا توخۇلارغا دان بېرەتتى. گۈللەرنى ئۈزۈپ، مەڭزىگە قونغان پاشىلارنى شاپىلاقلاپ ئۇرۇپ، مەقسەتسىزلا مېڭىپ يۈرەتتى. تەقەززالىق ئىچىدە يېتىپ كەلگەن پەيشەنبىدە بولسا، كۆزلىرىنى ئۆستەڭ بويى تەرەپكە مىختەك تىككىنىچە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئەگەر جېلىل كېچىكىپ قالسا، ئۇنىڭ خىيالى بۇزۇلۇپ، يۈرىكىنى ئەنسىزلىك قاپلايتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، بەدىنى ئېغىرلىشىپ، پۇت ـ قولى ماغدۇرسىزلىنىپ، بىر يەرنى تېپىپ يېتىۋالاتتى.

نانانىڭ: «ئەنە، سېنىڭ داداڭ. ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتىدۇ» دېگەن ئاۋازى ئاڭلانغان ھامان مەريەم ئورنىدىن دىرىڭگىدە تۇرۇپ كېتەتتى. گەرچە ئېگىز ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا مۈرىسىگە چاپىنىنى ئارتقىنىچە كېلىۋاتقان جېلىلنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارغۇسى، ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتقۇسى بولسىمۇ، نانانىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى، بەك ھاياجانلىنىپ

كەتسە خاپا بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئامالسىز دادىسىنى بوسۇغىدا سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشكە مەجبۇر بولاتتى.

جىبىل كۆلبە ئالدىدىكى تۈزلەڭلىككە كەلگەندە، چاپىنىنى تونۇرنىڭ ئۈستىگە تاشلىۋېتىپ، قۇچىقىنى كەڭ ئاچاتتى. مەريەم ئۇنىڭ ئالدىغا دەسلەپتە ئاستا مېڭىپ، كېيىن يۈگۈرۈپ باراتتى. جىبىل ئۇنى كۆتۈرۈپ، ئاسمانغا ئاتاتتى.

ھاۋادا ئۇچۇۋاتقان مەريەم ئۆزىگە تۆۋەندىن قاراپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كۈلۈۋاتقان جىبىلنىڭ ماڭلاي چاچلىرىغا، مەڭزىدىكى زىنىخى ۋە ئاپپاق چىشلىرىغا قاراپ ۋىلىقلاپ كۈلەتتى. مەريەم ئۇنىڭ رەتلىك قىرقىلغان ساقىلىنى، ھاۋانىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كىيىپ كېلىدىغان قارامتۇل قوڭۇر رەڭلىك كاستۇمىنى ياخشى كۆرەتتى. جىبىل يانچۇقىغا ئاق قول ياغلىقىنى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ قاتلاپ سېلىۋالاتتى. مەريەم ئۇنىڭ بوينىغا تاقىۋالغان قىزىل گالىستۇكىدىن زوقلىناتتى. جىبىلنىڭ قارا كۆزلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئەكسىنى، لەپىلدەپ تۇرغان چاچلىرىنى، شادلىققا تولغان چىرايىنى ۋە كۆپكۆك ئاسماننى كۆرۈپ ھۇزۇرلىناتتى.

نانا مەريەمنىڭ جىبىلنىڭ قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىپ بەدىنىنى زەخىملەندۈرۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئەمما، مەريەم جىبىلنىڭ ئۇنى يەرگە تاشلىۋېتىشىگە ئىشەنمەيتتى. ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ پاكىز قوللىرىغا تىنچ ـ ئامان قايتىپ چۈشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بۇ قېتىم جىبىل كەلگەندە، ئۇلار كۆلبىنىڭ سىرتىدىكى دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرۇشتى. نانا جىبىلغا قاراپ باش لىڭشىتىپ سوغۇق سالام بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا چاي ئەكېلىپ بەردى. جىبىل نانانىڭ ئوغۇللىرىغا تاش ئېتىپ، ھاقارەت قىلغانلىقىنى ھەرگىز تىلغا ئالمايتتى.

نانا جىبىل كەلمىگەن چاغلاردا ئۇنى تىللاپ قاقشىغىنى بىلەن، جىبىل كەلگەندە ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

چاچلىرىنى رەتلىك تاراپ، چىشلىرىنى چوتكىلايتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ چىرايلىق رومالىنى بېشىغا ئارتىپ، جىلىلنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا قولىنى تىزىغا قويۇپ، ئۈن - تىنسىز ئولتۇراتتى. ئۇ جىلىلغا ھەرگىز ئۇدۇل قارىمايتتى. پاراڭلارغا قوپال سۆزلەرنىمۇ ئارىلاشتۇرمايتتى. كۈلگەندە سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى يوشۇرۇپ، ئاغزىنى ئېتىۋالاتتى.

نانا جىلىلنىڭ سودا ئەھۋالى ۋە خوتۇنلىرىنىڭ ئامانلىقىنى سورىدى. ئۇ بىبى مومايدىن ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنى نەرگىزەنىڭ ئۇچىنچى بالىسىغا ھامىلىدار ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئەدەپ بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— بەك خۇش بولغانسىز - ھە؟ — دېدى نانا، — شۇنداق قىلىپ پەرزەنتىڭىز نەچچە بولدى؟ ئون. شۇنداققۇ؟

— توغرا، ئون، — دېدى جىلىل.

— ئەگەر مەريەمنى قوشسىڭىز ئون بىر بولىدۇ دېگەن گەپ.

جىلىل قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، نانا بىلەن مەريەم يەنە ئازازلىشىپ قالدى. مەريەم ناناغا ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن قەستەن دادىسىنىڭ چىشىغا تەگكەنلىكىنى ئېيتتى.

ھەر قېتىم چايدىن كېيىن مەريەم بىلەن جىلىل ئۆستەڭ بويىغا بېلىق تۇتقىلى باراتتى. ئۇ مەريەمگە قانداق ئورۇندا تۇرۇشنى، قارماقنى قانداق تاشلاشنى ۋە يىپنى قانداق يۆگەشنى كۆرسىتەتتى. بېلىقنى قانداق تازىلاشنى، سۆڭىكىنى قانداق ئايرىشنى ئۆگىتەتتى. بېلىقنىڭ قارماققا ئىلىنىشىنى كۈتكەچ، مەريەمگە بىر سىزىقتىلا پىلنىڭ رەسىمىنى سىزىشنى كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭغا شېئىر يادلاپ بېرەتتى. بىللە ناخشا ئېيتاتتى.

كىچىككىنە كۆلچەك بار،
چىغىر يولنىڭ بويىدا،

بىلىجان كۆلچەك قىرىدا،
سۇ ئىچىشنىڭ كويىدا.
ئوڭدا چۈشتى تېيىلىپ،
چۆكۈپ كەتتى شۇ سۇغا.

جېلىل ھېراتتا چىقىدىغان «ئىسلام ئىتتىپاقى» گېزىتىنى ئالغاچ كېلىپ، مەريەمگە ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇ مەريەمنى كۆلبىدىن، ھەتتا گۇلداماندىنمۇ كەڭ دۇنياغا باغلاپ تۇرىدىغان بىردىنبىر يىپ ئىدى. دېمىسە تىلىمۇ كەلمەيدىغان دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئىسىملىرى، پويىز، مۇزېي، پۇتبول، ئايغا چىقىۋاتقان راكېتالار توغرۇلۇق خەۋەرلەر مەريەمنى ھەيران قالدۇراتتى، ھاياجانغا سالاتتى. ھەر پەيشەنبە كۈنى جېلىل بۇ كۆلبىگە پۈتۈن دۇنيانى ئۆزى بىللەن بىللە ئېلىپ كېلەتتى.

1973 ـ يىلى، يەنى مەريەم ئون تۆت ياشقا كىرگەن يىلى، كابۇلغا قىرىق يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان زاھىر شاھنىڭ بىر تېمىمۇ قان تۆكۈلمىگەن سىياسىي ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن تەختتىن چۈشۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىنىمۇ جېلىل مەريەمگە يەتكۈزگەنىدى.

— زاھىر شاھ ئىتالىيەدە داۋالىنىۋاتقاندا ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى داۋۇدخان① بۇ سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوزغاپتۇ. داۋۇدخان ئېسىڭدە بار، شۇنداققۇ؟ مەن ساڭا ئۇ كىشى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن. سەن تۇغۇلغاندا ئۇ كىشى كابۇلدا باش ۋەزىر ئىدى. ھازىر ئافغانىستاندا پادىشاھلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلۇپ يېڭىدىن جۇمھۇرىيەت قۇرۇلدى. داۋۇدخان زۇڭتۇڭ بولدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، كابۇلدىكى سوتسىيالىستلار ئۇنىڭ ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ياردەم قىپتىمىش. لېكىن، ئۆزى سوتسىيالىست ئەمەس. شۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن

① مۇھەممەد داۋۇدخان (1909 — 1978) — 1973 ـ يىلى ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى بولغان، 1978 ـ يىلى قەستكە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ئوخشايدۇ. ئەمما، بۇلار كوچا پاراڭلىرى.
مەريەم ئۇنىڭدىن سوتسىيالىستلار دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى سورىدى. جېلىل ئۇنىڭغا تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ سۆزلەر مەريەمنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.
— سۆزۈمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟
— ئاڭلاۋاتىمەن.
ئۇ مەريەمنىڭ چاپىنىنىڭ تومپىيىپ تۇرغان يانچۇقىغا قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى.
— ۋوي، ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. مانا...
ئۇ يانچۇقىدىن بىر كىچىك قۇتىنى ئېلىپ، مەريەمگە بەردى. ئۇ ھەر قېتىم مەريەمنى كۆرگىلى كەلگەندە بىلەزۈك، مارجان دېگەنگە ئوخشاش كىچىك سوۋغاتلارنى ئالغاچ كېلەتتى. مەريەم قۇتىنى ئاچتى. ئىچىدىن ئاي بىلەن يۇلتۇز ئويۇلغان كىچىك تەڭگىلەر ساڭگىلاپ تۇرغان يوپۇرماق شەكىللىك بۇلاپكىنى ئالدى.
— تاقاپ باق، مەريەم.
مەريەم بۇلاپكىنى بويىنىغا تاقىدى.
— قانداق، بولامدىكەن؟ ئەمدى خانىشقا ئوخشىدىڭ.
جېلىل كەتكەندىن كېيىن، نانانىڭ كۆزى مەريەمنىڭ بويىندىكى بۇلاپكىغا چۈشتى.
— چارۋىچىلارنىڭ زىننەت بۇيۇمى ئۇ، — دېدى ئۇ، — مەن ئۇلارنىڭ بۇنى قانداق ياسايدىغانلىقىنى كۆرگەن. ئۇلار كىشىلەر ئۇلارغا تاشلاپ بەرگەن تەڭگىلەرنى ئېرىتىپ، مانا مۇشۇنداق زىننەت بۇيۇملىرىنى ياسايدۇ. سېنىڭ ئۇ قەدىرلىك داداڭ كېلەر قېتىم ساڭا ئالتۇن ئەكېلىپ بېرەمدۇ - تېخى، قېنى كۆرىمىز.
جېلىل بۇ يەردىن كەتكەندە، مەريەم ئىشىك تۈۋىدە ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇراتتى. كېلەر قېتىم كەلگۈچە يەتتە كۈن بارلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولاتتى.
كەچلىرى مەريەم بورا ئۈستىدە يېتىپ، جېلىلنىڭ

ھېراتتىكى ئۆيى توغرۇلۇق خىيال قىلاتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئاشۇ ئۆيدە بىللە ياشىسا، ئۇنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرسا قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇ ساقلىنىنى ئالغاندا لۆڭگە تەڭلەپ تۇرۇشنى، ئەگەر تېرىسى كېسىلىپ كەتسە ئۇنىڭغا دەپ قويۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭغا چاي دەملەپ بېرىش، ئۆزۈلۈپ كەتكەن تۈگمىسىنى قاداپ بېرىش، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھېراتنىڭ قايناق بازارلىرىنى ئايلىنىشمۇ ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ بىللە ئايلانسا، كىشىلەر ئۇلارنى كۆرسىتىپ: «قاراڭلار، جېلىلخان قىزى بىلەن بىللە كېلىۋاتىدۇ» دېسە، ئۇنى ھېلىقى داڭلىق شائىر دەپنە قىلىنغان دەرەخ تۈۋىگە باشلاپ بارسا، نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە!

مەريەم ھامان بىر كۈنى جېلىلغا مۇشۇ ئارزۇلىرىنى ئېيتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ جېلىل بۇلارنى ئاڭلىسا، ئۆزى كەتكەندىن كېيىن، مەريەمنىڭ ئۆزىنى نەقەدەر سېغىنىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇنى چوقۇم ئۆزى بىلەن بىللە ئەكېتىدۇ. ئۇمۇ جېلىلنىڭ باشقا بالىلىرى بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۆيىدە ياشايدۇ، دەپ ئويلايتتى.

# بەشىنچى باب

— ماڭا نېمە لازىملىقىنى ئۆزۈم بىلىمەن، — دېدى مەريەم جېلىلغا قاراپ.

1974 - يىلى، مەريەم ئون بەش ياشقا كىرگەن يىلى باھار پەسلىنىڭ بىر كۈنى ئىدى. ئۇلار كۆلبېنىڭ ئالدىدىكى ئاق تېرەكنىڭ سايىسىغا قويۇلغان قاتلىما ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى.

— مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمگە... ماڭا نېمە لازىملىقىنى ئۆزۈم بىلىمەن.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى جېلىل مەريەمنىڭ سۆزىگە قىزىققان ھالدا كۈلۈمسىرەپ.

ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا، جېلىل مەريەمگە ئۆزىنىڭ كىنوخانىسىدا ئامېرىكىنىڭ بىر كارتون فىلىمى قويۇلۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا، مەريەمدە ئاشۇ فىلىمنى كۆرۈش ئىستىكى قوزغالغانىدى. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، بۇ فىلىم ئۆزگىچە بولۇپ، كۆرۈنۈشلىرى پۈتۈنلەي سىزما رەسىملەردىن تەركىب تاپقانىكەن. نۇرغۇنلىغان سىزما رەسىملەرنى سۈرەتكە تارتىپ، ئۇلارنى تەرتىپ بويىچە سىنغا ئالسا ئۇنىڭدىكى كۆرۈنۈشلەر خۇددى ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىكەن. جېلىلنىڭ كىنوخانىسىدا قويۇلۇۋاتقان ئۇ فىلىمدە مۇنداق بىر ۋەقەلىك سۆزلىنىدىكەن: بۇرۇنقى زاماندا ئويۇنچۇق ياسايدىغان بىر بوۋاي ئۆزى يالغۇز ياشايدىكەن. بوۋاي بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشنى شۇنداق ئارزۇ قىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي ياغاچتىن بىر ئوغۇل بالا ياساپتۇ. توساتتىن مۆجىزە يۈز بېرىپ، ئۇ ياغاچ بالىغا جان كىرىپتۇ. بوۋاي بىلەن ئۇ ياغاچ بالا نۇرغۇن

كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلار «شادلىق ئارىلى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جايغا بارغاندا، ئۇ يەردە ئەسكى بالىلارنىڭ ئېشەككە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئاخىرىدا، بوۋاي بىلەن ياغاچ بالىنى كىت يۇتۇۋاپتۇ...

مەريەم فەيزۇللا موللامغا بۇ كىنو توغرۇلۇق دادىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئاللىقاچان تولۇق سۆزلەپ بەرگەنىدى.

— سىز مېنى كىنوخانىڭىزغا ئاپىرىڭا، — دېدى مەريەم، — مېنىڭ ئاشۇ كارتون فىلىمنى كۆرگۈم بار. ياغاچ بالىنى كۆرگۈم بار.

مەريەم توساتتىن كەيپىياتنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بايقىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىئارام بولغان ھالدا ئورۇندۇقلىرىنى مىدىرلاتتى. مەريەم ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قاراشقانلىقىنى سەزدى.

— بۇ تەلىپىڭ تازا مۇۋاپىق بولمىدى، — دېدى نانا. ئۇ جېلىل بار ۋاقىتتا مۇشۇنداق مۇلايىم، سالماق تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى، مەريەم ئۇنىڭ ئەيىبلەش بىلەن قاراشلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆز تەلىپىگە نارازى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

جېلىل ئورنىدىن مىدىرلاپ، گېلىنى قىرىپ قويدى.

— ماڭا قارا، — دېدى جېلىل، — بۇ فىلىمنىڭ سۈپىتى ئۇنداق ياخشى ئەمەس. ئاۋازىمۇ ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىنو قويىدىغان ئاپپاراتلارمۇ تازا دېگەندەك ياخشى ئىشلىمەيدۇ. بەلكىم ئاپاڭنىڭ ئېيتقانلىرى توغرىدۇر. مېنىڭچە، سەن باشقا سوۋغات ئويلاپ باقساڭ بولغۇدەك، مەريەم.

— مانا قارا، — دېدى نانا، — داداڭمۇ مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلدى.

ئۇلار ئېرىق بويىغا بارغاندا مەريەم دادىسىغا:

— مېنى بىللە ئەكېتىڭ، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا مۇنداق قىلايلى، — دېدى جېلىل، — مەن

سىنى ئەكېتىشكە ئادەم ئەۋەتەي. مەن ساڭا ئەڭ ياخشى ئورۇننى ئېلىپ قويىمەن. تېخى سەن ياخشى كۆرىدىغان كەمپۈتلەرنىمۇ ئېلىپ قويىمەن.

— ياق، مېنى سىز ئۆزىڭىز بىللە ئەكېتىڭ.

— مەريەم...

— سىز مېنىڭ ئاكا ـ سىڭىللىرىمنىمۇ تەكلىپ قىلىڭ. مېنىڭ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكۈم بار. ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ كىنو كۆرگۈم بار.

جېلىل ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. ئۇ كۆزىنى مەريەمدىن قاچۇرۇپ، يىراقتىكى تاغلارغا تىكتى.

«ئېكراندىكى ئادەملەرنىڭ يۈزى ئۆينىڭ چوڭلۇقىدا كۆرۈنىدۇ، — دېگەنىدى جېلىل، — ماشىنىلار بىر ـ بىرىگە سوقۇلغاندا، ئۇ ماشىنىلار خۇددى سېنى سوقىدىغاندەك ھېس قىلىسەن.»

مەريەم ئۆزىنى ئايرىم بالكوندا جېلىل ۋە ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ماروژنى يەۋاتقان ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

— مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمنى مانا مۇشۇنداق ئۆتكۈزگۈم بار.

جېلىل ئۇنىڭغا مەيۈسلۈك بىلەن قارىدى.

— ئەتە چۈشتە مېنى ئالغىلى كېلىڭ. مەن سىزنى مۇشۇ يەردە كۈتىمەن. بولامدۇ؟ ئەتە.

— بۇ ياققا كەل، قىزىم، — دېدى جېلىل. ئۇ ئېگىلىپ، مەريەمنى ئالدىغا تارتىپ، باغرىغا مەھكەم باستى.

دەسلەپتە، نانا كۆلبە ئىچىدە مۇشتۇمىنى تۈگكىنىچە، غەزەپ بىلەن ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭدى.

— خۇدايىم ماڭا نېمىشقىمۇ ساڭا ئوخشاش باققاننى بىلمەيدىغان قىزنى بەرگەندۇ؟ ئىسىت، ساڭا قىلغان ئەجرىم! سەن قانداقمۇ مېنى تاشلاپ كېتىشكە جۈرئەت قىلدىڭ ـ ھە؟ گەپ

قىلە قېنى، ھۇ، ساتقۇن ھارىمى!
ئاندىن نانانىڭ تەنىسى باشلاندى:
— سەن نىمىدېگەن قاپاقباش - ھە! سەن ئۆزۈڭنى ئۇنىڭ ئۇچۇن شۇنداق مۇھىم دەپ ئويلامسەن؟ مېنى ئۆيگە ئاپىرىدۇ، دەپ خام خىيال قىلما. مەن ساڭا دەپ قوياي. ئەرلەرنىڭ يۈرىكى ناھايىتى زەئىپ كېلىدۇ، مەريەم. ئۇلارنىڭ باغرى ئاياللارنىڭ بالىياتقۇسىغا ئوخشىمايدۇ، بالىغا ئۆي ھازىرلاش ئۇچۇن سوزۇلمايدۇ. سەن ئۇچۇن قان ئاققۇزمايدۇ. پەقەت مەنلا سېنى ياخشى كۆرىمەن. بۇ دۇنيادا سېنىڭ مەندىن باشقا ھېچنېمەڭ يوق، مەريەم. ئەگەر مەن بولمىسام، سېنىڭ بۇ دۇنيادا ھېچنېمەڭ قالمايدۇ. ھېچنېمەڭ!
نانا ئەمدى مەريەمنى ئەيىبلەشتىن يالۋۇرۇشقا ئۆتتى:
— ئەگەر سەن كەتسەڭ، مەن ئۆلۈپ قالىمەن. ماڭا يەنە جىن چاپلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇتقاق كېسىلىم قوزغىلىدۇ. سەن مېنىڭ تىلىمنى چاينىغان پېتى جان بەرگىنىمنى كۆرىسەن. ئۇنداق قىلما، مەريەم. مېنى تاشلاپ كەتمە. سەن كەتسەڭ مەن راستىلا ئۆلۈپ قالىمەن.
مەريەم ئۈندىمىدى.
— سەن بىلىسەن، مەن سېنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن، مەريەم.
مەريەم سىرتتا يالغۇز ئايلانغۇسى بارلىقىنى ئېيتىپ كۆلبىدىن چىقتى.
ئۇ نانانىڭ جىن توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىنىڭ پۈتۈنلەي يالغان ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. چۈنكى، جىلىل ئۇنىڭغا نانانىڭ بىر خىل كېسەللى بارلىقىنى، دورا يېسە ساقىيىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئەگەر ئۇ كۆلبىدىن چىقىپ كەتمىسە، نانادىن نېمە ئۇچۇن جىلىل كۆرسەتكەن دوختۇرلارغا كۆرۈنۈشنى رەت قىلىدىغانلىقىنى، نېمە ئۇچۇن جىلىل ئەكېلىپ بەرگەن دورىلارنى يېمەيدىغانلىقىنى سوراپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. يەنە

ناناغا ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ يالغان سۆزلەيدىغان، گۇناھ ئارتىدىغان ئويۇنچۇق بولۇشتىن ھارغانلىقىنى، نانانىڭ ھەرقاچان ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىدىكى ھەقىقەتنى بۇرمىلاپ، مەريەمنى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا ئىسيان قىلىدىغان قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىدىن زېرىككەنلىكىنى دەپ سېلىش ئېھتىماللىقى زور ئىدى. مەريەم يەنە: «سىز قورقۇۋاتىسىز، سىز مېنىڭ خۇشاللىقىغا ئېرىشىشىمدىن، سىز ھاياتىڭىزدا ئېرىشىپ باقمىغان ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشۈمدىن قورقۇۋاتىسىز. سىز مېنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشۈمنى مەڭگۈ خالىمايسىز. مېنىڭچە، يۈرىكى زەئىپ كىشى دەل ئۆزىڭىز» دېيىشى مۇمكىن ئىدى.

مەريەم كۆلىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ يىراقلارغا قاراشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئاستا مېڭىپ ئىشىك ئالدىدىكى قۇرۇق ئوت ـ چۆپنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. تۆۋەندە ھېرات خۇددى تىزىپ قويغان مودېللاردەك كۆرۈنەتتى. شەھەرنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئايااللار باغچىسى، چارسۇق بازىرى، جەنۇب قىسمىدىكى ئىسكەندەر قەلئەسىنىڭ خارابىلىرى...

مەھەللىلەردىكى مەسچىتلەرنىڭ مۇنارلىرى خۇددى دىۋىلەرنىڭ بارماقلىرىدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۇ مېڭىشنى ئارزۇ قىلغان كوچىلار بولسا ئادەم، ھارۋا ۋە ئات ـ ئۇلاغلار بىلەن مىغىلداپ كەتكەنىدى. ئاسماندا بىر توپ قارلىغاچ ئۇچۇپ يۈرەتتى. مەريەمنىڭ ئاشۇ قۇشلارغا ھەسىتى قوزغالدى. شۇلار جىنىدا ھېراتقا بارالايدۇ. خالىغان يەرگە قونالايدۇ. بەلكىم ئۇلار جېلىلنىڭ ئۆيىنىڭ تاملىرىغا، كىنوخانىسىنىڭ ئالدىدىكى پەشتاقلارغا قونغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

مەريەم ئون شېغىل تاشنى ئۇزۇنىسىغا ئۈچ قاتار قىلىپ تىزدى. ئۇ بۇ ئويۇننى نانا كۆرمىگەن ۋاقىتلاردىلا ئوينايتتى. بىرىنچى قاتارغا تىزىلغان تۆت تاش خەدىچەنىڭ بالىلىرىغا، ئىككىنچى قاتاردىكى ئۈچ تاش ئەفسۇننىڭ بالىلىرىغا، ئۈچىنچى

قاتاردىكى ئۈچ تاش بولسا نەرگىزەنىڭ بالىلىرىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇ تۆتىنچى قاتارنى قوشتى. ئۇنىڭدا پەقەت يالغۇز بىرلا تاش بار ئىدى.

ئەتىسى سەھەردە، مەريەم ئۇچىسىغا تىزىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان سۈت رەڭلىك كۆڭلىكى بىلەن پاختا ئىشتىنىنى كىيدى. بېشىغا يېشىل رومال ئارتتى. ئۇ يېشىل رومالنىڭ ئۈچىسىدىكى كىيىمگە ماسلاشماي قالغانلىقىدىن بىئاراملىق ھېس قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئاق رومالنى كۈيە يەپ تۆشۈك قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، باشقا ئامال قىلالمىدى.

ئۇ سائەتكە قارىدى. فەيزۇللا موللام سوۋغا قىلغان قول سائىتىنىڭ قەرىتى يېشىل رەڭلىك، نومۇرلىرى قارا رەڭلىك، سائەتنىڭ قىسقا تىلى توققۇزنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەتراپتا نانانىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. مەريەم ئۇنى ئىزدەپ باقماقچى بولدى ـ يۇ، ئۇنىڭ بىلەن يەنە سوقۇشۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىدى. ئۇ نانانىڭ غەزەپلىك قاراشلىرىدىن بەكمۇ قورقاتتى. نانانىڭ ئۇنى «يۈزسىز» دەپ ھاقارەتلىشى، ئۇنىڭ جىلىل بىلەن ياشاش ئارزۇلىرىنى مازاق قىلىشى ئېنىق ئىدى.

مەريەم جايىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ئۇ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، خۇددى جىلىل ئۆگىتىپ قويغىنى بويىچە بىر سىزىقتىلا قايتا ـ قايتا پىل سىزدى. ئۇنىڭ بەللىرى تېلىپ ئاغرىپ كەتسىمۇ، كۆڭلىكىنىڭ پۈرلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، يەردە ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

سائەتنىڭ قىسقا تىلى ئون بىر يېرىمنى كۆرسەتتى. مەريەم ئون بىر دانە شېغىل تاشنى يانچۇقىغا سېلىپ تالاغا چىقتى. ئۇ ئۆستەڭ بويىغا قاراپ كېتىۋېتىپ، نانانىڭ مەجنۇنتالنىڭ ئاستىغا قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىنى كۆردى. لېكىن، ئۇ نانانىڭ ئۆزىنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى بىلەلمىدى.

مەريەم جىلىل بىلەن كۆرۈشۈشكە كېلىشكەن ئۆستەڭ

بويىدىكى جايغا كەلدى. ئاسماندا قىچا چىچىكى شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرەتتى. جىلىل ئۇنىڭغا:
— ئاشۇ كۆل رەڭ بۇلۇتلار قېلىن بولغاچقا، ئۈستىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرى توسۇلۇپ قېلىپ، ئاشۇنداق كۆل رەڭ كۆرۈنىدۇ، — دېگەنىدى.
ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى.
مەريەم كۆلبىگە قايتىپ كەلدى. بۇ قېتىم ئۇ ناناغا ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن غەرب تەرەپتىن ماڭدى. ئۇ يەنە سائەتكە قارىدى. سائەت بىر بولاي دېگەنىدى.
«دادام سودىگەر، چوقۇم ئىشى چىقىپ قالدى» دەپ ئويلىدى مەريەم.
ئۇ يەنە ئۆستەڭ بويىغا باردى. ئاسماندا ئەگىپ ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلار يەرگە چۈشۈپ، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇپ غايىب بولاتتى. ئۇ خوخا تىكەننىڭ ئۈستىدە ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان پىلە قۇرتىنى بىردەم كۆزەتتى. پۈتلىرى ئاغرىغىچە ئۆرە تۇرۇپ ساقلىدى. بۇ قېتىم ئۇ كۆلبىگە قايتىپ كەتمىدى. ئەكسىچە، ئىشتىنىنى تىزىغىچە قاتلاپ، سۇنى كېچىپ ئۆتتى. ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ھېراتقا ئېلىپ بارىدىغان دۆڭ يولغا قاراپ ماڭدى.

ناناننىڭ ھېرات توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنلىرىمۇ توغرا چىقمىدى. ھېچكىم ئۇنى قوللىرى بىلەن ئىشارەتلىمىدى. ھېچكىم ئۇنىڭغا قاراپ مازاق قىلىپ كۈلمىدى. مەريەم ھېراتنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قاپلىغان، ئوتتۇرىسىغا سىزىق سىزىلغان كوچىلىرىدا ئۆزى بىلەن بىر يۆنىلىشتە كېتىۋاتقان پىيادىلەرگە، ۋىلىسىپىت مىنىپ كېتىۋاتقانلارغا ۋە قېچىر قېتىلغان هارۋىلارغا ئەگىشىپ ماڭدى. ھېچكىم ئۇنىڭغا تاش ئاتمىدى ياكى ئۇنى «هارىمى» دەپ چاقىرمىدى. ئەمەلىيەتتە ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا سەپسالمىغانىدى. ئويلىمىغان يەردىن، ئۇ بۇ يەردە باشقىلارغا ئوخشاشلا نورمال ئادەمگە ئايلانغانىدى.

مەريەم چوڭ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شېغىل تاشلىق يول كېسىپ ئۆتكەن تۇخۇمسىمان كۆلچەكنىڭ يېنىدا بىرپەس تۇرۇپ قالدى. ئۇ كۆلنىڭ بويىدىكى سۇغا قاراپ تۇرغان، مەرمەردىن ياسالغان ئات ھەيكىلىنى ھەيرانلىق بىلەن سىلىدى. سۇغا قەغەز قېيىقلارنى سېلىپ ئويناۋاتقان بىر توپ بالىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتتى. ئەتراپتا كۈركۈم گۈلى، سامساق گۈلى، ھەشقىپىچەكلەر ئېچىلىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ يوپۇرماقلىرى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى... باغنىڭ ئىچىدە بەزىلەر ئۇيان - بۇيان ئايلىنىپ يۈرسە، بەزىلەر ئورۇندۇقتا پاراڭلاشقاچ چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى.

مەريەم ئۆزىنىڭ ھېراتتا ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجان ئىلكىدە دۈپۈلدەپ سوقاتتى. شۇ تاپتا فەيزۇللا موللام ئۇنى كۆرگەن بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە! ئۇ چوقۇم مەريەمنىڭ ئىرادىسىگە ۋە غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇغان بولاتتى. مۇشۇ شەھەردە ئۆز دادىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە ياشاش ئۈچۈن، ئۆزى كىچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلغان، شەرتسىز سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشكە ئېرىشىش ئۈچۈن قىلغان تەۋەككۈلچىلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇغان بولاتتى.

مەريەم تولۇپ تاشقان ئىلھاملار بىلەن باغنىڭ يېنىدىكى بازارنى كېسىپ ئۆتتى. ھارۋىلىرىغا گىلاس، ئۈزۈملەرنى دۆۋىلەپ قويۇشقان قېرى باققاللار ئۇنىڭغا پەرۋاسىز قاراپ قويۇشاتتى. يالاڭ ئاياغ بالىلار ماشىنا - ئاپتوبۇسلارنىڭ كەينىدىن خالتىسىدىكى بىيەلەرنى پۇلاڭلىتىپ يۈگۈرۈشەتتى. مەريەم كوچىنىڭ دوقمۇشىدا كىشىلەرنىڭ ئەتراپتىكى بۇ ئاجايىباتلارغا پەرۋاسىز ھالدا كېتىۋاتقانلىقىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇردى.

بىرھازادىن كېيىن مەريەم بىر مەپىكەشنىڭ قېشىغا بېرىپ، كىنوخانا غوجايىنى جېلىلنىڭ ئۆيىنى سورىدى. مەپىكەش ياشانغان، مەڭزىلىرى قىزىل كىشى بولۇپ، ئۈچىسىغا ھەر خىل رەڭ ئارىلاشقان ئۇزۇن چاپان كىيگەنىدى.

— سىز ھېراتلىق ئەمەس ئوخشىمامسىز؟ — دېدى ئۇ كىشى قىزىقىش نەزىرىدە، — بۇ يەردە جېلىلخاننىڭ ئۆيىنى بىلمەيدىغانلار يوق.
— سىز ماڭا ئۇ ئۆينى كۆرسىتىپ قويالارسىزمۇ؟
بوۋاي بىر تال كەمپۈتنى ئاقلىدى:
— ئۆزىڭىز يالغۇزمۇ؟
— شۇنداق.
— ئۇنداق بولسا مەيگە چىقىڭ. مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي.
— لېكىن، مېنىڭ سىزگە تۆلىگۈدەك پۇلۇم يوق.
مەپىكەش مەريەمگە كەمپۈتتىن بىرنى ئۇزاتتى. ئۇ كىشى مەريەمگە ئىككى سائەتتىن بېرى كىرا قىلىدىغانلارنىڭ يوقلۇقى، ئۆزىنىڭ ئۆيگە كېتەي دەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، جېلىلنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان يول تۆپىسىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.
مەريەم مەپىگە چىقتى. ئۇلار يول بويى ئۈن - تىنسىز ھالدا يانمۇيان ئولتۇرۇشتى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە دورىخانا، ھەر خىل مېۋىلەرنى ساتىدىغان بوتكىلار، كىتابخانا، ھەتتا بۇركۇت سېتىلىدىغان دۇكانلارمۇ بار ئىدى. باللار توپىدا چۆرگۈلىمەچ بولۇپ ئولتۇرۇپ مەرمەر تاش ئويناۋاتاتتى. چايخانىلارنىڭ سىرتىدىكى گىلەم سېلىنغان ياغاچ سۇپا ئۈستىدە ئەرلەر چاي ئىچىپ، نەش چېكىپ ئولتۇراتتى.
مەپىكەش كەڭ كەتكەن قارىغايلىق كوچىغا بۇرۇلۇپلا، ھارۋىسىنى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاتتى.
— مانا كەلدۇق. قارىغاندا تەلىيىڭىز بار ئوخشايدۇ، قىزچاق. ئاۋۇ ئۇنىڭ ماشىنىسى.
مەريەم مەپىدىن سەكرەپ چۈشتى. مەپىكەش ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، مەپىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى.
مەريەم ئۆمرىدە ماشىنىنى تۇتۇپ باقمىغانىدى. ئۇ قارا رەڭلىك ماشىنىنىڭ ئالدىنى سىلىدى. ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان

چاقلىرىدىن ئۆزىنىڭ توغرىسىغا كېڭەيگەن ئەكسىنى كۆردى. ماشىنىنىڭ ئورۇندۇقلىرى ئاق خۇرۇمدىن قاپلانغان، رولىنىڭ ئارقىسىدا قاتار كەتكەن ئەينەك سائەتلەر بار ئىدى.

مەريەم توساتتىن نانانىڭ ۋارقىرىغان، تەنە قىلغان، بىچارىلىك بىلەن يالۋۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇ پۇتلىرى تىترىگەن هالدا ئۇ ئۆينىڭ ئالدى ئىشىكىگە يېقىنلاشتى. قوللىرى بىلەن ئېگىز ۋە هەيۋەتلىك تامنى سىلىدى. ئۇ تامنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تېرەكنىڭ ئۇچىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاسمانغا تىك قارىشى كېرەك ئىدى. دەرەخ شاخلىرى خۇددى مەريەمنى قارشى ئالغاندەك شامالدا لىڭشىماقتا ئىدى. مەريەم ئۆزىدىكى جىددىيلىكنى بېسىش ئۈچۈن جايىدا بىردەم تۇرۇۋالدى.

يالاڭ ئاياغ بىر قىز ئىشىكنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئاستىنقى كالپۇكىغا گۈل چېكىلگەنىدى.

— مەن جېلىلخان بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم. مەن ئۇنىڭ قىزى مەريەم بولىمەن.

قىزنىڭ چىرايىدا دەسلەپتە هەيرانلىق، ئاندىن چۆچۈش، ئارقىدىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلكە پەيدا بولدى.

— بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ، — دېدى قىز مەريەمگە قىزىقىش بىلەن قاراپ قويۇپ.

قىز ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ كەتتى. ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتتى. ئېگىز بوي، مۇرىسى كەڭ، ئۇيقۇ چىراي بىر ئادەم ئىشىكنى ئاچتى.

— مەن جېلىلخاننىڭ شوپۇرى بولىمەن، — دېدى ئۇ كىشى ئەدەپ بىلەن.

— ئۇنىڭ نېمىسى دېدىڭىز؟

— ماشىنىسىنى هەيدەيدىغان شوپۇرى. جېلىلخان بۈگۈن ئۆيدە يوق.

— مەن ئۇنىڭ ماشىنىسىنى كۆردۈم، — دېدى مەريەم.

— ئۇ جىددىي بىر سودا ئىشى بىلەن يىراققا كەتتى.
— قاچان كېلىدۇ؟
— قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىزگە دېمىدى.

مەريەم ئۆزىنىڭ ئۇنى ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ كىشى ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ كەتتى. مەريەم يەردە تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇردى. ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقانىدى، يانچۇقىدىن ھېلىقى مەپىكەش بەرگەن كەمپۈتنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى. بىرھازادىن كېيىن شوپۇر يەنە چىقتى.

— ئەمدى ئۆيىڭىزگە كېتىڭ، — دېدى ئۇ، — يەنە بىر سائەتتىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشىدۇ.
— مەن قاراڭغۇغا كۆنۈك.
— بىرئازدىن كېيىن ھاۋا سوغۇق بولۇپ كېتىدۇ. مەن سىزنى ماشىنا بىلەن ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي، بولامدۇ؟ مەن ئۇنىڭغا سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى ئېيتىپ قويىمەن.

مەريەم ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

— بولمىسا سىزنى مېھمانخانىغا ئاپىرىپ قوياي. ئۇ يەردە راھەت ئۇخلايسىز. ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشنى ئەته سەھەردە ئويلاشساق بولىدۇ.
— مېنى ئۆيگە كىرگىلى قويۇڭ.
— سىزنى ئۆيگە كىرگۈزمەسلىككە ماڭا بۇيرۇق كەلدى. قاراڭ، ئۇنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بەلكىم نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن.

مەريەم قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى.

شوپۇر تىن تارتىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا نازارىلىق بىلەن قارىدى.

ئۇزاق يىللاردىن كېيىن مەريەم شۇ چاغدا شوپۇر ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىپ قوياي دېگەندە ئۇنىڭ سۆزىگە كىرگەن بولسا، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئويلىنىپ قالدى. لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلمىغانىدى.

ئۇ كۈنى ئۇ جىلىلىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر كېچە تۈنىدى. ئاسماننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قورۇمۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولغانىدى. ئاستىنقى كالپۇكىغا گۈل چېكىۋالغان قىز ئۇنىڭغا نان بىلەن بىر تەخسە گۈرۈچ ئاش ئاچىقىپ بەردى. مەريەم يېمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇ قىز تاماقنى ئۇنىڭ يېنىغا قويۇپ كىرىپ كەتتى. كىملەرنىڭدۇر ماڭغان، ئىشىكنىڭ ئېچىلىپ - يېپىلغان ئاۋازلىرى مەريەمنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى. ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىن چىراغلارنىڭ يورۇقى كۆرۈندى. ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەريەم قورسىقى ئېچىپ پەقەت چىدىمىغاندا، تەخسىدىكى تاماقنى پاك - پاكىز يەپ بولدى. چېكەتكىنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاسماندىكى بۇلۇتلار ئاينىڭ يۈزىنى توسۇۋالغانىدى.

ئۇ سەھەردە بىرسىنىڭ سىلكىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتى. كېچىدە بىرسى چىقىپ مەريەمنىڭ ئۈستىگە ئەديىال يېپىپ قويغانىدى. ئۇنى سىلكىپ ئويغاتقان كىشى دەل ھېلىقى شوپۇر ئىدى.

— بولدى قىل. سەن ئۆزۈڭنى ئوبدان كۆرسىتىۋالدىڭ. بەس، ئەمدى قايتىپ كەت.

مەريەم ئورنىدا ئولتۇرۇپ، كۆزىنى ئۇۋۇلىدى. ئۇنىڭ بېلى بىلەن بوينى ئاغرىۋاتاتتى.

— مەن ئۇنى ساقلايمەن.

— ماڭا قارا، — دېدى شوپۇر، — جىلىلخان ماڭا سېنى ھازىرلا ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇشۇمنى بۇيرۇدى. ھازىرلا، چۈشەندىڭمۇ؟ جىلىلخان شۇنداق دېدى.

ئۇ ماشىنىنىڭ ئارقا ئىشىكىنى ئاچتى.

— تېز ماشىنىغا چىق، — دېدى ئۇ سىلىق ئاھاڭدا.

— مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىمەن، — دېدى مەريەم. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى. شوپۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

— مەن سېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قوياي. ماقۇل دە، ئوماق قىزىم.
مەريەم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى ـ يۇ، توساتتىن يۈنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، قورونىڭ ئالدى ئىشىكىگە قاراپ يۈگۈردى. شوپۇر ئۇنىڭ دولىسىدىن تارتتى. مەريەم ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، ئوچۇق ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى.
مەريەم جىلىلىنىڭ هويلىسىدىكى هەر خىل گۈللەر تىزىلغان ئەينەك تەكچىلەرگە، ئۇزۇم ساڭگىلاپ تۇرغان باراڭلارغا، كۆل رەڭ تاشتا ياسالغان بىلىق كۆلچىكىگە، مېۋىلىك دەرەخلەرگە، گۈللۈكلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى دېرىزىدە قاراپ تۇرغان تونۇش چىرايغا تىكىلدى. گەرچە ئۇ چىراي بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن پەردىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغان بولسىمۇ، ئۇ مەريەم ئۇچۇن يېتەرلىك ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر قول پەيدا بولۇپ، ناهايىتى تېزلا پەردىنى يېپىۋەتتى.

شوپۇر يول بويى مەريەمگە تەسەللى بېرىپ ماڭدى. لېكىن، ئۇنىڭ سۆزلىرى مەريەمنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ، يول بويى كۆز يېشى قىلدى. ئۇنىڭ قەلبى چوڭقۇر ئازابقا، خورلۇققا تولغانىدى. ئۆزىنىڭ جىلىلىغا ئەخمەقلەرچە ئىشىنىپ كەتكەنلىكىگە، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە قايسى كىيىمنى كىيىش ئۇچۇنمۇ باش قاتۇرغانلىقىغا، ھەتتا ياغلىقنىڭ كىيىمگە ماسلاشماي قېلىشىغىچە باش قاتۇرغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. شۇنچە ئۇزۇن يولنى پىيادە مېڭىپ كېلىپ، شوپۇرنىڭ قايتىپ كېتىش پىكرىنى رەت قىلىپ، خۇددى لالما ئىتقا ئوخشاش سىرتتا بىر كېچە ياتقانلىرىغا ئېچىندى. ئاپىسىنىڭ يالۋۇرۇشلىرىنى، كۆز يېشى قىلىپ ئىشىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى پىسەنتىگە ئالمىغانلىقىغا نومۇس قىلدى. نانا ئۇنى ئاگاھلاندۇرغانىدى.

ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى مانا ئەمدى توغرا بولۇپ چىقتى.

مەريەم ئۈستۈنكى قەۋەتتە كۆرۈنگەن ئاشۇ چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ مەريەمنى بىر كېچە تالادا ياتقۇزدى. تالادا ياتقۇزدى! مەريەم ئورۇندۇقتا يېتىپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئولتۇرغۇسى، باشقىلارغا كۆرۈنگۈسى يوق ئىدى. مانا ئەمدى پۈتۈن ھېرات بۈگۈن ئەتىگەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى، قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ يۈزىنى چۈشۈرگەنلىكىنى بىلىپ بولدى. مۇشۇ ۋاقىتتا فەيزۇللا موللام ئۇنىڭ يېنىدا بولغان بولسا، ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ تىزىغا تەسەللى بەرسە، نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە!

ماشىنا بىرھازا ماڭغاندىن كېيىن ئەگرى ـ توقاي يولغا كىردى. ئۇلار ھېرات بىلەن گۈلدامانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۆڭ يولغا يېتىپ كەلگەندى. ئەمدى ئۇ ناناغا نېمە دەپ چۈشەندۈرەر؟ ئۇنىڭدىن قانداق كەچۈرۈم سورار؟ نانىنىڭ چىرايىغا قاراشقا قانداق جۈرئەت قىلار؟

ماشىنا توختىدى. شوپۇر ئارقا ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇنى يۆلەپ چۈشۈردى.

—— مەن سېنى ئۆيۈڭنىڭ ئالدىغىچە پىيادە ئاپىرىپ قوياي، —— دېدى ئۇ.

ئۇ شوپۇرنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، يولدىن ئۆتۈپ، چىغىر يولغا كەلدى. يول تۆپىسىدە ياۋا گۈللەر بولۇق ئۆسكەن، گۈللەرگە قونۇپ شىرنە يىغىۋاتقان ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شوپۇر مەريەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنى ئېرىقتىن ئۆتكۈزۈپ قويدى. ئۇ ھېراتنىڭ يېرىم يىللىغىچە توختىمايدىغان داڭلىق شامىلىنىڭ كۈن ـ كۈنلەپ چىقىپ، ھەممە جاينى قۇم بىلەن كۆمۈۋېتىدىغانلىقىنى سۆزلەشكە باشلىدى. لېكىن، ئۇ توساتتىن جايىدا توختاپ قالدى ـ دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، مەريەمنىڭ كۆزىنى قولى بىلەن توسۇپ، ئۇنى ئارقىغا ئىتتىرىشكە باشلىدى.

— ئارقاڭغا يان! ئالدىڭغا قارىما! ئارقاڭغا بۇرۇلۇپ قايت! — دەپ ۋارقىرىدى شوپۇر.

لېكىن، ئۇ كېچىككەنىدى. مەريەم ھەممىنى كۆردى. شامال مەجنۇنتالنىڭ شاخلىرىنى خۇددى پەردىنى قايرىغاندەك ئىككى تەرەپكە يەلپۈيتتى. مەريەم دەرەخنىڭ ئاستىدا يەرگە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئورۇندۇقنى، شاخقا چىگىلگەن تانىدا ئېسىلىپ تۇرغان نانانىڭ جانسىز تېنىنى كۆردى.

# ئالتىنچى باب

ئۇلار نانانى گۈلدامانىڭ چېتىگە جايلاشقان قەبرىستانغا دەپنە قىلدى. مەريەم قەبرىستانغا بىبى موماي ۋە باشقا ئاياللار بىلەن بىللە باردى. فەيزۇللا موللام خەتمىقۇرئاننى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، بىرنەچچە ئەر نانانىڭ كېپەنلەنگەن مېيىتىنى يەرلىككە ئاستا چۈشۈرۈپ، ئۈستىگە گۈرجەك بىلەن توپا تاشلىدى. نانانى يەرلىككە قويۇپ بولغاندىن كېيىن، جىلىل تاكى كۆلبىگە قايتىپ كەلگۈچە مەريەم بىلەن بىللە ماڭدى. ئۇ جامائەتنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ مەريەمگە نەقەدەر كۆيۈنىدىغانلىقىنى كۈچىنىڭ بارىچە ئىپادىلەشكە ئۇرۇناتتى. ئۇ مەريەمنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئۆز قولى بىلەن چامادانغا سالدى. كارىۋاتتا دۈم ياتقان مەريەمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنى يەلپۈدى. تېخى مەريەمنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ، ئىنتايىن قايغۇرغان قىياپەتتە ئۇنىڭدىن: «قىزىم، ساڭا نېمە كېرەك؟» دەپ ئىككى قېتىم قايتىلاپ سورىغانمۇ بولدى.

— فەيزۇللا موللام، — دېدى مەريەم.

— فەيزۇللا موللام سىرتتا. مەن ئۇنى هازىرلا چاقىرىپ كىرەي.

فەيزۇللا موللامنىڭ ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولغان مۈكچەيگەن قامىتىنى كۆرگەن هامان، مەريەمنىڭ كۆزلىرىدىن تۇنجى قېتىم تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— ئاھ، جېنىم مەريەم قىزىم.

فەيزۇللا موللام مەريەمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ يۈزىنى

سىلىدى.

— يىغلىغۇال قىزىم، تازا قانغۇدەك يىغلىغۇال. يىغلىغان ھېچ گۇناھ ئەمەس. بىراق، شۇنى ئېسىڭدە تۇت قىزىم: «قۇرئان كەرىم»دە دېيىلگەندەك، بۇ دۇنيانى ئۇلۇغ ئاللاتائالا ياراتقان. بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئاشۇ ھەممىگە قادىر ئىگەمىزنىڭ قولىدا، قىزىم. قۇرئانغا ھەرگىزمۇ شەك كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ھەربىر ئازابلىرىمىزغا ئاللا يار ـ يۆلەك بولىدۇ.

لېكىن، فەيزۇللا موللامنىڭ تەسەللىلىرى مەريەمنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىدا پەقەت نانانىڭ يىغا ئاۋازى ياڭراپتتى: «ئەگەر سەن كەتسەڭ مەن ئۆلۈپ قالىمەن. مەن راستلا ئۆلىمەن !»

مەريەم ئەمدى نېمىمۇ قىلالىسۇن؟ ئۇنىڭ يىغلاشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. ئۇنىڭ تاراملاپ ئاققان ياشلىرى فەيزۇللا موللامنىڭ ئالىقانلىرىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى.

ماشىنا كۆلبىنىڭ ئالدىدىن قوزغالدى. جېلىل ئارقا ئورۇندۇقتا مەريەمنىڭ دولىسىغا قولىنى قويۇپ ئولتۇردى.

— ئەمدى مەن بىلەن تۇرىسەن، مەريەم، — دېدى ئۇ، — مەن ئۆلارنى ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ھۇجراڭنى تازىلاپ قويۇشقا بۇيرۇدۇم. ھۇجراڭنىڭ دېرىزىسىدىن باغنى تولۇق كۆرەلەيسەن تېخى.

مەريەم ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم جېلىلنىڭ ساختىلىق چىقىپ تۇرغان ھەقىقىي ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ نانانىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئەمدى تولۇق چۈشەنگەندى. شۇ تاپتا ئۇ جېلىلنىڭ چىرايىغا قاراشقىمۇ بىزار ئىدى.

ماشىنا جېلىلنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختىدى. شوپۇر ئىشىكنى ئېچىپ، مەريەمنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى قولىغا ئالدى. جېلىل مەريەمنى ئىككى مورىسىدىن تۇتۇپ ھويلىغا باشلاپ كىردى. مەريەم ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا بىر كېچە تۈنىگەن ئاشۇ

دەرۋازىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ ئۆيگە كىردى. ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا جېلىل بىلەن بۇ ھويلىغا كىرىش مەريەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئىدى. «تۇرمۇشۇمدا ئەجەبمۇ ئاسمان - زېمىن پەرق بولۇپ كەتتا» دەپ ئويلايتتى مەريەم شېغىل ياتقۇزۇلغان يولدا بېشىنى پەسكە قىلىپ ئايىغىنىڭ ئۇچىغا قاراپ كېتىۋېتىپ. شۇ تاپتا ئۇ كىملەرنىڭدۇر كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

مەريەم ئۆيگە كىرگەندىمۇ بېشىنى كۆتۈرمىدى. ئۇ جېلىلنىڭ ھەمراھلىقىدا پولغا سېلىنغان ئوتقاشتەك گىلەمگە دەسسەپ، پەشتاق بىلەن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كېتىۋېتىپ، تاملاردىكى نەقىشلىك ئويۇقلارغا تىزىلغان خىرۇستال ھەيكەللەرگە، تامغا ئېسىلغان يىپەك گىلەملەرگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. مەريەم جېلىلغا ئەگىشىپ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى كارىدوردىن ئۆتۈپ، سول تەرەپتىكى ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. جېلىل ئىشىكنى ئاچتى.

— بۇ ھۇجرىنى مېھمانغا تەييارلاپ قويغان، — دېدى جېلىل، — بەزىدە سىڭىللىرىڭ نېلۇفەر بىلەن ھەدىيە مۇشۇ ئۆيدە ئوينايدۇ. قانداق، بۇ ئۆي ساڭا ياقتىمۇ؟

ئۆينىڭ ئىچى ئۆزگىچە بېزەلگەن، كارىۋاتقا يېشىل گۈللۈك ئەدىيال يېپىلغان، دېرىزىگە ئەدىيال بىلەن ئوخشاش گۈللۈك پەردە تارتىلىپ، ئىككى تەرەپكە قايرىپ قويۇلغانىدى. دېرىزىدىن باغچىدىكى گۈللۈك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كارىۋاتنىڭ قېشىغا ئۈچ تارتمىلىق تومپۇچكا قويۇلغان بولۇپ، ئۈستىگە سولياۋ گۈل سېلىنغان لوڭقا قويۇلغانىدى. تامدىكى بىرنەچچە ئويۇقتا ياغاچ رامكىغا ئېلىنغان، مەريەمگە ناتونۇش بولغان كىشىلەرنىڭ سۈرەتلىرى قويۇلغان، يەنە بىر ئويۇقتا بىر - بىرىگە ئوخشاش بىر يۈرۈش ياغاچ قونچاق تىزىلغانىدى.

جېلىل مەريەمنىڭ ياغاچ قونچاقلارغا سەپسېلىپ قاراۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

— رۇسىيەنىڭ يۇرۇشلۇك قونچاقلىرى. مەن ئۇلارنى موسكۋادىن سېتىۋالغان. ئوينىغۇڭ بولسا ئېلىپ ئوينىساڭ بولىدۇ. ھېچكىم خاپا بولمايدۇ.

مەريەم كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى.

— ساڭا يەنە باشقا نەرسە لازىممۇ؟ — سورىدى جېلىل.

مەريەم ياستۇققا بېشىنى قويۇپ كۆزىنى يۇمدى. بىرئازدىن كېيىن ئىشىكنىڭ ئاستا يېپىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

مەريەم پەسكە مۇنچىدا يۇيۇنغىلى چۈشكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈن كۈننى ئۆز ھۇجرىسىدا ئۆتكۈزدى. كالپۇكىغا گۈل چېكىلگەن قىز ئۇنىڭغا پەتنۇستا قوي گۆشى كاۋىپى، كۆكتات شورپىسى ۋە سۇدا پىشۇرۇلغان چۆپلەرنى ئاچىقىپ بەرەتتى. لېكىن، مەريەم بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى يېمەيتتى. جېلىل بىرنەچچە قېتىم مەريەمنىڭ يېنىغا كىرىپ ئەھۋال سورىدى.

— سەنمۇ پەسكە چۈشۈپ بىز بىلەن بىللە تاماق يېسەڭ بولمامدۇ؟ — دېدى جېلىل بىر كۈنى. لېكىن، مەريەم ئۆزىنىڭ يالغۇز تاماق يېگۈسى بارلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇ دەرھال مەريەمنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مەريەم ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىدىن خىزمەتكارلارنىڭ ھويلا ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈشلىرىگە، باغۋەنلەرنىڭ دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ شاخلىرىنى پۇتاشلىرىغا، گۈللەرنى سۇغىرىشلىرىغا، ئىشىك ئالدىدا توختىغان ماشىنىلاردىن چۈشۈۋاتقان چۇمبەللىك ئاياللارغا، چاچلىرى رەتلىك تارالغان بالىلارغا ۋە كۆرپە تۇماق كىيگەن ئەرلەرگە پەرۋاسىز قاراپ تۇردى. مەريەم ئەنە شۇلارنى كۆرۈشكە شۇنچە تەشنا ئىدىغۇ؟ نانانىڭ ئۇنىڭغا ئېيتقانلىرى ھەقىقەتەن توغرا ئىكەن. ئۇ ھېچقاچان جېلىلنىڭ بۇ تۇرمۇشىغا مەنسۇپ بولمىغانىكەن ھەم مەڭگۈ مەنسۇپمۇ بولمايدىكەن.

«لېكىن، مەن زادى قەيەرگە مەنسۇپ؟ مەن ئەمدى نېمە ئىش قىلىمەن؟»

«مەن ساڭا دەپ قوياي مەريەم، سېنىڭ بۇ دۇنيادا مەندىن باشقا ھېچ نەرسەڭ يوق. ئەگەر مەن ئۇ دۇنياغا كەتسەم، سېنىڭ ھېچ نەرسەڭ قالمايدۇ، ھېچ نەرسەڭ!»

مەريەمنىڭ كۆز ئالدىنى قاراڭغۇلۇق باستى.

مەريەم جىلىلىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى مەريەمنىڭ ھۇجرىسىغا بىر قىز كىردى. ئۇنىڭ قولىدا كۆك رەڭ بىر ساندۇق بار ئىدى.

— بۇنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلەمسىز؟ — سورىدى قىز ۋە ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، — بۇ دېگەن پاتېفون. ئۇنىڭدا مۇزىكا قويغىلى بولىدۇ.

— سىزنىڭ ئىسمىڭىز نىلۇفەر، سەككىز ياشقا كىردىڭىز، شۇنداقمۇ؟

قىز كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ زىنىخلىرى، كۈلۈشلىرى جىلىلغا بەكمۇ ئوخشايتتى.

— سىز قانداق بىلىسىز؟

مەريەم مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

— سىزنىڭ ناخشا ئاڭلىغۇڭىز بارمۇ؟

مەريەم يەنە جاۋاب بەرمىدى. نىلۇفەر پاتېفوننى توكقا چېتىپ، ساندۇقنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدىكى كىچىك تارتمىدىن بىر پاتېفون تەخسىسىنى ئېلىپ، ئۇنى ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى تەخسە ئۈستىگە قويدى. ئۇ پاتېفون يىڭنىسىنى چۆرگۈلەۋاتقان تەخسىگە تەگكۈزگەن ھامان ناخشا قويۇلۇشقا باشلىدى.

گۈللەرگە پۈتۈلگەن سۆز ۋە خىيالىم،
سەن مېنىڭ سۇلتانىم، مېنىڭ سۇلتانىم.

— سىز بۇ ناخشىنى بىلەمسىز؟
— ياق.
— بۇ ئىراندا ئىشلەنگەن بىر فىلىمنىڭ ناخشىسى. مەن ئۇ فىلىمنى دادامنىڭ كىنوخانىسىدا كۆرگەن. ھە، راست، مەن سىزگە بىرنەرسە كۆرسىتەيمۇ؟
مەريەم جاۋاب بەرگۈچە، نىلۇفەر بېشى بىلەن ئىككى قولىنى يەرگە تىرەپ، پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ تىك تۇردى.
— سىز ماڭا ئوخشاش قىلالامسىز؟
— ياق.
نىلۇفەر پۇتىنى چۈشۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كۆپتىسىنى پەسكە تارتىپ تۈزەشتۈردى.
— مەن سىزگە ئۆگىتىپ قوياي، — دېدى نىلۇفەر چېچىنى كەينىگە تاشلاپ تۇرۇپ، — سىز بۇ يەردە قانچە ئۇزۇن تۇرىسىز؟
— بىلمەيمەن.
— ئاپامنىڭ دېيىشىچە، سىز مېنىڭ ئاچام ئەمەسكەنسىز. سىز ئۆزىڭىزچە شۇنداق دەۋاپسىز.
— مەن ھېچقاچان ئۇنداق دېمىدىم، — مەريەم يالغان سۆزلىگەندى.
— ئاپام سىزنى شۇنداق دېدى، دەيدۇ. لېكىن، مېنىڭ كارىم يوق. سىز مېنى يالغاندىن سىڭلىم دەۋالسىڭىزمۇ ياكى مەن سىزنىڭ ھەقىقىي سىڭلىڭىز بولساممۇ ماڭا بەربىر.
مەريەم ياستۇققا بېشىنى قويدى.
— چارچاپ كەتتىم.
— ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە، ئاپىڭىزنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىغا جىن سەۋەب بوپتىمىش.
— خاپا بولماي ناخشىنى توختىتىۋەتسىڭىز بوپتىكەن.
ئاشۇ كۈنى بىبى موماي مەريەمنى كۆرگىلى كەلدى. سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتاتتى. بىبى موماي كارىۋاتنىڭ يېنىغا قويۇلغان ئورۇندۇقتا ۋايساپ ئولتۇردى.

— مۇشۇ يامغۇر ياغسىلا مەريەم، يانپېشىم ئاغرىپ بولالمايمەن. چىدىغۇسىز ئاغرىيدۇ... جېنىم قىزىم، بۇ ياققا كېلە قىزىم، يىغلىما، مېنى قۇچاقلاپ قويە. ئاھ، بىچارە قىزىم.

شۇ كېچىسى مەريەمنىڭ كۆزىگە خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئۇيقۇ كەلمىدى. سىرتتا شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇر شامالنىڭ كۈچى بىلەن دېرىزىگە ئۇرۇلاتتى. مەريەمنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنغاندا، ئاستىنقى قەۋەتتە كىملەرنىڭدۇر ۋارقىراشقان، ئىشىكنى كۈچەپ ياپقان ئاۋازلىرى بىلەن يەنە ئويغىنىپ كەتتى.

سەھەردە فەيزۇللا موللام جېلىلىنىڭ قورۇسى ئالدىدا پەيدا بولدى. ساقاللىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان فەيزۇللا موللام ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولۇشى بىلەنلا مەريەم يىغلاپ تۆكۈلۈپ كەتتى. مەريەم كارىۋاتتىن سەكرەپ تۇرۇپ، موللامنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى سۆيدى. موللاممۇ ئۇنىڭ قاش — كۆزلىرىگە مېھرىبانلىق بىلەن سۆيدى. مەريەم ئورۇندۇقنى تارتىپ كېلىپ موللامنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. موللام قوينىدىن «قۇرئان كەرىم»نى ئالدى.

— بىز بۇنى ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويساق ھەرگىز بولمايدۇ، — دېدى موللام.

— مېنىڭ بۇ دەرسنى داۋاملاشتۇرۇشۇمنىڭ ھېچ ھاجىتى قالمىدى، موللا ساھىب. سىز ماڭا «قۇرئان كەرىم»دىكى ھەممە سۈرە، ئايەتلەردىن نەچچە يىل ئالدىدىلا ساۋاق بېرىپ بولغانىدىڭىز.

موللام قولىنى كۆتۈرۈپ، تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈرگەندەك دېدى:

— ئۇنداق بولسا مەن ئىقرار قىلاي. مېنىڭ سەن بىلەن كۆرۈشۈشۈمگە باھانە قىلىدىغان بۇنىڭدىن ياخشىراق ئامال تاپالمىدىم.

— سىزنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن باھانە ئىزدىشىڭىزنىڭ پەقەت ھاجىتى يوق، موللا ساھىب.

— شۇنداق دېگىنىڭگە كۆپ رەھمەت قىزىم.

موللام «قۇرئان كەرىم»نى مەريەمگە ئۇزاتتى. ئۇ موللام ئۆگەتكەن بويىچە پېشانىسىنى «قۇرئان كەرىم»گە ئۈچ قېتىم يېقىپ، ئۈچ قېتىم سۆيۈپ بولغاندىن كېيىن، موللامغا قايتۇرۇپ بەردى.

— ئەھۋالىڭ قانداقراق قىزىم؟

— نانانىڭ... — دەپ گەپ باشلىدى مەريەم، ئۇ خۇددى گېلىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى، — نانانىڭ مەن مېڭىشتىن بۇرۇن ئېيتقان سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدىن پەقەت كەتمەيۋاتىدۇ. ئۇ...

— ياق، ياق، ياق... — دېدى فەيزۇللا موللام قولىنى مەريەمنىڭ تىزىغا قويۇپ تۇرۇپ، — سېنىڭ رەھمەتلىك ئاپاڭ كۆڭلى سۇنۇق، روھى زەئىپلەشكەن مەزلۇم ئىدى. ئۇ ئۆزىگە، ساڭا ۋە رەھىمدىل ئاللاغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزدى. ئۇلۇغ ئاللا ئاپاڭنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلسىمۇ، ئۇنىڭ تاللىغان يولىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ. ئۇلۇغ ئىگەمنىڭ ئۆزى ئاتا قىلغان جاننى ئۆزىنىڭلا ئېلىش ھوقۇقى بار. ھەرقانداق بەندىنىڭ ئۆز ھاياتىنى ياكى باشقىلارنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىشى بەكمۇ ئېغىر گۇناھتۇر.

ئۇ ئورۇندۇقنى سۇرۇپ مەريەمگە يېقىن كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى.

— ماڭا قارا قىزىم. مەن سېنىڭ ئاپاڭنى كىچىك ۋاقتىدىلا بىلەتتىم. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتلاردىلا كۆڭلى سۇنۇق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ يولغا مېڭىپ قېلىشىدىكى سەۋەبلىرى شۇ ۋاقىتلاردىلا باشلانغان. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بولغان ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىغا سەن سەۋەبچى ئەمەس قىزىم. سەن ھەرگىزمۇ گۇناھكار ئەمەس.

— مەن ئۇنى تاشلاپ كەتمىسەم بوپتىكەن. مەن...

— بولدى، بەس. سەن ئۇنداق قالايمىقان خىيالدا بولما،

مەريەم. ئاڭلىدىڭمۇ قىزىم. بۇنداق خىياللار سېنى نابۇت قىلىدۇ. شۇنى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلا قىزىم: بۇ ئىشلارغا سەن سەۋەبچى ئەمەس.

مەريەم بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ موللا ساھىبنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشىنىشكە نەقەدەر تەشنا بولسىمۇ، يۈرىكى ئۇنىڭغا يول قويمايۋاتاتتى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. بىر كۈنى، مەريەمنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى بىرسى چەكتى. ئارقىدىنلا ئاق پىشما كەلگەن، بارماقلىرى ئۇزۇن، قىزغۇچ چاچلىق بىر ئايال ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى.

— مېنىڭ ئىسمىم ئەفسۇن، — دېدى ئۇ ئايال، — مەن نىلۇفەرنىڭ ئاپىسى. سىزنى يۈز ـ كۆزلىرىنى تۇزەشتۇرۇپ، ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشەمدىكىن دەپ كىرىشىم.

مەريەم ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدىن چىققۇسى يوقلۇقىنى بىلدۈردى.

— بولمايدۇ. سىز گېپىمنى چۈشەنمىدىڭىز. پەسكە چۈشمىسىڭىز بولمايدۇ. سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار.

# يەتتىنچى باب

مەريەم ئۇزۇن تاماق ئۈستىلىدە جېلىل ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرىسىغا سەبدە گۈل سېلىنغان يوغان خىرۇستال لوڭقا بىلەن لىق قايناق سۇ قۇيۇلغان ئەينەك قاچا قويۇلغانىدى. جېلىلنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۆزىنى نىلۇفەرنىڭ ئاپىسى دەپ تونۇشتۇرغان ئەفسۇن ئىسىملىك ئايال، سول تەرىپىدە جېلىلنىڭ ئىككى خوتۇنى خەدىچە بىلەن نەرگىزە ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بېشىغا ئارتىۋالغان قارا ياغلىقى بېشىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ قالايلا دەپ قالغان بولۇپ، پەقەت رەسمىيەت ئۈچۈنلا ئارتىۋېلىشقانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ نانا ئۈچۈن قارىلىق تۇتمايدىغانلىقى مەريەمگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. «بەلكىم، جېلىل ئۇلارغا مەن كىرىشتىن بۇرۇن ئارتىۋېلىشنى بۇيرۇغاندۇ» دەپ ئويلىدى مەريەم.

ئەفسۇن ئۈستەلدىكى قاچىدىن ئىستاكانغا سۇ قۇيۇپ مەريەمنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، چاقماق گۈللۈك سالفېتكىنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— تېخى ياز كىرمەستىنلا ھاۋانىڭ ئىسسىپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان، — دېدى ئۇ قولى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ تۇرۇپ.

— خېلى كۆنۈپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى نەرگىزە، — بىز ھەممىمىز سىزنىڭ بۇ يەرنى ئۆز ئۆيىڭىزدەك كۆرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلگەن كۈلپەتكە... بەرداشلىق بەرمەك ھەقىقەتەن قىيىن.

ئەفسۇن بىلەن خەدىچە نەرگىزەنىڭ سۆزىگە قوشۇلىدىغانلى-

قىنى بىلدۈرۈپ، بېشىنى لىڭشىتقاچ، ئىنچىكە تېرىۋالغان قاشلىرىنى يىمىرىپ، ئەدەپ يۈزىسىدىن كۈلۈمسىرەپ قويۇشتى. مەريەمنىڭ قۇلىقى غوڭۇلداپ، كانىيى سىقىلغاندەك بولدى ـ دە، ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ سۇنى ئوتلىدى.

جېلىلنىڭ ئارقىسىدىكى ئوچۇق دېرىزىدىن چېچەكلىگەن ئالما دەرەخلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دېرىزىنىڭ يېنىغا قويۇلغان ياغاچ ئىشكاپنىڭ ئىچىگە يوغان بىر سائەت بىلەن جېلىل ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ بىللە تۇتتۇۋاتقاندا چۈشكەن سۈرىتى تىزىلغانىدى، بىلىقنىڭ قاسراقلىرى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى. جېلىل بىلەن ئۈچ ئوغلى ھاياجان بىلەن كۈلۈشۈپ تۇرۇشاتتى.

ـــ مەقسەتكە كەلسەك، ـــ دەپ سۆز باشلىدى ئەفسۇن، ـــ سىزگە دەيدىغان بىر خۇش خەۋەر بار ئىدى. شۇڭا، سىزنى بۇ يەرگە چاقىردۇق.

مەريەم بېشىنى كۆتۈردى.

ئەفسۇن جېلىلنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان ئاياللار بىلەن كۆز بېقىشىۋالدى؛ جېلىل ئوتتۇرىدىكى ئەينەك قاچىغا قارىغىنىچە ئارقىسىغا يۆلەندى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يېشى ئەڭ چوڭ كۆرۈنىدىغان خەدىچە مەريەمگە قارىدى. ئېنىقكى، ئۇلار مەريەمگە خەۋەرنى كىمنىڭ يەتكۈزىدىغانلىقى توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىۋالغانىدى.

ـــ سىزگە لايىق چىقىپ قالدى، ـــ دەپ سۆز باشلىدى خەدىچە.

مەريەمنىڭ يۈرىكى بوغۇزىغا كېلىپ قالغاندەك بولدى.

ـــ نېمە؟ ـــ دېدى ئۇ لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا.

ـــ لايىق چىقتى دەيمەن. ئۇ سىزنى ئەمرىگە ئالماقچى، ئۇنىڭ ئىسمى رەشىد، ـــ خەدىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ـــ دادىڭىزنىڭ سودىدا تونۇشۇپ قالغان دوستى ئىكەن. ئۇ كىشىنىڭ مىللىتى پاشتۇن، يۇرتى قەندەھاردا ئىكەن. ھازىر ئۇ كىشى

كابۇلدىكى دېھمازاڭ رايونىدا تۇرىدىكەن. ئىككى قەۋەتلىك تۇرالغۇسى بار ئىكەن.
ئەفسۇن بېشىنى لىڭشىتتى.
— ئۇ يىگىت بىزگە ئوخشاش پارسچە سۆزلىيەلەيدىكەن. شۇڭا، سىزنىڭ پاشتۇنچە ئۆگىنىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن.
مەريەمنىڭ نەپسى سىقىلىپ، كۆزى قاراڭغۇلاشتى. ئۆي ئىچى توختىماي پىرقىرىماقتا ئىدى.
— ئۇ كىشى موزدۇز ئىكەن. موزدۇز بولغاندىمۇ، ھېلىقىدەك كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئولتۇرۇپ، يىرتىلىپ كەتكەن ئاياغلارنى ياماپدىغانلاردىن ئەمەس ئىكەن. ئۇ كىشى مەخسۇس دۇكىنى بار داڭلىق ئۇستامىش، كابۇلدا كىشىلەر ئالايىتەن ئىزدەپ كېلىپ ئاياغ تىكتۇرىدىكەن. ھەتتا كابۇلدىكى دىپلوماتلار، زۇڭتۇڭلارنىڭ ئۆيىدىكىلەرمۇ كېلىپ ئاياغ تىكتۇرىدىكەن. سىزنىڭ ھالىڭىزدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشىدا پەقەت مەسىلە يوق دېگەن گەپ.
مەريەمنىڭ كۆزلىرى جېلىلغا مىختەك قادالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقماقتا ئىدى.
— بۇ نېمە گەپ؟ ئۇ نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ؟ ئۇنىڭ دېگەنلىرى راستمۇ؟
جېلىل مەريەمگە قارىمىدى. ئۇ ئاستىنقى لېۋىنى چىشلىگەن ھالدا ئەينەك قاچىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى.
— ئۇ كىشى سىزدىن سەل چوڭ، — دېدى ئەفسۇن سۆز باشلاپ، — چوڭ دېگەندىمۇ قىرىق... قىرىق بەشلەردە بار بولسا كېرەك. توغرا دېدىممۇ نەرگىزە؟
— توغرا. لېكىن، مەن توققۇز ياشلىق قىزلارنىڭ سىزنىڭ ئۇ لايىقىڭىزدىن يىگىرمە ياش چوڭ ئادەملەرگە ياتلىق بولغانلىقىنىمۇ كۆرگەن. سىز ئون بەش ياشقا كىردىڭىزمۇ؟ ئون بەش ياش دېگەن قىزلار ئۈچۈن توي قىلىشقا تازا مۇۋاپىق ياش دەڭا.

ھەممەيلەن قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ باشلىرىنى لىڭشىتىشتى. «ئۇلار نېمىشقا دادا بىر ھەدە ـ سىڭىللىرىم سەئىدە بىلەن نائىدەنى ياتلىق قىلىشمايدۇ؟ ئۇلارمۇ مەن بىلەن تەڭ، بىراق ئۇلار ھېيراتتىكى «مېھىر» قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇۋاتامدۇ، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن كابۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇشنى پىلانلاۋاتقاندۇ؟ ئۇلارمۇ ئون بەش ياشقۇ؟ ئۇلار ياتلىق بولۇشقا تازا مۇۋاپىق ياشتا ئەمەسمىكەن؟» دەپ ئويلىدى مەريەم.

— ئۇنىڭ ئۇستىگە، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى نەرگىزە، — سىزگە ئوخشاشلا ئۇنىڭمۇ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەر كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى ئون يىلنىڭ ئالدىدا تۇغۇتتا قازا قىپتىكەن. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئوغلى كۆلگە چۈشۈپ كېتىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

— نېمىدېگەن بىچارە. ئۇ كىشى بىرنەچچە يىلدىن بېرى قايتا ئۆيلىنىشنى ئويلاشقان بولسىمۇ، بىرەر لايىق چىقماپتۇ.

— مېنىڭ توي قىلغۇم يوق، — دېدى مەريەم جېلىلىغا تىكىلىپ، — مېنىڭ توي قىلغۇم يوق. مېنى زورلىمىسىڭىز.

ئۇ ئۆزىنى شۇنچە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، بىچارىلەرچە يىغلىغان ئاۋازىدىن جېلىلىغا چىن يۈرىكىدىن نىدا قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— سىز ئويلاپ كۆرۈڭ، مەريەم، — دېدى ئاياللارنىڭ بىرى. مەريەمگە ئەمدى كىمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى مۇھىم ئەمەس ئىدى. ئۇ جېلىلىنىڭ بۇ پاراڭلارنىڭ ھەممىسىنىڭ راست ئەمەسلىكىنى ئۆز ئاغزى بىلەن جاكارلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ياشقا تولغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى.

— سىز بۇ يەردە ئۆمۈر بويى تۇرالمايسىز ـ دە.

— ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ، ئۆز ئالدىڭىزغا ئائىلە قۇرسىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۆزىڭىزنىڭ ئائىلىڭىز بولسا، بالىلىق

بولسىڭىز نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە؟
ــ سىز ئەمدى سەۋر قىلىشىڭىز كېرەك.
ــ ئەگەر سىزگە مۇشۇ يەرلىك تاجىك يىگىت چىققان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. لېكىن، رەشىد بەك ساغلام ئادەم. سىزگە بەكمۇ مەيلى بار. مۇھىمى، ئۇنىڭ ئۆيى، خىزمىتى بار دەڭا. ئەڭ مۇھىمى شۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ كابۇل دېگەن ناھايىتى ئاۋات، گۈزەل شەھەر. سىزگە بۇنداق ياخشى پۇرسەتنىڭ قايتا كەلمىكى ناھايىتى قىيىن.
مەريەم دىققىتىنى جېلىلنىڭ خوتۇنلىرىغا بۇرىدى.
ــ مەن فەيزۇللا موللام بىلەن بىللە ياشايمەن. ئۇ مېنى قوبۇل قىلىدۇ. مەن بىلىمەن، ئۇ ماڭا ئوبدان قارايدۇ.
ــ ئۇنداق بولسا بولمايدۇ، ــ دېدى خەدىچە، ــ ئۇ كىشى بەك قېرى. ئۇنىڭ ئۇستىگە... ــ ئۇ مۇۋاپىق سۆز تاپماقچى بولۇپ سۆزىنى توختاتتى. مەريەم ئۇنىڭ «ئىككى پۇتى ئاللىقاچان گۆرگە ساڭگىلىغان» دېمەكچى بولغانلىقىنى پەملىگەنىدى. ئۇلارنىڭ زادى نېمە مەقسىتى بارلىقىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ئەگەر بۇ مەريەم ئۇچۇن «تېپىلماس پۇرسەت» بولسا، ئۇلار ئۇچۇن مەريەمنىڭ بۇ دۇنياغا تۆرەلگەنلىكى سەۋەبلىك ئېرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئېلىپ كەلگەن شەرمەندىچىلىكىنى مەڭگۈگە يۇيىدىغان تېپىلماس پۇرسەت ئىدى. ئەگەر مەريەم ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا بولىدىكەن، ئاشۇ شەرمەندىچىلىكنىڭ مەڭگۈ كەتمەيدىغانلىقى ئۇلارغا بەش قولدەك ئايان ئىدى.
ــ ئۇ ئادەم بەك قېرى ھەم ئاجىز، ــ دېدى خەدىچە ئاخىر، ــ ئەگەر ئۇ بۇ ئالەمدىن كېتىپ قالسا قانداق قىلىسىز؟ ئۇنىڭ ئائىلىسىگە يۈك بولىسىز شۇ.
مەريەم خەدىچەنىڭ «خۇددى بىزگە يۈك بولغاندەك» دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەندى.
مەريەم ئۆزىنىڭ كابۇلدىكى تۇرمۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. بىر چاغلاردا جېلىل ئۇنىڭغا كابۇلنىڭ ئادەم بىلەن تولغان،

غەلىتە بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى، ھېراتتىن ئاز دېگەندە ئالتە يۈز ئەللىك كىلومېتىر كېلىدىغان شەرقتىكى بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. مەريەم ئۇچۇن ئالتە يۈز ئەللىك كىلومېتىر ئىنتايىن يىراق ئارىلىق ھېسابلىناتتى. زادى قانچىلىك يىراق ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالمايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەڭ يىراق بارغان يېرى كۆلبىسىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جېلىلنىڭ تۇرالغۇسى ئىدى. ئۇ يەنە رەشىدنىڭ قورۇسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇردى. توي قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىشى، تاماق ئېتىپ بېرىشى، كىيىملىرىنى يۇيۇشى، ئۇنىڭ مىجەزىگە ماسلىشىپ، بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇشى كېرەك. تېخى نانا ھايات ۋاقتىدا ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىنى قانداق بوزەك قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىق مۇناسىۋەت مەريەمنىڭ خىيالىدىن كېچىش بىلەنلا، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى سوغۇق تەر باستى.

ئۇ يەنە جېلىلغا بۇرالدى.

— سىز ئۇلارغا دەڭ. ئۇنداق قىلىشىڭلارغا يول قويمايمەن، دەڭ.

— ئەملىيەتتە، دادىڭىز رەشىدكە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بولدى، — دېدى ئەفسۇن، — رەشىدمۇ مۇشۇ يەردە، ھېراتتا دەڭا. ئۇ مۇشۇ ئىش ئۇچۇن ئالايتەن كابۇلدىن كەلدى. نىكاھ ئەتە سەھەردە ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چۈشتە كابۇلغا ماڭىدىغان ئاپتوبۇس بار.

— ئۇلارغا ئېيتىڭ، ئۇلار ئاغزىنى يۇمسۇن! — مەريەم يىغلاپ ۋارقىراپ كەتتى.

ئۆينى تىمتاسلىق باستى. ئەمدى ھەممەيلەننىڭ دىققىتى جېلىلغا مەركەزلەشكەنىدى. جېلىل ئورۇندۇقتا تېخمۇ چۆكۈپ، قولىدىكى تويلۇق ئۈزۈكنى ئوينىغىنىچە بىچارە قىياپەتتە ئولتۇراتتى. ئۆيدە پەقەت ئىشكاپتىكى سائەتنىڭ چىكىلدىغان

ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى.

— جېلىلخان؟ — دېدى ئاياللارنىڭ بىرى سۈكۈتنى بۇزۇپ.

جېلىل بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ مەريەمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن يەنە يەرگە قارىۋالدى. ئۇ بىرنەرسە دېمەكچى بولۇپ، ئاغزىنى ئېچىپ، ئىڭىرىغاندەك ئاۋاز چىقارغاندىن باشقا ھېچ نەرسە دېيەلمىدى.

— سىز بىرنەرسە دېمەمسىز؟ — دېدى مەريەم.

جېلىل ئاخىر ئىنچىكە، بوغۇق ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— خۇدانىڭ ھەققىدە، مەريەم، مېنى بۇنداق قىيىن ئەھۋالغا قويما، — دېدى ئۇ ئۇۋاللىقتا ئۇچرىغان كىشىدەك زەئىپ ئاۋازدا.

جېلىلنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا، ئەتراپتىكى جىددىيلىك بىردىنلا بېسىقتى. جېلىلنىڭ ئاياللىرى مەريەمگە غەلىبە تەبەسسۇمى بىلەن قاراشتى. مەريەم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، تاماق ئۈستىلىنىڭ ئەگمە پۇتىغا قاراپ ئولتۇرۇۋالدى.

ئەفسۇن مەريەمنى ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ھۇجرىسىغا ئاچىقىپ قويۇپ، ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ چىقىپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئىشىكنىڭ قۇلۇپلانغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

# سەككىزىنچى باب

سەھەردە ئۇلار مەريەمگە ئاق ئىشتان ۋە ئۇزۇن يەڭلىك يېشىل كۆڭلەك كىيدۈرۈشتى. ئەفسۇن يەنە بىر يېشىل رومال بىلەن بىر جۈپ ئاياغ ئېلىپ چىققانىدى.

ئۇلار مەريەمنى ئاستىنقى قەۋەتتىكى تاماق ئۈستىلى قويۇلغان ئۆيگە باشلاپ كىرىشتى. ئۈستەلدىكى لوڭقا ۋە گۈللەر ئېلىۋېتىلگەن، لوڭقىنىڭ ئورنىغا شېكەرلىك بادام مېغىزى سېلىنغان بىر قاچا، «قۇرئان كەرىم»، بىر يېشىل رومال ۋە بىر ئەينەك قويۇلغانىدى. ئۈستەلنىڭ يېنىدا مەريەم كۆرۈپ باقمىغان ئىككى ئادەم ئولتۇراتتى، مەريەم ئۇلارنى نىكاھ گۇۋاھچىلىرى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدى. ئاۋۇ موللامىنىمۇ مەريەم كۆرۈپ باقمىغانىدى.

جېلىل مەريەمگە ئورۇندۇقنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ سۇس جىگەر رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، قىزىل گالستۇك تاقىۋالغان، چاچلىرى رەتلىك تارالغانىدى. ئۇ مەريەمگە ئورۇندۇقنى تارتىپ بەرگۈچە زورغا كۈلۈپ تۇراتتى. ئەفسۇن بىلەن خەدىچە مەريەمنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى.

موللام رومالنى ئىشارەت قىلدى. نەرگىزە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن رومالنى ئېلىپ مەريەمنىڭ بېشىغا ئارتىپ قويدى. مەريەم تىرنىقىنىڭ ئۇچىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

جېلىل كىمدۇر بىرسىگە:

— ئۇنى چاقىرىپ كىر، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

مەريەمنىڭ بۇرنىغا ئاچچىق تاماكا ۋە كۆچلۈك ئەتىرنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلدى. ئۇ رومالنىڭ تۆشۈكىدىن بوسۇغىدا ئۆرە تۇرغان

ئېگىز بوي، قورساق سالغان، مۇرىلىرى كەڭ كەلگەن بىر كىشىنى كۆردى. ئۇ كىشىنىڭ بەستىنىڭ يوغانلىقىغا قاراپ، چۆچۈپ كەتتى ــ دە، دەرھال يەرگە قارىۋالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. مەريەم ئۇ ئادەمنىڭ بوسۇغىدا بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا مېڭىپ، تاماق ئۈستىلىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ھەربىر ئالغان قەدىمىنىڭ تەسىرىدىن ئۈستەل ئۈستىدىكى كەمپۈت قاچىسى مىدىراپ كېتەتتى. ئۇ ئادەم ئېغىر تىن تارتىپ قويغاندىن كېيىن مەريەمنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ھەربىر نەپەسلىنىشى مەريەمگە ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

موللام ھەممەيلەنگە بىر قۇر سەپسېلىۋەتكەندىن كېيىن سۆز باشلىدى. ئۇ بۇ نىكاھنىڭ ئەنئەنىۋى نىكاھتىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

ـــ بىلىشىمچە، رەشىد ئاغا بىرئازدىن كېيىن كابۇلغا ماڭىدىغان ئاپتوبۇس بېلىتىنى ئېلىپ قويۇپتۇ. شۇڭا، بىز بەزى قائىدە ــ رەسمىيەتلەرنى قىسقارتىماقچى.

موللام قىسقىلا ئايەت ئوقۇغاندىن كېيىن، نىكاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلدى. ئۇ جېلىلدىن بۇ نىكاھقا قارشىلىقى بار ــ يوقلۇقىنى سورىدى. جېلىل بېشىنى چايقىدى. موللام رەشىدتىن: «مەريەمنى ئۆز رازىلىقىڭىز بىلەن ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى. رەشىد: «ئالدىم» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ قوپال ھەم توم ئاۋازى كۆزدە سارغىيىپ يەرگە چۈشكەن غازاڭنىڭ دەسسەلگەندىكى شاراقشىغان ئاۋازىنى ئەسلىتەتتى.

ـــ مەريەم، سىز بۇ ئەرنىڭ نىكاھىنى قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟
مەريەم جاۋاب بەرمىدى. كىملەردۇر قۇرۇق يۆتىلىپ قويدى. ئۈستەلنىڭ ئاستىدىن بىر ئايالنىڭ:
ـــ قوبۇل قىلدى، ـــ دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قىز ئۆزى جاۋاب بەرسۇن. مەن ئۈچ قېتىم سورايمەن. دېمەكچى بولغىنىم، ئۇ كىشى قىزنى ئەمرىگە ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، قىز ئۆز ئاغزى بىلەن رازىلىق بىلدۈرۈشى كېرەك.

موللام مەريەمدىن ئىككى قېتىم سورىدى. لېكىن، مەريەم جاۋاب بەرمىدى. موللامنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سورىشى ئۇنىڭ ئەتراپتىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى. مەريەم جىبىلنىڭ تاماق ئۈستىلىنىڭ ئاستىدىكى پۇتلىرىنى بىردەم - بىردەم ئالماپ، بىردەم - بىردەم تۈزلەۋاتقانلىقىنى سەزدى. بىرسى گېلىنى قىرىپ، ئۈستەلنى قوللىرى بىلەن سۈرتتى.

— مەريەم، — دەپ پىچىرلىدى جىبىل.

— قوبۇل قىلدىم، — دېدى مەريەم تىترىگەن ئاۋازدا.

بىرسى مەريەمنىڭ يۈزىگە يېپىلغان رومالنىڭ ئاستىدىن ئەينەك سۇندى. مەريەم ئەينەكتە ئەكس ئەتكەن چىرايىغا سەپسالدى. توم، تېرىلمىگەن قاشلار، تۈپتۈز تارالغان چاچلار، ھارغىنلىقتىن نۇرسىزلىنىپ كەتكەن يېشىل كۆزلەر... ئۇنىڭ يۈز تېرىلىرى قاپىرىپ كەتكەن، ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىگە داغ چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە قاشلىرى ھەددىدىن زىيادە كەڭ، ئېگىكى ناھايىتى كىچىك كۆرۈندى. گەرچە ئەينەكتە كۆرگەنلىرى ئۆزىگە ئانچە يارىمىسىمۇ، ئۆزىنى بەك سەت دەپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلغانىدى.

مەريەم رەشىدنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىدىن ئۇنىڭ چاسا، قوپال يۈزلىرى، ئىلمەك بۇرنى، گىلاستەك قىزىل مەڭزى، قانغا تولغان، ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىگە سەپسالدى. رەشىدنىڭ چىشلىرى زىچ جايلاشقان بولۇپ، ئالدىدا ئىككى تال ھىڭگاك چىشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قويۇق، ئاق ئارىلاشقان چاچلىرى قاشلىرىنى يالاپ تۇراتتى. ئۇلار ئەينەكتىكى سۈرەتلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىگە قاراشتى - يۇ، يەنە كۆزلىرىنى ئېلىپ

قېچىشتى.

«مانا بۇ مېنىڭ ئېرىمنىڭ چىرايى» دەپ ئويلىدى مەريەم.

جېلىل يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ بىر جۈپ ئۈزۈكنى قولىغا ئالدى. رەشىدنىڭ بارماقلىرى سارغىيىپ كەتكەن، تىرناقلىرىنىڭ ئۇچى كۆتۈرۈلۈپ، يېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۈزۈكنى رەشىدنىڭ قولىغا سالغۇچە مەريەمنىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى. رەشىد ئۈزۈكنى مەريەمنىڭ قولىدىن ئېلىپ سول قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا سالدى. مەريەمگە ئاتىغان ئۈزۈك سەل كىچىك بولسىمۇ، رەشىد ئۇنى ھېچ قىينالمايلا مەريەمنىڭ بارمىقىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزدى.

— ۋاي - ۋۇي، — دېدى جېلىلنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرى، — نېمىدېگەن چىرايلىق ئۈزۈك بۇ، ھە، مەريەم؟

— ئەمدى نىكاھقا قول قويىدىغانلا ئىش قالدى، — دېدى موللام.

مەريەم قەغەزگە ئىمزا قويدى. ئەتراپتىكى كۆزلەر ئۇنىڭ قولىغا تىكىلدى.

رەشىد ھەر خىل رەڭدە سىرلانغان ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە ساقلاۋاتاتتى. جېلىل بىلەن مەريەم ئاپتوبۇسنىڭ ئارقىسىدا ئۆرە تۇراتتى. مەريەم دېرىزىدىن پۈرقىراپ چىقىۋاتقان تاماكا ئىسىدىن رەشىدنىڭ نەدە ئولتۇرغانلىقىنى پەملىدى. ئەتراپتا كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن سۆيۈشۈپ، قۇچاقلىشىپ خوشلاشماقتا. يەنە بەزىلەر بولسا «قۇرئان كەرىم»نى سۆيۈپ، ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈشمەكتە ئىدى. يالاڭ ئاياغ باللار تاماكا بىلەن سېغىز تىزىلغان تەخسىلەرنى بويۇنلىرىغا ئېسىشىپ، يولۇچىلار ئارىسىدا يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى. تەخسىلەر ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى توسۇۋالغانىدى. جېلىل مەريەمگە كابۇلنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، كابۇل ناھايىتى گۈزەلكى، موغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ خانى بابۇرشاھ جەسىتىنى

كابۇلغا دەپنە قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغانىكەن. ئۇ يەنە كابۇلنىڭ گۈللۈكلىرىنى، دۇكانلىرىنى، دەل ـ دەرەخلىرىنى، ھاۋاسىنى زوق بىلەن تەسۋىرلەپ بەردى. بىرئازدىن كېيىن مەريەم ئاپتوبۇسقا چىقتى. جېلىل ئاپتوبۇسنىڭ يېنىدا خېلى ئۇزاققىچە قولىنى پۇلاڭلاتقىنىچە خۇشاللىق بىلەن تۇراتتى...

مەريەم ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قېلىۋاتاتتى.

— مەن سىزگە ئەزەلدىن چوقۇنۇپ كەلگەنىدىم، — دېدى ئۇ.

جېلىل گەپ قىلماقچى بولدى ـ يۇ، توختاپ قالدى، قوللىرىنى بىردەم ئالماپ، بىردەم تاشلاشلىرىدىن ئالاقزەدىلىك بىلىنىپ تۇراتتى. چامادان كۆتۈرگەن ھىندىستانلىق ئەر ـ خوتۇن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— ھەر پەيشەنبە كۈنى مەن سائەتلەپ سىزنىڭ يولىڭىزغا تەلمۈرۈپ قارايتتىم. سىزنى كەلمەمدىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ئاغرىپ قالاتتىم.

— يول ئۇزۇن. بىرنەرسە يەۋالساڭ بولاتتى، — دېدى جېلىل. ئۇ يەنە ئۆچكە سۈتىدە قىلىنغان سۈزمە بىلەن نان ئەكېلىپ بەرگۈسى بارلىقىنى ئېيتتى.

— مەن سىزنى كېچە ـ كۈندۈز ئويلايتتىم. سىزنى ئۆمرى ئۇزۇن بولسىكەن، يۈز ياشقا كىرسىكەن دەپ دۇئا قىلاتتىم. مەن سىزنىڭ مەندىن نومۇس قىلىدىغانلىقىڭىزنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقماپتىمەن.

جېلىل يەرگە قاراپ، خۇددى كىچىك بالىدەك پۇتى بىلەن يەرنى كولاشقا باشلىدى.

— سىز مەندىن نومۇس قىلىدىكەنسىز. مەندىن نومۇس قىلىدىكەنسىز ئەمەسمۇ؟

— مەن سېنى يوقلاپ تۇرىمەن، — دېدى جېلىل دۇدۇقلاپ، — مەن كابۇلغا سېنى كۆرگىلى بارىمەن. بىز...

— ياق، ياق، — دېدى مەريەم، — سىز بارماڭ. مېنىڭ سىزنى كۆرگۈم يوق. سىز ھەتتا مېنى يوقلاپ بېرىشنىمۇ

ئويلىماڭ. مېنىڭ سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنىمۇ ئاڭلىغۇم يوق. مەڭگۈ ئاڭلىغۇم يوق!

ئۇ جېلىلغا ئازاب تېپىپ تۇرغان كۆزلىرىنى تىكتى.

— بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز مۇشۇنىڭ بىلەن ئاياغلىشىدۇ. بۈگۈن بىز مەڭگۈگە خوشلىشىمىز.

— بۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ.

— سىزنىڭ مېنى فەيزۇللا موللام بىلەن خوشلاشتۇرۇپ قويغۇدەكمۇ ۋىجدانىڭىز يوق ئىكەن.

مەريەم ئارقىسىغا بۇرىلىپ، ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. ئارقىدىن جېلىلنىڭ ئەگىشىپ كېلىۋاتقان شەپىسى ئاڭلاندى. ئۇ ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىغا قولىنى سوزۇشىغا، جېلىل ئۇنى چاقىردى.

— مەريەم...

مەريەم ئاپتوبۇسقا چىقىپ، ئارقا تەرەپتىكى ئورۇندۇققا قاراپ ماڭدى. ئۇ جېلىلنىڭ ئاپتوبۇسنىڭ يېنىدا ئۆزىگە پاراللېل مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا نەزىرىنى سالمىدى. ئۇ ئارقا ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان رەشىدنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. جېلىل ئاپتوبۇس ئەينىكىنى قوللىرى بىلەن سىلاپ، مۇشتلاپ، مەريەمنىڭ دىققىتىنى تارتماقچى بولدى. لېكىن، مەريەم پەرۋا قىلمىدى. ئاپتوبۇس قوزغالدى. جېلىل ئاپتوبۇسنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان ئارىسىدا غايىب بولدى.

# توققۇزىنچى باب

ئۇلار ئەتىسى كەچقۇرۇن رەشىدنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.
— بىز ھازىر دېھمازاڭ دېگەن رايوندا، — دېدى رەشىد. ئۇلار يولنىڭ چېتىگە چىقتى. رەشىد بىر قولىدا مەريەمنىڭ چامادانىنى كۆتۈرۈۋالغان، يەنە بىر قولىدا ئۆينىڭ ياغاچ دەرۋازىسىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىۋاتاتتى، — بۇ يەر شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. يېقىن ئەتراپتا ھايۋانات باغچىسى بىلەن ئۇنىۋېرسىتېت بار.
مەريەم بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ رەشىدنىڭ كابۇل شېۋىسىدىكى پارسچە سۆزلىشىگە كۆنەلمەيۋاتاتتى. شۇڭا، رەشىدنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىشىغا توغرا كېلەتتى. لېكىن، رەشىد مەريەمنىڭ ھېرات شېۋىسىدىكى پارسچە سۆزلىشىنى قىيىنالمايلا چۈشىنەتتى.
مەريەم رەشىدنىڭ ئۆيى ئالدىدىكى توپا يولغا كۆز يۈگۈرتتى. يول بويىدىكى زىچ جايلاشقان ئۆيلەرنىڭ تاملىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، ئالدىنى چۆرىدەپ توسۇۋالغان پاكار تاملار ئۇ ئۆيلەرنى كوچىدىن ئايرىپ تۇراتتى. كۆپ قىسىم ئۆيلەرنىڭ ئۈگزىسى تۈز ئىدى. ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرى پىششىق خىشلار بىلەن سېلىنغان بولسا، يەنە بەزىلىرى بۇ شەھەرنى چۆرىدەپ تۇرغان تاغلارنىڭ رەڭگىدەك قىزغۇچ رەڭلىك لاي بىلەن سۇۋالغانىدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سۇ ئېقىپ تۇرغان ئېرىقلار ئاساسلىق يولنى چەتتىكى پىيادىلەر يوللىرىدىن ئايرىپ تۇراتتى. كوچىنىڭ بۇلۇڭلىرىغا ئەخلەت دۆۋىلەكلىك تۇراتتى. رەشىدنىڭ تۇرالغۇسى

ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ، تاملىرىنىڭ بۇرۇن كۆك رەڭدە ھاكلانغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى.

رەشىد ئىشىكنى ئاچتى. مەريەمنىڭ ئالدىدا كىچىككىنە، ۋەيرانە بىر ھويلا پەيدا بولدى. ھويلىنى سارغىيىپ كەتكەن بىر قەۋەت ياۋا ئوت قاپلىغان، ھويلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر كىچىك ئۆي، سول تەرىپىدە بىر باسما قۇدۇق ۋە قۇرۇپ كەتكەن بىر رەت كۆچەت بار ئىدى. تامغا يېقىن جايغا زاپچاس قويىدىغان ساندۇق قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ۋېلىسىپىت تامغا يۆلەكلىك تۇراتتى.

— دادىڭىز ماڭا سىزنىڭ بېلىق تۇتۇشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقانىدى، — دېدى رەشىد مەريەم بىلەن بىللە ھويلىنى كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، — بۇ يەرنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر جىلغا بار. دەريالىرىدا بېلىق بەك كۆپ. ۋاقىت چىقىرىپ سىزنى ئاپىرىپ كېلەرمەن.

رەشىد ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. مەريەم بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆيگە كىردى. رەشىدنىڭ ئۆيى جېلىلىنىڭكىدىن كۆپ كىچىك بولسىمۇ، ئانا بىلەن بىللە تۇرغان كۈلبىگە سېلىشتۇرغاندا بىر داچا ھېسابلىناتتى. تۇرالغۇنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە زال بىلەن مېھمانخانا، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئاشخانا بار ئىدى. رەشىد مەريەمگە ئاشخانىدىكى قازان - قومۇچلارنى، يۇقىرى بېسىملىق ھور قازىنى ۋە كىرسىن ئوچاقلارنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ چىقتى. مېھمانخانىغا سۇس يېشىل رەڭلىك سافا قويۇلغان بولۇپ، يان تەرىپىدىكى يىرتىلىپ كەتكەن يېرى قوپال يامالغانىدى. تامغا ھېچنېمە ئېسىلمىغان، ئۆيدە سافادىن باشقا يەنە بىر تاماق ئۈستىلى، ئىككى قومۇش ئورۇندۇق، ئىككى قاتلىما ئورۇندۇق بار ئىدى. بۇلۇڭدا قارا رەڭلىك چويۇن مەش تۇراتتى.

مەريەم مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، گۈلدامانىنى ۋە كۆلبىسىنى ئەسلىدى. مەريەمنىڭ قولى كۆلبىنىڭ تورۇسىغا

تېگەتتى. ئۇ كارىۋىتىدا يېتىپ، دېرىزىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرىغا قاراپ قانداق ۋاقىت بولغانلىقىنى پەرەز قىلالايتتى. ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنىڭ قانچىلىك ئېچىلغاندىن كېيىن ئاندىن غىچىلدايدىغانلىقىنى بىلەتتى. پەردىكى ئوتتۇز دانە پۇل تاختىيىنىڭ ھەربىر يېرىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ نەرسىلەر مەڭگۈ كەلمەسكە كەتتى. نانا ئۇ دۇنياغا كەتتى. ئۆزى بولسا ئۆزىگە تونۇش بولغان تۇرمۇشتىن تاغ ـ داۋانلار ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان بۇ شەھەردە ياشاشقا مەجبۇر بولماقتا. تەقدىر ئۇنى تاماكا پۇرىقىغا تولغان يات بىر ماكانغا تاشلاپ قويدى. ئۇنىڭغا ئۆيدىكى پەتنۇسلار، قاچا ـ قۇچىلار، دېرىزىدىكى ئېغىر يېشىل پەردىلەر، ئېگىز تورۇسلار... ھەممە نەرسە پۈتۈنلەي ناتونۇش. مەريەمنىڭ ئىچى سىقىلدى. ئۇ نانىنى، فەيزۇللا موللامنى، ئۆزىنىڭ كونا ھاياتىنى شۇ قەدەر سېغىنغانىدى.

مەريەم يىغلاشقا باشلىدى.

— نېمىگە يىغلايسىز؟ — دەپ سورىدى رەشىد مەريەمگە بۇرىلىپ قاراپ. ئۇ ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، مەريەمنىڭ ئالىقىنىنى ئېچىپ، تۇتقۇزۇپ قويدى. ئاندىن تامغا يۆلىنىپ، تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇردى ـ دە، قول ياغلىق بىلەن يېشىنى سۈرتۈۋاتقان مەريەمگە قاراپ تۇردى.

— يىغا تۈگىدىمۇ؟

مەريەم بېشىنى لىڭشىتتى.

— راستمۇ؟

— ھەئە.

ئۇ مەريەمنى قولتۇقلىغىنىچە مېھمانخانىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا كەلدى.

— بۇ دېرىزە شىمالغا قاراپ تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن دېرىزە ئەينىكىگە چېكىپ تۇرۇپ، — ئۇدۇلىمىزدىكىسى ئاسماي تېغى، كۆرەلىدىڭىزمۇ؟ سول

تەرەپتىكىسى بولسا ئالى ئاباد تېغى. ئۇنىۋېرسىتېت ئەنە شۇ تاغنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقان. ئارقىمىزدا، شەرق تەرەپتە، شىر دەرۋازا تېغى بار. سىز ئۇنى بۇ يەردىن كۆرەلمەيسىز. ھەر كۈنى چۈشتە، ئۇ تاغدا توپ ئاتىدۇ. سىز ئەمدى يېغلىماڭ، بولدى، يېشىڭىزنى سۈرتۈڭ. مەن راست دەۋاتىمەن.

مەريەم كۆزىنى سۈرتتى.

— مەن مۇشۇ ئىشقا چىداپ تۇرالمايمەن، — دېدى ئۇ ئاچچىقلانغان ھالدا، — ئۇنداق دېسەم خاپا بولماڭ. مېنىڭ ئاياللارنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇشقا پەقەت سەۋرەم يوق.

— مېنىڭ گۈلدامانغا قايتىپ كەتكۈم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى مەريەم.

رەشىد ئەپسۇسلانغان ھالدا ئۇھ تارتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان تاماكا ئىسى مەريەمنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى.

— مەن بۇ قېتىم سۆزىڭىزنى ئېغىر ئالماي.

ئۇ مەريەمنى يەنە بىللىكىدىن تۇتۇپ، ئۈستۈنكى قەۋەتكە ئاچىقتى. ئۈستۈنكى قەۋەتتە غۇۋا چىراغ بىلەن يورۇتۇلغان تارغىنا زال بىلەن ئىككى ھۇجرا بار بولۇپ، چوڭراق ھۇجرىنىڭ ئىشىكى قىيا ئوچۇق ئىدى. مەريەم يوچۇقتىن بۇ ھۇجرىنىڭ جىگەر رەڭ ئەدىيال يېپىلغان كارىۋات ۋە بىر كىيىم ئىشكاپى بىلەن ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆردى. تامغا بىر كىچىك ئەينەكتىن باشقا ھېچ نەرسە ئېسىلمىغانىدى.

— بۇ مېنىڭ ھۇجرام، — دېدى ئۇ مەريەمگە، ئاندىن يەنە بىر ھۇجرىنى كۆرسەتتى، — كۆڭلىڭىزگە ئالماسسىز. مەن يالغۇز يېتىپ كۆنۈپ قاپتىمەن.

مەريەم رەشىدنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، يەلكىسىدىن ئېغىر بىر تاشنى ئېلىۋەتكەندەك يەڭگىللەپ قالغانلىقىنى ئېيتماقچى بولدى ـ يۇ، يەنە توختاپ قالدى.

مەريەمنىڭ بۇ ھۇجرىسى جېلىلنىڭ تۇرالغۇسىدىكى ھۇجرىدىن كىچىك ئىدى. بۇ ھۇجرىدىمۇ كارىۋات، كۈل رەڭ

گىرىم ئۈستىلى ۋە كىيىم ئىشكاپى بار ئىدى. ئۆيىنىڭ دېرىزىسى هويلىغا قارايتتى، يىراقتىن كوچا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. رەشىد مەريەمنىڭ چامادانىنى بىر بۇلۇڭغا قويدى. مەريەم كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى.

— سىز دىققەت قىلمىدىڭىز، — دېدى ئۇ ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ، — دېرىزىنىڭ تەكچىسىگە قاراپ بېقىڭ. سىز ئۇلارنىڭ قانداق گۈل ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

مەريەم تەكچىدىكى سېۋەتنى كۆردى. ئاق رەڭلىك گۈلمەريەم گۈلى سېۋەتنىڭ يان تەرەپلىرىدىن يېيىلىپ تۇراتتى.

— سىز ئۇلارنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— ياخشى كۆرىمەن.

— ئۇنداق بولسا ماڭا رەھمەت ئېيتسىڭىز بولغۇدەك.

— رەھمەت، كۆپ رەھمەت.

— سىز تىترەۋاتىسىز. بەلكىم، مەن سىزنى قورقۇتۇۋەتكەن ئوخشايمەن. سىزنى راست قورقۇتۇۋەتتىممۇ؟ سىز مەندىن قورقامسىز؟

مەريەم رەشىدكە قارىمىغان بولسىمۇ، ئاۋازىدىن ئۇنىڭ مەريەم بىلەن ئويناشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. مەريەم دەرھال بېشىنى چايقىدى. لېكىن، ئۇ يالغان ئېيتقانىدى.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا ياخشى. ئەمدى بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز بولدى. سىز چوقۇم بۇ يەرنى ياقتۇرىسىز. بىزدە توك بار دېدىممۇ سىزگە؟ ئاساسەن ھەر كۈنى دېگۈدەك توك بار.

ئۇ شۇنداق دەپ ئارقىسىغا بۇرالدى ـ يۇ، ئىشىك تۈۋىدە توختاپ خېلى ئۇزۇنغىچە تاماكىسىنى شوراپ تۇردى. مەريەم ئۇنى بىرنەرسە دېمەكچى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. لېكىن، ئۇ ھېچنېمە دېمەي، مەريەمنى يالغۇز قالدۇرۇپ، ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى.

# ئونىنچى باب

مەريەم بىرنەچچە كۈنگىچە ھۇجرىسىدىن سىرتقا چىقمىدى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە مەسچىتتىن ئاڭلانغان ئەزان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ يەنە ئۆرۈلۈپ يېتىۋالاتتى. رەشىدنىڭ سۇخانىدا يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، مەريەمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا قارىۋەتكەندىن كېيىن، دۇكانغا ماڭغىنىنى ئاڭلاپ ياتاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، رەشىد چۇشلۇك تاماقنى ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىدىكى سومكىغا سېلىپ، ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ ھويلىدىن چىقىپ كەتكۈچە دېرىزىدىن قاراپ تۇراتتى.

مەريەم بىر كۈننىڭ كۆپ قىسمىنى كارىۋاتتا يېتىپ تۈگىمەس خىياللارنى سۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. بەزىدە ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشۈپ، ئاشخانىدىكى مايلىشىپ كەتكەن ئىشكاپلارغا، ئىس پۇرايدىغان گۈللۈك پەردىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقاتتى. تارتمىنى ئېچىپ، يەكپاي قوشۇق، پىچاق ۋە چويلىلارنى رەتلەيتتى. ئاشخانىدىكى ئاشۇ قالايمىقانچىلىقلار ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان، يىلتىزىدىن قومۇرۇپ يىراق بىر جايغا تاشلىۋېتىلگەن دەرەخكە ئوخشايدىغان تۇرمۇشىنى ئەسلىتەتتى.

مەريەم كۆلبىسىدە ياشىغان كۈنلەردە، قانداق ۋاقىتتا قورسىقى ئاچىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ يەردە بولسا ئۇنىڭ ئىشتىھاسى پۈتۈنلەي تۇتۇلۇپ، گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە ئۇ رەشىدتىن ئېشىپ قالغان شويلا ئۇسسۇلغان تەخسىگە بىر پارچە ناننى چىلاپ قويۇپ، دېرىزە تۈۋىدە ئەتراپتىكى بىر قەۋەت ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە قاراپ ئولتۇرۇپ

كېتەتتى. ئۇ دېرىزىدىن يەنە ئۆز ھويلىلىرىدا كىر يېيىپ، بالىلىرىنى باشقۇرۇپ يۈرگەن ئايالللارنى، توپىدا دانلاپ يۈرگەن توخۇلارنى، دەرەخكە باغلاپ قويۇلغان كالىلارنىمۇ كۆرەلەيتتى.

ئۇ ئايدىڭ كېچىلەردە نانا بىلەن كۆلبىسىنىڭ ئۆگزىسىدە ئۇخلىغان ياز كۈنلىرىنى سېغىنىش ئىچىدە ئەسلىدى. گۈلدامانىنىڭ تومۇز كۈنلىرى شۇ قەدەر ئىسسىق ئىدىكى، تەر تەپتىدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلەكلىرى بەدەنلىرىگە خۇددى دېرىزىگە چاپلىشىپ قالغان يوپۇرماقلاردەك چاپلىشىپ قالاتتى. ئۇ يەنە قىش كۈنلىرى كۆلبىدە فەيزۇللا موللام بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇغان چاغلارنى، چۈشتىن كېيىنلىرى كۈن نۇرىدا ئېرىگەن مۇزلارنىڭ تاراسلاپ يەرگە چۈشكەن ئاۋازلىرىنى، شۇنداقلا قار بىلەن يېپىنچاقلانغان دەرەخ شاخلىرىغا قونۇۋالغان قاغىلارنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازلىرىنى ئەسلىدى.

مەريەمنى يالغۇزلۇق باستى. ئۇ بىردەم ئاشخانىغا كىرسە، بىردەم مېھمانخانىغا چىقاتتى. يەنە ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ، ھۇجرىسىدا ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، گۈلدامانىنى، نانانى سېغىنىپ خىيالغا پاتاتتى.

قۇياش غەربكە پېتىشقا باشلىغاندا، مەريەمنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلايتتى. كەچتە رەشىدنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغا كىرىشى، بىللە بولۇشنى تەلەپ قىلىش ئېھتىماللىقىنى ئويلاپ، چىشلىرى كىرىشىپ كېتەتتى. رەشىد پەستە تاماقنى يېگۈچە مەريەم ھۇجرىسىغا چىقىپ يېتىۋالاتتى.

بۈگۈن رەشىد تاماقنى يەپ بولۇپ، مەريەمنىڭ ھۇجرىسىغا بېشىنى تىقتى.

— ئۇخلاپ قالمىغانسىز ـ ھە، سائەت ئەمدى يەتتە بولدىغۇ؟ سىز ئويغاقمۇ؟ گەپ قىلىڭا، گەپ قىلىڭ دەيمەن.

رەشىد مەريەمنىڭ «مەن ئويغاق» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بوسۇغىدا ئىشىككە يۆلەنگىنىچە ئولتۇردى. مەريەم كارىۋاتتا ئۇنىڭ يوغان بەستىنى، قولىدىكى تاماكىسىنىڭ چوغىنى كۆرۈپ

ياتاتتى.

ئۇ مەريەمگە ئۆزىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرىغا ئاياغ تىكىپ پۈتكۈزگەنلىكىنى، ئۇ كىشىنىڭ پەقەت ئۆزىدىنلا ئاياغ ئالدىغانلىقىنى، پولشانىڭ دىپلوماتى بىلەن ئۇنىڭ خانىمى ئۇنىڭغا يازلىق ئاياغ بۇيرۇتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ يەنە كىشىلەرنىڭ «ئاياغنى كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە قويسا، ئۆيگە ئۆلۈم ئېلىپ كېلىدۇ، ئاياغنى باشتا سول پۇتقا كىيسە، ئۆيدە جېدەل قوزغىلىدۇ» دەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ:

— ئەگەر جۈمە كۈنى ئۇقۇشماي سول پۇتقا ئاۋۋال كىيىپ قالسا، گۇناھ بولماسمىش، لېكىن ئىككى ئاياغنىڭ بوغقۇچىنى چىگىپ مىخقا ئېسىپ قويسا ناھايىتى ئېغىر گۇناھ بولارمىش، — دېدى.

رەشىد بۇ سۆزلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇ خۇراپاتلىققا پەقەت ئاياللارلا ئىشىنىدۇ، دەپ قارايتتى.

ئۇ يەنە كوچىدا ئاڭلىغان پاراڭلارنىمۇ مەريەمگە سۆزلەپ بەردى. مەريەم رەشىدتىن ئامېرىكا زۇڭتۇڭى رىچارد نىكسوننىڭ ئاۋارىچىلىككە ئۇچراپ خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگىنىنى ئاڭلىدى، لېكىن ئۇندىمىدى. چۈنكى، ئۇ نىكسوننىڭ كىملىكىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ رەشىدنىڭ قىلىۋاتقان پاراڭنى توختىتىپ، تاماكىسىنى ئۆچۈرۈپ، ھۇجرىسىغا چىقىپ كېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. ھەر كۈنى ئۇ رەشىدنىڭ زالدىن ئۆتۈپ، ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ - ياپقان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىلا، مەيدىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاشنى ئېلىپ تاشلىغاندەك يەڭگىللەپ قالاتتى. لېكىن، بۇ كېچە ئۇنداق بولمىدى. رەشىد تاماكىسىنى دەسسەپ ئۆچۈرگەندىن كېيىن، ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىشىنىڭ ئورنىغا، ئىشىككە يۆلىنىپ تۇردى.

— سىز بۇ نەرسىڭىزنى ئېچىپ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى رەتلەپ قويمايسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ قولى بىلەن بۇلۇڭدىكى چامادانىنى

كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئاندىن قوللىرىنى كۆكرىكىدە ئالمىدى، — مەن سىزنى كۆنۈۋالسۇن دەپ ئارتۇق گەپ قىلمىدىم. لېكىن، بۇ قاملاشمىغان ئىش بولدى. بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتسىمۇ يەنە... سىز ئەتىدىن باشلاپ مېنىڭ ئايالىمدەك ئىش قىلىڭ. چۈشەندىڭىزمۇ؟

مەريەمنىڭ چىشى كاسىلداشقا باشلىدى.

— گەپ قىلىڭا.

— بولىدۇ، — دېدى مەريەم.

— سىز بۇ ئۆينى قانداق يەر دەپ ئويلىغان؟ بۇ ئۆينى مېھمانخانا، مېنى مېھمانخانا كۈتكۈچىسى دەپ ئويلاپ قالغانمىدىڭىز؟ ئەگەر شۇنداق ئويلاپ قالغان بولسىڭىز... ئاھ خۇدا، يەنە يىغلايسىزغۇ، مەن سىزگە نېمە دېگەن مەريەم؟

ئەتىسى رەشىد ئىشقا كەتتى. مەريەم چامادانىنى ئېچىپ، كىيىملىرىنى ئىشكاپقا سالدى. قۇدۇقتىن بىر چېلەك سۇ ئەكىرىپ، ھۇجرىسىنىڭ ۋە مېھمانخانا ئۆينىڭ ئەينەكلىرىنى سۈرتتى. يەرلەرنى سۈپۈردى. تاملاردىكى ئۆمۈچۈك تورلىرىنى ئالدى. ئىشىك - دېرىزىلەرنى يوغان ئېچىپ، ھاۋا ئالماشتۇردى.

مەريەم ئۈچ پىيالە پۇرچاقنى كورىغا چىلاپ قايناتتى. يەنە بىر يەردىن پىچاق تېپىپ سەۋزە بىلەن بەرەڭگىنى توغراپ سۇغا چىلاپ قويدى. ئىشكاپنىڭ ئارقىسىدىكى توپا بېسىپ كەتكەن كورا ئىچىدىن ئۇننى ئېلىپ، خۇددى ناناغا ئوخشاش قولى بىلەن خېمىر يۇغۇردى. ئۇ خېمىرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇق ئۈن چاچقاندىن كېيىن، ھۆل داكىغا يۆگەپ، مەھەللىدىكى ئاممىۋى تونۇرغا ئاپىرىشقا تەييارلىق قىلدى.

رەشىد مەريەمگە ئاممىۋى تونۇر بار جايغا كوچىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە بېرىپ، سولغا بۇرۇلۇپ ئاززاق مېڭىپ، يەنە ئوڭغا قايرىلسا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. مەريەم ئاشۇ يۆنىلىشكە قاراپ كېتىۋاتقان بىر توپ ئايال ۋە بالىلارغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئانىلىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە يۈگۈرۈشۈپ

يۇرگەن ئۇ بالىلارنىڭ كىيىملىرىگە قاتمۇقات ياماق سېلىنغان بولۇپ، ئۇچىسىدىكى ئىشتانلىرى چوڭ ياكى كىچىك كېلىپ قالغانىدى. كونىراپ كەتكەن شوينىلار بىلەن باغلىۋېلىشقان ئاياغلىرى بولسا پۇتلىرىدىن چۈشۈپ قالايلا دەپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېخى ۋېلىسىپىتنىڭ كونا چاقىنى دۈگىلچەك قىلىپ ئىتتىرىپ ئويناپ كېتىۋاتاتتى.

ئاياللار ئىككى ـ ئۈچتىن مېڭىشقان، بەزىلىرى يۈزلىرىنى بۇرقا① بىلەن ئورىۋالغان بولسا، يەنە بەزىلىرىنىڭ يۈزلىرى ئوچۇق ئىدى. مەريەم يەرگە قاراپ كېتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەن ۋە كۈلۈشكەن ئاۋازلىرى ۋە تەنە ئارىلاش پاراڭلىرى قۇلىقىغا كىرىپ تۇرىۋاتاتتى. ئۇ پاراڭلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاغرىق بالىسى ياكى هازازۇل ۋە هۇرۇن ئەرلىرى توغرۇلۇق ئىدى.

— خۇددى تاماق ئۆزى پىشىپ قالىدىغاندەك... يائاللا، بىردەممۇ ئارامچىلىق يوق ئادەمگە... خۇدا ھەققى دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست. ئۇ تېخى...

كوچىنى بىر ئالغان بۇ ئاۋازلار تاكى تونۇرنىڭ ئالدىغا بارغۇچە داۋام ئەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قىمارۋاز ئەرلىرى توغرۇلۇق سۆزلىسە، بەزىلىرى ئانىلىرىغا تاپقان ـ تەرگىنىنى بېرىپ، خوتۇنلىرىغا بىر تىيىن بېرىشنىمۇ خالىمايدىغان پىخسىق ئەرلەر توغرۇلۇق سۆزلەيتتى. مەريەم شۇنچە كۆپ ئاياللارنىڭ قانداق بولۇپ يارامسىز ئەرلەرگە تېگىپ تەلەيسىز بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمىدى. بەلكىم، بۇ ئاشۇ خوتۇنلارنىڭ خۇددى كۈندە بىر ۋاق تاماق يېگىنىگە ئوخشاش كۈندە بىر قېتىم دېمىسە بولمايدىغان گېپى بولسا كېرەك. ئۇزاقتا بارماي مەريەممۇ مۇشۇلارنىڭ قاتارىغا بىلىپ ـ بىلمەي قوشۇلۇپ قىلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، ئەلۋەتتە.

---

① بۇرقا — مۇسۇلمان ئاياللىرى باشتىن ـ ئاياغ ئورىنىۋالىدىغان ئۇزۇن كىيىم.

مەريەم نان يېقىش ئۈچۈن تىزلىنىپ تۇرغانلارنىڭ ئارقىسىغا بېرىپ تۇردى. ئۇ ناتونۇش چىرايلارنىڭ ئۇنىڭغا تىكىلىپ، بىرنېمىلەر دەپ پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ ھارامدىن تۆرىلىپ، ئاتىسىغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە شەرمەندىچىلىك ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ئاپىسىغا ئاسىيلىق قىلىپ ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغانلىقىنى بۇلار نەدىن بىلسۇن؟ مەريەم بېشىدىكى رومالنىڭ ئۇچى بىلەن كالپۇكىنىڭ ئۈستىدىكى تەرنى سۈرتۈپ، ئۆزىنىڭ جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشتى. بىرنەچچە مىنۇتلۇق جىمجىتلىقتىن كېيىن، بىرسى مەريەمنىڭ دولىسىغا يېنىككىنە ئۇردى. مەريەمنىڭ ئارقىسىدا بېشىغا مەريەمگە ئوخشاش رومال سالغان، ئاق پىشما، دوغىلاقىنا كەلگەن بىر ئايال تۇراتتى. ئايالنىڭ بويى پاكار، قارا چاچلىرى بۇدۇر، يۈزى يۇپيۇمىلاق ئىدى. ئۇنىڭ كالپۇكلىرى مەريەمنىڭكىدىن قېلىنراق، ئاستىنقى كالپۇكى خۇددى ئاغزىنىڭ ئاستىدىكى قارا مەڭ تارتىپ تۇرغاندەك يان تەرەپكە ئازراق ساڭگىلىغانىدى. ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان يېشىل كۆزلىرى مەريەمگە قىزغىنلىق بىلەن تىكىلدى.

— سىز رەشىدخاننىڭ يېڭى ئالغان ئايالىمۇ؟ — دېدى ئۇ ئايال كۈلۈمسىرەپ، — ھېراتتىن كەلدىڭىزغۇ دەيمەن؟ سىز شۇنداق ياش ئىكەنسىز. ئىسمىڭىز مەريەمجان، شۇنداقمۇ؟ مېنىڭ ئىسمىم فارىبە. مەن سىزنىڭ ھويلىڭىزنىڭ سول تەرىپىدىن بەش ئۆي نېرىسىدىكى يېشىل دەرۋازىلىق ھويلىدا تۇرىمەن. بۇ مېنىڭ ئوغلۇم، ئىسمى نۇر.

كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بۇ ئوغۇلمۇ ئاپىسىغا ئوخشاش دوغىلاق كەلگەن، قارا بۇدۇر چاچلىرىمۇ ئاپىسىنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ سول قۇلىقىنىڭ ئۈستىدە بىر تۇتام قارا چاچ ئۆسۈپ قالغان، كۆزلىرىدىن شوخلۇق تېپىپ تۇراتتى.

ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ:

— سالام يەڭگە، — دېدى.

— نۇر بۇ يىل ئون ياشقا كىردى. بۇنىڭدىن چوڭ يەنە بىر ئوغلۇم بار، ئىسمى ئەھمەد.

— ئۇ ئون ئۈچ ياشقا كىردى، — دېدى نۇر.

— ئۆزى ئون ئۈچ ياش بولغان بىلەن قىلىقلىرى قىرىق ياشلىق ئادەمدەك دەڭا، — دېدى فارىبە قاقاھلاپ كۈلۈپ، — ئېرىمنىڭ ئىسمى ھاكىم. دېھمازاڭدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. ۋاقتىڭىز بولسا بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ ...

تۇيۇقسىز، ئارىدىكى بىرنەچچە ئايال فارىبەنى ئىتتىرىپ مەريەمنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئۇنى ئارىغا ئېلىپ، سوئال دېگەننى ئوقتەك ياغدۇرۇۋەتتى.

— سىز رەشىدخاننىڭ يېڭى ئالغان ئايالى دەڭ.

— قانداق، كابۇل ياخشىمىكەن؟

— مەنچۇ ھېراتقا بارغان. ئۇ يەردە مېنىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنىم بار.

— سىزنىڭ باشتا ئوغۇل تۇغقۇڭىز بارمۇ ياكى قىزمۇ؟

— مۇنارلىرى ھەيۋەتلىك، گۈزەل شەھەركەن ئەمەسمۇ؟

— مېنىڭچە ئوغۇل تۇغقىنىڭىز ياخشى، مەريەمجان. نېمە دېگەن بىلەن ئوغۇل بالا دېگەن ئائىلىسىنىڭ نامىنى ساقلايدۇ.

— لېكىن، ئوغۇل بالا دېگەن توي قىلىپلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ. قىزلار بولسا، سىز قېرىغاندا ئوبدان قارايدۇ.

— سىزنى كېلىدىكەن دەپ ئاڭلىغانتۇق.

— سىزچۇ، قوشكىزەك تۇغۇڭ. بىرىڭلارغا بىردىن. شۇنىڭ بىلەن مەسىلە ھەل بولىدۇ.

— ھا ـ ھا ـ ھا...

مەريەم ئارقىسىغا داجىدى. ئۇنىڭ نەپىسى سىقىلىپ، قۇلاقلىرى غوڭۇلداشقا باشلىدى. كۆزلىرى قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپتىكى ئاياللارغا قارايتتى. ئۇ يەنە ئارقىسىغا داجىدى. لېكىن، ئايالالار ئۇنى ئارىسىغا ئېلىۋالغاچقا، ئارقىسىغا يانىدىغانغىمۇ ئامالسىز ئىدى. ئۇ فارىبەگە قارىدى. فارىبە ئۇنىڭ

قورقۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاياللارغا قاراپ ۋارقىرىدى:
— ئۇنى ئارامىدا قويۇڭلار! چەتتە تۇرۇڭلار! قاراڭلار، ئۇنى قورقۇتۇۋەتكىنىڭلارنى.
مەريەم قولىدىكى خېمىرنى مەھكەم قۇچاقلىغىنىچە، ئۆزىنى قورشىۋالغانلارنى ئىتتىرىپ ئۆتۈپ ئالدىغا قاراپ ئېتىلدى.
— نەگە بارىسىز، سىڭلىم؟
ئۇ ئالدىدىكىلەرنى ئىتتىرىپ، كوچىغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. كوچىنىڭ دوقمۇشىغا يېتىپ كەلگەندە ئۆزىنىڭ باشقا كوچىغا كىرىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ يەنە يۈگۈردى. يەردىكى تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە يۈگۈردى.
— نېمە بولدىڭىز، سىڭلىم؟
— تىزىڭىز قاناپ كېتىپتۇغۇ؟
مەريەم ئۇ كوچىدىن بۇ كوچىغا يۈگۈرۈپ، كەلگەن يولىنى ئىزدىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياش، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقاتتى. ئۇ ئاخىر ئۆزى كەلگەن كوچىنى تونۇۋالدى. لېكىن، رەشىدىنىڭ ئۆيىنى پەرق قىلالمىدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، كوچىدىكى دەرۋازىلارغا دوقۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە قولۇپ سېلىنغانلىق، يەنە بەزىلىرى قىيا ئوچۇق، ناتونۇش ھويلىلاردا ئىتلار قاۋاۋاتاتتى. ئەگەر رەشىد ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن مەريەمنىڭ ئۆيىنى تاپالماي ئېزىقىپ يۈرگىنىنى بىلسە، نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ تىزىدىكى قاننى كۆرسىچۇ، تېخى؟ مەريەم ئاشۇلارنى ئويلاپ، ئۈنلۈك ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ بىرقانچە قورۇنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئاخىر ئۆزىگە تونۇش بولغان ھويلىنى، قۇدۇقنى، ئەسۋاب سالىدىغان ئىشكاپنى ۋە كىچىك كەپە ئۆينى كۆردى. ئۇ ئىشىكنى كۈچەپ يېپىپ، ئىچىدىن ئىلىۋالدى ـ دە، ھەر تەرەپكە دەلدەڭشىپ، يەرگە ياندۇرۇشقا باشلىدى. ھالسىزلىنىپ كەتكەن مەريەم ئۆمىلەپ بېرىپ تامغا يۆلىنىپ، پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ ئولتۇردى. ئۇ ھاياتىدا ھېچقاچان

بۇنداق يالغۇزلۇق ھېس قىلمىغانىدى.

كەچتە رەشىد قولىدا جىگەر رەڭ خالتا كۆتۈرۈپ كىردى. مەريەم ئۇنىڭ پاكىز تازىلانغان ئۆيگە دىققەت قىلمىغانلىقىدىن ئۇمىدسىزلەندى. ئەمما، ئۇ يەرگە سېلىنغان داستىخاندىكى تاماق تەخسىسىگە خۇشاللىق بىلەن قاراپ تۇرۇپ:

— مەن بۇگۈن پۇرچاق قايناتتىم، — دېدى.

— ياخشى بوپتۇ. قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى.

مەريەم رەشىدنىڭ قولىغا ئاپتۇۋىدا سۇ بەرگەندىن كېيىن، بىر قاچا پۇرچاق شورپىسى بىلەن ھوردا پىشۇرۇلغان بىر تەخسە گۈرۈچنى داستىخانغا قويدى. بۇ ئۇنىڭ رەشىدكە تۇنجى قېتىم ئېتىپ بەرگەن تاماقى ئىدى. ئۇ پۈتۈن دىققىتىنى تاماق ئېتىشكە مەركەزلەشتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، بايا يۈز بەرگەن ئىشلار كۆز ئالدىدىن زادى كەتمەي تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يەنە پۇرچاقنىڭ قويۇق ـ سۇيۇقلۇقى، رەڭگى، زەنجىۋىلنىڭ مىقدارى مۇۋاپىق بولماي قېلىپ رەشىدكە يارىماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كۆڭلى پاراكەندە بولۇۋاتاتتى.

رەشىد قولىدىكى قوشۇقنى ساپسېرىق پىشقان پۇرچاقتا سىلىشىغا، مەريەم ئورنىدىن ئىختىيارسىز مىدىرلىدى. ئەگەر رەشىد تاماقنىڭ تەمىنى ياقتۇرماي، تەخسىسىنى ئىتتىرىۋەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟

— دىققەت قىلىڭ، — دېدى ئۇ جىددىيلەشكەن ھالدا، — تاماق بەك قىزىق.

رەشىد قوشۇقنى ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىپ، پۈۋلەپ، ئاغزىغا سالدى.

— ئوخشاپتۇ، — دېدى رەشىد، — سەل تۇزى كەملىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بەك ئوخشاپتۇ.

مەريەم بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي تاماق يەۋاتقان رەشىدكە قاراپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى ئەتكەن تاماقنىڭ رەشىدكە

يارىغانلىقىغا ھەم ھەيران بولدى، ھەم خۇشال بولدى. ئۇنىڭ «ئوخشاپتۇ» دېگەن سۆزى بۇگۇن ئاڭلىغان كۆڭۈلسىز پاراڭلارنى ئۇنتۇلدۇرغانىدى.

— ئەتە جۇمە ئىكەن، — دېدى رەشىد، — سىزنى ئاپلاندۇرۇپ كېلەيمۇ؟

— كابۇلغا ئايرامسىز؟

— ياق، كالكۇتتاغا.

مەريەم كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم. ئەلۋەتتە كابۇلغا ئايرىمەن - دە. باشقا نەگە ئاپىراتتىم؟ — ئۇ جىگەر رەڭ خالتىنى قولىغا ئالدى، — لېكىن، باشتا سىزگە بىرنەرسىنى دەپ قوياي.

رەشىد خالتىدىن كۆك رەڭلىك بىر پارچە رەختنى قولىغا ئېلىپ، تىزىغا يايدى. بۇ ئاياللارنىڭ بۇرقىسى ئىدى.

— مېنىڭ خېرىدارلىرىم ئاياللىرىنى دۇكانغا باشلاپ كېلىشىدۇ. ئۇ ئاياللار يۈزلىرىنى ياپمايدۇ. نومۇس قىلماي، كۆزۈمگە قاراپ گەپ قىلىدۇ، دەڭا. يۈزىگە قېنىق گىرىم قىلىپ، تىزىنىڭ ئۈستىدە كىيىملەرنى كىيىشىدۇ. بەزىدە ئۇلار مېنى ئۆلچىۋالسۇن دەپ، پۇتلىرىنى ماڭا سۇنىدۇ. ئەرلىرى بىر چەتتە قاراپ تۇرۇشىدۇ. يات بىر ئەر خوتۇنىنىڭ پۇتىنى تۇتسىمۇ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك قاراپ تۇرغان. ئۆزلىرىنى تېخى بەك ئوقۇمۇشلۇق، مەدەنىي ۋە ئەقىللىك ھېسابلىشىدۇ ئۇلار. ئۇنداق قىلسا ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى يوقاتقان بولمامدۇ؟ — ئۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا بېشىنى چايقىدى، — ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كابۇلدىكى بايلار ئولتۇرىدىغان رايوندا ئولتۇرىدۇ. بىراق، بۇ مەھەللىدىمۇ ئۇنداق يۇمشاق باشلار ئاز ئەمەس. كوچىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بىر ئوقۇتقۇچى بار. ئىسمى ھاكىم، خوتۇنىنىڭ ئىسمى فارىبە. ئۇ ئايال قاچانلا قارىسام، يۈزىنىمۇ ياپماي، ياغلىقنى بېشىغا ئارتىپلا كوچىدا ئۆزى يالغۇز لاغايلاپ يۈرىدۇ. مەن ئاشۇنداق خوتۇننى باشقۇرالمايدىغان لامزەللە ئەرلەرنى كۆرسەم،

پەقەت چىداپ تۇرالمايمەن، — ئۇ مەريەمگە تىكىلىپ قارىدى، — لېكىن مەن ئۇنداق ئەرلەرنىڭ نەسلىدىن ئەمەس، مەريەم. مېنىڭ نەسلىمدە بىرسىگە يامان كۆز بىلەن قارىغان، ئازراقلا خاتا يولدا ماڭغانلارنىڭ قېنى تۆكۈلىدۇ. مېنىڭ جەمەتىمدە ئايال كىشىنىڭ يۈزى پەقەت ئېرىگىلا مەنسۇپ. سىز بۇنى ئېسىڭىزدە مەھكەم ساقلاڭ. چۈشەندىڭىزمۇ؟

مەريەم بېشىنى لىڭشىتىپ، رەشىد تەڭلىگەن جىگەر رەڭ خالتىنى قولىغا ئالدى. رەشىدنىڭ بايىقى ماختاپ تۇرۇپ تاماق يېگەندىكى خۇشاللىقى قاياقلارغىدۇر غايىب بولغانىدى. ئۇ رەشىدنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك، رەشىدنىڭ تەلەپلىرى خۇددى گۈلدامىنىڭ ئارقىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك سافىد تېغى ئۇنىڭ مۇرىسىدىن بېسىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

رەشىد خالتىنى مەريەمگە تۇتقۇزدى.

— ئۇنداق بولسا گەپ ئېنىق بولدى. ئەمدى ماڭا يەنە بىر قاچا پۇرچاق ئېشى ئەكېلىپ بېرىڭ.

# ئون بىرىنچى باب

مەريەم ئەزەلدىن بۆرقا كىيىپ باقمىغانىدى. رەشىد مەريەمنىڭ بۆرقىنى كىيىشكە ياردەملەشتى. بۆرقىنىڭ چۈمپەردىسى مەريەمگە ئېغىر ھەم تار بىلىندى. چۈمپەردىدىن سىرتنى كۆرۈشمۇ مەريەم ئۈچۈن بىر يېڭىلىق ئىدى. ئۇ بۆرقىنى كىيىپ ئۆيدە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ باققانىدى، بۆرقىنىڭ پېشىگە دەسسەپ سېلىپ، مۈدۈرۈپ كەتتى. تورسىمان چۈمپەردىدىن سىرتنى كۆرۈش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئېغىز ـ بۇرنىغا ئۇدۇل كېلىدىغان تورى ئاغزىغا مەھكەم چاپلىشىۋېلىپ، نەپەسلىنىشىمۇ قىيىنغا توختىدى.

— ئاز كۈندە كۆنۈپ قالىسىز، — دېدى رەشىد، — ھەتتا ئۇنى ياخشى كۆرۈپمۇ قالىسىز.

ئۇلار ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، شەرناۋ باغچىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىر توپ بالىلار ئېلەڭگۈچتە ئۇچۇۋاتقان، يەنە بىر توپ بالىلار ئىككى تۈپ دەرەخكە تور باغلاپ ۋالىبول ئويناۋاتقانىدى.

مەريەم بىلەن رەشىد باغچىنى ئايلاندى ۋە بالىلارنىڭ لەگلەك ئۇچۇرۇشلىرىنى تاماشا قىلدى. مەريەم بۆرقىنىڭ پېشىگە بىردەم ـ بىردەم دەسسىۋېلىپ يىقىلىپ كېتىشكە تاسلا قالاتتى.

رەشىد مەريەمنى بىر مەسچىتنىڭ يېنىدىكى «ھاجى ياقۇپ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كاۋاپخانىغا چۈشلۈك تاماققا باشلاپ كىردى. كاۋاپخانىنىڭ پوللىرى چاپلىشاڭغۇ، تاملىرىغا خام گۆشنىڭ پۇرىقى سىڭىپ كەتكەن، «لوگارى»①دا ئورۇنلىنىۋاتقان

① لوگارى — ئافغانىستاننىڭ گىتارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل مىللىي چالغۇسى.

مۇزىكا ئاۋازى ياڭراۋاتاتتى. مەريەم ئۆمرىدە رىستورانغا كىرىپ باقمىغانىدى، بىر توپ يات ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، يۈزىدىكى تور پەردىنى قايرىپ تاماق يېگۈچە يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. لېكىن، يېنىدا رەشىدنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلى بىرئاز تىنچىدى. كاۋاپخانىدىكى ئاچچىق ئىسنىڭ پۇرىقى، يۇقىرى ئاۋازدا قويۇلغان مۇزىكىلار، ھەتتا ئەتراپتىكى ئادەملەرگىمۇ بىردەمدىلا كۆنۈپ قالدى. مەريەم بۇرقىنىمۇ ياقتۇرۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ بۇرقىنىڭ ئىچىدە ئەتراپىنى بىمالال كۆرەلەيدۇ. باشقىلار ئۇنىڭ كىملىكىنى، ئۇنىڭ ئىچىنىشلىق ئۆتمۈشىنى مەڭگۈ پەرەز قىلالمايدۇ.

رەشىد كوچىدىكى بىنالارنى مەريەمگە تونۇشتۇرۇپ ماڭدى.

— بۇ ئامېرىكا ئەلچىخانىسى. ئۇنىڭ يېنىدىكىسى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، — دېدى ئۇ ياندىكى بىنالارنى بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ. ئۇ يەنە مەريەمگە كوچىلاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ۋولگا»، ئامېرىكىنىڭ «شەۋرولېت»، گېرمانىيەنىڭ «ئوپېل» ماركىلىق ماشىنىلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ قويدى.

— سىز قايسىسىنى ياخشى كۆرىدىغىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

مەريەم بىرئاز ئىككىلەنگەندىن كېيىن «ۋولگا»نى كۆرسەتتى. رەشىد كۈلۈپ كەتتى.

مەريەم كابۇلدىكى ئادەملەرنىڭ ھېراتتىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. كابۇلنىڭ كوچىلىرىدا دەرەخلەر بىلەن مېۋىلەر ھېراتتىكىدەك كۆپ بولمىسىمۇ، ماشىنىلار بىلەن قاتناش چىراغلىرى كۆپ ئىدى. يوللىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاسفالت، ئەتراپتا ئېگىز بىنالارمۇ خېلى كۆپ ئىدى. مەريەم يەنە كابۇلدىكى كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان تەلەپپۇزدا سۆزلەيدىغانلىقىنى، ئايرىم ئاتالغۇلارنىڭمۇ ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىدى.

رەشىد مەريەمگە كوچىدىن ماروژنى ئېلىپ بەردى. بۇ

مەريەمنىڭ تۇنجى قېتىم ماروژنى يېيىشى ئىدى، ئۇ ماروژنىغا قاراپ ھەيران قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېچىلغان پىستە - بادام ئۇۋاقلىرىدىن تارتىپ، ئاستىدىكى گۈرۈچ ئۇنىدىن ياسالغان شاكىلىغىچە ھەۋەس بىلەن يېدى.

رەشىد مەريەمنى «مورغا - توخۇ كوچىسى» رايونىغا باشلاپ باردى. ئۇ تار، قىستا - قىستاڭ بازار ئىدى، رەشىدنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كابۇلنىڭ باي رايونلىرىنىڭ بىرى ئىكەن.

— مۇشۇ ئەتراپتا چەت ئەللىك دىپلوماتلار، باي سودىگەرلەر، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ياشايدۇ. بىزدەكلەر تۇرالمايمىز.

— مەن ھېچ يەردە توخۇ كۆرمىدىمغۇ؟ — سورىدى مەريەم.

— بۇ توخۇ كوچىسىدا سىز تاپالمايدىغان بىردىنبىر نەرسە دەل شۇ توخۇ، — دېدى رەشىد كۈلۈپ كېتىپ.

كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قوي تېرىسىدە تىكىلگەن دوپپا - تۇماق بىلەن رەڭلىك چاپانلارنى ساتىدىغان دۇكانلار بار ئىدى. رەشىد دۇكانلارنىڭ بىرىسىدە توختاپ، نەقىشلىنىپ سوقۇلغان كۈمۈش پىچاقنى قولىغا ئېلىپ كۆردى. ئۇلار يەنە بىر دۇكانغا كىرگەندە، رەشىدنىڭ تامغا ئېسىقلىق مىلتىققا كۆزى چۈشتى. دۇكان ئىگىسى ئۇ مىلتىقنى بىرىنچى قېتىملىق ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇشتىن① قالغان يادىكار، دەپ تونۇشتۇردى.

— قاراڭ، مەن ماش دايانغا② ئوخشامدىكەنمەن؟ — دەپ پىچىرلىدى رەشىد مىيىقىدا كۈلۈپ.

ئۇلار بازاردىكى گىلەم دۇكىنى، قول سانائەت بۇيۇملىرى دۇكانلىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. مەريەم كىيىم - كېچەك دۇكانلىرىنىڭ ئىچىدە كىيىملەرگە تۈگمە قاداپ، دەزمال سىلىقلاۋاتقان ياش قىزلارنى كۆردى. رەشىد يولدا كېتىۋېتىپ، بەزى

---

① 1838 — 1842 - يىللىرىدىكى ئەنگلىيە - ئافغانىستان ئۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

② ماش دايان (1915 — 1981) — ئىسرائىلىيەنىڭ داڭلىق ھەربىي ئىشلار رەھبىرى ۋە سىياسىي ئەربابى، ئىلگىرى ئىسرائىلىيە دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىرى بولغان.

دۇكان ئىگىلىرىگە سالام بېرەتتى. بەزىلىرى بىلەن پاشتۇنچە پاراڭلاشسا، بەزىلىرى بىلەن پارسچە پاراڭلىشاتتى. رەشىد تونۇشلىرى بىلەن مەڭزىلىرىگە سۆيۈشۈپ كۆرۈشكەندە، مەريەم بىرنەچچە قەدەم ئارقىدا ساقلاپ تۇراتتى. رەشىد ئۇنى يېنىغا چاقىرمايتتى ياكى ئۇنى كۆرۈشكەنلەرگە تونۇشتۇرمايتتى.

ئۇلار بىر كەشتە دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، رەشىد مەريەمنى سىرتتا ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

— مەن دۇكان ئىگىسىنى تونۇيتتۇم، — دېدى ئۇ، — دۇكانغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپلا چىقىمەن.

مەريەم ئادەم كۆپ كوچىدا رەشىدنى ساقلاپ تۇردى. ئۇ كوچىدا ساقلىغاچ، پىيادە كېتىۋاتقانلار، هارۋىدا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋاتقان باققاللار ۋە يولنى توسۇۋالغان باللار بىلەن ئېشەك ـ كالىلارغا يۇقىرى ئاۋازدا سىگنال بېرىپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارغا كۆز يۈگۈرتتى. يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خېرىدارلارغا ئانچە ـ مۇنچە رەخت ۋە تېرىدىن تىكىلگەن پەلتولارنى كۆرسىتىۋاتقان قىسمەن دۇكان ئىگىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلار بوتكىلارنىڭ ئىچىدە زېرىكىپ تاماكا چېكىپ، مىستىن ياسالغان تۇكۇرۇك قاچىسىغا تۈكۈرۈپ ئولتۇرۇشاتتى. مەريەمنىڭ دىققىتىنى بەكرەك تارتقىنى كوچىدا كېتىۋاتقان ئاياللار بولدى.

كابۇلنىڭ بۇ رايونىدا ياشايدىغان ئاياللار رەشىدنىڭ مەھەللىسىدىكى بۇرقا بىلەن ئورىنىپ يۈرىدىغان ئاياللاردىن تۈپتىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئاياللار رەشىد تەسۋىرلىگەن «مەدەنىي» ئاياللاردەك قىلاتتى. توغرا، ئۇلار چوقۇم ئاشۇ ئافغانىستانلىق مەدەنىي ئەرلەرنىڭ خوتۇنى، يات ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئېرىدىن قورقماي يۈزلىرىگە گىرىم قىلىپ، بېشىغا رومال ئارتماي خاتىرجەم كېتىۋاتقان مەدەنىي ئاياللار. ئۇ ئاياللارنىڭ بەزىلىرى ئۆزى يالغۇز، بەزىلىرى ئەرلەر بىلەن كېتىۋاتاتتى. يەنە بەزىلىرىنىڭ مەڭزى قىپقىزىل، پۇتلىرىدا خۇرۇم ئاياغ، بىلەكلىرىدە خۇرۇم باغلىق سائەت، باللىرىنى يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى. مەريەم ئاشۇ «مەدەنىي» ئاياللارغا زوقلىنىپ

قارىدى. بالىلارنىڭ بەزىلىرى رولى ئېگىز، ئالتۇن رەڭلىك قوڭغۇرىقى بار ۋېلىسىپىت مىنىۋالغانىدى، ئۇلار دېھمازاڭدىكى يۇزلىرىنى تاتۇق باسقان، كونا ۋېلىسىپىتنىڭ چاقىنى دۇگۇلچەك قىلىپ ئوينايدىغان بالىلارغا ئوخشىمايتتى.

ئۇ ئاياللار قولىلىرىدا سومكا، ئۇچىسىدا تار يوپكا، تېخى بەزى ئايالار ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشىۋاتاتتى. ئۇلار ئۇزۇن تىرناقلىرىنى شاپتۇل چېچەكى ياكى ئاپېلسىن رەڭگىدە، كالپۇكلىرىنى قىپقىزىل بويىۋالغان، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىپ ئالدىراش كېتىۋاتاتتى. مەريەمنىڭ بۇرنىغا قارا كۆز ئەينەك تاقاپ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاياللاردىن تارقالغان ئەتىر پۇراقلىرى ئۇرۇلدى. «ئۇلار چوقۇم ئۇنىۋېرسىتېتلارنى پۈتكۈزگەن، ئېگىز بىنالاردىكى ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ تاماكا چەككەچ خەت باسىدىغان ياكى تېلېفونلاردا مۇھىم ـ مۇھىم سۆھبەتلەرنى قىلىدىغان ئاياللار» دەپ ئويلىدى ئۇ. بۇ ئاياللار مەريەمگە سىرلىق بىلىندى. ئۇ ئۆزىنى ئاددىي، تۆۋەن ۋە كۆپ تەرەپتە نادان ھېس قىلدى.

رەشىد مەريەمنىڭ دولىسىغا يېنىك ئۇرۇپ، ئۇنىڭغا چۆرىسىگە سىرىق رەڭلىك كەشتە تىكىلگەن قارا رەڭلىك شارپىنى تەڭلىدى.

ــ ياخشى كۆردىڭىزمۇ؟

مەريەم بېشىنى كۆتۈردى. رەشىد كۆزىنى قىسىپ كۈلۈمسىرىدى. مەريەم خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى. رەشىدنىڭ قىزغىنلىق بىلەن زورلاشلىرى مەريەمگە جېلىلنى ئەسلەتتى. سوۋغاتنى ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن مەمنۇنلۇق دەل بىر چاغلاردا جېلىلغا بولغان مىننەتدارلىقىغا ئوخشايتتى. لېكىن، دەل نانا ئېيتقاندەك، جېلىلنىڭ سوۋغىلىرى ئۇنىڭ قارا كۆڭلىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ مەريەمنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش

ئۆچـۆن ئۇ زىبۇ ـ زىـننەتلـەرنى مەريەمـگە بەرگەن. لـېكـىن، بـۇ شارپا مەريەم ئۈچۈن ھەقىقىي سوۋغات ئىدى.
— بەك چىرايلىقكەن، — دېدى مەريەم.

شۇ كېچىسى رەشىد مەريەمنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇ بوسۇغا تۈۋىدە ئولتۇرۇپ تاماكا چەكمەي، كارىۋاتتىن ياتقان مەريەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئولتۇرغان تەرەپتىكى كارىۋاتنىڭ پۇرژىنىلىرى غىچىرلاپ كەتتى. ئۇ سەل ئىككىلەنگەندەك، مەريەمنىڭ بويۇنلىرىنى سىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يوغان بارماقلىرى مەريەمنىڭ بويۇن ئومۇرتقىسىنى مەھكەم ئۇۋۇلايتتى. ئۇنىڭ قوللىرى مەريەمنىڭ دۈمبىسىنى سىلاشقا باشلىغاندا، مەريەمنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. رەشىد مەريەمنىڭ كۆيتىسىنى قاماللىدى.
— ئۇنداق قىلماڭ... — دېدى مەريەم قورقۇمسىراپ تىۋۋەن ئاۋازدا. ئۇنىڭ كۆزلىرى رەشىدنىڭ ئايدىڭدىكى يوغان بەستىگە، كۆڭلىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان مەيدە تۈكلىرىگە تىكىلگەنىدى.
رەشىد مەريەمنىڭ ئوڭ كۆكسىنى كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن چىڭ مىجىدى. ئۇنىڭ نەپىسى تېزلىشىشكە باشلىدى. ئۇ مەريەمنىڭ يوتقىنىغا كىردى.
— بۇ نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس، مەريەم، — دېدى ئۇ بىر ئاز دۇدۇقلىغان ھالدا، — توي قىلغان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق قىلىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزمۇ ئاياللىرى بىلەن بىللە بولغان. بۇ ھەرگىز نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس.
بىر ئازدىن كېيىن رەشىد يوتقاننى قايرىۋېتىپ، مەريەمنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ كەتتى. مەريەم دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قارىدى. تولۇن ئاينىڭ جامالىنى تويى بولغان قىزنىڭ يۈزىگە يېپىلغان ياغلىق توسۇۋالغانغا ئوخشاش بىر قەۋەت بۇلۇت توسۇۋالغانىدى.

# ئون ئىككىنچى باب

1974 ـ يىلى كۈز، رامىزان ئېيى ئىدى. مەريەم ھاياتىدا تۇنجى قېتىم يېڭى ھىلال ئاينىڭ پۈتۈن شەھەرنىڭ تەرتىپى ۋە كەيپىياتىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. كابۇلنىڭ شاۋقۇنلۇق ھاياتى كېچە جىمجىتلىقىغا سىڭىپ كەتكەن، كوچىلاردا قاتناش شالاڭلاشقانىدى. دۇكانلار تاقالغان، كوچىلاردا تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. رىستورانلارنىڭ رەڭگارەڭ چىراغلىرى ئۆچۈرۈلگەن، ئىشىكلىرى قۇلۇپلانغانىدى. دېرىزە تەكچىلىرىدىمۇ ئىلگىرىكىدەك ھورى ئۆرلەپ تۇرغان چاي پىيالىلىرى كۆرۈنمەيتتى. كۈن غەربكە ئولتۇرۇپ، ئىپتار ۋاقتى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى، شىر دەرۋازا تاغلىرىدا زەمبىرەك ئاۋازى ئاڭلانغان ھامان مەريەم پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى بىلەن تەڭ نان بىلەن خورمىدا ئىپتار قىلاتتى. ئۇ ئون بەش يىللىق ھاياتىدا تۇنجى قېتىم جامائەتنىڭ قاتارىغا قېتىلغانلىقىدىن خۇشاللىق ھېس قىلدى.

لېكىن، كۆپ ۋاقىتلاردا رەشىد روزا تۇتمىدى. روزا تۇتقان كۈنلىرىدە، ئۆيگە خاپا چىراي كىرىپ كېلەتتى. قورساق ئاچلىقى ئۇنى سەپرا مىجەز، سەۋرسىز قىلىپ قوياتتى. بىر كۈنى كەچتە، مەريەمنىڭ تامىقى بىرنەچچە مىنۇت كېچىكىپ قالغانىدى، رەشىد قىزىل تۇرۇپ بىلەن نان يېيىشكە باشلىدى. مەريەم پولۇ بىلەن قوي گۆشى سالغان قورۇمىنى داستىخانغا ئەكەلگەندە، ئۇ تاماقنى قولىغا ئېلىپمۇ قويمىدى. ئۇ گەپ قىلماستىن، ئاغزىدىكى ناننى توختىماي چاينايتتى. ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى

ئاچچىقتىن كۆپۈپ كەتكەندى. مەريەم ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋىدى، ئۇ مەريەمگە قاراپ قويۇپ، يەنە بىر پارچە ناننى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى.

رامىزان ئېيى ئاياغلاشقاندا بولسا، مەريەم يەلكىسىدىن ئېغىر يۈك ئېلىۋېتىلگەندەك يەڭگىللەپ قالدى.

نانا ھايات ۋاقتىدا، جېلىل روزا ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى مەريەم بىلەن نانانى يوقلاپ كېلەتتى. ئۇ دائىم كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، قولىدا سوۋغاتلارنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. قايسىبىر يىلى ئۇ مەريەمگە بىر يۇڭ ياغلىق ئەكەلگەندى. ئۇ نانا، مەريەملەر بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىپ، ئاندىن قايتاتتى.

— ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ھېيت ئۆتكۈزگىلى ماڭدى، — دەيتتى نانا ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ خوشلىشىۋاتقان جېلىلغا قاراپ.

ھېيتتا فەيزۇللا موللامۇ ھېيتلاپ كېلەتتى. ئۇ مەريەمگە پارقىراق قەغەزگە ئورالغان شاكىلات بىلەن سۇدا پىشۇرۇلغان تۇخۇم ۋە پېچىنە ـ پىرەنىكلەرنى ئالغاچ كېلەتتى. موللام قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، مەريەم ئىشىك ئالدىدىكى مەجنۇنتالغا يامىشىپ چىقاتتى ـ دە، شاختا ئولتۇرۇپ، شاكىلاتلارنى يەپ، قەغىزىنى يەرگە تاشلايتتى... شاكىلاتنى يەپ بولۇپ، پىرەنىكلەرنى يېيىشكە باشلايتتى. تۇخۇملارنىڭ سىرتىغا قېرىنداش بىلەن رەسىملەرنى سىزاتتى. لېكىن، كىشىلەرنىڭ يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاشقىنىنى ئويلىسا، مەريەمنى قورقۇنچ باساتتى. ئۇ ھېراتتىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ھېيت كۈنلىرى بىر ـ بىرىنىڭ ھېيتىنى تەبرىكلىشىپ، تەنتەنە قىلىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولاتتى... ئۇنىڭ غېرىبلىقى پەقەت ھېيت ئاياغلاشقاندىن كېيىنلا بىرئاز يەڭگىللەيتتى.

بۇ يىل مەريەم بالىلىق چاغلىرىدا پەقەت خىيالىدىلا

تەسەۋۋۇر قىلىدىغان ھېيت كۈنلىرىنى تۈنجى قېتىم ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ رەشىد بىلەن بىللە ھېيت شادلىقىغا چۆمگەن ئاۋات كوچىغا چىقىپ ئايلاندى. كىشىلەر ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىغا قارىماي، توپ - توپ بولۇپ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ھېيتلىشىۋاتاتتى. مەريەم كوچىدا كاستۇم كىيىپ، گالستۇك تاقىغان ئوغلى نۇر بىلەن كېتىۋاتقان فارىبەنى كۆردى. ئۇ بىشىغا ئاق ياغلىق ئارتىۋالغان، ئۇنىڭ يېنىدا يەنە ۋىجىككىنە كەلگەن، چىرايىدىن تارتىنچاقلىق چىقىپ تۇرىدىغان، كۆزئەينەكلىك بىر ئادەممۇ بار ئىدى. شۇ قاتاردا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىمۇ بار بولۇپ، فارىبە ناۋايخانىنىڭ ئالدىدا مەريەمگە چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمىنىڭ «ئەھمەد» ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگەنىدى. ئەھمەدنىڭ چوڭقۇر كۆزلىرى، سوزۇنچاق يۈزلىرىدىن ئۇنىڭ ئىنىسىغا قارىغاندا ئېغىر - بېسىق ۋە ئەقلى توشقان بالا ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. بوينىدىكى پارقىراپ تۇرغان ئاندار كۇسار ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

فارىبە رەشىدنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان، ئۇستىگە بۇرقا ئارتىۋالغان مەريەمنى تونۇۋالغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى:

— ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

مەريەم بۇرقىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، بېشىنى لىڭشىتتى.

— سىز بۇ ئايالنى، ئاۋۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ خوتۇنىنى تونۇيدىكەنسىز - دە؟ — دەپ سورىدى رەشىد. مەريەم ئۇنى تونۇمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— سىز ئەڭ ياخشىسى ئۇ ئايالدىن يىراق تۇرۇڭ. ئۇ غەيۋەتخور ئايال. ئېرى ئۆزىنى ئوقۇمۇشلۇق قىلىپ كۆرسەتكەن بىلەن، بىر چاشقاننىڭ ئۆزى. قاراڭ، تۇرقىمۇ چاشقانغا ئوخشايدۇ ئۇنىڭ.

ئۇلار شەرناۋ باغچىسىغا كەلدى. پاكىز كۆڭلەكلىرىنىڭ ئۇستىگە چىرايلىق كەشتىلەنگەن جىلىتكىلەرنى كىيىۋالغان

باللار بىر ـ بىرىگە سوۋغاتلىرىنى كۆرسىتىشمەكتە ئىدى. ئاياللار بولسا پەتنۇستىكى تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى ئەتراپتىكىلەرگە سۇنۇشاتتى. دۇكانلارنىڭ دېرىزىلىرىگە رەڭلىك چىراغلار ئېسىلغان، ئەتراپتا ناخشا ـ مۇزىكا ياڭراپ تۇراتتى. يولدا كېتىۋاتقان ناتونۇش كىشىلەرمۇ مەريەمگە قاراپ: «ھېيتىڭىزغا مۇبارەك» دېيىشەتتى.

شۇ كۈنى كەچتە ئۇلار چامان مەيدانىغا باردى. مەريەم رەشىدنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، ئاسمانغا ئېتىلىۋاتقان رەڭگارەڭ ساليۇتلارغا قاراپ، فەيزۇللا موللامنى سېغىنىش ئىچىدە ئەسلىدى. ئۇ گۇلدامىدا فەيزۇللا موللام بىلەن بىللە كۆلبىنىڭ سىرتىدا ئولتۇرۇپ ھېراتنىڭ ئاسمىنىغا ئېتىلغان ساليۇتلارنى تاماشا قىلاتتى. تۇيۇقسىز ئېتىلغان ساليۇتنىڭ نۇرلىرى ئۇنىڭ ئۇستازىنىڭ ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىدە ئەكس ئېتەتتى. ئەمما، مەريەم نانانى تېخىمۇ بەكرەك سېغىندى. ئۇ نانانىڭ ھايات بولۇشىنى، ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىنى، گۈزەللىك ۋە بەختنىڭ ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسە ئەمەسلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشىنى چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد قىلدى.

مېھمانلار ئۆيگە ھېيتلاپ كېلىشكە باشلىدى. كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى رەشىدنىڭ ئاغىنىلىرى ئىدى. قورۇنىڭ ئىشىكى قېقىلىش بىلەنلا مەريەم رەشىدنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالاتتى. رەشىد ئاغىنىلىرى بىلەن چاي ئىچىپ، تاماكا چەككەچ پاراڭلىشاتتى. ئۇ مەريەمگە مېھمان كەتمىگۈچە تۆۋەنگە چۈشمەسلىكىنى ئېيتقانىدى. مەريەم ئەلۋەتتە ئۇنى كۆڭلىگە ئالمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ كۆڭلىدە تېخى خۇشال بولغانىدى. چۈنكى، مەريەم رەشىد ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى ئۇلۇغ بىلگەچكە شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەپ

ئويلايتتى. مەريەمنىڭ ئار ـ نومۇسى رەشىدنىڭ مانا شۇنداق قوغدىشىغا ئەرزىيتتى. ئۇ بۇ ئىش ئارقىلىق قەدىرلەنگەندەك، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ئورنى كۆتۈرۈلگەندەك ھېس قىلدى.

ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى رەشىد ئاغىنىلىرىنى يوقلاش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتتى. مەريەمنىڭ ئاشقازىنى كېچىچە بىئارام بولۇپ چىققانىدى. ئۇ رەشىدنى ئۇزىتىپ قويۇپ يېشىل چاي دەملەپ ئىچكەندىن كېيىن، ئۆي تازىلاشقا كىرىشتى. ئۇ مېھمانخانا ئۆيدىكى ئۆرۈلۈپ كەتكەن پىياللەرنى رەتلەپ، كۆرپىلەرنىڭ ئارىسىدا چېچىلىپ ياتقان كاۋا ئۇرۇقلىرىنى سۈپۈردى. تاماق قېتىپ كەتكەن تەخسىلەرنى يۇدى.

ئۇنىڭ ئەسلىدە رەشىدنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىش نىيىتى يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ پەلەمپەيلەرنى ۋە ئۇستۈنكى قەۋەتتىكى كارىدورنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، رەشىدنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ھۇجرىسىغا ئىختىيارسىز كىرىپ كارىۋاتتا ئولتۇردى. ئۇنىڭ بۇ ھۇجرىغا تۇنجى قېتىم كىرىشى ئىدى، ئۆزىنىڭ رەشىدنىڭ رۇخسىتىسىز كىرىپ سالغانلىقىغا سەل پۇشايمان قىلدى. ئۇ دېرىزىگە تارتىلغان يېشىل پەردىلەرگە ۋە تامنى بويلاپ قاتار تىزىلغان مايلاقلىق ئاياغلارغا كۆز يۈگۈرتتى. كىيىم ئىشكاپىنىڭ سىرلىرى چۈشۈپ، تېگىدىكى ياغاچ كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كارىۋاتنىڭ يېنىغا قويۇلغان تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدىكى بىر قاپ تاماكىغا كۆزى چۈشتى. ئۇ بىر تال تاماكىنى لەۋلىرى ئارىسىدا قىڭغىر چىشلەپ، تامدىكى سوزۇنچاق ئەينەككە قاراپ تاماكا چەككەن ھالەتنى دوراپ ئاغزىدا ھاۋانى پۈۋلىدى ـ دە، تاماكىنى جايىغا قويۇپ قويدى. ئۇ ھېلىقى كابۇللۇق ئاياللارنىڭ نېمە ئۈچۈن تاماكا چېكىشكە ئادەتلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى تاماكا چېكىپ تۇرغان ھالىتى ئۇنىڭغا ناھايىتى سەت ھەم غەلىتە كۆرۈنۈپ كەتتى.

ئۇ قورقۇمسىراپ تومپۇچكىنىڭ ئۈستۈنكى

تارتمىسىنى ئاچتى. دەسلەپتە ئۇنىڭ كۆزىگە قارا رەڭلىك، تۇتقۇچى ياغاچتىن ياسالغان بىر تاپانچا چېلىقتى. مەريەم تاپانچىنى قولغا ئېلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ قانداق ھالەتتە قويۇلغانلىقىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇ تاپانچىنىڭ بۇنداق ئېغىر بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭغا تاپانچىنىڭ تۇتقۇچلىرى سىلىق، ئۇچى سوغۇق بىلىنىدى. رەشىدنىڭ قاتىللىق قورالىنى باش تەرىپىگە قويۇپ ساقلايدىغانلىقى مەريەمنى ئەندىشىگە سالغان بولسىمۇ، ئۇ بۇ قورالنىڭ مۇشۇ ئائىلىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ساقلىنىدىغانلىقىغا ئىشەندى.

ئەمدى مەريەمنىڭ كۆزى بۇرجەكلىرى قاتلىشىپ كەتكەن بىرنەچچە ژۇرنالغا چۈشتى. ئۇ ئاشۇ ژۇرناللاردىن بىرنى قولغا ئېلىپ ئاچتى ـ دە، چۆچۈپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرۇپ قالدى.

ژۇرنالنىڭ ھەربىر بېتىدە يالىڭاچ ئاياللارنىڭ شەھۋانىي سۈرەتلىرى بار ئىدى. ناماز ئوقۇۋاتقاندا بۇ سۈرەتلەرنىڭ ئەسكە كېلىپ قېلىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن، دەپ تىلىدى مەريەم. ئاندىن دەرھال قولىدىكى ژۇرنالنى ئالغان يېرىگە قويۇپ قويدى. بۇ كىم ئاياللاردۇ؟ ئۇلار قانداقمۇ مۇنداق سۈرەتكە چۈشۈشكە پېتىنىغاندۇ؟ مەريەم خۇددى مەست بولۇپ قالغاندەك، كۆڭلى بىئارام بولۇپ بېشى قېيىشقا باشلىدى. رەشىد مەريەمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرمىگەندە مۇشۇلار بىلەن ھەپىلەشكەنمىدۇ؟ مەريەم ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقالماي، ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمىغانمىدۇ؟ ئۇنىڭ مەريەمگە ئار ـ نومۇس، ھايا توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزلىرى قەيەرگە كەتتى؟ ئۇ دۇكىنىغا كىرگەن ئايال خېرىدارلارنىڭ يالاڭباش يۈرۈشىنىمۇ ياقتۇرمايتتىغۇ؟ ئۇ ئاياللار يۈزى بىلەن پۈتىنى ئاياغ ئۆلچىمى ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا كۆرسەتكەنىدىغۇ؟ ئۇ تېخى «ئاياللارنىڭ يۈزى پەقەت ئەرلىرىگە

مەنسۇپ» دېگەنىدىغۇ؟ ئۇ سۇرەتتىكى ئاياللارنىڭ ئەرلىرىچۇ؟ ھېچبولمىغاندا ئۇلارنىڭ ئاكا ـ ئىنىلىرىغۇ باردۇ؟ ئۇنداق ئىكەن، باشقا ئەرلەرنىڭ خوتۇنى، ئاچا ـ سىڭىللىرىغا قاراشنى ھېچ گەپ ئەمەس، دەپ قارىغان رەشىد نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۇرقا بىلەن ھەممە يەرلىرىنى چۈمكەپ يۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ؟

مەريەم رەشىدنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ، نومۇس ۋە قايمۇقۇش ئىچىدە يۈزلىرىنى توسۇپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ئۇ ئاخىر ھېلىلا كۆرگەنلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى توغرا چۈشەندى. «نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ بىر ئەر كىشى، — دەپ ئويلىدى مەريەم، — ئۇ بەك ئۇزاق يىل ئۆزى يالغۇز ياشىدى ـ دە.» مەريەمنىڭ ئويىچە، ئۇنىڭ ئېھتىياجى مەريەمنىڭكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئۇلار توي قىلغان نەچچە ئايدىن بېرى، مەريەم ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشىغا تېخىچە كۆنۈپ بولالمىغانىدى. رەشىدنىڭ ھەۋىسى ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇنىڭ چېكىدىن ئاشقان قوپاللىقلىرى خۇددى ھېسسىياتسىز مەخلۇقنىڭ قىلىقىغا ئوخشايتتى. لېكىن، مەريەم ئۈچۈن ئۇ نېمىلا دېگەن بىلەن يەنىلا بىر ئەر كىشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۇزاق يىل ئايال زاتىنىڭ قولىنىمۇ تۇتۇپ باقمىغان. ئۇلۇغ ئىگەم ئۇنى شۇنداق ياراتقان تۇرسا، مەريەمنىڭ ئۇنىڭغا نېمە ئامالى بولسۇن؟

مەريەم تومپۇچكىنىڭ تۆۋەنكى تارتمىسىنى ئاچتى. تارتمىدىن بىر ئوغۇل بالىنىڭ رەڭسىز سۈرىتى چىقتى. مەريەم سۈرەتتىكى بالىنىڭ يۈنۈس ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. سۈرەتتىكى ئۇ بالا تۆت ـ بەش ياشلاردا بولۇپ، ئۈستىگە يوللۇق كۆڭلەك كىيىپ، كېپىنەك شەكىللىك گالىستۇك تاقىۋالغانىدى. ئوماققىنا كەلگەن بۇ بالا بۇرنى قاڭشارلىق، چاچلىرى قارا، ئورا كۆز ئىدى. ئۇنىڭ سۈرەتتىكى تۇرقىدىن سەل قورقۇنچ چىقىپ تۇراتتى.

مەريەم يەنە بىر سۈرەتنى قولىغا ئالدى. بۇ سۈرەتمۇ رەڭسىز بولۇپ، يۈنۈسنىڭ سۈرىتىدىن سەل سۇسراق كۆرۈنەتتى. ئۇ

ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان گۈزەل بىر ئايال بىلەن ئورۇقراق ھەم ياشراق كەلگەن رەشىدنىڭ سۈرىتى ئىدى. گەرچە ئۇ ئايال ژۇرنالدىكى ئاياللاردەك گۈزەل بولمىسىمۇ، مەريەمدىن نەچچە ھەسسە گۈزەلدەك كۆرۈندى. ئۇ ئايالنىڭ ئېگىكى ئىنچىكە، قۇندۇزدەك قارا چاچلىرى ئىككى تەرەپكە ئايرىلغانىدى. مەريەم ئايالنىڭ كەڭ پېشانىسى بىلەن چىرايلىق يۈز قۇرۇلمىسىنى ئۆزىنىڭ نېپىز لەۋلىرى بىلەن ئۇزۇنراق ئېگىكىگە سېلىشتۇردى. تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ھەسەت ئوتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى موجۇشقا باشلىدى.

ئۇ قولىدىكى سۈرەتكە قاراپ تۇرۇپ كەتتى. سۈرەتتە رەشىد ئايال تەرەپكە قولاشمىغان ھالدا سىڭار يان ئولتۇرغانىدى. ئۇ قولىنى ئايالنىڭ بىر مۈرىسىگە قويۇپ مىيىقىدا كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ ئايال خاپىغان ھالدا رەشىدنىڭ قولىنى مۈرىسىدىن ئېلىۋەتمەكچى بولغاندەك كۆرۈنەتتى.

مەريەم قولىغا ئالغان نەرسىلەرنى جايىغا قويۇپ قويدى.

ئۇ كىر يۇماقچى بولۇپ ئۆزىنىڭ رەشىدنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىز كىرگىنىنى ئويلاپ پۇشايمان قىلدى. مەريەم شۇنداق قىلىپ نېمىگە ئېرىشتى؟ رەشىدنىڭ تاپانچىسىنىڭ، ئەرلەرگە خاس غەلىتە ئادەتلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قېلىپ نېمە پايدا ئالدى؟ ئۇ يەنە رەشىدنىڭ خوتۇنى بىلەن چۈشكەن سۈرىتىگە شۇنچە ئۇزاق تىكىلىپ، سۈرەتتىكى ھالىتىدىن ئورۇنسىز مەنىلەرنى ئىزدىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى.

ئالدىغا بىر دۆۋە كىرنى يىغىپ يۇيۇۋاتقان مەريەم رەشىدنىڭمۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاشلا تەقدىرنىڭ تەتۈر شامىلىغا ئۇچرىغان بەختسىز ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى. ئۇ رەشىدنىڭ ئوغلى يۇنۇسنىڭ مۇشۇ ھويلىدا قار بوۋاي ياساپ، مەريەم دەسسىگەن پەلەمپەيلەرگە دەسسەپ ئوينىغان ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئەپسۇسكى، رەھىمسىز تەقدىر

ئۆنى رەشىدتىن مەڭگۈلۈك ئايرىپ تاشلىغانىدى. مەريەم رەشىدنىڭ كۆل بويىدا ئاھ ئۇرۇپ، ئۆز ئوغلىنىڭ كۆلدىن ساق چىقىشىنى تىلەۋاتقان ئېچىنىشلىق ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغاندا يۈرىكى چوڭقۇر ئازابلاندى. ئۇ تۈنجى قېتىم ئۆزىنى ئېرىگە يېقىن ھېس قىلدى. قەلبىدە ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ئەر - خوتۇن بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى.

# ئون ئۈچىنچى باب

دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ ئاپتوبۇس بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلگۈچە، ئەتراپ مەريەمنىڭ كۆزلىرىگە خۇددى ھەسەن ـ ھۈسەن بىلەن پۈركەنگەندەك كۆرۈندى. ھەتتا تاملىرى لاي بىلەن سۇۋالغان ئۆيلەر، ئۆگزىسى تۈنىكە بىلەن يېپىلغان دۇكانلار، ئەۋرەز يولىدا ئېقىۋاتقان لاي سۇلارمۇ... ئۇنىڭغا شۇنچە يېقىملىق كۆرۈنمەكتە ئىدى.

رەشىد پەلەي ئىچىدىكى بارماقلىرى بىلەن تىزىنى چېكىپ، دىمىقىدا ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ئاپتوبۇس ھەر قېتىم ئورەكلەردىن ئۆتۈپ سىلكىنگەندە، رەشىد مەريەمنىڭ قورسىقىنى ئېھتىيات بىلەن تۇتاتتى.

— ئىسمىنى زالىماي قويامدۇق؟ — دېدى رەشىد، — ئۇ پاشتۇنچە ئوبدان ئىسىم.

— ئەگەر قىز بولسىچۇ؟ — سورىدى مەريەم.

— مېنىڭچە ئۇ ئوغۇل. چوقۇم شۇنداق.

ئاپتوبۇستىكىلەرنىڭ نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ غودۇڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى سىرتنى كۆرسىتىۋاتاتتى. باشقىلار بولسا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سىرتقا قاراشقا باشلىدى.

— قاراڭ، — دېدى رەشىد تەبەسسۇم بىلەن دېرىزىنى چېكىپ، — سىرتنى كۆردىڭىزمۇ؟

سىرتتا كوچىلاردا كېتىۋاتقان كىشىلەر توختاپ ئاسمانغا قاراشماقتا، قىزىل قاتناش چىرىغىدا توختىغان ماشىنىلارنىڭ دېرىزىسىدىن كىشىلەر باشلىرىنى چىقىرىپ، ئاسماندىن

لەپىلدەپ چۆشۈۋاتقان تۇنجى قار ئۇچقۇنلىرىنى تاماشا قىلماقتا ئىدى. مەريەمنىڭ قەلبى ھاياجانغا تولدى. مانا بۇ يىڭى پەسىلنىڭ باشلىنىشى، بەلكىم يىڭى بىر ھاياتنىڭ باشلىنىشىنىڭ بىشارىتى بولسا كېرەك.

— ئەگەر ئۇ قىز بولۇپ قالسا، — دېدى رەشىد، — لېكىن، ئۇنداق بولمايدۇ. راستىلا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئىسمىنى نېمە قويىسىڭىز ئىختىيارىڭىز.

ئەتىسى مەريەم ھويلىدا ئۇرۇلۇۋاتقان بولقىنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ، ئۇستىگە يۇڭ شارپىسىنى ئارتىپ، ھويلىغا چىقتى. كېچىچە ياغقان قار ئەمدى توختىغان، ئاندا ـ ساندا چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلاتتى. ئەتراپنى كۆمۈر ئىسى بىر ئالغاندى، جىمجىتلىقتا چۆمگەن كابۇل ئاپپاق قارغا كۆمۈلگەن، ئۆيلەرنىڭ مورىسىدىن چىققان قارا تۈتۈنلەر كۆل رەڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى.

رەشىد ئەسۋاب قويىدىغان كىچىك ئۆيدە تاختايلارنى مىخلاۋاتاتتى. ئۇ مەريەمنى كۆرۈپ ئاغزىدا چىشلەگىلىك مىخنى قولىغا ئالدى.

— مەن ئەسلىدە سىزنى ھەيران قالدۇراي دېگەن. ئوغلىمىزغا بۆشۈك كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئەسلىدە بۇنى پۈتكەندىن كېيىن كۆرسىڭىز بولاتتى.

مەريەم ئۇنىڭ بالىنى ئوغۇل دەپ ئالدىراپ خۇشال بولۇپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ گەرچە ھامىلىدار بولغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولسىمۇ، رەشىدنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئۈمىدۋارلىقى ئۇنىڭدا ئېغىر بېسىم پەيدا قىلغانىدى. ئالدىنقى كۈنى، رەشىد بازاردىن ئوغۇل بالىنىڭ قىشلىق چاپىنىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ مەريەمنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ چاپاننىڭ ئەستىرىگە قوينىڭ تېرىسى ئىشلىتىلگەن، يەڭلىرى قىزىل ۋە سېرىق رەڭلىك يىپەك يىپتا كەشتىلەنگەنىدى.

رەشىد تار، ئۇزۇن بىر تاختاينى قولىغا ئالدى. تاختاينى ھەرىدىگەچ، مەريەمگە بالىسىنىڭ پەلەمپەيلەردىن چۈشۈپ ـ چىققۇچە يىقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ــ ئۇ چوڭ بولۇپ، پەلەمپەيلەردىن چىققۇدەك بولغۇچە، بىر ئامال قىلمىساق بولمايدۇ.

ئۇ يەنە ئوچاقنىڭ بىخەتەر ئەمەسلىكىدىنمۇ ئەنسىرەيدىغانلىقىنى، پىچاق بىلەن ۋىلكىلار چوقۇم بالىنىڭ قولى يەتمەيدىغان يەرگە قويۇلۇشى كېرەكلىكىنىمۇ ئېيتتى.

ــ ئوغۇل بالا دېگەن كەپسىز كېلىدۇ. ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ.

مەريەم لام ـ جىم دېمەستىن بويىنىدىكى شارپىسىنى قايتىدىن ئوڭلاپ ئارتتى.

ئەتىسى، رەشىد ئاغىنىلىرىنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىپ، ئائىلە خۇشاللىقىنى تەبرىكلىمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. مەريەم پۈتۈن بىر كۈن جاڭدۇ ئالاپ، سۇغا گۈرۈچ چىلىدى. بورا ئېتىش ئۈچۈن پىدىگەنلەرنى ئاقلىدى. غول پىيازلىق كالا گۆشى قىيمىسىدا قورۇما تەييارلىدى. ئۆيلەرنى تازىلاپ، پەردىلەرنى قاقتى. ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇردى. ئۇ يەنە مېھمانخانا ئۆينىڭ تېمىنى بويلاپ بىرنەچچە كۆرپە سالدى. كەمپۈت ۋە قورۇغان بادامىلارنى قاچىلارغا سېلىپ داستىخانغا تىزدى.

مەريەم مېھمانلار كېلىشتىن بۇرۇن ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئاستىنقى قەۋەتتىن ئەرلەرنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا كۈلۈشكەن، ۋارقىراشقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەريەم ياستۇققا يۆلەندى. ئۇ يۇمران قوللىرىدا قورسىقىنى ئاستا سىلاشقا باشلىدى. ئۆزىنىڭ پات ئارىدا پەرزەنت يۈزى كۆرىدىغانلىقىنى ئويلاپ، خۇددى ئوچۇق دېرىزىدىن كىرگەن مەيىن شامال يۈزىنى سىيپاپ ئۆتكەندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى

چەكسىز ئىللىقلىق قاپلاپ، كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

مەريەم رەشىد بىلەن بىللە ماڭغان ئالتە يۈز ئەللىك كىلومېتىرلىق سەپىرىنى ئەسلىدى. ئۇ غەربتىكى ئىراننىڭ چېگراسىغا يېقىن جايلاشقان بىر يۇرتتىن تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ، ئۆزگە ناتونۇش بولغان چوڭ ـ كىچىك يۇرتلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، شەرققە جايلاشقان كابۇلغا كەلگەنىدى. مانا ئەمدى بۇ قاقاس تاغلار بىلەن قورشالغان ماكاندا، ئۆز ئۆيىدە ئۆز ئېرى بىلەن ياشىماقتا. يېقىن كەلگۈسىدە ئانا بولۇش بەختىگە ئېرىشىش ئالدىدا تۇرماقتا. ئۆز پەرزەنتى توغرۇلۇق ئويلاش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ئىش ـ ھە! ئۇنىڭ پەرزەنتكە بولغان مۇھەببىتى ھاياتىدىكى ھەرقانداق نەرسىگە بولغان مۇھەببىتىنى بېسىپ چۈشمەكتە ئىدى. ئەمدى گۈل بەرگىلىرىنى ئۈزۈپ پال ئېچىشلار مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكەنىدى.

ئاستىنقى قەۋەتتە گارموننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. كىملەردۇر تابلانىڭ تارىلىرىنى تەڭشەشكە باشلىدى. مېھمانلاردىن يەنە بىرى گېلىنى قىرىپ ناخشا ئېيتىشقا تەييارلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇزىكا ئاۋازى بىلەن تەڭ، ئىسقىرتقان، چاۋاك چالغان، ئۇلىشىپلا ناخشا ئېيتقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. مەريەم قورسىقىنىڭ شۇنچە يۇمشاقلىقىغا تۇنجى قېتىم دىققەت قىلدى. «بالىنىڭ چوڭلۇقى تېخى تىرناقچىلىكلا بار» دېگەنىدى دوختۇر. «مەن ئانا بولىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلايتتى ئۇ ھەم ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلايتتى. ئەمدى ئۇ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئاشۇ سۆزنى قايتا ـ قايتا تەكرارلىماقتا، شادلىققا تولغان ھالدا قاقاھلاپ كۈلمەكتە. كۆز يېشى قىلماقتا...

مەريەم تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان پەرزەنتى توغرۇلۇق ئويلىغاندا يۈرىكىدىكى ئۆمۈرلۈك ئازابلار پاكىز يۇيۇلۇپ كەتكەندەك بىلىنىپ ھۇزۇرلانغان ھالدا تولۇق نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. مەريەمگە شۇ نەرسە ئېنىق بولدىكى، ئاللا تائاللا ئۇنى

مەقسەتلىك هالدا بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنىكەن. فەيزۇللا موللام ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم»دىن تەلىم بەرگەندە: «ئىنسانىنىڭ تەقدىرى يەتتە ئالەمنى ياراتقان ئۇلۇغ ئالالانىڭ قولىدا» دېگەنىدى.

ئۇ جايناماردا ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇدى. نامازنى تۈگىتىپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خۇدادىن بۇ بەخت ـ سائادەتنىڭ ئۆزىگە مەڭگۈ يار بولۇشىنى چىن كۆڭلىدىن تىلىدى.

هاممامغا بېرىش رەشىدىنىڭ كۆرسەتمىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، دۇنيادا هوردىن چىقىپ، سوغۇق هاۋادىن نەپەس ئالغاندىن راھەت ئىش يوقمىش. مەريەم هاياتىدا هاممامغا بېرىپ باقمىغانىدى.

هامماملىڭ ئىچى هورغا تولغان بولۇپ، مەريەم پەقەت ئەتراپتا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن ۋە يۇيۇنۇۋاتقانلارنىڭ بەدىنىنى چالا ـ پۇچۇق كۆرۈپ قالاتتى. ياش قىزلارنىڭ چۇرقىراشلىرى، قېرى ئاياللارنىڭ هاسىرىغان ئاۋازى، سۇنىڭ شارقىراشلىرى، كىملەرنىڭدۇر بەدىنىنى ئۇۋۇلاپ يۇيۇۋاتقان ئاۋازى مەريەمنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى. ئۇ پۇتىنى كاۋاك تاش بىلەن سۈرۈپ يۇيۇشقا باشلىدى.

مەريەم توساتتىن يەردىكى قاننى كۆرۈپ چىرقىراپ كەتتى. كىملەرنىڭدۇر يۈگۈرگەن، دېمىنى ئىچىگە تارتقان ياكى ئاغزىنى چىكىلداتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

كەچتە فارىبە ئېرىگە ئۆزىنىڭ رەشىدنىڭ خوتۇنىنى هاممامدا قانىنىڭ ئارىسىدا ئىككى تىزىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ ئولتۇرغان هالدا كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇ بىچارە قىزنىڭ ئاغزىنى چىكىلدىتىشلىرىنى ئاڭلىغان بولسىڭىز، يۈرىكىڭىز ئېچىشىپ كېتەتتى، هاكىم. ئۇ شۇنداق قاتتىق تىترەپ كەتتى دەڭا.

فارىبە ئېرىگە مەريەمنىڭ ئۆزىدىن: «بۇنداق بولۇش نورمال، شۇنداقمۇ؟ شۇنداقمۇ؟» دەپ قايتا ـ قايتا سوراپ كەتكىنىنى

ئېيتىپ بەردى.

مەريەم ئاپتوبۇستا رەشىدنىڭ يېنىدا ئۈن - تىنسىز ئولتۇردى. سىرتتا يەنە قار يېغىۋاتاتتى، كوچىلار، دەرەخ شاخلىرى ۋە ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى ئاپپاق قارغا كۆمۈلۈشكە باشلىدى. باققاللار سايىۋەنلەرنىڭ ئۈستىدىكى قارلارنى ئالدىراش قېقىپ چۈشۈرۈۋاتاتتى. قارا ئىتنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاۋاتقان بىر توپ باللار ئاپتوبۇسقا قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭشىتتى. مەريەم رەشىدكە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان، بۇ قېتىم ئۆتكەن قېتىمقىدەك ناخشا ئېيتمايۋاتاتتى. مەريەم ئورۇندۇققا يۆلىنىپ، كۆزىنى يۇمدى. ئۇنىڭ پۇتىدىكى سوغۇق پايپاق بىلەن قاردا ھۆل بولۇپ كەتكەن پوپايكىسى ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئاپتوبۇسنىڭ توختىشىنى، ئۆيگە تېزرەك بېرىۋېلىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، رەشىد سافادا ياتقان مەريەمنىڭ ئۈستىگە يوتقان يېپىپ قويدى. لېكىن، ئۇنىڭ قولاشمىغان ھەرىكەتلىرىدىن ئاچچىقلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ئۇ قانداق گەپ؟ — دېدى رەشىد تەكرار ھالدا، — ئۇنداق سۆزنى موللام دېسە يارىشىدۇ... سەن دوختۇرغا «ئاللانىڭ تەقدىرى» دېگەندىن ياخشىراق جاۋاب ئالارمەنمىكىن دەپ پۇل تۆلەيسەن...

مەريەم يوتقانغا بەكرەك پۈركىنىۋېلىپ، رەشىدنىمۇ بالدۇرراق ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلدى.

— ئاللانىڭ تەقدىرىمىش، — دەپ غودۇڭشىدى رەشىد.

رەشىد ھۇجرىسىدا ئولتۇرۇپ كەينى - كەينىدىن تاماكا چەكتى.

مەريەم سافادا يوتقانغا پۈركىنىپ يېتىپ، دېرىزىنىڭ ئەينەكلىرىگە لەپىلدەپ قونۇۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرىغا نەزەر سالدى. نانانىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ھەربىر قار ئۇچقۇنى دۇنيادا

ئازاب چېكىۋاتقان ئاياللارنىڭ نەپسىدىن پەيدا بولۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن ھوردىن پەيدا بولارىمىش.

— ئۇلار يىغلىپ بولۇتقا ئايلىنىدۇ، — دېگەنىدى نانا، — ئۇنىڭدىن كېيىن بىز ئاياللارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتكە نەقەدەر چىداملىق ئىكەنلىكىمىزنى، جاپا - مۇشەققەتكە ئۈن - تىنسىز بەرداشلىق بېرىدىغانلىقىمىزنى ئىنسانلارنىڭ سەمىگە سېلىش ئۈچۈن قارغا ئايلىنىپ ئىنسانلارنىڭ ئۈستىگە قونىدۇ.

# ئون تۆتىنچى باب

مەريەمنىڭ يۈرىكىنى ئېغىر قايغۇ باستى. تېخى پۈتمىگەن بۆشۈك بىلەن رەشىدنىڭ كىيىم سالىدىغان ئىشكاپىدىكى قىشلىق چاپان ئېسىگە كەلسىلا، تېپچەكلەپ، بارماقلىرىنى شوراپ گۈگۈرلاپ ياتقان، ئۆزىنىڭ كۆكسىنى قانماي ئېمىۋاتقان بىر بوۋاق كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى. مەريەم بالىسى چۈشۈپ كېتىش بىلەن ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى، ئۈمىد - ئارزۇلىرىنىمۇ يوقاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ شۇنچە تېز ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەنلىكىگە ھەيران قالدى.

بەزى كۈنلىرى مەريەم ئۆزىگە بىر ئاز تەسەللى بېرىپ، بۇرۇنقى تۇرمۇش رىتىمى بويىچە ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ رەشىدكە ناشتىلىق تەييارلايتتى. شۇنداق قىلسا ئۇ قايغۇلارنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇپ، يۈرىكى بىر ئاز تىنچىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى.

مەريەم سىرتقا چىقىشتىن قورقاتتى. ئۇ ھەر قېتىم مەھەللىدىكى ئاياللارنى باللىرى بىلەن بىللە كۆرگەن چېغىدا، يۈرىكىدە تۈيۈقسىز ھەسەت ئوتى پەيدا بولاتتى. ئۇ يەتتە - سەككىز بالىسى بار ئاياللارنىڭ ئۆز باللىرىنى قورسىقىدا كۆتۈرۈپ، باغرىغا يېقىپ، ئۆز سۈتىنى ئەمدۈرەلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ نەقەدەر بەختلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىغا ئېچىنسا، ھامامدىن ئېقىپ چىققان مەينەت سۇدا ئويناپ، باش - كۆزلىرى ماغزاپ يۈرگەن باللارغا قاراپ ئەپسۇسلىناتتى... ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كەپسىزلىكى، قىزلىرىنىڭ ھۆرۈنلۈقىدىن ۋايساشلىرىنى ئاڭلىغان مەريەمنىڭ پۈتۈن

ۋۇجۇدى ئاچچىققا تولاتتى.
«سەن يەنە بالىلىق بولىسەن، ئىنشائاللا. سەن تېخى ياش. ساڭا يەنە نۇرغۇن پۇرسەتلەر كېلىدۇ» دېگەن سادا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە توختىماي ياڭرايتتى. لېكىن، مەريەم بۇ ئىشنى تەقدىرنىڭ ئۆزىگە بەرگەن جازاسى دەپ بىلەتتى. ئۇنىڭ خىياللىرى ھەر تەرەپكە چاپاتتى. مەريەمنى قىسقا مۇددەت شۇنچە خۇشال قىلغان بالا بەلكىم بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىشنى خالىمىغاندۇر. بەلكىم ئۇلۇغ ئىگەم مەريەمنىڭ ناناغا قىلغان ــ ئەتكەنلىرى ئۈچۈن ئۇنى مۇشۇ يول بىلەن جازالىغاندۇر. ئۇنىڭ نانانىڭ ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىشىغا سەۋەب بولغانلىقى راستقۇ؟ مەريەمدەك خائىن پەرزەنتلەر ئانا بولۇشقا لايىق ئەمەس!
مەريەم بەزىدە قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرەتتى. چۈشىدە، نانانىڭ جىنى كەچتە ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، تىرناقلىرى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، ئۇنىڭ بالىسىنى ئېلىپ قاچاتتى. نانا بولسا خۇشاللىق بىلەن قاقاھلاپ كۈلەتتى.
بەزى كۈنلىرى مەريەمنىڭ يۈرىكى ئاچچىق بىلەن پۇچىلىناتتى. ئەجەبا، رەشىدنىڭ بالدۇر خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكى، مەريەمنى ئوغۇل تۇغىدۇ دەپ ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كەتكەنلىكى، بالا تۇغۇلماي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىسىم قويۇشى بۇ قايغۇنى ئېلىپ كەلگەنمىدۇ؟ ئاللانىڭ بەرگەنلىرىگە قانائەت قىلمىغانلىقىنىڭ جازاسىمىدۇ؟ ياكى رەشىد ئۇنى زورلاپ ئېلىپ بارغان ھاممامدىكى قويۇق ھور ياكى ئۇ يەرنىڭ مەينەت سۇلىرى، سوپۇنى... ئىشقىلىپ، بىرنەرسىسى بۇ كېلىشمەسلىككە سەۋەب بولغانمىدۇ؟
ياق، بۇنىڭغا رەشىد سەۋەبچى ئەمەس، ئۇ ئۆزى سەۋەبچى. ئۆزىنىڭ ئۇخلىغاندا چاتاق يېتىپ قالغانلىقى، ئاچچىق تاماقلارنى يەپ سېلىشى، مېۋە ــ چېۋىلەرنى يېمەسلىكى، چاينى زىيادە ئىچىپ كەتكەنلىكى... سەۋەب بولغان.
ياق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ بۇيرۇقى. ئاللا ئۇنى

نىمىشقىمۇ بۇنداق ياراتقاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن باشقا ئاياللارغا ئاتا قىلغان خۇشاللىقنى، بەختنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلمايدىغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا غىل - پال كۆرسىتىپ قويۇپلا، يەنە مەسخىرە قىلغاندەك تارتىۋالىدىغاندۇ؟

بۇ ئاغرىنىشلار، ئەيىبلەشلەر مەريەمنىڭ خىيالىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، يۈرىكىنى تېخىمۇ موجۇشقا باشلىدى. بۇنداق خىياللارنى قىلىش ئاللاغا شەك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ. فەيزۇللا موللامىنىڭ سۆزلىرى مەريەمنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاشقا باشلىدى: «پۈتۈن كائىناتنى ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ ئىگەم ياراتقاندۇر. كىمنىڭ ئۆلۈپ، كىمنىڭ ياشىشى پەقەت بىزنى ياراتقان ئاللانىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشتۇر.»

ھامىمادا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن كېيىن رەشىدىنىڭ سۆزلىرى ئازلاپ كەتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، كەچلىك تاماقتىن كېيىن تاماكا چېكىپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا، يېرىم كېچىلەردە تۇساتتىن مەريەمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ناھايىتى تېز ھەم قوپال ھەرىكەتلەر بىلەن ھەۋىسىنى قاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھۇجرىسىغا چىقىپ كېتەتتى. ئۇ مەريەمنىڭ تاماقلىرىدىن ئەيىب ئىزدەيتتى. ھويلىدىكى كىچىككىنە قالايمىقانچىلىقتىن، ھەتتا ئۆيدىكى ئانچە - مۇنچە ئەخلەتكىمۇ ئاغرىناتتى. ئۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش جۈمە كۈنلىرى مەريەمنى بازارغا ئاپىراتتى. لېكىن، ئۇ ئارقىسىدا يۈگۈرۈپ يېتىشەلمەيۋاتقان مەريەم بىلەن كارى بولماي، ئۇنىڭغا سۆزمۇ قىلماي ماڭاتتى. مەريەم بىلەن سىرتقا چىقىشنىڭ قىزىقچىلىقى ئەمدى تۈگىگەن بولۇپ، رەشىد مەريەمگە بازاردىن تاتلىقلارنى، سوۋغىلارنى ئېلىپ بەرمەيدىغان، جايلارنىڭ ئىسىملىرىنىمۇ ئېيتىپ بەرمەيدىغان بولدى. مەريەمنىڭ سوئاللىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا ياقمايتتى.

ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئۇلار كەچلىك تاماقتىن

كېيىن رادىيودىن مۇزىكا ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. قىش پەسلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولغاچقا، ئادەمنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانجىلىدىغان سوغۇق شاماللارمۇ پەسلەپ قالغانىدى. قارا ياغاچنىڭ شاخلىرىدىكى قارلار ئېرىشكە باشلىغان، يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىخلايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. رەشىد ئافغانىستاننىڭ داڭلىق خەلق ناخشىچىسى خاماخاڭنىڭ تابلاغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان ناخشىسىنىڭ ئۇدارىغا چۈشۈرۈپ پۇتىنى تېپىپ، كۆزىنى يۇمۇپ تاماكا چەككەچ دىمىقىدا غىڭشىپ ئولتۇراتتى.

— سىزنىڭ ماڭا ئاچچىقىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى مەريەم.

رەشىد جاۋاب بەرمىدى. ناخشا ئاياغلاشقاندىن كېيىن خەۋەر باشلاندى. خەۋەردە، بىر ئايال دىكتور ئافغانىستان زوڭتۇڭى داۋۇدخاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر گۇرۇپپا مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە نارازىلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇۋەتكەنلىكىنى بايان قىلىۋاتاتتى.

— سىزنى ماڭا ئاچچىقى بارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

رەشىد ئۇھ تارتتى.

— سىز راستىنلا مەندىن ئاغرىندىڭىزمۇ؟

رەشىدنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلدى:

— مەن نېمە ئۈچۈن خاپا بولغۇدەكمەن.

— بىلمىدىم. لېكىن، ئاشۇ بالىدىن كېيىن...

— مەن سىزگە شۇنچە قىلسام، مېنى يەنە ئاشۇنداق ئادەم دەپ ئويلاۋاتامسىز؟

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا تولا چىشىمغا تەگمەڭ.

— كەچۈرۈڭ رەشىد، كەچۈرۈڭ.

رەشىد قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى دەسسەپ ئۆچۈرۈپ، يەنە

بىرنى ئېلىپ ئوت تۇتاشتۇردى ـ دە، رادىيونىڭ ئاۋازىنى يۇقىرىلاتتى.

— لېكىن، بىر ئىش خىيالىمدىن كەتمەيۋاتىدۇ، — دېدى مەريەم مۇزىكا ئاۋازىنى بېسىش ئۈچۈن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

رەشىد يەنە بىر قېتىم ئۇلۇغ تىندى. ئۇ بۇ قېتىم بەكرەك خاپىغان هالدا پېشانىسىنى سىلاپ:

— ئەمدى يەنە نېمە گەپ؟ — دېدى.

— مېنىڭچە، بالىنى قائىدە بويىچە يەرلىككە قويساق دەپ ئويلايمەن. ئىككىمىز ئازراق خەتمىقۇرئان قىلساقلا بولدى.

مەريەم بۇلارنى خېلىدىن ئويلاپ كەلگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەن بۇ بالىنىڭ هېچبىر بەلگىسىز ئۇنتۇلۇپ كېتىشىنى خالىمايتتى.

— نېمە ئۈچۈن؟ ئۇ بىر ساراڭلىق بولمامدۇ؟

— شۇنداق قىلساق كۆڭلۈم بىرئاز ئارام تاپامدىكىن دەپ ئويلايمەن.

— ئۇنداق بولسا ئۆزىڭىز شۇنداق قىلىڭ، — دېدى ئۇ تېرىككەن هالدا، — مەن بىر ئوغۇلنى كۆمۈپ بولغان، يەنە بىرسىنى كۆمگۈم يوق. ئەمدى خاپا بولمىسىڭىز، مەن رادىيو ئاڭلاي.

ئۇ رادىيونىڭ ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرىلاتتى ـ دە، ياستۇققا يۆلىنىپ كۆزىنى يۇمدى.

شۇ هەپتىدىكى ئاپتاپ چىققان بىر كۈنى، مەريەم هويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بىر ئورەك كولىدى.

— بىسمىللاهىر رەهمانىر رەهىم، — دەپ پىچىرلىدى مەريەم قولىدىكى گۈرجەك بىلەن ئورەك كولىغاچ. ئۇ رەشىد بوۋاق ئۈچۈن ئالغان چاپاننى ئورەكنىڭ ئىچىگە قويۇپ، ئۈستىگە گۈرجەك بىلەن توپا تاشلىدى.

— كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن. جانلىقنى جانسىزدىن چىقىرىسەن، جانسىزنى

جانلىقتىن چىقىرىسەن. ئۆزۈڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن.

ئۇ گۈرجەكنىڭ دۇمبىسى بىلەن ئازگالنى تىندۇرغان توپىنى ئۇرۇپ چىقىدىدى. ئۇ ئۆزى ياسىغان كىچىككىنە قەبرىنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كۆزلىرىنى يۇمدى.

ئى پەرۋەردىگارىم! رىزىق ئاتا قىلغىن.

ماڭا رىزىق ئاتا قىلغىن.

# ئون بەشىنچى باب

1978 ـ يىلى 4 ـ ئاي

1978 ـ يىلى مەريەم ئون توققۇز ياشقا كىرگەنىدى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، مىرئەكبەر قايبەر ئەپەندى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن كابۇلدا چوڭ نامايىش بولدى. كوچىدىكى ھەممە ئادەم بۇ ۋەقە توغرۇلۇق قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. مەريەم دېرىزىدىن قوشنىلارنىڭ رادىيونى قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ خەۋەر ئاڭلىغاچ، ئۆزئارا قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا فارىبەمۇ بار ئىدى، ئۇ ھويلىسىنىڭ ئىشىكىگە يۆلىنىپ، دېھمازاڭغا يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن يەنە بىر ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. فارىبەنىڭ چىرايىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان، بىر قولى تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىنى سىلايتتى. يەنە بىر ئايال بىر كىچىك ئوغۇل بالىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى، مەريەم ئۇ ئايالنىڭ ئۆز ئوغلىنى «تارىق» دەپ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ ئايال چاچلىرىنى بىنەپشە رەڭدە بويىۋالغان بولۇپ، فارىبەدىن ياشقا سەل چوڭراق كۆرۈنەتتى. مەريەم ئۇ ئايالنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى.

مەريەم بىلەن رەشىد قوشنىلارنىڭ توپىغا قېتىلمىدى. ئۇلار ئون مىڭدەك ئادەمنىڭ كابۇلدىكى ھۆكۈمەت رايونىدا نامايىش قىلغانلىقىنى رادىيودىن ئاڭلىدى. رەشىدنىڭ ئېيتىشىچە، مىرئەكبەر قايبەر ئەپەندى كوممۇنىست ئىكەن. ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرى زۇڭتۇڭ داۋۇدخاننى ئۇ كىشىنى قەستلەپ

ئۆلتۈرگەن، دەپ نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش قىلغانىكەن. رەشىد ئاشۇلارنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا مەريەمنىڭ چىرايىغا بىرەر قېتىممۇ قاراپ قويمىدى. بۇ كۈنلەردە رەشىد مەريەمگە نەزەر سالماس بولۇپ قالغانىدى. مەريەم رەشىدنىڭ ئۆزىگە ئالدىنقى قېتىم قاچان پاراڭ قىلغانلىقىنىمۇ ئېسىگە ئالالمايتتى.

— كوممۇنىست دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

رەشىد دېمىنى ئىچىگە تارتىپ، قاپىقىنى سۈزدى.

— كوممۇنىستنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەمسىز؟ ئۇ شۇنداق ئاددىي بىر سۆزغۇ؟ ئۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. لېكىن، سىز بىلمەيسىز... ئىسىت. نېمىشقا ھەيران قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

ئۇ پۇتىنى ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە ئالدى ـ دە، خۇشياقمىغان ھالدا كوممۇنىست دېگەننىڭ كارل ماركسنىڭ ئىدىيەسىگە ئىشىنىدىغانلار ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— كارل ماركس دېگەن كىم؟

رەشىد ئەمدى ئۇھ تارتتى.

رادىيودا ئايال دىكتور ئافغانىستان كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئامىۋى تارمىقىنىڭ رەھبىرى تاراكىنىڭ كوچىدىكى نامايىشچىلارغا مەدەت بېرىپ سۆز قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىۋاتاتتى.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئۇلار نېمە تەلەپ قىلىدىغاندۇ؟ — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مەريەم، — كوممۇنىستلارنى دەيمەن، ئۇلار نېمىگە ئېھتىياجلىقتۇ؟

رەشىد مەسخىرە ئارىلاش كۈلگەچ بېشىنى چايقىدى. لېكىن، مەريەم رەشىدنىڭ ئۆزى سورىغان سوئاللاردىن سەل ھودۇقۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— سىز ھېچ نەرسە بىلمەيسىز، شۇنداققۇ؟ سىز خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشايسىز. مېڭىڭىزنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇقلا. ھېچ نەرسە يوق.

— مېنىڭ بۇلارنى سورىشىمدىكى سەۋەب...
— ئاغزىڭنى يۇم!
مەريەم سۆزىنى توختاتتى.

رەشىدنىڭ مەريەمگە بۇنداق گەپ قىلىشىغا، ئەيىبلەشلىرىگە، مەسخىرە قىلىشلىرىغا، هاقارەتلىرىگە، هەتتا ئۆزىنىڭ يېنىدىن خۇددى هېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغاندەك پىسەنت قىلماي ئۆتۈپ كېتىشلىرىگە بەرداشلىق بېرىش هەقىقەتەنمۇ ئاسانغا توختىمايتتى. ئەمما، مەريەمگە شۇ نەرسە ئېنىق بولدىكى، ئايال كىشى قورققاندا هەممە نەرسىگە ئامالسىز بەرداشلىق بېرەلەيدىكەن. مەريەممۇ ئەنە شۇنداق ئىدى. ئۇ قورقۇپ قالغانىدى. ئۇ رەشىدنىڭ مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. ئاسان كېلىدىغان ئاچچىقىدىن قورقاتتى. ئۇنىڭ كىچىككىنە تاكاللىشىشلارنى مەريەمنى مۇشتلاش، تەستىكگە سېلىش، پۇتى بىلەن تېپىش ئارقىلىق هەل قىلىشىدىن قورقاتتى. بۇنداق ئىشلار يۈز بەرگەندە، بەزىدە مەريەمنىڭ ئاھۇزار بىلەن ئەپۇ سوراشلىرىمۇ رەشىدنى پەيلىدىن قايتۇرالمايتتى.

هاممامدا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن كېيىنكى تۆت يىلدىن بۇيان، مەريەمدە ئالتە قېتىم ئۈمىد تۇغۇلۇپ، ئالتە قېتىم دوختۇرخانىدىن ئۈمىدسىز قايتتى. هەر قېتىمدا رەشىد مەريەمدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ، ئاخىردا ئۇنىڭ قىلغان هېچقانداق ئىشى رەشىدنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆينى پاكىز تازىلايتتى. رەشىدنىڭ كىرلىرىنى يۇياتتى. ئۇنىڭغا هەر ۋاقىت ئىسسىق تاماق يېگۈزەتتى. هەتتا رەشىدكە چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن بىر قېتىم بازاردىن گىرىم بۇيۇملىرى سېتىۋېلىپ كېلىپ، يۈزلىرىگە سۈرتتى. لېكىن، رەشىد ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە بولسا مەريەمگە قاراپ قويۇپلا، چىرايىنى مەسخىرىلىك پۈرۈشتۈردى. مەريەم نومۇس دەستىدىن سۇخانىغا ئۆزىنى ئاتتى ـ دە، كۆز ياشلىرى بىلەن ئېقىپ

چۈشكەنگە گىرىملىرىنى سوپۇن بىلەن يۇيۇۋەتتى.
رەشىدنىڭ كەچتە ئۆيگە كىرگەن شەپىسى ئاڭلانغان ھامان مەريەمنىڭ ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ باساتتى. ئاچقۇچنىڭ شاراقشىغان ۋە ئىشىكنىڭ غىچىلدىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇشقا باشلايتتى. ئۇ كارىۋىتىدا يېتىپ تۇرۇپ، رەشىدنىڭ غىچىلدىغان ئاياغ تىۋىشىنى ۋە ئايىغىنى سېلىۋېتىپ يالاڭ ئاياغ ماڭغاندىكى شىپىلدىغان ئاۋازنى ئاڭلايتتى. ئۇ رەشىدنىڭ ئورۇندۇقنى تارتىپ ئولتۇرۇپ، قوشۇقنى تاراقشىتىپ تاماق يېگەن، گېزىت ۋاراقلىغان ۋە سۇ ئىچكەن ئاۋازلىرىنى تىڭشايتتى. رەشىدنىڭ يەنە نېمىلەرنى باھانە قىلىپ ئۆزىگە ئازار بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، يۈرىكى قورقۇنچ ئىچىدە سوقاتتى. ئەلۋەتتە، رەشىدكە داۋاملىق سەۋەب چىقىپ تۇراتتى. كىچىككىنە ئىشلارمۇ ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرەتتى. چۈنكى، مەريەم ئۇنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشسىمۇ ۋە ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىسىمۇ رەشىد بۇلاردىن رازى ئەمەس ئىدى. ئۇ رەشىدنىڭ ئوغلىنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بېرەلمىدى. يەتتە قېتىم ئېغىر ئاياغ بولۇپ بويىدىن ئاجراپ كەتتى. مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ رەشىدنىڭ ئالدىدا قىممەتسىز نەرسە ۋە ئېغىر يۈككە ئايلانغانلىقىنى رەشىدنىڭ ئۆزىگە قاراشلىرىدىن ھېس قىلاتتى...
— ئەمدى نېمە ئىش بولماقچى؟ — دەپ سورىدى ئۇ رەشىدتىن.
رەشىد ئۇنىڭغا ئۇزۇن تىكىلىپ تۇرۇپ كېتىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. ئۇ پۈتىنى ئۇستەلدىن چۈشۈرۈپ، رادىيونى ئۆچۈرۈپ، پەلەمپەي بىلەن ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى. مەريەم ئىشىكنىڭ يېپىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مەريەمنىڭ سوئالىغا جاۋاب تېپىلدى. ئۇ سىرتتا ئاڭلانغان ئۇنلۇك ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، يالاڭ

ئاياغ پېتى پەلەمپەيدىن يۇگۈرۈپ مېھمانخانا ئۆيگە چۈشتى. رەشىد ئىچ مايكىسى بىلەنلا، چاچلىرى پاخپايغان ھالدا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇراتتى. مەريەم دېرىزىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئاسماندا ھەربىي ئايروپىلانلار شىمال ۋە شەرققە قاراپ ئۇچۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى قۇلاقنى ياراتتى. پارتلىغان ئاۋاز كېلىۋاتقان تەرەپتىن قويۇق ئىس ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى.

— نېمە ئىش بولدى، رەشىد؟ — سورىدى مەريەم، — بۇ زادى نېمە ئىش؟

— خۇدا بىلىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى رەشىد.

ئۇ رادىيونى ئېچىپ ئاڭلىماقچى بولدى. لېكىن، رادىيودىن غىژىلدىغان ئاۋازدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمىدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلاتتۇق. ساقلايمىز - دە، — دېدى رەشىد تېرىكىپ.

شۇ كۈنى مەريەم ئاشخانىدا تاماققا تەييارلىق قىلدى. رەشىد بولسا رادىيونىڭ دولقۇننى تەڭشەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. مەريەم ئۆزىنىڭ رەشىدكە خۇشاللىق بىلەن تاماق ئەتكەن چاغلىرىنى ئەسلىدى. ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇ خۇشاللىقنىڭ ئورنىنى جىددىيلىك ۋە كۆڭۈلسىزلىك ئالغانىدى. مەريەم ئەتكەن تاماقلار دائىم رەشىدكە تۇزلۇق ياكى تەمسىز تېتىيتتى. گۈرۈچ تامىقى ئەتكەندە بولسا ھەمىشە بەك بوش ياكى قۇرغاق بولۇپ قاپتۇ، دەپ رەنجىيتتى. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇ نانلارنى بەك يۇمشاق بولۇپ قاپتۇ دەپ ئاغرىنسا، يەنە بەزى ۋاقىتلاردا بەك قاتتىق بولۇپ قاپتۇ، دەپ قاقشايتتى. رەشىدنىڭ ئۇزۇكسىز ئەيىب تېپىشلىرىدىن مەريەمۇ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقاتقانىدى. ئۇ تاماقنى رەشىدنىڭ ئالدىغا قويۇۋاتقاندا، رادىيودىن دۆلەت مارشى ئاڭلاندى.

— مەن بۇگۈن سىزنى دەپ پولۇ ئەتتىم.

— ئۇستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قوي. ئەمدى ئاغزىڭنى يۇم.

رادىيودىكى مۇزىكا ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بىر ئەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئادەم ئۆزىنى ھاۋا مۇداپىئە باش قوماندانى ئابدۇل قادىر دەپ تونۇشتۇردى. ئۇ تۆتىنچى قوراللىق قىسىمدىن بۆلۈنۈپ چىققان «ئىنقىلابچىلار»نىڭ كابۇلدىكى ئايروپورت ۋە بىر قىسىم مۇھىم يول ئېغىزلىرىنى ئىشغال قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ كىشىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، يەنە كابۇل رادىيو ئىستانسىسى، تەشۋىقات مىنىستىرلىقى، شۇنداقلا ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقلىرىمۇ ئىشغال قىلىنىپتىمىش. «بۇ يەرلەر كابۇل خەلقىنىڭ قولىغا ئۆتتى» دەپ جاكارلىدى ئۇ. پەخىرلەنگەن ھالدا. قوزغىلاڭچىلار زۇڭتۇڭ سارىيىغا ھۇجۇم قىلىپ، تانكىلار ئاللىقاچان ساراي قورۇسىغا بېسىپ كىرىپ بولغانىدى. ئابدۇل قادىر كەسكىن ئاۋازدا داۋۇدخاننىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنىمۇ جاكارلىدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، داۋۇدخاننىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كوممۇنىستلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغانلىقى توغرۇلۇق پاراڭلار تارقىلىشقا باشلىدى. پولى چارقى تۈرمىسىگە سولانغان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى ئويۇلۇپ، جىنسىي ئەزالىرى كېسىپ تاشلانغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ بەدەنلىرىنىڭ قىيما - چىيما قىلىۋېتىلگەنلىكى توغرۇلۇق خەۋەرلەر كوچىلاردا ئېقىپ يۈرەتتى. مەريەم زۇڭتۇڭ سارىيىدىمۇ قىرغىنچىلىق بولغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەرلەرنى ئاڭلىدى. داۋۇدخانمۇ ئۆلتۈرۈلدى. لېكىن، كوممۇنىستلار ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن يىگىرمىدىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاياللار ۋە بالىلارمۇ بار ئىدى. بەزىلەر داۋۇدخاننى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇنى ئۇرۇش جەريانىدا ئوق تېگىپ ئۆلۈپتۇ، دېيىشەتتى. يەنە بەزىلىرى بولسا، ئۇلار داۋۇدخاننى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ

ئائىلىسىدىكىلەرنى كۆز ئالدىدا قەتل قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، دېيىشەتتى.

— قۇراللىق كۈچلەرنىڭ ئىنقىلابىي تەشكىلاتى قۇرۇلدى. ئەمدى بىزنىڭ ۋەتىنىمىز «ئافغانىستان دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئاتىلىدۇ، — دەپ سۆزلىدى ئابدۇل قادىر، — ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈم سۈرىدىغان، باراۋەرسىزلىك، تەڭسىزلىك قاپلىغان دەۋر كەلمەسكە كەتتى، قېرىنداشلار. بىز ئۇزاق ۋاقىت دەۋر سۈرگەن بىر مۇستەبىت تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدۇق. ھوقۇق ئەمدى خەلقنىڭ، ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان خەلقنىڭ قولىغا ئۆتتى. ۋەتىنىمىز يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم باسماقتا. يېڭى ئافغانىستان دۇنياغا كۆز ئاچماقتا. ئافغان قېرىنداشلار، ھېچ نەرسىدىن قورقماڭلار. يېڭى تۈزۈمىمىز ئىسلام دىنى ۋە دېموكراتىيەنىڭ ئەڭ ئىلغار ئىدىيەلىرىنى ئۆزئەك قىلىدۇ. ئافغان قېرىنداشلار، مەن سىلەرگە شۇنى جاكارلايمەنكى، بۈگۈن سىلەرنىڭ خۇشاللىقىغا چۆمىدىغان، غەلىبىمىزنى تەنتەنە قىلىدىغان كۈنۈڭلار!

رەشىد رادىيونى ئۆچۈرۈۋەتتى.

— بۇ ياخشى ئىشمۇ ياكى يامان ئىشمۇ؟

— ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بايلار ئۈچۈن يامان ئىشتەك قىلىدۇ، — دېدى رەشىد، — بەلكىم، بىز ئۈچۈن ئانچە يامان ئىش بولمىسا كېرەك.

مەريەمنىڭ خىيالىغا جېلىل كەلدى. «كوممۇنىستلار ئۇنىڭ پېيىغا چۈشەرمۇ؟ ئۇنى تۈرمىگە تاشلارمۇ؟ ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىچۇ؟ ئۇنىڭ ئۆي - جايلىرى، تىجارىتىنى تارتىۋالارمۇ» دەپ ئويلىدى مەريەم.

— بۇ ئىسسىقمۇ؟ — دەپ سورىدى رەشىد كۆزىنى تاماققا تىكىپ تۇرۇپ.

— ھازىر قازاندىن ئالدىم.

ئۇ دىمىقىنى قېقىپ قويدى.

كېچە ئاسمىنىدا تولۇقسىز كۆتۈرۈلگەن قىزىل ۋە سېرىق نۇرلار ئاسمانىنى دەممۇدەم يورۇتاتتى. كوچىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قورۇدا ھارغىنلىق يەتكەن فاربە بىلىكىگە تايىنىپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ چاچلىرى تەر تەپتىدە ھۆل بولۇپ كەتكەن، پېشانىسىدىن ئاققان تەرلەر كالپۇكىنى نەمدەپ ئۆتۈپ پەسكە ئېقىپ چۈشەتتى. ياشانغان تۇغۇت ئانىسى فاربەنىڭ ئېرى ۋە ئوغۇللىرىنىڭ بوۋاقنى قولدىن ـ قولغا ئېلىپ ئەركىلىتىشلىرىگە زوقلىنىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇلار بوۋاقنىڭ شالاڭ چاچلىرىغا، قىزىل مەڭزىگە، پۇرۇلمە كالپۇكلىرىغا، مىدىرلاپ تۇرغان يېشىل كۆزلىرىگە ھەيران بولۇپ قارىشاتتى. ئۇلار بوۋاقنىڭ باشتا مۈشۈكنىڭ مىياڭلىغان ئاۋازىدەك چىقىپ، ئاخىردا ۋارقىراپ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. نۇر بوۋاقنىڭ كۆزىنى ياقۇتقا ئوخشاتتى. ئەھمەد بولسا بۇ ئۆيدىكى دىنىي ئېتىقادى ئەڭ كۈچلۈكى بولۇپ، سىڭلىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئەزان توۋلاپ يۈزىگە ئۈچ قېتىم پۈۋلىدى.

— شۇنداق قىلىپ ئىسمى لەيلا بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ھاكىم بوۋاقنى قولىدا تەۋرىتىپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، ئىسمى لەيلا بولدى، — دېدى فاربە ھارغىنلىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — كېچە گۈزىلى، تازا ماس كەلدى.

رەشىد قولى بىلەن بىر كاپام پولۇنى ئاغزىغا سېلىپ، بىر ـ ئىككى چاپىنالا پاكار ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە تۆكۈرۈۋەتتى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى مەريەم جىددىيلىشىپ. ئۇنىڭ يۈرىكى تېز سوقۇپ، تېرىلىرى تارتىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— نېمە بولاتتى، — دېدى رەشىد مەريەمنىڭ ئاۋازىنى دوراپ، — سەن يەنە ئوخشاش ئىشنى قىپسەن.

— لېكىن، مەن گۈرۈچنى بۇرۇنقىدىن بەش مىنۇت ئۇزۇنراق

قايناتقانىدىمغۇ؟
— سەن قىيقىزنىل يالغانچى ئىكەنسەن.
— مەن قەسەم قىلاي.
ئۇ قولىغا يۇقۇپ قالغان گۇرۇچنى سىلكىپ چۈشۈردى. تەخسىنى زەرب بىلەن نېرىغا ئىتتىرىپ، ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىكى تەم تەڭشىگۈچلەر بىلەن پولۇنى ئۈستەلگە ئۆرۈۋەتتى. مەريەم ئۇنىڭ مېھمانخانىدىن گۈرس - گۈرس دەسسەپ چىقىپ، تالاغا قاراپ ماڭغىنىغا قاراپ تۇردى. ئارقىدىنلا قورۇنىڭ ئىشىكىنىڭ قاتتىق يېپىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.
مەريەم يەرگە چېچىلىپ كەتكەن گۇرۇچلەرنى تېزلىنىپ تۇرۇپ تېرىپ، تەخسىگە قويماقچى بولدى - يۇ، قوللىرى تىترەپ ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغاندى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋالدى. ئۆزىنىڭ دېرىزىدىكى ئەكسىدىن تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا بىر قاراپلا، كۆزلىرىنى باشقا تەرەپكە قاچۇردى.
ئىشىك ئېچىلىپ، رەشىد مېھمانخانا ئۆيگە قايتىپ كىردى.
— ئورنۇڭدىن تۇر، — دېدى ئۇ، — بۇياققا كەل. ئورنۇڭدىن تۇر!
ئۇ مەريەمنىڭ قولىنى قوپاللىق بىلەن تارتىپ، ئالىقىنىنى ئېچىپ، بىر چاڭگال ئۇششاق تاشنى قويدى.
— بۇنى ئاغزىڭغا سال.
— نېمە دېدىڭىز؟
— بۇنى ئاغزىڭغا سال دەۋاتىمەن.
— بولدى قىلىڭ رەشىد. مەن...
ئۇ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن مەريەمنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ، ئىككى بارمىقى بىلەن ئاغزىنى يوغان ئاچتۇرۇپ مۇزدەك تاشلارنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تىقتى. مەريەم تېپىرلاپ ئۇنىڭدىن بوشىنىشقا ئۇرۇندى. لېكىن، رەشىد بارماقلىرى بىلەن تاشلارنى مەريەمنىڭ ئاغزىغا توختىماي ئىتتىرەتتى. رەشىد تۈۋەن كالپۇكىنى چىڭ

چىشلىۋالغانىدى.

— ئەمدى بۇ تاشلارنى چاينا، — دېدى ئۇ.

ئاغزى لىق تاش بىلەن تولغان مەريەم بىچارىلەرچە ئىنگراپ رەشىدكە يالۋۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى.

— چاينا! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ. ئۇنىڭ تىنىقىدىن چىققان شامال مەريەمنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى. مەريەم تاشنى چايناشقا باشلىدى. ئاغزىدىن بىر نەرسىنىڭ سۇنغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ياخشى، — دېدى رەشىد. ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەنىدى، — مانا ئەمدى ئەتكەن پولۇيۇڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلگەنسەن. مەن بىلەن توي قىلغاندىن بېرى ماڭا تەمسىز، ناچار تاماقتىن باشقا ھېچ نەرسە بەرمىگىنىڭنى بىلگەنسەن؟

رەشىد ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. مەريەم قانغا مىلەنگەن تاشتىن باشقا ئىككى دانە سۇنغان ئېزىق چىشىنى قولىغا تۈكۈردى.

# ئىككىنچى بۆلۈم

# ئون ئالتىنچى باب

1987 ـ يىلى باھار، كابۇل

توققۇز ياشلىق لەيلا سەھەردىلا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ھەر ئەتىگەندە دوستى تارىق بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىرايتتى. لېكىن، ئۇ بۈگۈن دوستىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى.

تارىق ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە جەنۇبتىكى غازنى شەھىرىگە تاغىسىنىڭ قېشىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

— قاچان قايتىپ كېلىسەن؟ — دەپ سورىدى لەيلا تارىق يولغا چىقىشىنىڭ ئالدىدا.

— ئون ئۈچ كۈن.

— ئون ئۈچ كۈن؟

— ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئەمەس. قاپاقلىرىڭ تۈرۈلۈپ كەتتىغۇ، لەيلا.

— ياقەي.

— يىغلاۋاتمايدىغانسەن؟

— ھەرگىز يىغلىمايمەن. بولۇپمۇ سەن ئۈچۈن ھەرگىز يىغلىمايمەن. مىڭ يىل كۆرمىسەممۇ يىغلىمايمەن.

لەيلا ئۇنىڭ يالغان پۇتىنىڭ ئەمەس، ساق پۇتىنىڭ پاقالچىقىغا تەپتى. تارىق ئۇنىڭ بېشىغا يېنىككىنە ئۇرۇپ قويدى.

ئون ئۈچ كۈن دېگەنلىك ئىككى ھەپتە دېگەن گەپ. بەش كۈن ئۆتمەيلا لەيلا ۋاقىت توغرۇلۇق بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتتى.

يەنى ۋاقىتمۇ خۇددى تارىقنىڭ دادىسىنىڭ پاشتۇنچە ناخشىلىرىغا تەڭكەش قىلىپ چالىدىغان ئاككوردىيونىغا ئوخشاش ئۈزىراپ قىسقىرايدىكەن. لەيلا تۆۋەنكى قەۋەتتە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يەنە سوقۇشقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇلارنىڭ سوقۇشۇش جەريانىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئاپىسى ئاچچىقلاپ، توختىماستىن ۋارقىرايدۇ. دادىسى ياۋاشلىق بىلەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، بېشىنى لىڭشىتىپ ئاپىسىنىڭ ئاچچىقىنىڭ بېسىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ.

لەيلا كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ھۇجرىسىغا كىرىپ ئىشىكنى ياپتى. ئاپىسىنىڭ ئاۋازى تېخىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاخىر ئىشىك قاتتىق يېپىلىپ، گۈرس ـ گۈرس دەسسەپ ماڭغان ئاۋازدىن كېيىن ئاپىسىنىڭ كارىۋىتىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇنىڭ بىلەن دادىسى بىر كۈن بولسىمۇ ئارام تېپىپ قالاتتى.

ـــ لەيلا! ـــ دەپ چاقىردى ھاكىم، ـــ مەن ئىشقا كېچىكىپ قالىدىغان بولدۇم.

ـــ بىر مىنۇت!

لەيلا ئايىغىنى تېزلىك بىلەن كىيىپ، مورىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان سېرىق بۇدۇر چاچلىرىنى ئەينەككە قاراپ تۈزەپ تارىدى. ئاپىسى لەيلانىڭ ئاشۇ ئالتۇندەك سېرىق چاچلىرىنىڭ، ئۈزۈن كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى يېشىل كۆزلىرىنىڭ، زىنىخلىق مەڭزىنىڭ ۋە قىلىن كالپۇكىنىڭ لەيلانىڭ مومىسىنىڭكىگە بەكمۇ ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. «ئۇ پەرىنىڭ ئۆزى ئىدى، ـــ دەيتتى ئاپىسى، ـــ ئۇنىڭ گۈزەللىكى پۈتۈن جىلغىدا تىللاردا داستان ئىدى. ئۇنىڭ گېنى ئىككى ئەۋلاد ئاتلاپ كەتكەن بىلەن، سېنى ئاتلىماپتۇ، لەيلا.» ئاپىسى دەۋاتقان بۇ جىلغىنىڭ ئىسمى پەنشىر بولۇپ، كابۇلنىڭ شەرقىي شىمالىدىن يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، پارسچە سۆزلەيدىغان تاجىكلار رايونى ئىدى. لەيلانىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى بىر نەۋرە تۇغقان بولۇپ،

ھەر ئىككىسى پەنشىردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانىدى. 1960 ـ يىلى دادىسى كابۇل ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغانىدا، ئۇلار يېڭى توي قىلىپلا كابۇلغا كۆچۈپ كەلگەنىدى.

لەيلا پەلەمپەيدىن چۈشتى. ئۇ شۇ تاپتا ئاپىسىنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ يەنە بىر مەيدان جېدەل باشلىماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى. دادىسى تور تارتىلغان ئىشىكنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى.

— بۇنى كۆردۈڭمۇ لەيلا؟

تور ئىشىكنىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى تۆشۈكنىڭ پەيدا بولۇپ قالغىنىغا بىر نەچچە ھەپتە بولغانىدى. لەيلا دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، تۆشۈككە ئېڭىشىپ قارىدى.

— ياق، كۆرمەپتىمەن. يېڭىدىن تېشىلگەن ئوخشايدۇ.

— مەنمۇ فارىبەگە شۇنداق دېدىم، — دېدى ئۇ سەل تىترەڭگۈ ئاۋازدا، — ئۇ بۇ تۆشۈكتىن ھەرە كىرىۋالدى دەيدۇ.

ھەر قېتىم ھاكىم خوتۇنى بىلەن جېدەلى توختىغاندا، تىترەپ كېتەتتى.

بۇنداق ۋاقىتلاردا، لەيلانىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالاتتى. ھاكىم مۇرىسى تار، ۋىجىك كىشى بولۇپ، بارماقلىرى خۇددى ئاياللارنىڭكىدەك ئىنچىكە ئىدى. لەيلا بەزى ئاخشاملىرى دادىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگىنىدە، ئۇنىڭ كۆزئەينىكىنى بۇرنىنىڭ ئۇچىغا تاقاپ، باش چۆكۈرۈپ كىتاب كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. بەزىدە ئۇ لەيلانىڭ كىرىپ كەلگىنىنىمۇ سەزمەيتتى. ئۇنى كۆرگەندە بولسا، كىتابىنىڭ كەلگەن بېتىگە بەلگە سېلىپ قويۇپ كىتابىنى ياپاتتى. ھاكىم جالالىدىن رۇمى بىلەن شەمسىددىن ھافىزنىڭ غەزەللىرىنى يادقا بىلەتتى. ئەنگلىيە بىلەن چار روسىيەنىڭ ئافغانىستاننى تالىشىپ ئۇرۇشقان تارىخىنى تەپسىلىي بىلەتتى. ئۆڭكۈر ئىچىدىكى ئاسما تاش بىلەن خادا تاشنى ھېچبىر قىينالمايلا پەرق ئېتەلەيتتى. قۇياش بىلەن يەر شارىنىڭ ئارىلىقىنىڭ كابۇلدىن غازنىغا بىر مىليون بەش

يۈز مىڭ قېتىم بارغان بىلەن تەڭ ئىكەنلىكىنى ھېسابلاپ بېرەلەيتتى. لېكىن، لەيلا كەمپۈت قۇتىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچماقچى بولسا، ئامالسىز ئاپىسىدىن ياردەم سورايتتى. ھاكىم ئاددىي ئەسۋابلارنىمۇ ئىشلىتىشنى بىلمەيتتى. ئۇ رېمونت قىلغان ئىشكىلەر يەنىلا غىچىلداپ تۇراتتى. سۇ تامچىلايدىغان تورۇسنى ئوڭشاپ قويسىمۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ يەردىن يەنە سۇ تامچىلاشقا باشلايتتى. ئىشكاپلارنىڭ ئىچى پاختىلىشىپ، پۇراپ كەتسىمۇ، ھاكىمنىڭ ئامالىرى ئۇنى يوقىتىشقا كار قىلمايتتى. فارىبەنىڭ ئېيتىشىچە، ئەھمەد 1980 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشقا مېڭىشتىن بۇرۇن بۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قولى بىلەن بىر تەرەپ قىلاتتىكەن.

— ئەگەر ساڭا كىتاب ئوقۇيدىغان بىر ئادەم لازىم بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئادەمنى ھەرگىز تاپالمايسەن، — دەيتتى فارىبە ئۇنىڭغا.

بىراق، لەيلانىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، دادىسى ئەھمەد بىلەن نۇرنى ئۇرۇش مەيدانىغا ئەۋەتىشتىن، ئاپىسى ئەھمەدنىڭ كىتابخۇمارلىقىدىن كۆپ سۆيۈنەتتى. دادىسىنىڭ ئۇنتۇغاقلىقى ئۇنىڭغا يېقىملىق بىلىنەتتى.

— شۇنداق قىلىپ، بۈگۈن قايسى كۈن بولدى؟ — دەپ سورىدى ھاكىم مەقسەتلىك كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، — بەشىنچى كۈنمۇ ياكى ئالتىنچى كۈنمۇ؟

— مەن نېمە بىلەي؟ مەن كۈن ساناپ ئولتۇرمايمەن، — دېدى لەيلا. ئۇ يالغان سۆزلىگەنىدى. ئۇ تارىقنىڭ يوقلۇقى ھاكىمنىڭ ئېسىدە بارلىقىغا ئىچىدە خۇشال بولغانىدى.

— كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇنىڭ قولچىرىغىنىڭ يورۇقىنى كۆرىسەن، — دېدى ھاكىم. ئۇ لەيلا بىلەن تارىقنىڭ كەچتە بىر - بىرىگە قولچىراغدا بەلگە بېرىپ ئويناپدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇۋاتاتتى. ئۇلار بۇ ئويۇننى ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى ئويناۋاتقان بولۇپ، خۇددى كەچتە چىشىنى چوتكىلىغاندەك ئادەتكە

ئايلاندۇرۇۋالغانىدى.

ھاكىم قولى بىلەن تۆشۈكنى سىلاپ:

— مەن بۇ يەرنى ۋاقىت چىقىرىپ ياماپ قويارمەن. بىز ئەمدى ماڭايلى، — دېدى. ئۇ ئارقىسىغا قاراپ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ توۋلىدى، — بىز ماڭدۇق، فارىبە. مەن لەيلانى مەكتەپكە ئېلىپ ماڭدىم. ئۇنى كەچتە ئەكېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ!

لەيلا دادىسىنىڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ ئارقىسىغا چىققۇچە، موزدۇز رەشىد ۋە ئۇنىڭ ھېچكىم بىلەن ئارىلاشمايدىغان خوتۇنى تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئالدىدا توختىتىلغان بىر ماشىنىغا كۆزى چۈشتى. بۇ كۆك رەڭلىك «بېنز» ماركىلىق ماشىنىنىڭ سىرتىدا ئاق سىزىقلار بار بولۇپ، بۇنداق ماشىنىلار بۇ مەھەللىدە ئاز ئۇچرايتتى. ماشىنىنىڭ ئىچىدە بىر شوپۇر بىلەن يەنە بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ ئادەم ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئولتۇراتتى.

— ئۇلار كىم؟ — دەپ سورىدى لەيلا.

— كارىڭىز بولمىسۇن، — دېدى ھاكىم، — ۋېلىسىپىتكە تېز چىقىڭ. دەرسكە كېچىكىپ قالىسىز بولمىسا.

لەيلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن يەنە بىر جېدەلنى ئەسلىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئاپىسى دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەنە قىلغان ئاھاڭدا: «سىزنىڭ ھەرقانداق ئىش بىلەن كارىڭىز يوق، شۇنداقمۇ نەۋرە ئاكا؟ ھەتتا ئۆز بالىلىرىڭىز ئۇرۇشقا ماڭسىمۇ ئۇ سىزنىڭ ئىشىڭىز ئەمەس. مەن ساڭا شۇنچە يېلىنسامىمۇ، يۈزۈڭنى كىتابىڭ بىلەن توسۇۋېلىپ، ئوغۇللىرىمىزنى خۇددى ھارامدىن بولغانلارنى جازالىغاندەك يولغا سېلىپ قويدۇڭ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئەيىبلىگەنىدى.

ھاكىم ۋېلىسىپىتنى مىندى. لەيلا ئارقىسىدا ئۇنىڭ بېلىنى مەھكەم تۇتۇپ ئولتۇردى. كۆك رەڭلىك ماشىنىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، لەيلا ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان كىشىنى ئېنىق كۆردى. ئۇ كىشى ئورۇق، چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان، ئۇچىسىغا توق جىگەر رەڭ كاستۇم

كىيىۋالغانىدى. كاستۇمىنىڭ مەيدە يانچۇقىدىكى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ قاتلانغان ئاق قول ياغلىق كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. لەيلانىڭ ماشىنىنىڭ نومۇر تاختىسىدىكى «ھېرات» دېگەن خەتكە كۆزى چۈشتى.

ئۇلار يول بويى پاراڭ سېلىشمىدى. پەقەت دوقمۇشتىن قايرىلغان ۋاقىتتا ھاكىم ئېھتىيات بىلەن تورموز تۇتۇپ: «مەھكەم ئولتۇرۇڭ لەيلا، مەن ئاستىلىدىم، قولىڭىزنى قويۇۋەتمەڭ» دەپ قوياتتى.

دەرس ۋاقتىدا تارىختىڭ يوقلۇقى، شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جېدەللىشىشى لەيلانىڭ خىيالىدىن كەتمىدى. مۇئەللىم ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ، رومىنىيە بىلەن كۇبانىڭ پايتەختىنى دەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

مۇئەللىمنىڭ ئىسمى شانزاي بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ئارقىدىن «راشمال قالا» (رەسسام ئاچا) دەپ چاقىراتتى. چۈنكى، ئۇ باللارنى جازالاپ، ئۇلارنىڭ ئالىقانلىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە خۇددى رەسىم چوتكىسىدا رەسىمگە رەڭ بېرىۋاتقان رەسسامدەك سۇۋاپ ئۇراتتى. راشمال قالانىڭ قاشلىرى قويۇق، يۈزى سوزۇنچاق ئىدى. دەرس باشلانغان تۇنجى كۈنى ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ قوست يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلىقىنى پەخىرلىنىپ تۇرۇپ ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئۇ دائىم قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى. تەكشى تارالغان قاپقارا چاچلىرىنى بىر تال بوغۇۋالاتتى، ئارقىسىغا بۇرالغاندا ئۇنىڭ گەدىنىدىكى ئۇششاق چاچلىرى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. راشمال قالا گىرىم قىلمايتتى. زىننەت بۇيۇملىرىنىمۇ تاقىمايتتى، يۈزىنىمۇ ياپمايتتى. قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ يۈزىنى ئېچىپ يۈرۈشىنى چەكلىمەيتتى. ئۇ ئەر ـ ئاياللار ھەممە جەھەتتە باراۋەر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئەرلەرنىڭ يۈزىنى يېپىشى

هاجـەتسىز بـولسا، ئـاياللار يۈزىـنـى يېپىـپ يۈرۈشى كـېـرەك، دەيدىغان كـۆزقاراشنىـڭ ھېچ ئاسـاسى يوق دەيـتـتى. ئۇ سـوۋېـت ئىتتىـپاقىنـى ئافغانـىستانـغا ئوخشـاشلا دۇنيادىـكى ئەڭ ئۇلـۇغ دۆلـەتلەرنىڭ بىرى دەپ ماختايتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، سوۋېـت ئىتتىـپاقىـدىكى كىـشىلەر خـۇشال ـ خۇرام ياشـايدىكـەن ھـەم دوستانە ئىكـەن. ئۇلار ئامېـرىكىدىـكى ئوغرى ـ بـۇلاڭچىلاردىـن قـورقـۇپ سـىرتـقـا چىقـالـمـايدىـغـان كىـشـىـلـەرگـە پـەقـەتـلا ئوخشىمايدىكەن. ئافغانىستاندىكى تەرەققىـياتقا قـارشى خۇراپىـي باندىتـلار مەغلۇپ بـولغاندىـلا، بۇ دۆلـەتتىـكى خـەلـقمۇ سـوۋېـت ئىتتىـپاقىدىكى خەلققە ئوخشاش خۇشاللىققا ئېرىشىدىكەن.

— شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىـپاقىدىـكى يولداشـلار 1979 ـ يـىلى بۇ يـەرگە ۋەتىنـىـمىزنـى قالاق ۋە ئىـپـتىدائـىـي ھالـەتـتـە قالـدۇرۇشـتـەك يامـان نـىيـەتـتـە بـولـغـان ئـالـۋاسـتـىـلاردىـن قۇتۇلۇشىمىزغا ياردەم بېرىش ئۈچـۈن كەلگەن. شـۇنىڭ ئۈچـۈن سـىلـەرمۇ ۋەتـىنىمـىزگە ئـۆز يـاردەم قولـۇڭـلارنـى سۇنۇشـۇڭـلار كېرەك، بـالـىلار. ئەگـەر ئاشۇنداق نـىيـەتـلـىك توپـىـلاڭچـىـلارنـى بىلسـەڭلار، چوقۇم مـەلۇم قىلـىشىـڭـلار كېرەك. بۇ سـىلـەرنـىـڭ بۇرچـۇڭلار. سىلـەر ئالدى بىـلەن ئېنـىق ئاڭلاپ، ئـاندىن مەلـۇم قىلـىڭلار. ئۇلار سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىڭلار بولسىمۇ، تاغاڭلار ياكى ھامـاڭلار بولـسـىمۇ شـۇنـداق قىلـىـشىڭـلار كـېـرەك. چۈنـكـى، ھېـچكـىـم سـىلەرنـى ۋەتـەن سـىلـەرنـى سۆيگـەنـدەك سۆيـمـەيـدۇ. سىلەرنىڭ ۋەتىنىڭلار ھەممىدىن ئۇلۇغ. ئېسىڭلاردا بـولسۇنكـى، شۇنـداق قـىلسـاڭلار، مەن سـىـلەردىن پـەخـىرلـىـنـىمـەن. ئـۇلـۇغ ۋەتىنىڭلار سىلەردىن پەخىرلىنىدۇ.

راڭمـال قالانىڭ ئۇستىلىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تامدا سوۋېـت ئىتتىـپاقى بىلەن ئافغانىستاننىڭ خەرىتىسى، ئۇنىڭ يېنىدا يەنە زۇڭتۇڭ نەجىبۇللانىڭ رامكىغا ئېلىنغـان سۈرىتـىمۇ بار ئـىـدى. ھاكـىـمنىڭ ئـېـيتـىـپ بېرىشىچە، نەجـىبـۇللا بـۇرۇن ئادەمنـىـڭ تېنىنى شۈركۈندۈرىدىغان «قاد» ( مەخپىي ساقچى ئىدارىسى)نىڭ

باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنىكەن. تامدا باشقا سۈرەتلەرمۇ بار بولۇپ، كۆپ قىسمى كولۇمسىرەپ تۇرغان ياش سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ دېھقانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋاتقان، ئالما كۆچەتلىرىنى تىكىۋاتقان، بىنا سېلىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى بار سۈرەتلەر ئىدى.

— ۋوي، — دېدى راڭمال قالا، — سىزنىڭ كۆزىڭىز ئوچۇق تۇرۇپ كۆرۈۋاتقان شېرىن چۈشىڭىزنى بۇزۇۋەتكەن ئوخشىمامدىمەن، ئىنقىلابچى قىز؟

لەيلا 1978 - يىلى 4 - ئايدا ھۆكۈمەت ئاغدۇرۇلغان كېچىسى تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن «ئىنقىلابچى قىز» دەپ نام ئالغان، بۇ نام ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغانىدى. راڭمال قالا ئوقۇغۇچىلارغا ئاشۇ كۈنى باشلانغان ئىنقىلاب، خەلقنىڭ باراۋەرسىزلىككە قارشى قوزغالغان بىر كۈن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كېچىسى ھېچقاچان ئۇرۇش بولۇپ باقمىغانىكەن. پەقەت چەت ئەللىك بۇزغۇنچىلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئىنقىلابقا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقانلار بىلەن توقۇنۇش يۈز بەرگەنىكەن. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچكىممۇ سەككىز يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىن سوۋېتلىكلەرنىڭ ئۇرۇشتا يېڭىلگەنلىكى توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمايتتى. ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ كۈنلەردە ئافغانلار ئامېرىكا زۇڭتۇڭى رىگان بەرگەن توپ ئوقلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ، سوۋېت ئايروپىلانلىرىغا قارىتىپ ئاتماقتا ئىدى. مىسىر، پاكىستان، ھەتتا باي دۆلەتلەردىن سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلەرمۇ بىرلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى.

— بۇخارىست، خاۋانا، — دەپ جاۋاب بەردى لەيلا.

— ئۇ دۆلەتلەر بىزنىڭ دوستىمىزمۇ؟

— ئۇلار بىز بىلەن دوست، ساھىب. ئۇلار بىزگە دوست دۆلەتلەردۇر.

راڭمال قالا رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

دەرستىن چۈشىدىغان چاغ بولغانىدى. لېكىن، لەيلانىڭ ئاپىسىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئاپىسى ھەممىشە دەل ۋاقتىدا لەيلانى ئالغىلى كېلەتتى. لەيلا ئامالسىز ساۋاقدىشى گىتى ۋە خاسىنالار بىلەن ئۆيگە قاراپ پىيادە ماڭدى.

گىتى ئورۇققىنا قىز بولۇپ، چېچىنى رېزىنكە بىلەن ئىككى قىلىپ بوغۇۋالاتتى. ئۇنىڭ قاپىقى يامان ئىدى، دائىم كىتابىنى قۇچاقلاپ ماڭاتتى. ئون ئىككى ياشلىق خاسىنا گىتى بىلەن لەيلادىن ئۈچ ياش چوڭ ئىدى. لېكىن، ئۇ 3 ـ يىللىقتا بىر قېتىم، 4 ـ يىللىقتا ئىككى قېتىم سىنىپتىن قېلىپ، قايتا ئوقۇغانىدى. ئۇ ئەقلىدىكى كەملىكنى شوخلۇقى بىلەن، گىتىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئاۋازىدەك توختىمايدىغان ئاغزى بىلەن تولۇقلىغانىدى. راڭمال قالا دېگەن لەقەمنىمۇ دەل مۇشۇ خاسىنا ئويلاپ تاپقانىدى. بۈگۈن ئۇ ھېلىقى كۆرۈمسىز يىگىتتىن قانداق قۇتۇلۇش توغرۇلۇق مەسلىھەت بېرىشكە باشلىدى.

ــ بۇ دېگەن سىناقتىن ئۆتكەن ئامال. چوقۇم كار قىلىدىغانلىقىدا گەپ يوق. مەن سىلەرگە ۋەدە قىلالايمەن.

ــ بۇ تازا قاملاشمىغان بىر گەپ بولدى. مەنچۇ، لايىق ئىزدەشكە تېخى كىچىكلىك قىلىمەن، ــ دېدى گىتى.

ــ ئۇنچىۋالا كىچىك ئەمەسقۇ سەن.

ــ ئۇنداق بولسا ھېچكىم مېنى سوراپ كىرمىدىغۇ؟

ــ چۈنكى، سېنىڭ ساقىلىڭ بار ـ دە، قەدىرلىكىم.

گىتى دەرھال قولىنى كۆتۈرۈپ، ئىڭىكىنى سىلاپ قويۇپ، لەيلاغا جىددىيلىك بىلەن تىكىلدى. لەيلا ئۇنىڭ چاقچاقىنى چۈشەنمىگەنلىكىگە ئەپسۇسلىنىپ كۈلدى ۋە خاسىنانىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راست ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى چايقىدى.

ــ قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى زادى بىلگۈڭلار بارمۇ ـ

يوق، قىزلار؟
— بولىدۇ، سۆزلىگىنە ئاڭلاپ باقايلى.
— ئۇنىڭ دورىسى پۇرچاق. تۆت قۇتىدىن كەم بولماسلىقى كېرەك. كەچتە ئۇ بەتبەشىرە قېرى يىگىت سېنى سوراپ ئۆيۈڭگە كەلگەندە ئاشۇنداق جاجىسىنى بېرىسەن. ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئۇنىڭغا چاي تارتىلغاندا پۇرچاقلارنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتىسەن.
— ماقۇل، چوقۇم ئېسىمدە ساقلايمەن، — دېدى لەيلا.
— شۇنىڭ بىلەن ئۇ قېرى يىگىتتىن قۇتۇلىسەن!
لەيلا ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە موھتاج ئەمەسلىكىنى دېمەكچى بولدى. چۈنكى، ئۇ دادىسىنىڭ ئۇنى پات ئارىدا ياتلىق قىلىش پىلانى يوقلۇقىنى بىلەتتى. گەرچە دادىسى مۇشۇ كۈنلەردە كابۇلدىكى ئەڭ چوڭ بولكا زاۋۇتىدا ئوتتەك ئىسسىق بىلەن قولاقنى يارغۇدەك ئۇنلۇك زاۋۇت شاۋقۇنلىرى ئارىسىدا تىنىم تاپماي ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىۋېرسىتېتتا بىلىم ئالغان ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى. ئۇ بۇرۇن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، 1978 ـ يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستاننى بېسىۋېلىشتىن بىر يېرىم يىل بۇرۇن، ئۇ ئىشتىن بوشىغانىدى. ھاكىم لەيلاغا بىخەتەرلىكىدىن قالسىلا ئۇنىڭ ئوقۇشىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى خېلى بۇرۇنلا ئېنىق چۈشەندۈرگەنىدى.
— مەن بىلىمەن، سىز تېخى كىچىك. لېكىن، سىز شۇنى ئېسىڭىزدە مەھكەم ساقلاڭكى قىزىم: قاچانلا ئۆي ـ ئوچاقلىق بولسا بولىۋېرىدۇ. لېكىن، ئوقۇش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە بولمايدۇ. سىز ناھايىتى ئەقىللىك قىز. ھەقىقەتەن شۇنداق. سىز قانداق ئادەم بولىمەن دېسىڭىز بولالايسىز. مەن سىزنى چىن كۆڭلۈمدىن چۈشىنىمەن. مەن يەنە شۇنىمۇ ھېس قىلىمەنكى، بۇ ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئافغانىستان سىزگە ئەرلەرگە ئوخشاشلا موھتاج بولىدۇ. بەلكىم سىزگە بەكرەك ئېھتىياجى چۈشۈشى

مۇمكىن. چۈنكى، ئاياللىرى بىلمىسىز دۆلەت مەڭگۈ روناق تاپالمايدۇ، لەيلا. ھەرگىز روناق تاپالمايدۇ.

لېكىن، لەيلا خاسىناغا دادىسىنىڭ ئېيتقانلىرى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى ياكى ئۆزىنىڭ دادىسىدىن قانچىلىك پەخىرلىنىدىغانلىقىنى، دادىسىنىڭ ئۆزىنى قانداق قەدىرلەيدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ دادىسىغا ئوخشاش ئالىي بىلىملىك بولۇشقا قانداق بەل باغلىغانلىقىنى ئېيتمىدى. ئىككى يىلدىن بېرى لەيلا ھەر يىلى ئىلغار ئوقۇغۇچى مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتاتتى.

لەيلا بۇلارنىمۇ خاسىناغا تىنمىدى. خاسىنانىڭ دادىسى تاكسى شوپۇرى بولۇپ، ئىنتايىن چۈس مىجەز ئادەم ئىدى. يەنە ئىككى ـ ئۈچ يىلغا قالماي خاسىنانى ياتلىق قىلىۋېتىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى. بۇرۇن خاسىنا لەيلاغا ئۆزىدىن يىگىرمە ياش چوڭ نەۋرە ئاكىسىغا ياتلىق قىلىنىدىغانلىقىنى بېكىتىپ قويغانلىقىنىمۇ سۆزلەپ بەرگەنىدى.

ــ مەن ئۇنى ئىككى قېتىم كۆرگەن، ــ دېگەنىدى خاسىنا، ــ ئۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تاماق يەيدىغان ئادەم ئىكەن.

ــ پۇرچاق توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىمنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭلار جۇمۇ، ــ دېدى خاسىنا، ئۇ مەنىلىك كۈلۈپ جەينىكى بىلەن لەيلانى نوقۇپ قويىدى، ــ سېنىڭ بىر پۇتلۇق شاھزادەڭ كېلىپ ئىشىكنى قېقىپ قالسا، ئۇنداق قىلمايسەن ـ دە.

لەيلا خاسىنانىڭ جەينىكىنى ئىتتىرىۋەتتى. ئەگەر باشقا بىرسى تارىقنى ئۇنداق دېگەن بولسا، ئاچچىقى كەلگەن بولاتتى. لېكىن، ئۇ خاسىنانىڭ يامان نىيەت بىلەن دېمىگەنلىكىنى بىلەتتى.

ــ سەن باشقىلارنى ئۇنداق مازاق قىلساڭ بولمايدۇ، ــ دېدى گىتى.

ــ كىملەر توغرۇلۇق دەيسەن؟

ــ ئۇرۇشتا يارىلانغانلارنى دېمەكچى، ــ دېدى گىتى، ئۇ

خاسىنانىڭ گەپ ئوينىتىۋاتقانلىقىنى سەزمىگەنىدى.

— مېنىڭچە، گىتى موللامنىڭ تارىقىا كۆڭلى چۇشۇپ قاپتۇ. مەن ئەمدى بىلىۋالدىم. ئاھا، لېكىن ئۇنىڭغا باشقا بىر سىنىڭ كۆڭلى ئاللىقاچان چۇشۇپ بولغان. سەن تېخى بىلمەمسەن؟ شۇنداققۇ لەيلا؟

— مېنىڭ كۆڭلۈم ھېچكىمگە چۇشۇپ قالمىدى!

ئۇلار لەيلا بىلەن خوشلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ كوچىسىغا قاراپ تاكاللىشىپ ماڭدى.

لەيلا قالغان ئۇچ بۆلەك كوچىنى ئۆزى يالغۇز ماڭدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كوچىسىغا قايرىلغاندا، كۆك رەڭلىك ماشىنىنىڭ تېخىچە رەشىد بىلەن مەريەمنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ھېلىقى ياشانغان ئادەم ماشىنىنىڭ ئالدىغا يۆلەنگىنىچە ئۇستۇنكى قەۋەتكە قاراپ تۇراتتى. لەيلانىڭ ئارقىسىدىن بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھەي سېرىق چاچ، بۇياققا قارا.

لەيلا ئارقىسىغا قارىدى.

# ئون يەتتىنچى باب

كازىم رەڭگى قىزىل، تۇتقۇچى يېشىل تاپانچىنى لەيلاغا تەڭلىدى. كازىم ئون بىر ياشقا كىرگەن بولۇپ، تارىق بىلەن تەڭدىمەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ بويى ئېگىز، بەدىنى سېمىز، ئۇستۇنكى كالپۇكى ئاستىنقى كالپۇكىدىن قېلىن ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى دېھمازاڭدا قاسساپلىق قىلاتتى. كازىم بەزى ۋاقىتلاردا يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارغا موزاي ئۇچەيلىرىنىڭ پارچىسىنى ئاتىدىغانلىقى بىلەن ھەممىگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەنىدى. دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشلاردا، بەزىدە تارىقنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، لەيلانىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرۈپ ھەر خىل ئاۋازلارنى چىقىرىپ ئۇنىڭ چىشىغا تېگەتتى. بىر كۈنى ئۇ لەيلانىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: «سەن بەك چىرايلىق ئىكەنسەن، سېرىق چاچ. مېنىڭ سېنى خوتۇنلۇققا ئالغۇم بار» دېگەنىدى.

ئەمدىلىكتە، ئۇ قولىدىكى تاپانچىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ تۇراتتى.

— قورقما، ھەرگىز ساڭا ئاتمايمەن، ھەرگىز بېشىڭغا ئاتمايمەن.

— ئۇنداق قىلما ! مەن سېنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتىمەن.

— نېمە قىلالايتتىڭ؟ — دېدى كازىم، — مېنى ھېلىقى توكۇرۇڭغا ئۇردۇرماقچىمۇ؟ ئاھ، تارىقجان، چاپسان كېلىپ، مېنى بۇ كەپسىزدىن قۇتقۇزۇۋېلىڭ، دېمەمسەن !

لەيلا ئارقىسىغا داجىدى. لېكىن، كازىم ئاللىقاچان تاپانچىنىڭ تەپكىسىنى بېسىپ بولغانىدى. ئارقا ـ ئارقىدىن چاچراپ چىقىۋاتقان ئىسسىق سۇ لەيلانىڭ بېشىغا، يۈزىنى توساپ

تۇرغان قولىلىرىغا چاچراشقا باشلىدى. باشقا ئوغۇل بالىلار مۆكۈۋالغان يەرلىرىدىن چىقىپ قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

كوچىدا ئادەم تىللايدىغان سۆز لەيلانىڭ تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ياكى قانداق چاغدا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ئەمما، ئۇ بۇ سۆزنىڭ باشقىلارنىڭ زىتىغا تېگىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

— پورداق يەپ قالغاننىڭ بالىسى.

— ئىشقىلىپ، مېنىڭ ئاپام سېنىڭ ئاپاڭدەك ئالجىپ قالمىدى، — دېدى كازىم ئاۋازىنى ئۆزگەرتمەي، — مېنىڭ دادام سېنىڭ داداڭدەك خوتۇن مىجەز ئەمەس. تولا گەپ قىلماي قولۇڭنى پۇراپ باقمامسەن؟

باشقا ئوغۇللارمۇ بەس - بەس بىلەن چۇرقىراشقا باشلىدى.

— قولۇڭنى پۇرا، قولۇڭنى پۇرا!

لەيلا قولىنى پۇرىدى. لېكىن، پۇراشتىن بۇرۇن، كازىمنىڭ نېمە ئۈچۈن بېشىڭغا سۇ چاچمايمەن، دېگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەنىدى. لەيلا قولىنى بۇرنىغا ئەكېلىپلا چىرقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئەتراپتىكىلەر تېخىمۇ چۇرقىراشقا باشلىدى. لەيلا ئۆكسۈپ يىغلىغان پېتى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ يۈگۈردى.

ئۇ قۇدۇقتىن سۇ ئەكىرىپ، مۇنچىدىكى چىلاپچىغا قۇيدى، كىيىمىنى سالدى - دە، چېچىغا سوپۇن سۈرۈپ، ئاچچىق بىلەن غۇدۇراپ، تازا ئۇۋۇلاپ يۇدى. بەدىنى ۋە بېشىنى قايتا - قايتا سوپۇنلاپ چايقىدى. بىرنەچچە قېتىم كۆڭلى ئېلىشىپ، قۇسۇۋېتىدىغاندەك بولۇپ كەتتى. يۈزى بىلەن بوينىنى تاكى قىزىرىپ كەتكۈچە لۆڭگىدە سۈرتتى.

لەيلا پاكىز كىيىمىنى كىيىۋېتىپ تارىقنى ئەسلىدى. ئەگەر ئۇ يېنىدا بولغان بولسا، كازىم ئۇنىڭغا سۇيدۇكىنى چېچىشقا ھەرگىز پېتىنالمىغان بولاتتى. ئاپىسى كۈندىكىدەك ئۇنى

مەكتەپتىن ئەكەتكەن بولىسچۇ؟ بەزى چاغدا ئاپىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنى تۇغقانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. لەيلا ئەگەر كىشىلەر بارلىق مۇھەببىتىنى ئىلگىرى تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىگە ئاتا قىلىپ بولغان بولسا، ئۇلار يەنە پەرزەنت كۆرۈپ نېمە قىلار، دېگەننى خىيال قىلدى.

لەيلا ئەلەم بىلەن ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى.

لەيلا ئۆزىگە بىر ئاز تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئاپىسىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى چەكتى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئاپىسىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئالدىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ، خۇددى ئەپسۇننى ياندۇرىدىغان خاسىيەتلىك سۆزنى ئېيتىۋاتقاندەك: «ئاپا، ئاپا، ئاپا...» دەپ قايتا ـ قايتا چاقىراتتى. لېكىن، ئاپىسى ئىشىكنى ئاچمايتتى. بۇ قېتىممۇ ئىشىكنى ئاچمىدى. لەيلا ھۇجرىغا كىردى.

بەزى چاغلاردا ئاپىسىنىڭ كەيپىياتى خېلى ياخشى بولۇپ قالاتتى. ئۇنداق چاغلاردا ئۇ كۆزلىرى نۇرلانغان ھالدا چەبدەسلىك بىلەن كارىۋىتىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ كۈلۈمسىرىگەندە، دوردىيىپ تۇرىدىغان تۆۋەنكى كالپۇكى يۇقىرىغا كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ مۇنچىغا چۈشۈپ، پاكىز كىيىملەرنى كىيىپ كۆزلىرىگە لاك سۈركەيتتى. لەيلانىڭمۇ چاچلىرىنى تاراپ قۇلاقلىرىغا چىرايلىق ھالقىلارنى تاقاپ قوياتتى. ئۇلار بىرلىكتە بازارغا باراتتى. شۇنداق چاغلاردا لەيلا يىلان ئويۇنچۇقلار بىلەن ئاسما شوتىلارغا يامىشىپ ئوينىۋالاتتى. ئۇلار ئاپىسى ياخشى كۆرىدىغان شاكىلات قىرمىسى يەيتتى. ئاپىسىنىڭ كەيپىياتى ياخشى كۈنلەردە، دادىسىنىڭمۇ كۈنى ياخشى بولاتتى. ھاكىم ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، فارىبە ئاشتاختىدىن كۆزىنى ئېلىپ ھاكىمغا قاراپ، قارىداپ كەتكەن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ كۈلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىچىدىكى جىددىيچىلىك قەيەرگىدۇر غايىب بولاتتى.

شۇنداق چاغلاردا، فارىبە بالىلارنىڭ چۇرقىراشلىرى ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن تولغان ئاشۇ خۇشال چاغلارغا قايتقاندەك بولاتتى. ئۇ بەزىدە پىرەنىكلەرنى پىشۇرۇپ، قوشنىلارنى چايغا تەكلىپ قىلاتتى. ئۇ داستىخاننى تەييارلىغۇچە، لەيلا جاۋۇرنىڭ ئەتراپىدىكى خېمىر يۇقلىرىنى تازىلايتتى. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇ قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقان ئاياللارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سالاتتى. گەرچە لەيلا ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا كۆپ سۆز قوشالمىسىمۇ، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، فارىبەنىڭ ھاكىم توغرۇلۇق شۇنچە قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەشلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، باشقا چاغلاردا ئۆيدە ئۇنداق پاراڭلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— ئۇ دېگەن ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى، — دەيتتى فارىبە، — ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتى. باشقا ئوقۇتقۇچىلاردەك بالىلارنى چىۋىق بىلەن ئۇرمايتتى، بەلكى ئۇلارغا ئۆز پەرزەنتىدەك مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىنى ھۆرمەت قىلغاچقا، ئۇلارمۇ ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى. بەكمۇ ئېسىل ئوقۇتقۇچى ئىدى دەڭلار.

فارىبە ھاكىمنىڭ ئۆزىگە توي قىلىش تەكلىپى قويغان جەرياننى سۆزلەپ بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى.

— ئۇ چاغدا مەن ئون ئالتە ياشتا ئىدىم. ئۇ ئون توققۇز ياشقا كىرگەنىدى. پەنشىردە ئىككىمىزنىڭ ئۆيى ئارا تام ئىدى. مېنىڭ ئۇنىڭغا راستلا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغانىدى دەڭلار. مەن دائىم ئىككىمىزنىڭ ئۆيىمىزنى ئايرىپ تۇرغان تامدىن ئارتىلىپ، ئۇنىڭ ھويلىسىغا چۈشەتتىم. ھاكىم ئىككىمىز ئۇنىڭ دادىسىنىڭ مېۋىلىك بېغىدا بىللە ئوينايتتۇق. ھاكىم بىزنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىپ، دادامدىن تەستەك يەپ قېلىشىمدىن بەك ئەنسىرەيتتى. ئۇ دائىم: «دادىڭىز ھامان بىر كۈنى ئەدىپىمنى بېرىدىغان بولدى» دەيتتى. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭغا: «ۋوي، نەۋرە

ئاكا، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ سىز مېنى سوراپ ئەلچى كىرگۈزەمسىز ياكى مەن سىزگە ئەلچى كىرگۈزەمدىم» دېدىم. توغرا، مەن شۇنداق دېدىم. سىلەر ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى چىرايىنى كۆرگەن بولساڭلار...

لەيلا فارىبە ۋە باشقا ئايالالارغا ئەگىشىپ چاۋاك چېلىپ قاقاھلاپ كۈلەتتى.

لەيلا بۇنداق پاراڭلارنى ئاڭلىغاندا، ئاپىسىنىڭ بىر چاغلاردا دادىسى ھاكىمغا بەكمۇ زوقلىنىدىغانلىقى، ئۇنىڭ بىلەن بىر ھۇجرىدا ئۇخلايدىغان كۈنلىرىنى خىيال قىلاتتى. ئۆزىنىڭ ئاشۇ خۇشال كۈنلەرنى كۆرۈشكە ئۇلگۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەپسۇسلىناتتى.

ھاكىم بىلەن فارىبەنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسى تەبىئىي ھالدا لايىق ئىزدەش تېمىسىغا يۆتكىلەتتى. ئەلۋەتتە، ئافغانىستان ــ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يىگىتلەر ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلارغا لايىق تېپىش كېرەك. مېھمان ئايالالار مەھەللىدىكى قىزلار ئىچىدىن ئەھمەد بىلەن نۇرغا لايىق تېپىش توغرۇلۇق پاراڭغا چۈشەتتى. گەرچە بۇ ئايالالار لەيلا شۇنچە ئىنتىزار بولغان، لېكىن كۆرۈش نېسىپ بولمىغان كۆرۈنۈشلەر توغرۇلۇق پاراڭ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۆزىنى ئارىغا ئالمايۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. لەيلا ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى، ئەھمەد بىلەن نۇر شىمال تەرەپتىكى پەنشىرگە كوماندىر ئەھمەد شاھ مەھسۇدنىڭ قوشۇنىغا قېتىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇش سېپىگە كەتكەنىدى. لەيلا ئۆز قېرىنداشلىرى توغرۇلۇق كۆپ ئىشلارنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئۇ پەقەت ئەھمەدنىڭ بوينىغا ئېسىلغان تۇمار بىلەن، نۇرنىڭ بىر قۇلىقىغا ئۆسۈپ قالغان بىر توپ قارا چاچنىلا ئەسكە ئالالايتتى.

ـــ ئازناچۇ؟

ـــ ھە، ھېلىقى گىلەمچىنىڭ قىزىمۇ؟ ـــ دەيتتى فارىبە چۆچۈگەندەك ئالىقانلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ مەڭزىنى قامالالاپ

تۇرۇپ.
— ھاكىمنىڭكىدىن جىق بۇرۇتى بار ئۇ قىزنىڭ.
— ئاناختامۇ بار. ئاڭلىساق ئۇ قىز زارغۇنا قىزلار مەكتىپىدە سىنىپىنىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇۋاتقانمىش.
— ئۇ قىزنىڭ چىشلىرىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ خۇددى قەبرە تاشلىرىغا ئوخشايدۇ. خۇددى كالپۇكىنىڭ ئارقىسىغا بىرمۇنچە قەبرە يوشۇرۇنۇۋالغاندەك كۆرۈنىدۇ.
— ئۇنداق بولسا ۋاھىدە ئاچا - سىڭىلىلارچۇ؟
— ئۇ ئىككى پاكىنەكمۇ؟ ياق، ياق، ياق. ئۇلار مېنىڭ ئوغۇللىرىمغا ھەرگىز لايىق ئەمەس. ئىنشائاللا، ئوغۇللىرىمغا بۇلاردىن ئوبدان لايىق چىقىدۇ.
پاراڭلارنى ئاڭلاۋاتقان لەيلانىڭ خىيال كەپتىرى يىراقلارغا پەرۋاز قىلىپ، ئاخىر تارىقنى ئىزدەپ تاپاتتى...

فارىبە دېرىزىدىكى سېرىق پەردىنى تارتىۋەتكەندىن كېيىن ھۇجرىنىڭ ئىچى قاراڭغۇلۇقتا چۆمدى. ئۆي ئىچىنى فارىبەنىڭ تىنىقىدىن چىققان پۇراق، كىر پايپاق، ئالدىنقى كۈندىن ئېشىپ قالغان قورۇما ۋە ئەتىرنىڭ پۇراقلىرى بىر ئالغانىدى. لەيلا ئۆيىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قاراپ ماڭماقچى بولدى. مېڭىشتىن بۇرۇن، گەرچە ئۇ قاراڭغۇلۇقتا كۆنۈۋېلىش ئۈچۈن بىر ئاز ساقلىغان بولسىمۇ، يەنىلا يەردە چېچىلىپ ياتقان كىيىملەرگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ كېتىشكە تاسلا قالدى.
لەيلا پەردىنى ئېچىپ، كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قويۇلغان قاتلىما ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئاپىسى ئەدىيالغا يۆگىلىپ دوڭغىيىپ مىدىر - سىدىر قىلماي ياتاتتى.
فارىبەنىڭ ھۇجرىسىنىڭ تاملىرىغا پۇتۇنلەي ئەھمەد بىلەن نۇرنىڭ سۈرەتلىرى ئېسىلغان بولۇپ، لەيلا قايسى تەرەپكە قارىسا ئۆزىگە ناتونۇش بولغان ئاشۇ ئىككى چىراي ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. بىر سۈرەتتە نۇر ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىت مىنىپ

تۇرغان، يەنە بىر سۈرەتتە ئەھمەد ئۇن ئىككى ياش ۋاقتىدا دادىسى ھاكىم ياسىغان قۇياش سائىتىنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندى. قارشى تامدىكى سۈرەتتە لەيلانىڭ ئاشۇ ئىككى ئاكىسى ھويلىدىكى قېرى نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئاستىدا يانمۇيان ئولتۇرۇشاتتى.

فارىبەنىڭ كارىۋىتى ئاستىغا قويۇلغان ئاياغ قېپى چوڭلۇقىدىكى ساندۇقنىڭ بىر بۇرجىكى لەيلانىڭ كۆزىگە چېلىقىپ تۇراتتى. بەزىدە ئاپىسى ساندۇقنىڭ ئىچىدىن پۈرلىشىپ كەتكەن گېزىت پارچىلىرى بىلەن كىتابلارنى ئېلىپ لەيلاغا كۆرسىتىپ قوياتتى. ئۇ كىتابلارنى ئەھمەد پارتىزان گۇرۇپپىلاردىن ۋە باش ئىشتابى پاكىستانغا جايلاشقان قارشىلىق كۆرسىتىش تەشكىلاتلىرىدىن يىغىپ ساقلىغانىدى. بىر قېتىم لەيلا ئاشۇ گېزىت پارچىلىرى ۋە كىتابلار ئارىسىدا بىر سۈرەتنى كۆرگەنىدى. ئۇ سۈرەتتە، ئاق خالات كىيگەن بىر ئادەم پۇتى يوق بىر كىچىك بالىغا كەمپۈت تەڭلەۋاتاتتى. سۈرەتنىڭ ئاستىغا «سوۋېت مىنالىرىنىڭ نىشانلىق قۇربانلىرى — بالىلار» دەپ يېزىلغانىدى. ئاشۇ سۈرەتكە مۇناسىۋەتلىك ماقالىدە ئېيتىلىشىچە، سوۋېتلىكلەر بالىلار ئويۇنچۇقلىرىنىڭ ئىچىگە پارتلاتقۇچ دورىلارنى يوشۇرۇپ قويىدىكەن. ئەگەر بالىلار ئويۇنچۇقنى قولىغا ئالسا، ئۇ ئويۇنچۇق دەرھال پارتلاپ ئۇلارنىڭ بارماقلىرىنى، ھەتتا بىلەكلىرىنى ئۈزۈپ تاشلايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بالىلارنىڭ دادىلىرى ئامالسىز ئۆيدە بالىلارنى بېقىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇرۇشقا قاتنىشالمايدىكەن. ئەھمەدنىڭ ساندۇقىدىكى گېزىت ۋە كىتابلارنىڭ ئارىسىدا بىر ياش ئەسكەر يازغان بىر پارچە ماقالىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئەسكەرنىڭ بايانىدا، سوۋېتلىكلەر ئۇنىڭ يېزىسىغا زەھەرلىك گاز تاشلىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ تېرىلىرى كۆيۈپ، كۆزى كور بولۇپ قالغانلىقى سۆزلەنگەنىدى. ئەسكەرنىڭ تەسۋىرلىشىچە، ئاشۇ ۋەقە بولغاندا، ئۆزىنىڭ ئاپىسى بىلەن سىڭلىسى چىرقىرىغىنىچە ئۆستەڭ

تەرەپكە يۈگۈرۈپ قاچقان ۋە بىرىپ بولغۇچە يولدا قان قۇسقان هالىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنمىش.

— ئاپا...

كارىۋاتتىكى ئەدىيال ئازراق مىدىراپ، ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئاپا. سائەت ئۈچ بولۇپ كەتتى.

يەنە بىر قېتىم ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلانغاندىن كېيىن، بىر قول خۇددى سۇ ئاستى پاراخۇتىنىڭ دۇربۇنى سۇ ئۈستىدە تۇساتتىن پەيدا بولغاندەك بىر كۆتۈرۈلۈپ، يەنە پەسكە چۈشتى. بۇ قېتىم ئەدىيال سىيرىلىپ پەسكە چۈشۈپ، دەسلەپتە ئاپىسىنىڭ پاخپايغان چاچلىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن تاتىراڭغۇ چىرايى كۆرۈندى. ئاپىسى كۆزلىرىنى تەسلىكتە ئاچتى ۋە كارىۋات بېشىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى.

— ئوقۇشۇڭ قانداق؟ — دەپ سورىدى فارىبە بوغۇق ئاۋازدا.

شۇنىڭ بىلەن رەسمىيەت ئۈچۈن تەكرارلىنىدىغان بىر قاتار سوئال - جاۋابلار باشلاندى. ھەر ئىككىسى خۇددى كونا مۇقامغا ئۇزاق ئۇسسۇل ئويناپ زېرىككەن بىر جۈپ ئۇسسۇلچىغا ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىگە خۇشياقمايۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ سۆھبەتكە ئۆزىنى مەجبۇرلاۋاتاتتى.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى لەيلا.

— بىرنەرسە ئۆگەندىڭمۇ؟

— كۈندە ئۆگىنىدىغان ئادەتتىكى نەرسىلەرنى ئۆگەندۇق.

— تاماق يېدىڭمۇ؟

— يېدىم.

— ياخشى بوپتۇ.

فارىبە بېشىنى كۆتۈرۈپ، دېرىزىگە قارىدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. ئوڭ مەڭزى قىزىرىپ كەتكەن، شۇ تەرەپتىكى چاچلىرى بېشىغا چاپلىشىپ قالغانىدى.

— بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ.

— ئاسپىرىن ئەكىلىپ بېرەيمۇ؟
فارىبە چېكىسىنى ئۇۋۇلىدى.
— سەل قاراپ باقاي. داداڭ قايتىپ كەلدىمۇ؟
— سائەت ئەمدى ئۈچ بولدى.
— ھە راست، بايا شۇنداق دېگەنىدىڭ، — دېدى فارىبە ئەسنەۋېتىپ، — مەن چۈش كۆرۈپتىمەن، — ئۇنىڭ ئاۋازى ئۇخلاش كېيىمىنىڭ كارىۋاتقا سۆركەلگەن ئاۋازىدىن سەللا يۇقىرى چىقىۋاتاتتى، — تېخى باياتىنلا، سەن كىرىشتىن بۇرۇن. لېكىن، چۈشۈمدە نېمە كۆرگىنىمنى پەقەت ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن. سەنمۇ شۇنداق بولۇپ باققانمۇ؟
— ھەممە ئادەم ئاشۇنداق، ئاپا.
— غەلىتە ئىشتە بۇ.
— سىز چۈش كۆرۈۋاتقاندا، بىر بالا سۇ تاپانچىسى بىلەن سۈيدۈكىنى چېچىمغا چېچىۋەتتى.
— نېمە چاچتى دېدىڭ؟
— سۈيدۈك چاچتى.
— بۇ... بۇ نېمىدېگەن قاملاشمىغان ئىش. ۋاي ئاللا، خاپا بولما، بىچارە قىزىم. مەن ئەتە ئەتىگەندە ئۇنىڭغا گەپ قىلاي ياكى بولمىسا ئۇنىڭ ئاپىسى بىلەن كۆرۈشەي. توغرا، مېنىڭچە ئۇنىڭ ئاپىسى بىلەن كۆرۈشسەم ياخشى بولغۇدەك.
— مەن سىزگە تېخى ئۇنىڭ كىملىكىنى ئېيتمىدىم.
— ھە، توغرا. ئۇ كىم، قىزىم؟
— بولدىلا.
— خاپا بولۇپ قاپسەن ـ دە؟
— سىز مېنى مەكتەپتىن ئەكەتمەكچى بولغان...
— شۇ... — دېدى فارىبە دۇدۇقلىغان ھالدا. لەيلا ئاپىسىنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. ئاپىسى چاچلىرىنى چاڭگاللاپ

يۈلۈشقا باشلىدى. لەيلا ھەممىشە ئاپىسىنىڭ چىچىنى مۇشۇنداق يۈلىۋەرگىنى سەۋەبلىك بېشىنىڭ تېخىچە تۇخۇمغا ئوخشاش تاقىر بولۇپ قالمىغانلىقىغا ھەيران ئىدى، — ئۇنداق بولسا... ھېلىقى دوستۇڭنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟ تارىق، شۇنداققۇ؟ ئۇ يوقمىدى؟

— ئۇ بۇ ھەپتە بىر يەرگە كەتكەن.

— ھە... — ئاپىسى يالغاندىن ئېغىر تىن تارتىپ قويدى، — يۇيۇندۇڭمۇ؟

— ھەئە.

— ئۇنداق بولسا پاكىزلىنىپ بوپسەن، — ئاپىسى ھارغىن قىياپەتتە دېرىزىگە قارىدى، — پاكىزلىنىۋالغان بولساڭلا باشقا ئىشلارنىڭ كارايىتى چاغلىق.

لەيلا ئورنىدىن تۇردى.

— مەن تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەي.

— شۇنداق قىلغىن. چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن دېرىزىنىڭ پەردىسىنى چۈشۈرۈۋەتكىن، قوزام، — دېدى فارىبە. ئۇنىڭ ئاۋازى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاللىقاچان ئەدىيالنىڭ ئىچىگە كىرىپ بولغانىدى.

لەيلا پەردىنى تارتىۋاتقاچ، كوچىدا توپا - چاڭ چىقىرىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ھېراتنىڭ تاختىسى قادالغان ھېلىقى «بېنز» ماركىلىق كۆك ماشىنا ئاخىر بۇ مەھەللىدىن كەتكەنىدى. لەيلا ئۇ ماشىنىنىڭ قارىسى يىتكۈچە دېرىزىدىن قاراپ تۇردى.

— مەن ئەتە چوقۇم ئۇنتۇپ قالمايمەن، — دېدى فارىبە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، — مەن ۋەدە قىلاي.

— سىز تۇنۇگۇنمۇ شۇنداق دېگەنتىڭىز.

— سەن بىلمەيسەن، لەيلا.

— نېمىنى؟ — لەيلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئاپىسىنىڭ چىرايىغا تىكىلدى، — مەن نېمىنى بىلمەيمەن؟

فارىبە بىر قولىدا مەيدىسىنى يېنىك مۇشتلىدى.

— مانا بۇ يەردە... بۇ يەردە نېمە بارلىقىنى سەن بىلمەيسەن، — ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى، — سەن پەقەت بىلمەيسەن.

# ئون سەككىزىنچى باب

بىر ھەپتە ئۆتتى. تارىقتىن ھېچ خەۋەر يوق. يەنە بىر ھەپتىمۇ جىمجىت ئۆتۈپ كەتتى. لەيلا ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن دادىسى ئوخشىيالمىغان توردىكى تۆشۈكنى يامىدى. دادىسىنىڭ كىتابلىرىدىكى چاڭ – توزانلارنى قېقىشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلەپ چىقتى. يەنە تېخى خاسىنا، گىتى ۋە گىتىنىڭ ئاپىسى بىلەن بىللە توخۇ كوچىسىنى ئايلانغىلىمۇ باردى. گىتىنىڭ ئاپىسى تىككۈچى ئىدى، گىتى بەزى ۋاقىتلاردا ئاپىسى بىلەن بىللە كىيىم تىكەتتى. شۇ ھەپتىسى لەيلا دۇنيادا ئادەم ئۈچۈن كۈتۈشتىن ئارتۇق ئازاب يوقلۇقىغا ھەقىقىي ئىشەندى.

يەنە بىر ھەپتە ئۆتتى.

لەيلانىڭ پىكىرلىرى قالايمىقانلىششقا باشلىدى.

ئۇ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاتا – ئانىسى كۆچۈپ كېتىپ ياخشى قىلدى. ئۇلارنىڭ غازنىغا قىلغان سەپىرى ئەمەلىيەتتە ئاتا – ئانىلارنىڭ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئازابلىق ئايرىلىشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئويلاپ تاپقان ئامالى.

ئۇ چوقۇم يەنە بىر قېتىم مىناغا دەسسەپ سالغان گەپ. دەسلەپكى قېتىم مىنا پارتلاپ ئۇ بىر پۇتىدىن ئايرىلغاندا، ئۇنىڭ ئاتا – ئانىسى ئۇنى تۇنجى قېتىم غازنىغا ئاپارغانىدى. ئۇ 1981 – يىلى، يەنى لەيلا ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى تارىقنىڭ تەلىيى ئوڭ كېلىپ ھايات قالغانىكەن. ئەمما، بۇ قېتىم...

يۇقىرىقى خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالغانىدى.

ئاخىر بىر كۈنى كەچتە لەيلا كوچىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن

چىراغنىڭ ئىنچىكە يورۇقىنى كۆردى ـ دە، ئىختىيارسىز هالدا چىرقىراپ سالدى. ئۇ دەرهال كارىۋىتىنىڭ ئاستىدىكى قولچىراغنى ئېلىپ ياندۇرماقچى بولدى. لېكىن، يانمىدى. لەيلا ئاچچىقلىنىپ، قولچىراغنى نەچچە قېتىم ئالىقىنىغا ئۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا يانمىدى. ئۇ قايتىپ كەلگەنىدى. لەيلا كارىۋىتىنىڭ چېتىدە ئولتۇرۇپ، يېنىك تىنغان هالدا، قايتا ـ قايتا يېنىپ ـ ئۆچۈۋاتقان ئاشۇ گۈزەل سارغۇچ رەڭلىك نۇرنى تاماشا قىلدى.

لەيلا ئەتىسى سەهەردە تارىقنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدە كازىم بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرى تۇراتتى. كازىم تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، توپا يەرگە تاياق بىلەن بىر نەرسىلەرنى سىزىۋاتاتتى. ئۇ لەيلانى كۆرۈپلا قولىدىكى تاياقنى يەرگە تاشلاپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بارماقلىرىنى ئوينىتاتتى. ئارقىدىنلا ئۇ بىرنەرسە دېيىشىگە، يېنىدىكى دوستلىرى قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى. لەيلا دەرهال بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، تېز قەدەملەر ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

— چېچىڭنى نېمە قىلدىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى لەيلا تارىق ئىشىكنى ئېچىشى بىلەن. ئەمما، تارىقنىڭ تاغىسىنىڭ ساتىراش ئىكەنلىكىنى دەرهال ئېسىگە ئالدى.

تارىق يېڭىدىن چۈشۈرۈۋېتىلگەن بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلدى.

— يارىشىپتۇمۇ؟

— سەن يېڭى ئەسكەرگە ئوخشاپ قاپسەن.

— سىلاپ باقامسەن؟ — دېدى ئۇ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ.

چاچنىڭ يىلتىزى لەيلانىڭ قولىغا ئۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئالىقانلىرىنى يېنىك غىدىقلىدى. ئۇ تارىقنىڭ سىلىق ۋە دوقىسىز بېشىغا بىرهازا قاراپ تۇردى.

تارىقنىڭ يۈزلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەنىدى.

ــــ نېمانداق ئۇزاق تۇرۇپ كەتتىڭ؟
ــــ تاغام ئاغرىپ قالدى. كىرە، ئىچكىرىگە كىر.
ئۇ لەيلانى ئۆيگە باشلاپ كىردى. پولىغا كونىراپ كەتكەن گىلەم سېلىنغان بۇ ئۆي لەيلاغا شۇنداق يېقىملىق كۆرۈنەتتى. سافادىكى خىلمۇخىل رەختتە تىكىلگەن كۆرپە، يېڭىنە سانجىلغان غالتەك يىپلار، كونا ژۇرناللار ۋە قېپىغا سېلىنىپ بىر بۇلۇڭغا تىزىپ قويۇلغان ئاككوردىيون تارىقنىڭ ئاددىي، لېكىن كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىنىڭ بەلگىلىرى ئىدى.
ــــ كىم ئىكەن ئۇ؟
ئاشخانىدىن تارىقنىڭ ئاپىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
ــــ لەيلا، ــــ دەپ جاۋاب بەردى تارىق.
ئۇ بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ كېلىپ لەيلاغا قويۇپ بەردى. ئۆينىڭ هويلىغا قاراپ تۇرغان قوش قاناتلىق دېرىزىسىدىن چۈشكەن نۇر ئۆي ئىچىنى تولۇق يورۇتۇپ تۇراتتى. دېرىزە تەكچىسىگە تارىقنىڭ ئاپىسى تۇزلىغان پېدىگەن بىلەن سەۋزە مۇرابباسى سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئىچى قۇرۇق قۇتىلار قاتار تىزىپ قويۇلغانىدى.
ــــ بىزنىڭ كېلىنچەك ئىكەنغۇ، ــــ دېدى تارىقنىڭ دادىسى ئىشكتىن كىرىۋېتىپ. تارىقنىڭ دادىسى ياغاچچى بولۇپ، ئورۇق، چاچلىرى ئاقارغان، ئاتمىش ياشلارغا كىرگەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئۇتتۇر چىشىنىڭ ئوتتۇرىسى ئاراچ، قىسىق كۆزلىرىدىن هاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى سىرتتا ئىش قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ قۇچىقىنى ئاچتى. لەيلا كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىدى. لەيلاغا تونۇش ۋە يېقىملىق بىلىنىدىغان هەرە كېپىكىنىڭ نەم پۇرىقى ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلدى. ئۇلار مەڭزلىرىگە ئۈچ قېتىم سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى.
ــــ سىز لەيلانى مۇشۇنداق دەپ چاقىرىۋەرسىڭىز بىزنىڭ ئۆيگە كەلمەي قويىدۇ، جۇمۇ، ــــ دېدى تارىقنىڭ ئاپىسى ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ. ئۇ بىر پەتنۇسقا يوغان بىر قاچا،

بىر قوشۇق ۋە تۆت پىيالە قويۇپ ئەكىرگەندى. ئۇ پەتنۇسنى داستىخانغا ئەكېلىپ قويدى.

— بۇ قېرىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماڭ قىزىم، — دېدى ئۇ لەيلانىڭ يۈزىنى ئىككى قولىدا سىلاپ، — سىزنى كۆرۈپ خۇش بولدۇم، تاتلىق قىز. كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ. مەن سەپەردىن بىرئاز مېۋە قېقى ئالغاچ كەلدىم. تېتىپ بېقىڭ.

ئۆيدىكى چوڭ ياغاچ ئۈستەل سىرلانمىغانىدى، تارىقنىڭ دادىسى بۇ ئۈستەل - ئورۇندۇقلارنى ئۆز قولى بىلەن ياسىغانىدى. ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە ئاي بىلەن يۇلتۇزنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن يېشىل رەڭلىك داستىخان سېلىنغانىدى. ئۆينىڭ تاملىرىغا پۈتۈنلەي تارىقنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى سۈرەتلەر چاپلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ ئىككىلا پۇتى ساق ۋاقتىدا تارتىلغانىدى.

— ئاڭلىسام ئىنىڭىز ئاغرىپ قاپتۇ، — دېدى لەيلا تارىقنىڭ دادىسىغا، پىيالىدىكى سۇغا چىلىغان يەل - يېمىش، پىستە - بادام ۋە ئۆرۈكلەرگە ئېغىز تەگكەچ.

تارىقنىڭ دادىسى تاماكا تۇتاشتۇرۇۋاتاتتى.

— شۇنداق. لېكىن، خۇداغا شۈكۈر، هازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدى.

— يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپتۇ. بۇ ئىككىنچى قېتىم شۇنداق قوزغىلىشى، — دېدى تارىقنىڭ ئاپىسى ئېرىگە ئەيىبلەش نەزىرىدە قاراپ. تارىقنىڭ دادىسى ئاغزىدىكى تاماكا ئىسىنى پۈۋلىۋېتىپ، لەيلاغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ قويدى. ئەگەر تارىقنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئۇنىڭ بوۋا - مومىسى دېسىمۇ كىشىلەر ئاسانلا ئىشىنەتتى. تارىقنىڭ ئاپىسى ئۇنى قىرىق ياشتىن ئاشقاندا تۇغقانىدى.

— دادىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق قىزىم؟ — دەپ سورىدى تارىقنىڭ ئاپىسى پىيالىدىن كۆزىنى ئۈزمەي. لەيلا تارىقنىڭ ئاپىسىنى تونۇغاندىن بېرى بېشىغا يالغان چاچ سالاتتى. ئۇنىڭ

بېشىدىكى ئۆڭۈپ كەتكەن يالغان چاچ بۈگۈن پېشانىسىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئاق چاچلىرى يان تەرەپتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بەزى كۈنلىرى ئۇ يالغان چاچلار راۋرۇس قاملاشتۇرۇلۇپ تارىلاتتى. ھالبۇكى، ئۇ يالغان چاچلار لەيلانىڭ ئاۋۇ سالماقلىق ۋە تەمكىنلىك چىقىپ تۇرغان چىراي ۋە ئۆتكۈر كۆزلەرگە بولغان يېقىنلىقى ۋە ھۆرمىتىگە ئازراقمۇ دەخلى قىلمايتتى.

— ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ. ھازىرمۇ سىلودا، لېكىن ئۆزى ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ.

— ئاپىڭىزچۇ؟

— بەزى كۈنلىرى ياخشى. بەزى كۈنلىرى ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس. بۇرۇنقىدەكلا.

— ئەلۋەتتە، — دېدى تارىقنىڭ ئاپىسى جىددىي قىياپەتتە، — ئانا ئۈچۈن بالىلىرىدىن ئايرىلىشتىن ئېغىر ئازاب يوق.

— چۈشلۈك تاماقنى بىزنىڭكىدە يەمسەن؟ — دەپ سورىدى تارىق.

— چوقۇم شۇنداق قىلىڭ، — دېدى ئۇنىڭ ئاپىسى، — مەن شورپا سېلىۋاتىمەن.

— سىلەرنى ئاۋارە قىلغۇم يوق.

— نېمە ئاۋارىسى؟ — دېدى تارىقنىڭ ئاپىسى، — بىزدىن ئىككى ھەپتە ئايرىلىپلا تۇزۇت قىلىدىغان بولۇپ قاپسىزغۇ؟

— بولىدۇ. مەن تاماق يەپ كېتەي، — دېدى لەيلا قىزارغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ.

— ئۇنداق بولسا كېلىشتۇق.

راستىنى ئېيتقاندا، لەيلا تارىقنىڭ ئۆيىدە تاماق يېيىشنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تاماق يېگەندىن مىڭ ھەسسە ياخشى كۆرەتتى. تارىقنىڭ ئۆيىدە يالغۇز تاماق يەيدىغان ئىش يوق، ھەرقاچان بىر ئائىلە كىشىلىرى دەرقەمتە ئولتۇرۇپ تاماق يەيتتى. لەيلا بۇ ئائىلىنىڭ ئادەتلىرىنى ياقتۇراتتى. مەسىلەن، ئۇ بۇ ئۆيدىكى بىنەپشە رەڭلىك پىلاستىك چاي ئىستاكانىنى ۋە چايغا چارەك

پارچە لېمون سىلىپ ئىچىشنى ياخشى كۆرەتتى. ھەرقاچان تاماقتىن ئاۋۋال يېگىلى ئۇيۇتۇلغان قېتىق ئىچىشنى ۋە داستىخاندىكى ھەربىر تاماقنىڭ ئۈستىگە ئاپپىلسىن شىرنىسى تېمىتىپ يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلارنىڭ تاماق ئۈستىدە بىر ـ بىرىنى يېنىك كەلتۈرۈپ قىلغان چاقچاقلىرىدىن ھۇزۇرلىناتتى. تاماق ئۈستىدە بولۇۋاتقان پاراڭلارنىڭ تېمىسىمۇ ئۇنىڭغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى. تارىقنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر پاشتۇن مىللىتىدىن بولۇپ، ئادەتتە پاشتۇن تىلىدا سۆزلىشەتتى. لەيلا مەكتەپتە پاشتۇن تىلى ئۆگەنگەچكە ئاز ـ تولا بولسىمۇ پاشتۇنچە چۈشىنەتتى. لېكىن، لەيلا بار چاغدا پاراڭلار چوقۇم پارسچە داۋاملىشاتتى. لەيلانىڭ ئاپىسىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە ئافغانىستاندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئۆزىگە ئوخشاش تاجىكلار بىلەن، تارىق مەنسۇپ بولغان مىللەت، يەنى ئافغانىستاندىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان پاشتۇنلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار ئىكەن. تاجىكلار ئۆزلىرىنى پاشتۇنلارنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرىغانلار، دەپ قارايدىكەن. پاشتۇن پادىشاھلىرى ئافغانىستاندا ئىككى يۈز ئەللىك يىل ھۆكۈم سۈرگەنىكەن. تاجىكلار بولسا 1929 ـ يىلى پەقەت توققۇز ئايلا ھۆكۈم سۈرگەنىكەن.

— سىزچۇ؟ — دەپ سورىغانىدى لەيلا دادىسىدىن، — سىزمۇ كەمسىتىلگەندەك ھېس قىلامسىز، دادا؟

دادىسى كۆزئەينىكىنى كۆڭلىكىنىڭ پېشىگە سۈرتكەچ مۇنداق دېگەنىدى:

— مېنىڭچە، سەن تاجىك، مەن پاشتۇن، ئۇ ھازارە، بۇ ئۆزبېك دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسى يوق ھەم ئىنتايىن خەتەرلىك سۆزلەر. بىز ھەممىمىز ئافغانلار. مانا بۇ ھەممىدىن مۇھىم. لېكىن، بىر مىللەت باشقا بىر مىللەت ئۈستىدىن ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزسە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھەرقاچان نارازىلىق ۋە سۈركىلىش بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ تارىختىن بۇيان

شۈنداق بولۇپ كەلگەن.

بەلكىم، دادىسىنىڭ ئېيتقانلىرى توغرىدۇر. لېكىن، لەيلا تارىقنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ھېچقانداق سوغۇقچىلىق سەزمەيتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مىللەت، تىل، ھەتتا بەزى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئۇنىڭ تارىقنىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمىگەندى ھەم تەسىر يەتكۈزۈشىگىمۇ ئۇ ھەرگىز ئىشەنمەيتتى.

ــ ئىككىمىز قارتا ئوينامدۇق؟ ــ دېدى تارىق.

ــ شۇنداق قىلىڭلار. ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئويناڭلار، ــ دېدى ئاپىسى ئېرىنىڭ تاماكا چېكىشىگە نارازى بولغاندەك قولى بىلەن تاماكا ئىسىنى يەلپۈپ تۇرۇپ، ــ مەن شورپىغا قاراپ باقاي.

ئۇلار تارىقنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۈم يېتىپ، قارتا تېپىشماق ئويۇنى ئويناشقا باشلىدى. تارىق بىر پۇتىنى مىدىرلىتىپ ئويناتقاچ، لەيلاغا ئۆزىنىڭ سەپىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. ئۇ تاغىسىغا ياردەملىشىپ ئالما كۆچىتى تىككەنلىكى، گۈللۈك ئارىسىدىن بىر تىرىك يىلاننى تۇتۇۋالغانلىقىنى ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى.

تارىقنىڭ ھۇجرىسىدا بىللە تاپشۇرۇق ئىشلەش، قارتا ئويناش ئۇلارغا ئادەت بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار بەزىدە بىر ـ بىرىنىڭ ھەجۋىي رەسىملىرىنى سىزىشاتتى. يامغۇر ياغقان كۈنلىرى بولسا، دېرىزىنىڭ تۈۋىدە ئىسسىق گازلىق ئاپېلسىن سۈيى ئىچكەچ، دېرىزە ئەينىكىگە ئۇرۇلۇۋاتقان يامغۇر تامچىلىرىنى تاماشا قىلاتتى.

ــ ماۋۇ تېپىشماقنى تېپىپ باقە، ــ دېدى لەيلا قولىدىكى قارتىلارنى ئارىلاشتۇرغاچ، ــ جاھان كېزىدۇ، بۇلۇڭدىن چىقمايدۇ، ئۇ نېمە؟

ــ توختاپ تۇر، ــ تارىق ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇنئىي پۇتىنى سوزدى ـ دە، ئاۋايلاپ بىر يانپىشىنى بېسىپ ياتتى. ئۇنىڭ سەل ئاغرىق ئازابى تارتىۋاتقانلىقى قىسىلغان كۆزلىرىدىن بىلىنىپ

تۇراتتى، — ياستۇقنى سۇنۇپ بېرە، — ئۇ لەيلا سۇنغان ياستۇقنى پۇتىنىڭ ئاستىغا قويدى، — ھە، ئەمدى ياخشىراق بولدى.

لەيلا ئالتە ياش ۋاقتىدا تارىقنىڭ كېسىۋېتىلگەن پۇتىنىڭ بېشىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەنىدى. ئۇ چاغدا لەيلا ئۇنىڭ تىزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى پارقىراپ تۇرغان تېرىنى بىر قولى باسقاندا، قولىغا كىچىك - كىچىك مونەكلەر ئۇرۇلغانىدى. تارىق ئۇنىڭغا ئۇ مونەكلەرنىڭ پۇتىنىڭ تىزىدىن تۆۋەنكى قىسمى كېسىپ تاشلانغاندىن كېيىن ئۆسۈپ چىققان كىچىك سۆڭەكلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. لەيلا ئۇ يەرنىڭ ئاغرىيدىغان - ئاغرىمايدىغانلىقىنى سورىغاندا، تارىق بەزى كېچىلىرى ئىششىپ ئاغرىيدىغانلىقىنى، بەزىدە يالغان پۇتقا پاتماي بىئارام قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ بەرگەنىدى.

— بەزىدە ھاۋا ئىسسىپ كەتكەندە ئۇ يەر تۆمۈرگە سۈركىلىپ، قىزىرىپ كېتىدۇ. لېكىن، ئاپام سىقىما ماي سۈرتۈپ قويسا ساقىيىپ قالىدۇ، — دېگەندە لەيلانىڭ كۆزلىرى ياشلانغانىدى.

— نېمىگە يىغلايسەن؟ — دېگەنىدى ئۇ سۇنئىي پۇتىنى دەرھال جايىغا سېلىپ تۇرۇپ، — سەن ئۆزۈڭ كۆرسىتىپ قوي دېدىڭ، يىغلاڭغۇ. ئەگەر بۇنداق ئۇششۇقلۇقۇڭنى بىلسەم، ساڭا ھەرگىز كۆرسەتمەيتتىم.

— ماركا! — دېدى تارىق.

— نېمە؟

— تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى دەۋاتىمەن. ئۇ ماركا. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ھايۋانات باغچىسىغا بېرىپ كېلەيلىچۇ.

— بۇنىڭ جاۋابىنى بۇرۇنلا بىلىدىكەنسەن - دە؟

— ياق. مەن ھەرگىز بىلمەيتتىم.

— ئالدامچى.

— ئۆزۈڭ ئىچىڭ تارلىق قىلىۋاتىسەن.

— نېمىگە؟
— مېنىڭ ئەقىلللىكلىكىمگە.
— نېمە؟ سەن ئەقىلللىكمۇ؟ ئۇنداق بولسا دەپ باقە، شاھماتتا كىم دائىم ئۇتىدۇ؟
— مەن ساڭا يول قويۇپ، قەستەن يېڭىلىپ بېرىمەن، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، لېكىن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ يالغان ئىكەنلىكى ھەر ئىككىسىگە ئايان ئىدى.
— ماتېماتىكا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن كىم؟ سەن مەندىن بىر سىنىپ يۇقىرى تۇرۇپمۇ ماتېماتىكىدىن ياردەم سوراپ مېنىڭ قېشىمغا كېلىسەنغۇ؟
— ئەگەر ماتىماتىكا دەرسىدە قىينالمىغان بولسام، سەندىن ئىككى سىنىپ يۇقىرى ئوقۇيتتىم.
— مېنىڭچە سەن جۇغراپىيەگە ئۆچقۇ دەيمەن؟
— سەن قانداق بىلىسەن؟ ئەمدى تولا گەپ قىلما. نەق گەپكە كېلەيلى، بىز باغچىغا بارامدۇق ـ بارمامدۇق؟
لەيلا كۈلۈمسىرىدى.
— ماقۇل، بارايلى.
— ئۇنداق بولسا ياخشى.
— مەن سېنى سېغىنىدىم.
ئارىنى بىردەم جىمجىتلىق باستى. تارىق كۈلكە ئارىلاش ئوڭايسىزلىق بىلەن لەيلاغا قاراپ:
— ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.
لەيلا، خاسىنا ۋە گىتىلار بىر ـ بىرىنى ئىككى كۈن كۆرمىسە ئاشۇ سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇلار قىينالماستىنلا بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل ئىپادىلەيتتى. «ۋاي، مەن سېنى سېغىنىدىم خاسىنا.» «مەنمۇ سېنى سېغىنىدىم.» ئەمما، لەيلا دەل ئاشۇ سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، تارىققا بولغان دوستلۇقىنى ئىپادىلىگەندە، تارىق خۇددى ئېيتىشقا بولمايدىغان بىر مەخپىيەتلىكنى ئاڭلاپ ئوڭايسىزلانغاندەك، قانداق ئىنكاس

قايتۇرۇشنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدى. لەيلا تارىقنىڭ قاراشلىرىدىن ئوغۇللار بىلەن قىزلارنىڭ بۇ جەھەتتە زور پەرقلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە دوستلۇق ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈشىنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. لەيلانىڭ ئاكىلىرى بۇ يەردە بولغان بولسا ئۇلارمۇ چوقۇم تارىققا ئوخشاش بولاتتى. لەيلاغا شۇ نەرسە ئايان بولدىكى: ئوغۇللارنىڭ دوستلۇقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپتىراپ قىلىشى خۇددى ئادەملەرنىڭ قۇياشنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا سوئال قويمايدىغانلىقىغا ئوخشاش ئۇنىڭ ھاراردىن ھۇزۇرلىنىشقا بولىدىغان، ئىغىزغا ئېلىنمايدىغان ئىش ئىكەن.

ـــ قەستەن چىشىڭغا تېگىپ شۇنداق دەپ قويدۇم، ـــ دېدى لەيلا. تارىق لەيلاغا چەكچىيىپ قاراپ قويدى.

ـــ ئۇنداق بولسا، مەقسىتىڭگە يەتتىڭ.

لېكىن، تارىقنىڭ ئوڭايسىزلانغانلىقتىن قارىداپ كەتكەن چىرايى خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئەسلىگە كەلمىدى.

لەيلانىڭ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى تارىققا ئېيتىش ئويى يوق ئىدى. چۈنكى، لەيلا ئۇ ئىشنى تارىققا ئېيتىشنى توغرا تاپمايتتى. تارىق ھېچ ئىشنى بولدى قىلىۋەتمەيتتى ھەم ھېچكىمنى بوش قويۇۋەتمەيتتى. لەيلا تارىق بىلەن بىللە ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ ماڭغاندا، كازىم بەلبېغىنى تۈتقىنىچە تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى. دوستلىرى ئۇنى چۆرىدىۋالغانىدى. ئۇ لەيلاغا قاراپ مەسخىرىلىك ھىجىيىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن لەيلا بولغان ئىشنى تارىققا دەپ سالدى، لېكىن گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپلا توختاپ قالدى.

ـــ ئۇنى نېمە قىلدى، دېدىڭ؟

لەيلا جاۋاب بەردى. تارىق كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن كازىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سورىدى:

ـــ ئاشۇ شۇ، شۇنداققۇ؟ خاتالاشمىغانسەن؟

— ياق، خاتالاشمىدىم.

تارىق چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، غەزەپلەنگەن هالدا، ئۆز - ئۆزىگە پاشتۇنچە بىرنەرسىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى. لەيلا ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى.

— سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر، — دېدى ئۇ پارسچە.

— ياق تارىق، بولدى قىل.

ئۇ ئاللىقاچان كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ بولغانىدى.

كازىم تارىقنى كۆرۈش بىلەنلا، چىرايىدىكى كۈلكە قاياقلارغىدۇر غايىب بولۇپ، تامدىن ئالدىغا مېڭىپ، قوللىرىنى بەلبېغىدىن ئالدى - دە، خۇددى ئۇرۇشقا تەييار بولغاندەك ھەيۋە بىلەن تارىققا قارىدى. ئەتراپتىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

لەيلا ئۆزىنىڭ ئۇ ئىشنى تارىققا ئېيتقانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئۇلار جېدەللىشىپ قالسىچۇ؟ كازىمنىڭ ئادىمىدىن قانچىسى بار؟ ئون؟ ئون بىر؟ ياكى ئون ئىككى؟ ئۇلار تارىقنى ئۇرۇپ زەخمىلەندۈرۈپ قويسىچۇ؟

تارىق كازىمنىڭ بىرنەچچە قەدەم ئالدىدا توختىدى. لەيلا ئەنە شۇ پەيتتە تارىقنىڭ نىيىتىدىن يېنىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ يەرگە ئېڭىشكەندە بولسا، لەيلا ئۇنى ئايىغىنىڭ شوينىسىنى چىگكەن بولۇپ، ئارقىغا قايتىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلىدى. لېكىن، ئۇ تارىقنىڭ نېمە قىلماقچى بولغىنىنى چۈشەندى.

تارىق بىر پۇتى بىلەن ئورنىدىن تۇرغاندا بولسا، باشقىلارمۇ كېيىنكى قەدەمدە نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ بىر پۇتى بىلەن سەكرەپ كازىمغا يېقىنلىششقا باشلىدى. يالغان پۇتىنى خۇددى قىلىچقا ئوخشاش بىر قولىدا ئېگىز كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئەتراپتىكىلەر ھودۇقۇقان ھالدا بىر چەتكە ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا يول بەردى. ئارقىدىنلا ئەتراپنى چاڭ - تۇزان، مۇشتلىشىغان، تەپكەن ۋە ئىڭرىغان ئاۋاز بىر ئالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن كازىم لەيلاغا قارىسىنى كۆرسەتمىدى.

لەيلا بۈگۈن كەچتىمۇ باشقا كۈندىكىگە ئوخشاشلا، ئىككى كىشىلىك تاماق تەييارلىدى. ئاپىسى ھېلىراقتا ئۆزىنىڭ تاماققا تاۋى يوقلۇقىنى ئېيتقانىدى. ئۇنداق ۋاقىتلاردا، فارىبە لەيلاغا دادىسى قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن تاماقنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ بېرىشنى ئېيتاتتى. لەيلا دادىسى بىلەن كەچلىك تاماققا ئولتۇرغاندا بولسا، ئۇ ئاللىقاچان تاماقنى يەپ بولۇپ، كارىۋىتىدا ئۇخلىغان ياكى تورۇسقا قاراپ تىكىلىپ ياتقان بولاتتى. ھاكىم سۇخانىدىن چىقىپ، داستىخانغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ چېچىدىكى ئۇن يۇقىلىرىنى پاكىز يۇيۇۋېتىپ، چاچلىرىنى ئارقىسىغا رەتلىك تارىۋالغانىدى.

— بۈگۈن كەچتە نېمە تاماق يەيمىز، لەيلا؟

— ئېشىپ قالغان سۇيۇقئاش.

— ئەجەب ياخشى، — دېدى ئۇ چېچىنى قۇرۇتقان لۆڭگىنى قاتلىغاچ، — ئۇنداقتا بۈگۈن بىز نېمىنى مەشىق قىلاتتۇق؟ كەسىر سانلارنى قوشۇشنىمۇ؟

— ياق، كەسىر سانىنى ئارىلاش كەسىر سانغا ئايلاندۇرۇشنى.

— ھە، توغرا.

ھەر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن دادىسى لەيلانىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە ياردەملىشەتتى. ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇق بېرەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى مەكتەپتە ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەرگە نارازى بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى لەيلانىڭ سىنىپتىكى باللاردىن بىر ـ ئىككى قەدەم ئالدىدا مېڭىشى ئۈچۈن ئىدى. مەكتەپتىكى تەشۋىقات خاراكتېرلىك مەزمۇنلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەرگە قارشى ئەمەس ئىدى. گەرچە يېڭى ھۆكۈمەت ھاكىمنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ۋە ئۆزىنى بېغىشلىغان بىر كەسىپتىن مەھرۇم قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈشكە قوشقان تۆھپىسىنى، ھېچبولمىغاندا شۇنداق قىلىش مەقسىتى بارلىقىنى ھاكىم

ئىنكار قىلمايتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئاياللار مائارىپىدا چوڭ ئۆزگىرىش قوزغىغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايتتى. ھۆكۈمەت بارلىق ئاياللارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش تەدبىرىنى يولغا قويغانىدى، ھاكىم لەيلاغا ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئۇچتىن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىنىڭ قىزلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تېبابەت، قانۇنچىلىق ۋە ئىنژېنېرلىق كەسىپلىرىدە ئوقۇيالايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

— بۇ دۆلەتتە ئاياللار ئەزەلدىن جاپا چېكىپ كەلگەن، لەيلا. لېكىن، ھازىر يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ قولى ئاستىدا ئۇلار بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ ئەركىنلىككە ئېرىشتى. كۆپ ھوقۇقلارغا ئىگە بولدى، — دېگەنىدى ھاكىم خوتۇنىنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ تۆۋەن ئاۋازدا. چۈنكى، خوتۇنىنىڭ يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ تەرىپىنى قىلىدىغان كىچىككىنە سۆزلەرگىمۇ رايى يوق ئىدى.

— لېكىن، بۇ ھەقىقەت، — دېگەنىدى ھاكىم، — ئافغانىستاندا ئاياللارنىڭ روناق تاپىدىغان دەۋرى كەلدى. سەنمۇ شۇ قاتاردا ئوخشاش ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولىسەن، — ئۇنىڭ ھاياجان بىلەن چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، — كىشلەرنىڭ ئۇ يەرلەردە قولىغا قورال ئېلىپ جەڭگە ئاتلانغانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرىمۇ دەل شۇ.

ھاكىمنىڭ «ئۇ يەرلەر» دېگىنى كابۇلنى كۆرسەتمەيتتى. بۇ شەھەر ئافغانىستاننىڭ باشقا جايلىرىغا قارىغاندا ئەركىن ۋە ئىلغار ئىدىيەلىك شەھەر ھېسابلىناتتى. كابۇلدا ئاياللار ئۇنىۋېرسىتېتلاردا دەرس ئۆتەتتى، مەكتەپلەرنى باشقۇراتتى، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ھوقۇق تۇتاتتى. ھاكىمنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئافغانىستاننىڭ جەنۇب ۋە شەرقىي قىسمىدىكى پاكىستان چېگراسىغا يېقىن پاشتۇن رايونلىرىدىكى قەبىلىلەر ئىدى. ئۇ يەردە ئاياللارنىڭ كوچىغا چىقىشى مەنئىي قىلىنغان بولۇپ،

كوچىغا چىققان تەقدىردىمۇ چوقۇم بۇرقا كىيىشى، سىرتقىمۇ ئەرلەرنىڭ نازارەتچىلىكىدە چىقىشى كېرەك ئىدى. شۇ رايونلاردىكى كىشىلەر قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى بىلەن ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يەرلەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر كوممۇنىستلارنىڭ ئاياللارنى ئازاد قىلىشىغا، مەجبۇرىي نىكاھنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىغا، توي قىلىش يېشىنى ئون ئالتە ياشقا كۆتۈرۈشكە قارشى تۇراتتى. ئۇلار يەنە دىنسىز بىر ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىنى ئۆيدىن ئايرىپ مەكتەپلەرگە ئەۋەتىشىنى، ئاياللىرىنىڭ يات ئەرلەر بىلەن بىللە ئىشلەشكە مەجبۇرلىنىشىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىنغان ھاقارەت دەپ قارايتتى. ھاكىمنىڭ «ئۇ يەرلەر» دېگىنى ئاشۇنداق ئىدىيەگە ئىگە ئەرلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان جايلارنى كۆزدە تۇتاتتى.

— بۇنداق ئىشلاردىن خۇدا ساقلىسۇن! دېيىشىدۇ تېخى، — دەيتتى ھاكىم تەنە قىلغان ھالدا. ئاندىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېتىپ، — لەيلا قىزىم، ئافغانىستاننىڭ يېڭەلمەيدىغان ئەڭ چوڭ دۈشمىنى دەل ئافغانىستاننىڭ ئۆزى، — دەيتتى.

ھاكىم تاماق ئۈستىلىگە كېلىپ بىر پارچە ناننى چىنىدىكى سۇيۇقئاشقا چىلىدى. لەيلا تاماقتىن كېيىن دادىسىغا تارىقنىڭ قانداق قىلىپ كازىمىنىڭ ئەدىپىنى بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولغانىدى. لېكىن، لەيلاغا ئۇنداق پۇرسەت نېسىپ بولمىدى. چۈنكى، دەل شۇ پەيتتە، ئىشىك قېقىلىپ، بوسۇغىدا خەۋەر ئەكەلگەن يات كىشى پەيدا بولدى.

# ئون توققۇزىنچى باب

لەيلا ئىشىكنى ئاچتى. بوسۇغىدا يۇزلىرى شامالدا قۇرۇپ كەتكەن، ئۇستىگە توپا رەڭ پەلتو، بېشىغا تۇماق كىيگەن، دىقماققىنا بىر ئادەم تۇراتتى.

— مەن سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىز بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم، دوقمىيارجان، — دېدى ئۇ كىشى لەيلاغا.

— سىز كىم؟

ھاكىم لەيلانىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ يان تەرەپكە تارتتى.

— سەن ئۇستىگە چىقىپ تۇر، لەيلا. تېز بول.

لەيلا پەلەمپەيدىن چىقىۋېتىپ، مېھماننىڭ ھاكىمغا پەنشىردىن خەۋەر ئەكەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. بۇ چاغدا فارىبەمۇ پەستىكى مېھمانخانا ئۆيگە چۈشكەنىدى. ئۇ بىر قولىدا ئاغزىنى توسۇپ، بىردە ھاكىمغا، بىردە كەلگەن كىشىگە قارايتتى.

لەيلا ئۇستۇنكى قەۋەتتىن تۆۋەنگە قاراپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھماننى ئۇستەلگە باشلاپ، بىللە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. مېھمان بېشىنى ئۆلارغا يېقىن ئەكىلىپ بىرنېمىلەر دېۋىدى، ھاكىمنىڭ چىرايى تاتىرىپ، بېشى ساڭگىلاپ كەتتى. فارىبە چاچلىرىنى يۇلۇپ جېنىنىڭ بارىچە چىرقىراشقا باشلىدى.

ئەتىسى سەھەردە، مەھەللىدىكى بىر توپ ئاياللار ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، نەزىر ئىشىغا تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. فارىبە سافادا قول ياغلىقىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. ئىككى يېنىدا ئولتۇرغان ئاياللار بولسا نۆۋەت بىلەن فارىبەنىڭ قولىنى تۇتۇپ، خۇددى كەم ئۇچرايدىغان

نازۇك قونچاقنى پەيلىگەندەك ئۆنىڭغا تەسەللى بېرەتتى. ئەمما، فارىبە ئۆلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى سەزمىگەندەك ئولتۇراتتى. لەيلا ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قولىنى تۇتتى.

— ئاپا.

فارىبەنىڭ كۆزى لەيلاغا يۆتكەلدى.

— بىز ئاپىڭىزنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمىز، لەيلاجان، — دېدى ئاياللارنىڭ بىرى. لەيلا ئۆلۈم - يېتىملەردە ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالغىنىغا خۇش بولىدىغان، ئۆز ۋەزىپىسىنى ھېچقانداق ئادەمگە ئۆتۈنۈپ بەرمەيدىغان مۇشۇنداق ئاياللارنى كۆرگەنىدى.

— ھەممە ئىشلار ئۆز جايىدا. سىز ئەمدى نېرى كېتىڭ، قىزىم. ئاپىڭىزنى تىنچ قويۇڭ.

لەيلا تېڭىرقىغان ھالدا بۇ ئۆيدىن ئۇ ئۆيگە كىرەتتى. ئۇ يەنە ئاشخانا ئۆيدىمۇ مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈردى. لەيلا خاسىنانىڭ ئاپىسى بىلەن بىللە ھويلىغا كىرگىنىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. خاسىنانىڭ ھەمىشە شوخلۇق ۋە كۈلكە تېپىپ تۇرىدىغان چىرايىدىن ئەسەر قالمىغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي گىتىمۇ ئاپىسى بىلەن بىللە پەيدا بولدى. ئۇ لەيلانىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، ئورۇق بىلەكلىرى بىلەن لەيلانى ئۇزۇن قۇچاقلىدى.

— سىلەرگە كەلگەن كېلىشمەسلىككە كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى. ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي، — دېدى گىتى كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا.

— رەھمەت.

لەيلا خاسىنا ۋە گىتىلار بىلەن ھويلىدا ئولتۇردى. ئۆيدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئاياللارنىڭ بىرى ئۇلارنى ئاشخانىغا كىرىپ پاكىز تەخسىلەرنى ئۈستەلگە تىزىشقا بۇيرۇدى.

ھاكىممۇ ھويلىدا تېڭىرقىغان ھالدا مېڭىپ يۈرەتتى.

— بۇنى كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار، — بۇ فارىبەنىڭ ئەتىگەندىن

بېرى ئېيتقان تۇنجى ھەم بىردىنبىر سۆزى ئىدى.

ھاكىم كارىدورغا قويۇلغان قاتلىما ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئۇنىڭدىن ھېچكىممۇ ئەھۋال سورىمايتتى. كارىدوردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئايال ئۇنىڭغا يولنى توسىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. ھاكىم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، كەچۈرۈم سورىدى ـ دە، كۇتۇپخانىغا كىرىپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن ئەرلەر ھاكىم ئىجارە ئالغان قارتەھشە رايونىدىكى بىر زالغا يىغىلىشتى. ئاياللار بولسا توپ ـ توپ بولۇپ ئۆيگە پەتىگە كېلىشكە باشلىدى. لەيلا قائىدە بويىچە، ئاپىسى بىلەن مېھمانخانا ئۆيىنىڭ ئىشىكى يېنىغا قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. پەتىگە كىرگەنلەر ئايىغىنى سېلىپ، ھازىدارلار بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن مېھمانخانا ئۆيگە چۆرىدەپ قويۇلغان قاتلىما ئورۇندۇقلارغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا لەيلانىڭ تۇغقان ئانىسى ۋاجىمەمۇ بار ئىدى. تارىقنىڭ ئاپىسى يالغان چېچىنىڭ ئۈستىگە قارا ياغلىق ئارتىۋالغاندى، لەيلاغا قاراپ مەيۈس ھالدا كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىئالغۇدىن خەتمىقۇرئان ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاياللارنىڭ بەزىلىرى كۆز يېشى قىلىپ بۇرنىنى تارتسا، بەزىلىرى ئۇھ تارتاتتى. يەنە بەزىلىرى بولسا تۆۋەن ئاۋازدا ئايەت ئوقۇشاتتى. كىملەردۇر ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ قوشاق قوشۇپ يىغلايتتى.

رەشىدنىڭ ئايالى مەريەممۇ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۈستىگە قارا ھىجاپ كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ھىجاپتىن چىقىپ قالغان قارا چاچلىرى پېشانىسىنى يېپىۋالغانىدى. ئۇ لەيلانىڭ ئۇدۇلىغا قويۇلغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

فاربە گەۋدىسىنى توختىماستىن ئالدى ـ كەينىگە تەۋرىتەتتى. لەيلا ئاپىسىنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ ئاستا سىلىكىدى. لېكىن، ئاپىسىدا ھېچقانداق ئىنكاس يوق.

— ئۇسسىدىڭىزمۇ ئاپا؟ سۇ ئىچەمسىز؟

قارىبە جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تامدىكى گىلەمگە مەقسەتسىز تىكىلگەن، گەۋدىسى ئالدى ـ كەينىگە تىنىمسىز تەۋرىنەتتى.

لەيلا ئۆي ئىچىدىكى ھەسرەت بىلەن ساڭگىلىغان باشلار، قايغۇلۇق چىرايلاردىن ئۆز ئائىلىسىگە كەلگەن يوقىتىشنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈمىدلىرى يەر بىلەن يەكسان بولغانىدى.

لېكىن، ئۇنىڭ ھېسلىرى ئۇزۇنغا بارمىدى. لەيلا ئاپىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ھەسرەت چېكىۋاتقىنىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. چۈنكى، لەيلانىڭ ھايات ۋاقتىدا كۆرۈش نېسىپ بولمىغان ئاكىلىرىنىڭ ئۆلۈمىگە ھەسرەت چېكىشى ھەقىقەتەن تەس ئىدى. ئەھمەد بىلەن نۇر لەيلا ئۈچۈن خۇددى رىۋايەتلەردىكى پېرسوناژلاردەك، تارىخنى چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن پادىشاھلاردەك بىلىنەتتى. ئەكسىچە، تارىق ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر مەۋجۇت ئىنسان ۋە رېئال شەخس ئىدى. ئۇ لەيلاغا ئادەم تىللايدىغان پاشتۇنچە سۆزلەرنى ئۆگەتكەن، تۇزلىغان يوپۇرماقنى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ۋايساپ تۇرۇپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان، بوينىنىڭ سول تەرىپىدە تەتۈر ساتارنىڭ شەكلىدىكى شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك خالى بار ھايات ئىنسان ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئەھمەد بىلەن نۇرغا ھازا تۇتۇۋاتقان لەيلانىڭ قەلبىدىكى ھەقىقىي قېرىندىشى تېخى ھايات ئىدى.

# يىگىرمىنچى باب

فارىبەنىڭ ئاغرىقتىن ۋايسايدىغان كۈنلىرى يەنە باشلاندى. ئۇ بىر كۈن ئىچىدە يۈرەك ئاغرىقىدىن تارتىپ، باش ئاغرىقى، تىز ئاغرىقى، قۇلاق ئاغرىقى ۋە ھېچكىم تاپالمايدىغان ئىششىقلارغىچە ۋايسايتتى. ھاكىم ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ، قان ۋە سۈيدۈك تەكشۈرتتى. رېنتگېنغا چۈشۈردى. لېكىن، فارىبەنىڭ بەدىنىدىن ھېچقانداق كېسەل بايقالمىدى.

فارىبە كۆپ ۋاقىتلاردا كارىۋاتتىن چۈشمەيتتى. ئۈستىگە قارا رەڭلىك كىيىمدىن باشقا كىيىم كىيمەيتتى. چاچلىرىنى يۇلۇپ، كالپۇكىنىڭ ئاستىدىكى مەڭنى چىشلەيتتى. ئويغاق ۋاقتىدا بولسا، كىملەرنىدۇر ئىزدەپ ئۆيىاق - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئەھمەد بىلەن نۇر بىر چاغلاردا ئۇخلىغان، بىر - بىرىگە ياستۇق ئېتىپ ئوينىغان جاي ــ لەيلانىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ قاراپ كېتەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆرگىنى پەقەت لەيلا بولاتتى. فارىبە بەش ۋاق نامازنى ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. نامازنىڭ ئاخىرىدا، بېشىنى تۆۋەن سىلىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ يۈزىگە يېقىن ئەكېلىپ، ئاللادىن مۇجاھىددىنلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنى تىلەپ ئۇزۇن دۇئا قىلاتتى.

ئۆي ئىشلىرى بارغانسېرى لەيلانىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىشكە باشلىدى. ئەگەر ئۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمىغان بولسا، ئۆينىڭ ئىچى يەرگە تاشلاقلىق كىيىم - كېچەك، ئاياغلار، ئاغزى ئوچۇق گۈرۈچ خالتىلىرى، يۇيۇقسىز قالغان تەخسىلەر بىلەن تولىمۇ بىسەرەمجان بولۇپ كېتەتتى. لەيلا ئاپىسىنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ، كۆڭلەكلىرىنى ئالماشتۇراتتى. ئۇنى زورلاپ

كارىۋاتتىن چۈشۈرۈپ يۇيۇندۇرۇپ، تاماق يېگۈزەتتى. ئۇ تېخى دادىسىنىڭمۇ كۆڭلەكلىرىگە دەزمال سېلىپ، ئىشتانلىرىنى قاتلايتتى. بارا - بارا تاماق ئېتىشمۇ لەيلانىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى.

بەزى ۋاقىتلاردا لەيلا ئۆي ئىشىنى قىلىپ بولۇپ، ئاپىسىنىڭ كارىۋىتىغا چىقىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ، بارماقلىرىنى ئۇنىڭ بارماقلىرى بىلەن كىرىشتۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىدا ياتاتتى. ئاپىسىنىڭ چاچلىرى لەيلانىڭ يۈزلىرىنى ياپاتتى... ئاپىسى بولسا ئورنىدىن سەل مىدىرلاپ قويۇپ، بوغۇق ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلايتتى. ئۇنىڭ ھېكايىسى ھەرقاچان ئوغۇللىرى ئۈستىدە بولاتتى.

بىر كۈنى ئۇلار كارىۋاتتا ئەنە شۇنداق بىللە ياتتى. فارىبە ھېكايىسىنى باشلىدى:

— ئەھمەد چوقۇم رەھبەر بولاتتى. ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر تالانت بار ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭدىن چوڭ ئادەملەرمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ھۆرمەت بىلەن ئاڭلايتتى. نۇرچۇ تېخى... ۋاي خۇدايىم. مېنىڭ نۇرۇم دائىم بىنالار بىلەن كۆۋرۈكلەرنىڭ چېرتيوژلىرىنى سىزاتتى. ئۇ قۇرۇلۇش لايىھەلىگۈچىسى بولۇپ، پۈتۈن كابۇلنى ئۆزى لايىھەلىگەن بىنالار بىلەن ئۆزگەرتمەكچىدى. مانا ئەمدى ھەر ئىككىلىسى ئۇ دۇنياغا كەتتى. مېنىڭ باللىرىم، مېنىڭ شېھىتلىرىم.

لەيلا ئاپىسىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ، ئاپىسىنىڭ ئۆزىگىمۇ دىققەت - نەزىرىنى سېلىپ قويۇشىنى، ئۆزىنىڭ تېخى شېھىت بولمىغانلىقىنى، مۇشۇ دەقىقىلەردە ئاپىسىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ يېتىپ، ئاپىسىنىڭ ئۆزىگىمۇ خۇددى ئاشۇ ئاكىلىرىدىن كۈتكەنگە ئوخشاش ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلگۈسى كېلەتتى. لېكىن، لەيلانىڭ كەلگۈسىنىڭ ئاكىلىرىنىڭكىدەك بولمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. بىراق، ئاپىسى پەقەت ئاكىلىرىنىلا

ئويلايتتى. لەيلا بولسا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا بويىنىنى سوزۇپ، ئاپىسىنىڭ ئۆزىنىمۇ شۇلاردەك كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ، ئۇلارنىڭ روھى ھايات لەيلانى چەتكە قېقىۋاتاتتى. ئەمدى بولسا، ئاپىسى ئۇلارنىڭ ھايات تارىخىنى كۆرگەزمە قىلىدىغان مۇزېينىڭ باشقۇرغۇچىسىغا ئايلانغانىدى. لەيلا بولسا كۆرگەزمىنى كۆرۈشكە كەلگەن ساياھەتچىگە، ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرىنى توپلىغۇچىغا، شۇنداقلا ئاپىسىنىڭ ئاكىلىرىنىڭ داستانلىرىنى قەلەم بىلەن يېزىپ خاتىرىلەيدىغان قوي تېرىسىدىن ياسالغان قەغەزگە ئايلانغانىدى.

— خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار بالىلىرىمنىڭ جەسىتىنى ئارقا سەپتىكى بازىغا ئېلىپ كەلگەندە، ئەھمەد شاھ مەسئۇد ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ قەبرىسىدە خەتمىقۇرئان قىپتۇ. سېنىڭ ئاكىلىرىڭ ئەنە شۇنداق قەھرىمان ئەزىمەتلەر، لەيلا. پەنشىرنىڭ ئارسلانى بولغان كوماندىر مەسئۇدنىڭ، ئاللا رەھمەت قىلسۇن ئۇ كىشىگە، ئاكىلىرىڭنى ئۆز قولى بىلەن يەرلىككە قويغىنى ھەقىقەتەن پەخىرلەنگۇدەك ئىش.

فارىبە ئوڭدىسىغا ئۆرۈلۈپ ياتتى. لەيلا بېشىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە قويدى.

— بەزى چاغلاردا، — دېدى فارىبە بوغۇق ئاۋازدا، — كارىدوردىكى سائەتنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىمدا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇلارسىز ئۆتكۈزىدىغان مىنۇتلار، سائەتلەر، كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار، ھەتتا يىللار ئېسىمگە كېلىدۇ ـ دە، خۇددى بىرسى يۈرىكىمگە دەسسىگەندەك نەپىسىم سىقىلىپ كېتىدۇ. لەيلا، سەن چۈشەنمەيسەن. مەن شۇنداق ئاجىزلاپ كېتىۋاتىمەن. بەزىدە يىقىلغان يېرىمدىن تۇرمىسام، مەڭگۈ ئورنۇمدىن تۇرمىسام، دەپ ئۈمىد قىلىمەن.

— مەن سىزگە قانداق ياردەم قىلسام بولار، ئاپا؟

لەيلا ئاپىسىغا چىن قەلبىدىن ئىلتىجا قىلغان بولسىمۇ،

ئۇنىڭ سۆزى ئاڭلاشقا ناھايىتى ئاددىي ۋە يات بىر ئادەمنىڭ ئادەتتىكى تەكەللۇپ سۆزىگە ئوخشاپ قالدى.

— سەن ئوبدان قىز بولدۇڭ، — دېدى ئاپىسى چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، — لېكىن مەن ساڭا ياخشى ئانا بولالمىدىم.

— ئۇنداق دېمەڭ، ئاپا.

— ئۇ راست. مەن بىلىمەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم، قەدىرلىكىم.

— ئاپا؟

— ھىم؟

لەيلا ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ ئاپىسىغا قارىدى. ئاپىسىنىڭ چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغانىدى. لەيلا ئەزەلدىن بەستى تولغان ئاپىسىنىڭ بۇنچىلىك ئورۇقلاپ كەتكىنىگە قاراپ ھەيران قالدى. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، كوپتىسىنىڭ ئىككى مۈرىسى ساڭگىلاپ قالغانىدى. توي ئۈزۈكىمۇ بارمىقىدىن چۈشۈپ قالاتتى.

— مەن سىزدىن بىرنەرسە سوراشنى خېلى ۋاقىتتىن بېرى ئويلاۋاتاتتىم.

— نېمىنى سورىماقچىدىڭ؟

— سىز ھەرگىزمۇ... — لەيلا سۆزىنى باشلىدى. ئۇ ئويلىغانلىرىنى خاسىناغا ئېيتقانىدى. خاسىنانىڭ بەرگەن مەسلىھەتى بويىچە، ئۇلار قۇتىدىكى ئاسپىرىنلارنى ئەخلەتكە تاشلاپ، ئاشخانىدىكى پىچاقلار بىلەن كاۋاپ زىخلىرىنى سافانىڭ ئاستىدىكى گىلەمنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغانىدى. خاسىنا ھويلىدىن تاپقان تانىنى بىر تەرەپ قىلغانىدى. دادىسى لەيلادىن ئۇستىرىنىڭ نەدىلىكىنى سورىغاندا، ئۇ دادىسىغا ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق خىيالىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە خىيال قىلغانلىقىنى، ئۇ قورقۇنچلۇق خىياللىرىنىڭ مەڭگۈ يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى دادىسىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، ئەمما دادىسى قورقۇنچ ۋە تېڭىرقاش

ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغانىدى.

— سىز ھەرگىزمۇ... مەن سىزدىن ئەنسىرەيمەن...

— مەن ئاشۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان كۇنىلا شۇنداق قىلىشنى ئويلىغان، — دېدى ئاپىسى، — مەن ساڭا يالغان سۆزلىمەيمەن. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆپ ئويلاندىم. لېكىن، ياق. سەن ھەرگىز ئەنسىرىمە لەيلا. مېنىڭ ئوغۇللىرىمنىڭ ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقىنىنى كۆرگۈم بار. ئاشۇ سوۋېتلىكلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇپ، مۇجاھىددىنلارنىڭ كابۇلغا غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىمەن. مەن ئافغانىستان ئازادلىققا ئېرىشكەن كۈننى كۆرسەم، ئوغۇللىرىممۇ مېنىڭ كۆزۈم بىلەن ئاشۇ كۈنلەرنى كۆرىدۇ.

فارىبە لەيلانى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ لەيلاغا ئۆزىنىڭ ياشايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. لېكىن، ئۇ يەنە شۇنىمۇ جاكارلىدىكى، ئۇنىڭ ياشاشقا نىيەت قىلغانلىقى ھەرگىزمۇ لەيلا ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ قەلبىگە ھەرگىزمۇ ئاكىلىرىدەك ئىز قالدۇرالمايتتى. چۈنكى، لەيلا ئۈچۈن ئاپىسىنىڭ يۈرىكى خۇددى دېڭىزنىڭ قۇملۇق قىرغاقلىرىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ يۈرىكىدە قالدۇرغان ئىزلىرى ئاكىلىرىنىڭ ھەسرەتلىرى بىلەن پاك - پاكىز يۇيۇلۇپ كېتىدۇ.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

تاكسى شوپۇرى ئارقا تەرەپتىن كېلىۋاتقان سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ جىپ ۋە بىرونېۋىكلاردىن تەركىب تاپقان ماشىنا ئەترىتىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن تاكسىنى يول بويىغا توختاتتى. شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان تارىق شوپۇر تەرەپتىكى دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ رۇس تىلىدا توۋلىدى:

— مەرھەمەت، مەرھەمەت!

بىر جىپ ماشىنا كانىيىنى چالدى. تارىق ئىسقىرتىش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، بىر قولىنى ئۇلارغا قاراپ پۇلاڭلاتتى.

— شۇنداق نوچى مىلتىقلىرىڭ، ئېسىل جىپلىرىڭ، شۇنچە كۈچلۈك ئارمىيەڭ تۇرۇپ رەگەتكە ئاتىدىغان بىر توپ دېھقانلارغىمۇ تەڭ كېلەلمىگىنىڭنى قارا! — دەپ ۋارقىرىدى تارىق.

ئەسكەرلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، شوپۇر تاكسىنى ئورنىدىن قوزغاتتى.

— يەنە قانچىلىك يول قالدى؟ — دەپ سورىدى لەيلا.

— يولدا ئەسكەر ماشىنىلىرى ياكى تەكشۈرۈش توساقلىرى ئۇچرىمىسىلا، يەنە كۆپ دېگەندە بىر سائەتلەردە بارىمىز، — دېدى شوپۇر.

لەيلانىڭ دادىسى لەيلا بىلەن تارىقنى بىر كۈنلۈك سەپەرگە ئېلىپ ماڭغانىدى. خاسىنامۇ ئۇلار بىلەن بىللە بېرىشنى ئويلىغانىدى، لېكىن دادىسى رۇخسەت قىلمىدى. بۇ سەپەرنى لەيلانىڭ دادىسى پىلانلىغانىدى. گەرچە ئۇنىڭ مائاشى بۇگۈن بىر

كۆنلۈك چىقىمغا ئاران يەتسىمۇ، بۇ سەپەر ئۈچۈن ئۇ بۇ تاكسىنى ئىجارىگە ئالدى. ئۇ لەيلاغا قەيەرگە بارىدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق ئېيتمىدى. لەيلا پەقەت بۇ سەپەرنىڭ ئۇنىڭ بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغانلىقىنىلا بىلگەنىدى.

ئۇلار سەھەر سائەت بەشتىلا يولغا چىقىپ بولغانىدى. لەيلا ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن يول بويىدىكى مۇزلۇق چوققىلارنى، قۇملۇقلارنى، جىلغىلارنى ۋە قۇياش نۇرىدا قاغجىراپ كەتكەن تاشلارنى تاماشا قىلدى. ئۇلار يول بويىدىكى ئەنجان تاملىق كەپە ئۆيلەر ۋە باغلام ــ باغلام بۇغداي دۆۋىلەنگەن ئېتىزلاردىن ئۆتتى. لەيلا يىراقتىن كۆرۈنگەن كۆچى كۆچمەنلىرىنىڭ قارا چېدىر ئۆيلىرىنى تونۇۋالدى. سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ كۆيۈپ كەتكەن تانكىلىرى ۋە تىك ئۇچار ئايروپىلانلىرىنىڭ قالدۇقلىرىمۇ ئۇلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالاتتى. لەيلا يولدا نۇر بىلەن ئەھمەدنىڭ ئافغانىستاننى كۆرگەندەك بولدى. چۈنكى، ئاشۇ ئۇرۇشلار دەل مۇشۇ ئۆلكىلەردە ئېلىپ بېرىلغانىدى. بولۇۋاتقان ئاشۇ ئۇرۇشلاردىن كابۇلدا ھېچ ئەسەر يوق ئىدى. بەزىدە ئاڭلىنىپ قالىدىغان ئوق ئاۋازلىرى، يول بويىدا تاماكا چېكىپ تۇرغان سوۋېت ئەسكەرلىرى ۋە كوچىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ جىپ ماشىنىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، «ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ» دېگەن سۆز كابۇل خەلقىگە پەقەت كوچا پاراڭلىرىدىكىلا ئاڭلىناتتى.

ئۇلار چۈشكە يېقىن يەنە ئىككى تەكشۈرۈش ئورنىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر جىلغىغا يېتىپ كەلدى. لەيلانى دادىسى يان تەرەپتىكى دېرىزىدىن ئېڭىشتۇرۇپ، يىراقتىن قىزىل رەڭدە كۆرۈنىدىغان قەدىمىي سېپىلنى كۆرسەتتى.

ــــ مانا بۇ شەھىرى زوخاك، يەنى قىزىل شەھەر. بۇ شەھەر ئەسلىدە بىر قەلئە ئىكەن. 9 ـ ئەسىرلەردە بۇ جىلغىنى تاجاۋۇزچىلاردىن قوغداش ئۈچۈن سالغانىكەن. 13 ـ ئەسىردە

چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى بۇ يەرگە ھۇجۇم قىلىپتىكەن. لېكىن، مەغلۇپ بولۇپ، ئۆلتۈرۈلۈپتىكەن. كېيىن چىڭگىزخان بۇ قەلئەنى ئۆز قولى بىلەن ۋەيران قىلىپتۇ.

— مېنىڭ كىچىك دوستلىرىم، مانا بۇ بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى. بىر تاجاۋۇزچىدىن كېيىن يەنە بىر تاجاۋۇزچى بېسىپ كېلىدۇ، — دېدى شوپۇر قولىدىكى تاماكىنىڭ كۈلىنى دېرىزىنىڭ سىرتىغا تاشلاپ، — مەسىدونىيانلار، سەسسەنىيانلار، ئەرەبلەر، مۇڭغۇللار دېگەندەك. ئەمدىلىكتە بولسا سوۋېتلىكلەر بېسىۋالدى. بىز ئافغانلار خۇددى ئالدىڭلاردا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ سېپىلغا ئوخشايمىز. ئۇپراپ كەتكەن، كۆرۈمسىز، لېكىن يەنىلا جايىمىزدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋقلۇق. بۇ ھەقىقەت ئەمەسمۇ، قانداق دېدىم، بۇرادەر؟

— بەرھەق، — دېدى ھاكىم.

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن شوپۇر ماشىنىنى توختاتتى.

— ئەمدى ماشىنىدىن چۈشۈڭلار، — دېدى ھاكىم، — ئەتراپنى كۆرۈڭلار.

ئۇلار تاكسىدىن چۈشتى.

— ئەنە ئاۋۇنىڭغا قاراڭلار، — دېدى ھاكىم قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

تارىق بىلەن لەيلا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرۇپ قالدى. يۈز يىل ياشىسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش ھەيۋەتلىك مەنزىرىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

بىر جۈپ بۇت ھەيكەل لەيلا رەسىمدە كۆرۈپ تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدىن كۆپ ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك ئىدى. تىك قىيا تاشقا ئويۇلغان بۇ بىر جۈپ ھەيكەل گويا ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن يىپەك يولىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كارۋانلارغا قاراۋاتقاندەك ئۆزلىرىگە كۆز تىكىپ تۇراتتى. ھەيكەللەرنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تامدا يەنە نۇرغۇن ئۆڭكۈرلەر بار ئىدى.

— مەن بۇ ھەيكەللەرنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى بەكمۇ كىچىك

ھېس قىلىۋاتىمەن، — دېدى تارىق.

— ئۇستىگە يامىشىپ چىققۇچىلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ھاكىم.

— ھەيكەلنىڭ ئۇستىگىمۇ؟ چىقساق بولامدۇ؟ — سورىدى لەيلا.

ھاكىم كۈلۈمسىرەپ، قولىنى ئۇزارتىپ:

— يۈرۈڭلار، — دېدى.

تارىق لەيلا بىلەن ھاكىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ، تار ۋە قاراڭغۇ ئايلانما پەلەمپەيدىن تەسلىكتە يۇقىرىغا ياماشتى. ئۇلار قىيا تاشلاردىكى ھەرە كۆنىكىدەك نوكەشلەر بىلەن قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەرنى كۆردى.

— ئاۋايلاپ مېڭىڭلار - ھە، — دېدى ھاكىم. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن چىققان ئەكس سادا جىلغىنى بىر ئالدى، — بۇ يەرلەر سەل خەتەرلىك.

پەلەمپەيىنىڭ بىر قىسمى بۇتنىڭ ئۆڭكۈرىگە تۇتاش ئىدى.

— ھەرگىز تۆۋەنگە قارىماڭلار، بالىلىرىم. يۇقىرىغىلا قاراڭلار.

ئۇلار پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىققۇچە ھاكىم ئۇلارغا بامىيانىنىڭ 9 - ئەسىردىن بۇرۇن، يەنى ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن، بۇددا دىنىنىڭ گۈللەنگەن بىر مەركىزى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. كۆرۈنگەن قۇمتاش قىيالار بولسا ئۆز ۋاقتىدا ھەيكەلنى ئويۇۋاتقان راھىبلار بىلەن سەپەردە ھارغان يولۇچىلارنىڭ قونالغۇسى بولغانىكەن. راھىبلار ئۆڭكۈرنىڭ تاملىرىغا ئىنتايىن سىمۋوللۇق رەسىملەرنى سىزىپ قالدۇرغانىكەن.

— بىر چاغلاردا، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ھاكىم، — مانا مۇشۇ يەردە بەش مىڭدىن ئارتۇق راھىب دەرۋىشلىك ھاياتىنى كەچۈرگەنىكەن.

ئۇلار چوققىغا چىققاندا تارىقنىڭ پۇتىدا جان قالمىغانىدى.

گەرچە ھاكىممۇ ھاسىراپ قالغان بولسىمۇ، كۆزلىرىدىن ھاياجان تېپىپ تۇراتتى.

— بىز ھازىر بۇتنىڭ بېشىغا دەسسەپ تۇرۇۋاتىمىز، — دېدى ئۇ پېشانىسىدىكى تەرنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، — ئۇ تەرەپتە بىر غار بار. شۇ يەردىن ئەتراپتىكى مەنزىرىنى كۆرەيلى.

ئۇلار قىيانىڭ ئاستىدىكى غارنىڭ ئاغزىغا ئېھتىيات بىلەن كەلگەندىن كېيىن ھاكىم بالىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ تۆۋەنگە قارىدى.

— ئاۋۇ يەرگە قاراڭلار! — دېدى لەيلا.

ھاكىم كۈلۈمسىرىدى.

بامىيان جىلغىسى كەڭ كەتكەن ئېتىزلىق بولۇپ، قىشلىق بۇغداي، بېدە ۋە بەرەڭگىلەرنىڭ يوپيۇرماقلىرى يىراقتىن يېشىل لىباس كىيگەندەك كۆرۈنەتتى. ئېتىزنىڭ ئارىسىغا قاتار كەتكەن ئاق تېرەكلەر تىكىلگەن، كىچىك ئېرىقلار بىر - بىرى بىلەن چىرمىشىپ كەتكەنىدى. ئۆستەڭ بويىدا ئاياللار كىيىم يۇيۇۋاتاتتى. ھاكىم ئۇلارغا تاغ باغرىدا قاتار كەتكەن شال ۋە ئارپا ئېتىزلىرىنى كۆرسەتتى. بۇ كۈز پەسلى بولۇپ، يىراقتىكى ئەنجان تاملىق ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدە شال ۋە ئارپىلارنى يېيىۋاتقان ئاق تون كىيگەن كىشىلەر كۆرۈنەتتى. شەھەرگە تۇتىشىدىغان چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىمۇ قاتار كەتكەن ئاق تېرەكلىك، بازار مەركىزىدە كىچىك دۇكان، چايخانا ۋە ساتىراشخانىلار بار ئىدى. لەيلا يىراقتىكى تاغلىق كەنت، قاقاس ئېدىرلىقلارغا نەزەر تاشلىدى. تېخىمۇ يىراقتا، ئافغانىستاندىكى ھەممە نەرسىنىڭ سىرتىدا ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، ئاپپاق قارلار بىلەن ئورالغان ھىندىقۇش تاغلىرىغا كۆز تىكتى.

كۆپكۆك ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى.

— نېمىدېگەن گۈزەل - ھە! — دېدى لەيلا چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ. يىراقتا ئوتلاپ يۈرگەن قويلار ۋە ئاتلار چېكىتتەك كۆرۈنەتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ مەرگەن ياكى كىشنىگەن ئاۋازى

ئاڭلانمايتتى.

— مەن ھەر قېتىم بۇ يەرگە كەلگىنىمدە ئاشۇ جىمجىتلىقتىن ھۇزۇرلىنىمەن. سىلەرنىمۇ ھۇزۇرلانسۇن دەپ بۇ يەرگە باشلاپ كەلدىم. ئەڭ مۇھىمى، سىلەرنى ئەجدادلىرىڭلارنىڭ ئىزلىرىنى كۆرسۇن، ۋەتىنىڭلارنىڭ تارىخىنى ئۆگەنسۇن، دەپ ئەكەلدىم. چۈنكى، بەزى نەرسىلەرنى باشقىلاردىن ئاڭلاپ، كىتابتىن كۆرۈپ ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن، بەزى نەرسىلەرنى چوقۇم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ھېس قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

— قاراڭلار، — دېدى تارىق ئاسماندىكى بىر بۈركۈتنى كۆرسىتىپ.

— سىز ئاپامنىمۇ بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى لەيلا.

— نۇرغۇن قېتىم ئەكەلگەن. ئەھمەد بىلەن نۇر تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ھەم تۇغۇلغاندىن كېيىنمۇ كۆپ قېتىم كەلگەن. ئاپاڭ ئۇ چاغلاردا تولىمۇ تەۋەككۈلچى ئايال ئىدى. شۇنداق جانلىق... مەن ھاياتىمدا ئۇنىڭدەك خۇشال ۋە جانلىق ئىنساننى كۆرۈپ باقمىغان، — دېدى ئۇ خىيالچان ھالدا كۈلۈمسىرەپ، — ئۇنىڭ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان كۈلكىسى بار، لەيلا. مەن ئۇنىڭ شۇ كۈلكىسىگە ئامراق بولۇپ قېلىپ، ئۇنى نىكاھىمغا ئالغان. ئۇ ئادەمنى خۇددى شامدەك ئېرىتىۋېتەلەيدۇ. تەسلىم بولماي ئامالىڭ يوق.

ھاكىم چاچلىرى شامالدا پاخپىيىپ كەتكەن، جەينىكىدە تاشقا يۆلىنىپ، بىر قولى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ، قۇياش نۇرىدا قىسىلىپ كەتكەن كۆزلىرىنى يىراققا تىككىنىچە فارىبەنى ئەسلەۋاتاتتى. ھاكىمغا قاراپ تۇرغان لەيلانىڭ ۋۇجۇدىنى ئىللىق ھارارەت قاپلىدى.

— مەن ئاۋۇ تەرەپتىكى غارلارنى كۆرۈپ كېلەي، — دېدى تارىق.

— دىققەت قىل ـ ھە، — دېدى ھاكىم.
— ماقۇل، تاغا، — تارتقىنىڭ ئاۋازىدىن پەيدا بولغان ئەكس سادا ئەتراپنى بىر ئالدى.
لەيلا تۆۋەن تەرەپتە پاراڭلىشىپ تۇرغان ئۈچ ئادەمنى كۆردى. ئۇلارنىڭ يېنىدا چىتلاقتا باغلاقلىق بىر كالا تۇراتتى.
— مەنمۇ ئاكىلىرىڭنى سېغىنىمەن، لەيلا، — دېدى ھاكىم كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ. ئۇنىڭ ئېڭىكى تىترەپ كېتىۋاتاتتى، — مەن ئەمدى ئاپاڭ بىلەن... ئۇ خۇشاللىق بىلەن خاپىلىقلارغا ئۆزىنى بەك ئۇرۇۋېتىدۇ. ھېسسىياتىنى قەتئىي يوشۇرالمايدۇ. لېكىن، مەن ئۇنىڭغا ئوخشىمىسام كېرەك. مەن ھەممىنى ئىچىمگە سېلىپ... لېكىن بۇ ئىش مېنىمۇ تۈگەشتۇردى. مەنمۇ ئۇلارنى شۇنداق سېغىنىمەن. ئۇلارنى بىر كۈنمۇ ئويلىمايدىغان كۈنۈم يوق. بەك ئازابلىنىمەن، لەيلا. ئىنتايىن ئازابلىنىمەن، — ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتۈپ قويۇپ، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدى، يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن لېۋىنى چىشلىدى، ئەتراپنى سۈكۈت قاپلىغانىدى، — لېكىن بەختىمگە سەن بولۇپ قاپسەن، — دېدى ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن، — مەن سېنى بىزگە بەرگەن ئۇلۇغ ئىگەمگە رەھمەت ئېيتىپ دۇئا قىلىمەن. ھەر كۈنى دۇئا قىلىمەن. بەزى ۋاقىتلاردا، ئاپاڭ خاپا بولۇپ قالغان كۈنلەردە سەندىن باشقا ھېچ نەرسەم يوقتەك ھېس قىلىپ قالىمەن، لەيلا.
لەيلا دادىسىغا يېقىنلىشىپ، بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويدى. ھاكىم قىزىنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن تەسىرلەنگەنىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى بۇنداق ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان چاغلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇ لەيلانى قولاشمىغان ھالدا قۇچاقلاپ، پېشانىسىغا سۆيۈپ قويدى. ئۇلار بىرلىكتە بامىيان جىلغىسىغا نەزىرىنى ئاغدۇردى.
— مەن بۇ يەرنى شۇنچە ياخشى كۆرسەممۇ، بەزىدە يىراق جايلارغا كەتكۈم كېلىدۇ، — دېدى ھاكىم.

— قەيەرگە؟

— يىراققا، بۇ يەردىكى ئازابلارنى ئۇنتۇش ئاسانراق بولىدىغان جايلارغا. بەلكىم، باشتا پاكىستانغا بارارمىز. ئۇ يەردە رەسمىيەتلىرىمىزنى ساقلاپ بىر - ئىككى يىل تۇرۇپ قالارمىز.

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

— ئۇنىڭدىن كېيىن... بۇ دۇنيانىڭ زېمىنى كەڭ. بەلكىم تەلىيىمىز كەلسە ئامېرىكىغا كېتەرمىز. كالىفورنىيەدەك دېڭىز بويىدىكى ئىشتاتلارغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالارمىز.

هاكىم لەيلاغا ئامېرىكىلىقلارنى قورسىقى كەڭ، ئولتۇراقلىشۋالغۇچە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ، دەپ چۈشەندۈردى.

— بېرىپلا مەن ئىش تاپىمەن. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئازراق پۇل يىغىپ چاققانغىنا ئافغانچە رېستوران ئاچىمىز. بىرنەچچە ئۈستەل - ئورۇندۇق، گىلەملەر بىلەن ئاددىيغىنا قىلىپ ياسايمىز. تاملىرىغا كابۇلنىڭ سۈرەتلىرىنى ئاسىمىز تېخى. بىز ئامېرىكىلىقلارغا ئافغان تاماقلىرىنى تېتىتىۋېتىمىز دېگىنە. ئۇلار ئاپاڭنىڭ تامىقىنى بىر يەيدىغان بولسا كوچىدا ئۆچرەتتە تۇرىدۇ. سەن ئەلۋەتتە يەنە مەكتەپتە ئوقۇيسەن. سېنى تولۇق ئوتتۇرىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتۇش بىزنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىمىز بولىدۇ. لېكىن، بىكار ۋاقتىڭدا بىزگە مېھمانلار بۇيرۇغان تاماقلارنى تىزىملايدىغان، چاي قۇيىدىغان ئىشلارغا ياردەملەشسەڭ بولىدۇ.

هاكىم يەنە رېستوراندا تۇغۇلغان كۆن ئولتۇرۇشى، نىكاھ چېيى ئىچۇرۇش مۇراسىمى، يېڭى يىل ئولتۇرۇشى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈستەل زاكاز قىلىشىمۇ بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ رېستورانى ئۇلارغا ئوخشاش ئورۇشتىن قېچىپ بارغان ئافغانلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولىدىغان جايىغا ئايلىنىدىكەن. ھەممە مېھمانلار قايتىپ كەتكەندە بولسا، هاكىم، لەيلا ۋە

فاربەلەر بىللە ئولتۇرۇپ ئىسسىق چاي دەملەپ ئىچكەچ، خۇدانىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن رىزقىغا شۈكۈر ئېيتقاچ رېستورانىنىڭ ھېساباتىنى قىلىدىكەن.

ھاكىم سۆزىنى تۈگىتىپ، سۈكۈتكە چۆمدى. لەيلامۇ جىمجىت خىيالغا كەتكەندى. فاربەنىڭ ھېچ يەرگە بارمايدىغانلىقى ھەر ئىككىسىگە ئايان ئىدى. ئەھمەد بىلەن نۇر ھايات ۋاقتىدا ئافغانىستاندىن كېتىش فاربە ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس ئىش ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە، ئۇلار شېھىت بولغاندا ئۇنداق خىيالدا بولۇش فاربە ئۈچۈن بالىلىرىنىڭ بەرگەن قۇربانلىقلىرىغا قىلغان چوڭ خائىنلىق ۋە ۋاپاسىزلىق ھېسابلىناتتى.

ـــ سەن قانداقمۇ ئۇنداق خىياللارنى قىلىشقا پېتىنالايسەن؟ ـــ لەيلاغا ئاپىسى شۇنداق دەۋاتقاندەك بىلىندى، ـــ ئۇلارنىڭ بەرگەن قۇربانلىرى سەن ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەمدۇ ـ ھە، نەۋرە ئاكا؟ مەن بالىلىرىمنىڭ قېنى تۆكۈلگەن مۇشۇ زېمىنغا دەسسەپ تۇرغانلىقىمدىن ئۆزۈمگە تەسەللى تاپىمەن. ياق، ئۇنداق يەرلەرگە كېتىشىم ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

مۇشۇ كۈنلەردە ھاكىم ئۈچۈن فاربەنى ئۇنىڭ خوتۇنى دېگەندىن كۆرە، ئۇنىڭ قىزىنىڭ ئاپىسى دېسە توغرا بولاتتى. شۇنداقتىمۇ، ھاكىمنىڭ فاربەنى تاشلاپ ھېچ يەرگە بارمايدىغانلىقى لەيلاغا ئايان ئىدى. فاربەنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ھاكىم ئۆزىنىڭ ھەرقانداق شېرىن خىياللىرىنى خۇددى چاپىنىدىكى ئۇن يۇقلىرىنى قېقىۋەتكەندەك بىر ياقلىق قىلىۋېتەلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئافغانىستاندىن كەتمەيدۇ. ئۇرۇش تۈگىگەنگە قەدەر، ھەتتا ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىنمۇ ئاشۇ زېمىنغا دەسسەپ تۇرىدۇ.

فاربە بىر قېتىم لەيلاغا ئۆزىنىڭ مەيدانى يوق بىر ئەرگە تېگىپ قالغانلىقىدىن قاقشاپ بەرگەنىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن، ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتى ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان بىر ئەرنىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغانلىقىنى

چۈشەنمەيتتى.

ھاكىم، لەيلا، تارىقلار چۈشلۈك تاماقتا سۇدا پىشۇرۇلغان تۇخۇم، بەرەڭگى ۋە نان يېيىشتى. تارىق قورسىقى تويغاندىن كېيىن شارقىراپ سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىدا بېشىغا چاپىنىنى قاتلاپ قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. شوپۇر بادام مېغىزى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا كىرىپ كەتكەنىدى. ھاكىم چوڭ بىر تۈپ ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇشقا باشلىدى.

ئۇ كىتاب لەيلاغا تونۇشلۇق ئىدى. چۈنكى، ھاكىم لەيلاغا ئۇ كىتابنى ئوقۇپ بەرگەنىدى. ئۇ كىتابتا سانتىياگو ئىسىملىك بىر بېلىقچىنىڭ ناھايىتى يوغان بىر بېلىق تۇتۇۋالغانلىقى؛ لېكىن قىرغاققا يېتىپ بارغۇچە، لەھەڭلەر ئۇنىڭ بېلىقىنى يەۋالغانلىقى ھېكايە قىلىنغانىدى.

لەيلا ئېرىق بويىدا پۇتلىرىنى سوغۇق سۇغا چىلاپ ئولتۇردى. ئەتراپتا پاشىنىڭ غىڭىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەيىن شامال قومۇش تۈزانلىرىنى ھەر تەرەپكە ئۇچۇراتتى. بىر يىڭناغۇچ قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان قاناتلىرىنى كەڭ ئاچقىنىچە ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىغا قونۇشقا تەييارلىق قىلماقتا ئىدى. ئېرىقنىڭ قارشى تەرىپىدە بولسا بىر توپ ھازارە باللار قۇرۇپ كەتكەن كالا تېزەكلىرىنى تېرىپ، دۈمبىسىگە ئارتىۋالغان خالتىلىرىنىڭ ئىچىگە سېلىۋاتاتتى. يىراقتىن بىر ئېشەكنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا بىر گېنېراتور گۈرۈلدەپ مېڭىشقا باشلىدى.

لەيلا دادىسىنىڭ باياتىن ئېيتقان سۆزلىرىنى قايتا ئەسلەشكە باشلىدى. «دېڭىز بويىدىكى ئىشتاتلارغا...»

لەيلا ئاشۇ بۇتىنىڭ ئۈستىدە دادىسى بىلەن بولغان سۆھبەت

جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئافغانىستاندىن كېتەلمەيدىغانلىقىغا خۇشال ئىكەنلىكىنى ئېيتمىدى. چۈنكى، ئۇ زىيادە ساددا دوستى گىتىنى، شوخ ۋە ھەييار خاسىنانى سېغىناتتى. ئەڭ مۇھىمى، تارىق غازنىغا كەتكەن چېغىدىكى ئاشۇ تۆت ھەپتە لەيلا ئۈچۈن ئەڭ ئۇزاق، ئەڭ مەنىسىز ئۆتكەن تۆت ھەپتە بولغانلىقى لەيلانىڭ كاللىسىغا مەھكەم ئورناپ كەتكەنىدى. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇنى مەڭگۈ كۆرەلمەسلىك ئازابىغا ئۇ قانداقمۇ چىدىسۇن؟

بەلكىم مۇشۇنداق پەيتتە، ئۇرۇش ئوقلىرى ئاكىلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان مۇشۇ زېمىندا يەنە بىر ئادەم بىلەن بىللە بولۇشنى تىلەش رېئاللىقتىن ھالقىغانلىقتۇر. ئەمما، لەيلا تارىق كازىمنى ئەدەپلىگەن ئاشۇ كۆرۈنۈشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە بولسا، تارىقنىڭ يېنىدا ياشاش لەيلا ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ بىخەتەر بولىدىغاندەك بىلىندى.

ئالتە ئايدىن كېيىن، يەنى 1988 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى ھاكىم ئۆيگە ھەيران قالارلىق بىر خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى.

— ئۇلار كېلىشىمگە ئىمزا قويۇپتۇ! — دېدى ئۇ، — جەنۋەدە رەسمىي ئىمزا قويۇپتۇ! ئۇلار كېتىدىكەن. توققۇز ئاي ئىچىدە بارلىق سوۋېت ئەسكەرلىرى ئافغانىستاندىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىدىكەن.

كارىۋاتتا ئولتۇرغان فارىبە مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

— لېكىن، سوۋېت كومپارتىيەسى ھېلىھەم مەۋجۇت تۇرسا، — دېدى ئۇ، — زۇڭتۇڭ نەجىبۇللا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورچىقى. ئۇ ھەرگىز ھاكىمىيەت بېشىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ياق، مېنىڭچە بۇنىڭ بىلەنلا ئۇرۇش ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ.

— نەجىبۇللانىڭمۇ كۈنى ئاز قالدى، — دېدى ھاكىم.

— ئۇلار كېتىدىكەن، ئاپا! ئۇلار راستلا ئافغانىستاندىن

چىقىپ كېتىدىغان بوپتۇ!

— ئىككىڭلار خۇشال بولساڭلار بولىۋېرىڭلار. لېكىن، مۇجاھىددىنلار كابۇلغا كېلىپ، غەلىبە پاراتىدىن ئۆتمىگۈچە مەن ئارام تاپمايمەن.

فارىبە سۆزىنى تۈگىتىپ، ياستۇقتا بېشىنى قويدى - دە، ئەدىيالنى ئۇستىگە ياپتى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

1989 ـ يىلى 1 ـ ئاي

لەيلا يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئون بىر ياشقا كىرەتتى. تازىمۇ جۇدۇنلۇق بىر كۈنى، لەيلا ئاتا ـ ئانىسى ۋە خاسىنا بىلەن بىللە سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم قوشۇنىنىڭ شەھەردىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن كوچىغا چىقتى. كىشىلەر ۋەزىر ئەكبەرخان رايونىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان ھەربىي بازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار تۇرۇشقانىدى. ئۇلار قار ـ پاتقاق يەرگە دەسسەپ، قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان تانكىلارغا، قوراللىق ئەسكەرلەرنى ئېلىپ كېتىۋاتقان كوزۇپلۇق ماشىنا ـ جىپلارغا قاراپ تۇردى. توپ ئارىسىدىكى كىشىلەر ئىسقىرتىپ، ۋارقىراپ، چاۋاك چېلىپ تەنتەنە قىلىشاتتى. ئافغانىستان ئەسكەرلىرى چوڭ يولغا كىرىۋالغانلارنى ھە دەپ ھەيدەيتتى. ئارىلاپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، ئوق چىقىراتتى.

فارىبە ئوغلى ئەھمەد بىلەن نۇرنىڭ نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئاستىدا بىللە ئولتۇرۇپ چۈشكەن سۈرىتىنى بېشىدىن ئېگىز تۇتۇپ تۇردى. باشقا ئاياللارمۇ شېھىت بولغان ئېرىنىڭ، ئوغۇللىرىنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ سۈرىتىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغانىدى.

كىمدۇر بىرى لەيلا بىلەن خاسىنانىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇردى. ئۇ تارىق ئىدى.

ـــ سەن ئاۋۇ نەرسىنى قەيەردىن تاپتىڭ؟ ـــ دەپ سورىدى

خاسىنا چۆچۈپ.

— مېنىڭ بۇ ئالاھىدە كۈننى تەبرىكلىگۈم كەلدى، — دېدى تارىق. ئۇ بېشىغا يوغان رۇس قۇلاقچىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغانىدى. قۇلاقچىنىڭ سالپىڭى ساڭگىلاپ تۇراتتى، — قانداق، يارىشىپتۇمۇ؟

— غەلىتە بولۇپ قاپسەن، — دېدى لەيلا قاقاھلاپ كۈلۈپ.

— مېنىڭ مەقسىتىممۇ شۇ ئىدى.

— سېنىڭ ئاتا - ئاناڭمۇ بۇ يەرگە ساڭا ئوخشاش كىيىنىپ كەلدىمۇ؟

— ئۇلار ئۆيدە قالدى، — دېدى ئۇ.

ئالدىنقى كۈزدە تارىقنىڭ تاغىسى غازنىدا يۈرەك كېسىلى بىلەن قازا قىلغانىدى. بىرنەچچە ھەپتە ئۆتمەيلا تارىقنىڭ دادىسىمۇ يۈرەك كېسىلى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن بېرى تارىقنىڭ كەيپىياتى تۆۋەنلىشىپ، روھى چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنىدى. لەيلا بۈگۈن تارىقنى بۇرۇنقى چاغلاردەك كۆتۈرەڭگۈ قىياپەتتە كۆرۈپ سۆيۈندى.

ھاكىم بىلەن فارىبە سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ چېكىنىپ چىقىۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈۋاتقاندا، لەيلا، تارىق ۋە خاسىنا ئۈچى توپتىن ئايرىلىپ ئەتراپنى ئايلىنىپ كېلىشكە ماڭدى. تارىق لەيلا بىلەن خاسىناغا كوچىدىكى باققالدىن ئاشكۆكى سالغان پۇرچاق ئېشى ئېلىپ بەردى. ئۇلار پۇرچاق ئېشىنى ئىشكى تاقاقلىق گىلەم دۇكىنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئىچىشكەندىن كېيىن، خاسىنا ئۆيدىكىلىرىنى ئىزدەپ توپ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئۆيگە قايتىش يولىدا، تارىق بىلەن لەيلا ئاپتوبۇسنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئولتۇردى. لەيلانىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئىدى. ئاپىسى دېرىزىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا قولىدىكى سۈرەتنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى. دادىسى بولسا يېنىدىكى ئادەمنىڭ سوۋېت ئەسكەرلىرى قايتىپ

كەتكەن بىلەن ئۇلار نەجىبۇللانى قورال بىلەن تەمىنلەيدۇ، دېگەندەك مۇنازىرىلەرنى ئېرەنشىمىگەن ھالدا تىڭشاپ ئولتۇراتتى.

— ئۇ دېگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورچىقى. ئۇلار ئەمدى بۇ يەردىكى ئۇرۇشنى ئاشۇ نەجىبۇللا ئارقىلىق داۋاملاشتۇرىدۇ.

مەن بۇ توغرۇلۇق ھەرقانداق ئادەم بىلەن دو تىكەلەيمەن.

يولۇچىلاردىن بىرسى ئۇنىڭ پىكرىنى قوللاپ چىقتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن لەيلا بىلەن تارىق كىنوخانىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارسچىغا تەرجىمە قىلىنغان فىلىمىنى كۆرگىلى باردى. بۇ فىلىمگە پارس تىلى تولىمۇ قىزىقارلىق تۈس بەرگەنىدى. فىلىمدە بىر يۈك كېمىسىدە يۈز بەرگەن ئىشلار ھېكايە قىلىنغانىدى. فىلىمدە كېمە كاپىتانىنىڭ قىزى ئالىيونا بىلەن كېمە خىزمەتكارى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. سەپەر ئۈستىدە، ئۇلار دەھشەتلىك بوران - چاپقۇنغا ئۇچرايدۇ. كېمىچىلەرنىڭ بىرسى جىددىي ئاۋازدا كۈچىنىڭ بارىچە ۋارقىرايدۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا بېرىلگەن پارسچە ئاۋاز ئىنتايىن سىلىق ۋە ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن: «قەدىرلىك ئەپەندى، خاپا بولماي ئاۋۇ تانىنى ماڭا سۇنۇپ بەرگەن بولسىڭىز بوپتىكەن» دەيتتى.

تارىق بۇنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. لەيلامۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلار ھەر قېتىم فىلىمدىكى ۋەقەلىك بىلەن قىلچە ماس كەلمىگەن تەرجىمە ئاۋازنى ئاڭلىغاندا ئىختىيارسىز پىخىلداپ كۈلەتتى. ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئادەم ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ئۇلارنى تىنچ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

فىلىمنىڭ ئاخىرىدا ئالىيونا دادىسىنى قايىل قىلىپ، كېمە خىزمەتكارى بىلەن توي قىلىدۇ. ئۇ ئىككى ياش خۇشاللىقتا چۆمىدۇ. كېمىدىكىلەر ئۇلارنىڭ تويىنى تەبرىكلەپ ۋوتكا

ئىچىشىدۇ.
— مەن ھەرگىزمۇ توي قىلمايمەن، — دېدى تارىق تىۋۋەن ئاۋازدا.
— مەنمۇ، — دېدى لەيلا ئىككىلەنگەن ھالدا. تارىقنىڭ سۆزى ئۇنى بەكمۇ ئۇمىدسىزلەندۇرگەنىدى. ئۇ ھېسسىياتىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈردى، — مېنىڭمۇ ھەرگىز توي قىلغۇم يوق.
— توي قىلىش ئەخمەقلىقتۇ.
— نېمىدېگەن ئاۋارىچىلىك.
— بىكاردىن نۇرغۇن پۇل خەجلەپ.
— نېمىگە؟
— قايتا كىيىلمەيدىغان كىيىملەرگە بولمامدۇ؟
— ئەگەر مەن توي قىلسام، — دېدى تارىق، — ئۇلار ماڭا، كېلىنگە، يەنە مېنىڭ مېڭەمگە مىلتىق تەڭلەپ تۇرغان ئادەمگە ئورۇن تەييارلاش كېرەك.
ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئادەم ئۇلارغا يەنە ھومىيىپ قارىدى. ئېكراندا ئاليونا بىلەن ئۇنىڭ توي قىلغان ئىرىنىڭ سۆيۈشۈۋاتقان كۆرۈنۈشى چىقىۋاتاتتى. لەيلانىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. ئۇ قۇلاق تومۇرلىرىدىن ئېقىۋاتقان قاننىڭ ئىسسىق ھارارىتىنى سەزدى. تارىقنىڭ نەپەس ئاۋازىمۇ غايىب بولغانىدى. ئېكراندىكى سۆيۈشۈش ئۇزاق داۋاملاشتى. لەيلا ئورنىدىن مىدىرلىماسلىقتا، ھېچقانداق ئاۋاز چىقارماسلىقتا تىرىشتى. ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا تارىقنى كۆزەتتى. ئۇ تارىقنىڭمۇ ئۆزىگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. تارىق ئۇنىڭ نەپەسلىرىنىڭ رىتىمسىزلىقىغا، ئۆزىنىڭ تېنىنىڭ چىڭقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلغانمىدۇ؟ ئۇنى سۆيسە قانداق بولىدىغاندۇ؟ كالپۇكىنىڭ ئۈستىدىكى تۈكلىرى ئۇنىڭ لەۋلىرىگە تېگىپ بىئارام قىلارمۇ؟
تارىقمۇ بىئاراملىق ئىچىدە ئورنىدىن مىدىرلىدى. ئۇ

ئارىدىكى ئوڭايسىزلىقنى ئوڭشاش ئۈچۈن گېلىنى قېقىپ:

— ئاڭلىسام، سىبىرىيەدە تۈكۈرسەڭ تۈكۈرۈكۈڭ كۆك مۇز بولۇپ چۈشىدىكەن، — دېدى.

ئۇلار جىددىيچىلىك ئىچىدە كۈلۈپ كېتىشتى. فىلىم ئاياغلىشىپ، ئۇلار سىرتقا چىققاندا، قۇياش ئاللىقاچان غەربكە ئولتۇرغانىدى، لەيلا تارىقنىڭ كۆزىگە كۈن يورۇقىدا قاراشتىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىغا خۇرسەن بولدى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

1992 - يىلى 4 - ئاي

ئاردىن ئۈچ يىل ئۆتتى.

بۇ جەرياندا تارىقنىڭ دادىسىنىڭ مېڭىسىگە بىرنەچچە قېتىم قان چۈشۈپ، سول قولى پالەچ بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن سۆزلىرىمۇ راۋان ئەمەس ئىدى. كەيپىياتى ناچار چاغلاردا سۆزلىشىش تېخىمۇ قىيىن بولاتتى. تارىقنىڭ سۈنئىي پۇتىمۇ ئۇنىڭ تېزىغا كىچىك كېلىپ قالدى. گەرچە قىزىل كىرېست جەمئىيىتى ئۇنىڭغا يېڭى پۇت بۇيرۇتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياسىلىپ كېلىشى ئۈچۈن ئالتە ئاي ساقلاش كېرەك ئىدى.

خاسىنا ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۇنى لاھوردا ماشىنا رېمونتخانىسى ئاچىدىغان بىر نەۋرە ئاكىسىغا ياتلىق قىلماقچى بولۇپ لاھورغا ئاپارماقچى بولدى. ئۇلار يولغا چىقىدىغان كۈنى سەھەردە لەيلا بىلەن گىتى خاسىنانىڭ ئۆيىگە خوشلاشقىلى باردى. خاسىنا لەيلا بىلەن گىتىگە بولغۇسى ئېرىنىڭ ئۆزىنى گېرمانىيەگە ئەكېتىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ بىر يىل ئىچىدە بولغۇسى ئېرىنىڭ ئاكىلىرى تۇرۇۋاتقان فىرانكفورد شەھىرىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىدىغانلىقى بەلگىلىنىپ بولغانىدى. ئۈچ دوست بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ كۆز يېشى قىلىشتى. گىتىنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. خاسىنا دادىسىنىڭ ياردىمى بىلەن لىق ئادەم ئولتۇرغان ئاپتوبۇسنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئولتۇردى. لەيلا ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭغا قاراپ قولىنى پۇلاڭشىتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيا خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدا ھەيران قالارلىق سۈرئەتتە پارچىلىنىپ كەتتى. لەيلانىڭ دادىسى بىرنەچچە ھەپتىدە بىر قېتىم لاتىۋىيە، ئىستونىيە ۋە ئۇكرائىنىيە قاتارلىق رېسپۇبلىكىلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىللىق جاكارلىغان خەۋىرىنى ئېلىپ كېلەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي كرېمل سارىيى ئالدىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بايرىقى ئېلىپ تاشلىنىپ، يېڭى رۇسىيە جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كەلدى.

كابۇلدا بولسا، نەجىبۇللا ئۆزىنىڭ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى تەقۋادار مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى.

— ئۇ بەكمۇ كېچىكتى، — دەيتتى ھاكىم، — ئۇ ھەرگىزمۇ بىر كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگىنىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئەتىسىلا ئۆزى قىيناپ ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ قېرىنداشلىرى بىلەن بىر يەردە ناماز ئوقۇيالمايدۇ.

ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان نەجىبۇللا مۇجاھىددىنلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى.

— ئۇلار ئۇنىڭغا قوشۇلماي ئوبدان قىپتۇ، — دەيتتى فارىبە كارىۋاتتا يېتىپ. ئۇ مۇجاھىددىنلار غەلىبە قىلغان، ئوغۇللىرىنىڭ دۈشمەنلىرى پۈتۈنلەي گۇمران بولغان ئاشۇ كۈننى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

فارىبە كېچە ـ كۈندۈز تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. 1992 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، لەيلا ئون تۆت ياشقا كىرگەن يىلى، نەجىبۇللا ئاخىر تەسلىم بولدى. ئۇ دارۇلئامان ئوردىسىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا جايلاشقان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خىزمەت بىناسىدا پاناھ تاپتى.

فارىبە ئۇزاق يىل كۈتكەن كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. مانا

ئەمدى ئۇنىڭ ئۇزاق يىللىق مۇسىبەتلىرىگە خاتىمە بېرىلىپ، ئۇنىڭ ئورۇشتا قۇربان بولغان ئوغۇللىرى ئۇ دۇنيادا خاتىرجەم ياتىدىغان بولدى.

نەجىبۇللا تەسلىم بولغان كۈنى فارىبە ئورنىدىن دەس تۇردى. ئەھمەد بىلەن نۇر قازا قىلغان بەش يىلدىن بېرى كىيىپ يۈرگەن قارىلىق كىيىمىنى تاشلاپ، تۇنجى قېتىم ئۇستىگە ئاق چېكىتلىك، كۆك رەڭلىك نىلۇڭ كۆڭلەك كىيدى. دېرىزىلەرنى سۈرتۈپ، يەرلەرنى سۈپۈرۈپ، ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇردى. ئاۋازىمۇ قايتىدىن جاراڭلاشقا باشلىدى.

— مەن بىر ئولتۇرۇش قىلاي، — دېدى ئۇ لەيلانى قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە بۇيرۇپ، — قوشنىلارغا ئاپام ئەتە چۈشتە سىلەرنى تاماققا تەكلىپ قىلدى، دە.

فارىبە ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ، ئىككى قولىنى بېلىگە تىرىگىنىچە ئاشخانا ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى.

— ئاشخانامنى نېمە قىلىۋەتكەنسەن، لەيلا، — دېدى ئۇ ئەيىبلەش ئاھاڭىدا، — ۋاي ئاللا، ھەممە نەرسىنىڭ ئورنى يۆتكىلىپ كېتىپتۇ.

فارىبە ئۆزىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى جاكارلىغاندەك ئاشخانىدىكى قازان - قومۇچلانى بۇرۇنقى ئورنىغا يۆتكەشكە باشلىدى. لەيلا ئاپىسىغا پۈتلىكاشاڭ بولماي، دەپ بىر چەتتە قاراپ تۇردى. چۈنكى، فارىبە خۇشال بولغان، ھاياجانلانغاندا، خۇددى خاپا بولغىنىغا ئوخشاشلا ئۆزىنى كونترول قىلالمايتتى. ئۇ ئەنە شۇ ھاياجىنى بىلەن تاماققا تۇتۇش قىلدى: قورۇتۇلغان بەدىيان سېلىنغان پۇرچاق ئېشى، قېتىققا مىلەپ ئۇستىگە يىنىنە ئۇۋۇقى سەپكەن مانتا...

— سەن قاشلىرىڭنى تېرىپسەن - دە، — دېدى فارىبە، ئاشخانىدىكى ئىشكاپتىن بىر خالتا گۈرۈچ ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچقاچ.

— ئازراقلا.

فارىبە خالتىدىكى گۆرۈچنى سۇ قايناۋاتقان قازانغا سېلىپ، يېڭىنى تۈرۈپ چۆمۈچ بىلەن ئارىلاشتۇرۇشقا باشلىدى.

— تارىقنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— دادىسى ئاغرىپ قاپتۇ.

— دادىسى نەچچە ياشلاردا بار؟

— ئاتمىشلاردا بارغۇ دەيمەن.

— ياق، مەن تارىقنى دەيمەن.

— ھە، ئۇن ئالتە ياشقا كىردى.

— ئۇ بەك ئوبدان بالا بوپتۇ.

لەيلا مۇرىسىنى ئېتىپ قويدى.

— ئۇ ئەمدى بالىمۇ ئەمەس. ئۇن ئالتە ياشقا كىرگەندىن كېيىن قۇرامىغا يەتكەن يىگىت بولۇپ قالدى دېگەن گەپ. شۇنداققۇ؟

— سىز نېمە دېمەكچى، ئاپا؟

— ھېچ نەرسە دېمەكچى ئەمەسمەن، — دەپ كۈلۈمسىرىدى فارىبە، — مەن شۇ... بولدى، ھېچنېمە دېمەكچى ئەمەسمەن. ئەڭ ياخشىسى گەپ قىلماي.

— لېكىن سىزنىڭ بىرنېمە دېگۈڭىز باردەك قىلىدۇ، — دېدى لەيلا قېيىدىغاندەك.

— دېمەكچى بولغىنىم، — دېدى فارىبە قولى بىلەن كورىنىڭ قىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن لەيلاغا تەربىيە بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — سىلەر كىچىك ۋاقتىڭلاردا بىللە يۈگۈرۈپ يۈرسەڭلار شۇنداق ئوماق كۆرۈنەتتى. ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. لېكىن، ھازىر ئۇنداق ئەمەس. سەن ھازىر ئېگىزلەپ كېتىۋاتىسەن، — لەيلا خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى، — ماڭا دەپمۇ قويماپسەن. مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. مەن ئۇنى بىلمەپتىمەن، — دېدى فارىبە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — لېكىن دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ لېپىتكىنىڭ بىلەن

مۇناسىۋىتى يوق. مەن تارىق ئىككىڭلارنى دېمەكچى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ دېگەن بىر ئوغۇل بالا. ئۇنىڭ ئابرۇيى بىلەن نېمە كارى بولسۇن؟ لېكىن سەنچۇ؟ ساڭا ئوخشاش چىرايلىق قىزلار ئۈچۈن ئىززەت - ئابرۇي، ئىپپەت - نومۇس دېگەن ئىنتايىن مۇھىم، لەيلا. ئابرۇي دېگەن قولۇڭغا قونغان شاتۇتىغا ئوخشايدۇ. مەھكەم تۇتمىساڭ ئۇچۇپ كېتىدۇ.

— سىزمۇ دادام بىلەن ئوغرىلىقچە تاملارغا يامىشىپ، باغلاردا قوغلىشىپ يۈرۈپتىكەنسىزغۇ؟ — دېدى لەيلا ئاپىسىنىڭ شۇنچە تېز ئەسلىگە كەلگەنلىكىگە خۇرسەن بولۇپ.

— داداڭ ئىككىمىز بىر نەۋرە تۇغقان ئىدۇق. ئەڭ مۇھىمى بىز توي قىلدۇق. ئۇ بالا ساڭا توي قىلىش تەلىپى قويۇپ باقتىمۇ؟

— ئۇ دېگەن مېنىڭ دوستۇم. ئارىمىزدا ئۇنداق ئىش يوق، — دېدى لەيلا ئۆزىنى ئاقلاپ، — ئۇ دېگەن مېنىڭ ئاكامدەك، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ ئويلانمايلا.

دەل شۇ پەيتتە، فارىبەنىڭ چىرايىدىكى كۈلۈمسىرەشلەر نەرلەرگىدۇر غايىب بولدى. لەيلا ئۆزىنىڭ ئېغىر خاتالىق ئۆتكەزگەنلىكىنى چۈشەندى.

— ئۇ ئۇنداق ئەمەس، — دېدى فارىبە كەسكىن هالدا، — سەن ئۇ بىر پۈتلۈق بالىنى ئاكىلىرىڭغا ئوخشاتما. بۇ دۇنيادا هېچكىم ئاكىلىرىڭغا ئوخشىمايدۇ.

— مەن ئۇنداق دېمىدىم. مەن... مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس.

فارىبە ئېغىر تىنىپ، ئەپسۇسلانغان هالدا ئاغزىنى چىكىلداتتى.

— قانداقلا بولمىسۇن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى فارىبە. لېكىن، ئۇنىڭ بايىقى قىزغىنلىقى ئاللىقاچان غايىب بولغانىدى، — دىققەت قىلمىساڭ، خەقنىڭ سۆز - چۆچەكىگە قالىسەن.

لەيلا بىرنەرسە دېمەكچى بولۇپ، ئاغزىنى ئاچتى ـ يۇ، دەرھال توختاپ قالدى. چۈنكى، ئاپىسىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. تارىق بىلەن كوچىلاردا بىللە قوغلىشىپ ئوينايدىغان سەبىي چاغلار ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتكەنىدى. ئۇ تارىق بىلەن بىللە سىرتقا چىققاندا باشقىلار ئۇلارغا مەنىلىك قاراۋاتقاندەك، ئۇلار توغرۇلۇق بىر ـ بىرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغان بولدى. ئەڭ مۇھىمى، لەيلانىڭ تارىققا بولغان ھېسسىياتىمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ تارىققا ئىختىيارسىز ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن باغلانغانىدى. تارىقنىڭ يېنىدا بولغاندا ئۇنىڭ خىيال كەپتەرلىرى باشقا بىر دۇنياغا، تارىقنىڭ قوينىغا باشلاپ باراتتى. كېچىلەردە كۆزىنى يۇمغاندا، تارىق ئۇنى ئىللىق باغرىغا ئېلىپ، كۆچلۈك قوللىرىدا بەدىنىنى ئىللىق ھارارەت بىلەن سىلاۋاتقان، ئۇنىڭ بويۇنلىرىغا، دۇمبىلىرىگە، كىندىكلىرىگە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن لەۋلىرىنى يېقىۋاتقان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئۇ ئاشۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خىجىللىق بىلەن بىللە بىر خىل ئىللىق سېزىم قاپلايتتى.

ياق. فارىبەنىڭ سۆزلىرىنىڭ چوقۇم سەۋەبى بار. بەلكىم ئۇ لەيلا تەسەۋۋۇر قىلغاندىن كۆپرەك نەرسىلەرنى بىلىشى مۇمكىن. قوشنىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تارىق توغرۇلۇق غەيۋەتىنى ئاللىقاچان باشلاپ بولغانلىقى ئېنىق ئىدى. لەيلا ئۇلارنىڭ مەنىلىك قاراشلىرىدىن ئۆزى بىلەن تارىقنى ئاللىقاچان مۇھەببەتلىشىۋاتىدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، گەپ ـ سۆز تارقىتىپ بولغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدى. تېخى بىر قېتىم، ئۇ تارىق بىلەن بىللە موزدۇز رەشىد ۋە ئۇنىڭ بېشىدىن ـ ئايىغىچە بۇرقا بىلەن ئورىنىۋالغان ئايالى مەريەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، رەشىد ئۇلارنى 12 ـ ئەسىردە ئۆتكەن نىزامىنىڭ داڭلىق داستانىدىكى ئاشىق ـ مەشۇققا ئوخشىتىپ: «بۇلار لەيلى ـ مەجنۇنلار ئوخشىمامدۇ» دەپ چاقچاق قىلغانىدى.

بۇ داستان شېكسپىر دەۋرىدىن تۆت ئەسىر بۇرۇن يېزىلغان بولۇپ، «رومېئو ـ ژۇلېتتا» داستانىنىڭ پارسچە نۇسخىسى دېيىش تامامەن مۇمكىن ئىدى.

فارىبەنىڭ سۆزىنىڭ ئاساسى بار ئىدى.

لېكىن، فارىبەنىڭ ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلىشىۋېلىشى لەيلانى تولىمۇ بىئارام قىلغانىدى. ئەگەر دادىسى بۇنداق سۆزلەرنى قىلغان بولسا، لەيلا ھەرگىز غەلىتىلىك ھېس قىلمىغان بولاتتى. ئەمما، ئاپىسىچۇ؟ ئۇ شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۆز دۇنياسىغا بېكىنىۋېلىپ، لەيلانىڭ قەيەرگە بارغانلىقى، نېمە ئىش قىلغانلىقى، كىملەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى سوراپمۇ قويمىغانىدىغۇ؟ خۇددى ئاشخانىدىكى قازان ـ قومۇچ بىلەن كارى بولمىغاندەك كارى بولماي، ئەمدى ئۇلارغا ئىگە بولغاندەك، لەيلاغا كەيپىياتى ياخشى بولغاندا، ئاندىن ئىگىدارچىلىق قىلىشى تەڭسىزلىك ئەمەسمۇ؟

لېكىن، بۈگۈن فارىبە ئۇچۇن ئالاھىدە بىر كۈن. ياق، لەيلا ۋە دادىسى ھاكىم ئۇچۇنمۇ مۇھىم كۈن. بۈگۈن ھەرقانداق سەۋەب بىلەن فارىبەنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەسلىك كېرەك. لەيلا شۇلارنى ئويلاپ، دېمەكچى بولغانلىرىنى يۇتۇۋەتتى.

—— نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى چۈشەندىم، ئاپا، —— دېدى ئۇ.

—— ياخشى ! —— دېدى فارىبە، —— ئۇنداق بولسا مەسىلە ھەل بوپتۇ. ھاكىمچۇ؟ قېنى ئۇ مېنىڭ تاتلىق ئېرىم؟

كۆپكۆك ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. ھويلىدا ئەرلەر قاتلاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، چاي ئىچىپ، تاماكا چەككەچ مۇجاھىددىنلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلانى توغرۇلۇق قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ھاكىم لەيلاغا ئافغانىستاننىڭ «ئافغانىستان ئىسلام دۆلىتى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى دېگەنىدى. ئۇ يەنە مۇنۇلارنى دەپ بەرگەنىدى:

بىرنەچچە مۇجاھىددىن گۇرۇپپىلىرىدىن تەشكىللىنىپ، سىبغاتۇللا مۇجاھىددىنىنىڭ رەھبەرلىكىدە پېشاۋەردا قۇرۇلغان «ئىسلام جىھاد كېڭىشى» ئىككى ئاي ھۆكۈم سۈرمەكچى بوپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن راببانىنىڭ قول ئاستىدىكى رەھبەرلىك كېڭىشى دۆلەتنى تۆت ئاي باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان بوپتۇ. ئاشۇ ئالتە ئاي جەريانىدا رەھبەرلەر ۋە پېشقەدەملەردىن تەركىب تاپقان بىر ئالىي كېڭەش قۇرۇلۇپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىللىنىپ، ئىككى يىل ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق رەسمىي ھۆكۈمەت تەشكىللىنىدىغان بوپتۇ.

مېھمانلارنىڭ بىرى كاۋاپدانىنى يەلپۈۋاتاتتى. تارىقنىڭ دادىسى بىلەن ھاكىم نەشپۈت دەرىخىنىڭ سايىسىدا قوشۇمىلىرىنى تۈرگەن ھالدا شاھمات ئويناۋاتاتتى. تارىقمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئويۇننى كۆزەتكەچ، ئۇلارنىڭ سىياسىي پاراڭلىرىنى زەن سېلىپ ئاڭلاۋاتاتتى.

ئاياللار مېھمانخانا، زال ۋە ئاشخانىلارنى ئىگىلىگەنىدى. بەزىلەر بالىلىرىنى قۇچىقىغا ئېلىپ تەۋرەتكەچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇششاق بالىلار ئۆي ئىچىدە بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئوينايتتى. ئۈنئالغۇدىن سەنئەتكار ساراخاننىڭ غەزەللىرى ياڭراپ تۇراتتى.

لەيلا ئاشخانىدا گىتتى بىلەن بىللە خېمىر يۇغۇرۇۋاتاتتى. گىتتىنىڭ بۇرۇنقى تارتىنچاقلىقى ۋە جىددىيلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. بىر ئاي ئىچىدە گىتتىنىڭ چىرايىدىكى خاپىغانلىقنىڭ ئورنىنى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان تەبەسسۇم ئىگىلىگەنىدى، ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان كۈلكە ئاۋازى لەيلاغا دەسلەپتە غەلىتە تۇيۇلدى. گىتتى ئىلگىرى بوغۇۋالىدىغان چاچلىرىنى ئەمدى قويۇۋېتىپ، چېچىنىڭ ئارىسىنى قىزىل رەڭدە تال - تال قىلىپ بويىۋالغانىدى. لەيلا ئاخىر ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ئون سەككىز ياشلىق بىر ئوغۇل بالا سەۋەب

بولغانلىقىنى بىلدى. گىتتىنىڭ ئاكىسى تۇرۇشلۇق پۇتبول كوماندىسىنىڭ ۋاراتاسى سابىرغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغانىدى.

— ساڭا دېسەم، ئۇنىڭ كۈلكىسى شۇنداق ئوماق دېگىنە. قاپقارا چاچلىرىچۇ، تېخى، — دېگەنىدى گىتتى. ئەلۋەتتە، ئۇلار بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتمىغان، گىتتى لەيلاغا ئۇ بالا بىلەن ئىككى قېتىم تايمانىنىڭ سىرتىدىكى بىر چايخانىدا يوشۇرۇن كۆرۈشكەنلىكىنى، ھەر قېتىملىق كۆرۈشۈشكە پەقەت ئون بەش مىنۇتلا كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى، — ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە ئەلچى ئەۋەتمەكچى، لەيلا. بەلكىم يازغا قالماي كىرىشى مۇمكىن. سەن بەلكىم ئىشەنمەيسەن. ئۇ كېچە - كۈندۈز خىيالىمدىن كەتمەيدۇ.

— ئۇنداقتا ئوقۇشۇڭنى قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى لەيلا. گىتتى بېشىنى سىڭار يان قىلىپ، ئۇنىڭغا «سەن مېنى چۈشەنمەيسەن» دېگەندەك قاراپ قويدى.

خاسىنا ئىلگىرى لەيلاغا: «گىتتى ئىككىمىز يىگىرمە ياشقا كىرگۈچە تۆت - بەش بالا تۇغۇپ بولىمىز. لېكىن، سەن لەيلا بىز قاپاقباشلارنىڭ پەخرى بولۇپ قالىسەن. خۇدايىم بۇيرۇسا، بىر كۈنلەردە گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىدە سۈرىتىڭنى كۆرۈشكە ئىشەنچىم بار» دېگەنىدى.

گىتتى چوڭقۇر خىيالغا پاتقىنىچە لەيلانىڭ يېنىدا تۇرۇپ تەرخەمەك توغراشقا باشلىدى.

فارىبە ئوچۇق رەڭلىك يازلىق كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. ئۇ لەيلانىڭ كىندىك ئانىسى ۋاجىمە ۋە تارىقنىڭ ئانىسى بىلەن بىللە پىششىق تۇخۇملارنى سويۇۋاتاتتى.

— مەن گېنېرال مەسئۇدقا ئەھمەد بىلەن نۇرنىڭ سۈرىتىنى ئۆز قولۇم بىلەن تەقدىم قىلىمەن، — دەيتتى فارىبە. ۋاجىمە ئەدەپ بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، فارىبەنىڭ سۆزىنى قىزىقىش بىلەن ئاڭلاۋاتقانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغانىدى، — ئۇ بالىلىرىمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئۆزى باش بولۇپ

ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلارنىڭ تۇپراق بېشىدا خەتمىقۇرئان قىلدى. ئۇلارنىڭ سۈرىتىنى سوۋغا قىلىپ ئۇنىڭ ئادەمگەرچىلىكىگە رەھمەت ئېيتمىسام بولمايدۇ، — فاربىيە يەنە بىر تۇخۇمنى ئېلىپ ئاقلاشقا باشلىدى، — ئاڭلىسام ئۇ كىشى باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىدىغان، ئالىيجاناب زاتمىش. مېنىڭ بۇنداق كۆڭلۈمنى چۈشەندۈرۈشۈمدىن ئۇ زات چوقۇم مەمنۇن بولىدۇ.

باشقا ئاياللار پايپېتەك بولۇپ، تەخسىلەرگە ئۇسۇلغان ھەر خىل تاماق ۋە نانلارنى يەرگە سېلىنغان داستىخانغا تىزىۋاتاتتى. تارىق بولسا پات ـ پات ئۆيگە كىرىپ، بىرنەرسىلەرنى تۇتۇپ بېقىپ ياكى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكەپ بېقىپ يۈرەتتى.

— ئەرلەرنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت يوق، — دېدى گىتى.

— چىق، چىق، بۇ يەرگە كىرمە، — دېدى ۋاجىمە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

تارىق ئاياللارنىڭ ئۆزىنى ئۆيدىن ئىتتىرىپ چىقىرىشىغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاياللار تويىنى قالايمىقان قىلغانلىقىدىن خۇشاللىق تاپقانىدى. لەيلا ئامال بار تارىققا قارىماسلىققا تىرىشتى. چۈنكى، ئۇ ھەممە كۆزلەرنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغىنىنى، ئاززاقلا كۆز ئۇچرىشىشىنىڭمۇ ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ سۆز ـ چۆچەككە قويۇش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ كۆزىنى يەردىن ئالمىدى. تارىققا بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى. لېكىن، خىيال كەپتىرى ئاللىقاچان بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كۆرگەن چۈشىدە پەرۋاز قىلماقتا ئىدى. چۈشىدە لەيلا تارىق بىلەن بىر يېشىل شارپىنىڭ ئاستىدا بىر ـ بىرىگە ئەينەك ئارقىلىق قاراۋاتقۇدەك. گۈرۈچ دانلىرى تارىقنىڭ چېچىدىن تۆكۈلۈپ، قولىدىكى پىيالىگە چۈشۈۋاتقۇدەك.

تارىق بەرەڭگى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان ئۆچكە گۆشىگە قولىنى ئۇزارتتى.

— ۋوي، ئوغرى! — گىتى ئۇنىڭ قولىنىڭ دۈمبىسىگە

ئۇردى. تارىق تېزدىن بىر پارچە گۆشنى ئالدى ـ دە، قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

تارىق لەيلادىن ئاز دېگەندە ئوتتۇز سانتىمېتىر ئېگىز ئىدى. ئۇنىڭ ساقاللىرى پاكىز قىرىلغان، يۈزلىرىمۇ ياداپ، بۇرۇنقىدىن ئۇزىراپ، دولىسى كۆرۈنەرلىك كەڭلەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. كىيىنىشلىرىمۇ ئۆزگىرىپ، قىرلاپ دەزماللانغان ئىشتان، پۇتىغا قارا شىبلىت كىيىشنى ياخشى كۆرەتتى. كۆڭلىكىنىڭ قىسقا يېڭىدىن ھويلىسىدىكى داتلىشىپ كەتكەن ئىشتانكىنى كۈندە كۆتۈرۈپ مەشىق قىلىش ئارقىلىق يوغىنىغان بىلەك مۇسكۇللىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پاراڭ قىلىشىمۇ ئۆزگەرگەنىدى. باشقىلارغا سۆز باشلىغاندا بېشىنى ئازراق يانتۇ قىلاتتى. كۈلگەندە بولسا بىر قېشىنى كۆتۈرۈۋالاتتى. چاچلىرىمۇ ئۇزۇن قويۇلغان بولۇپ، پېشانىسىغا چۈشۈپ قالغان چاچنى توختىماي بېشىنى سىلكىپ ئارقىسىغا ئېتىپ تۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. مىيىقىدا كۈلۈشمۇ ئۇنىڭدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىرى ئىدى.

تارىق ئاخىرقى قېتىم ئاشخانىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندا، ئۇنىڭ ئاپىسى لەيلانىڭ ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە قاراۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ قالدى. لەيلانىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، ئالاقزەدىلىك بىلەن تارىقنىڭ ئاپىسىغا قاراپ قويدى ـ دە، دەرھال كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ، توغرالغان تەرخەمەكنى تۇز بىلەن سۇ ئارىلاشتۇرۇلغان قېتىققا سېلىپ ئارىلاشتۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن، تارىقنىڭ ئاپىسىنىڭ ئۆزىگە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مەنىلىك قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

ئەرلەر تەخسىلىرىنى داستىخاندىكى تائاملار بىلەن توشقۇزۇپ ھويلىغا چىقىشتى. ئۇلار بىر قاتار تاماققا ئېغىز تەگكەندىن كېيىن ئاياللار بىلەن باللار داستىخاننىڭ ئەتراپىدىن ئورۇن ئالدى. داستىخان قۇرۇقدالغاندىن كېيىن، بىكار بولغان چىنە ـ قاچىلار ئاشخانىغا توشۇلۇشقا باشلىدى. ئەمدى چاي ئىچىش

نۆۋىتى كەلگەندى، ساھىبخانا ئاياللار كىمنىڭ قارا چاي، كىمنىڭ يېشىل چاي ئىچىدىغانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ سورىدى. تارىق باشقىلار چاي بۇيرۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، لەيلاغا بېشى بىلەن شەرەت قىلىپ قويۇپ، سىرتقا قاراپ ماڭدى.

لەيلا بەش مىنۇتتىن كېيىن، ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتى.

ئۇنى تارىق ئۇچ ئۆي نېرىسىدىكى كوچا دوقمۇشىدا سەنئەتكار ئۇستاد ئاۋال مىرنىڭ پاشتۇنچە ئېيتقان كونا ناخشىسىنى غىڭشىغاچ، تامغا يۆلىنىپ ساقلاپ تۇراتتى.

بۇ بىزنىڭ ۋەتەندۇر، سۆيۈملۈك ۋەتەن.
بۇ گۈزەل ۋەتەندۇر، بۇ ئۇلۇغ ۋەتەن.

تارىق ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان لەيلاغا قاراپ، ئاغزىدىكى تاماكا ئىسىنى ئاسمانغا پۈۋلىدى. تاماكا چېكىشمۇ تارىقتا يېقىندا پەيدا بولغان يېڭىلىقلارنىڭ بىرى ئىدى، لەيلا ئۇنىڭ تاماكا چېكىشنى كوچىدا يېڭىدىن ئارىلاشقان دوستلىرىدىن ئۆگەنگەنلىكىنى بىلەتتى. لەيلا تارىقنىڭ بۇ يېڭى دوستلىرىنى ياقتۇرمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىرلانغان شىم ۋە بەدەن مۇسكۇللىرى بىلىنىپ تۇرىدىغان تار كۆڭلەكلەرنى كىيىپ يۈرەتتى. بەدىنىدىن كېلىۋاتقان ئەتىر پۇرىقى شۇ قەدەر كۈچلۈك بولۇپ، خېلى يىراقتىنلا دىماقا ئۇرۇلاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاماكا چېكەتتى. ئۇلار كوچىلاردا توپلىشىپ، يولدىن ئۆتكەن قىزلارنى مازاق قىلىپ، قاقاھلاپ كۈلۈشەتتى. تارىقنىڭ دوستلىرى ئارىسىدا سىلۋېستېر ستاللونغا ئوخشايدىغان بىرسى بار بولۇپ، ئۇلار ئۇنى رامبو دەپ چاقىراتتى.

— ئەگەر ئاپاڭ تاماكا چېكىۋاتقىنىڭنى كۆرۈپ قالسا، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى لەيلا ئالدى ـ كەينىگە قارىغاچ.

— لېكىن ئۇ بىلمەيدۇ، — دېدى تارىق. ئۇ لەيلاغا ئورۇن بوشىتىش ئۈچۈن بىر چەتكە سۈرۈلدى.

— قاراپ تۇر.
— ئاپامغا كىم دەپ قويايتتى، سەنمۇ؟
لەيلا پۇتى بىلەن يەرنى يەڭگىل چەكتى.
— سىرلىرىڭنى ئېيتىپ سالساڭ شامالغا، دەرەخلەرنى ئاڭلاپتۇ دەپ ئۆكۈنمە.
تارىق بىر قېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ كۈلدى.
— كىمنىڭ گېپىكەن بۇ؟
— جىبران خېلىلنىڭ.
— سەن ئۆزۈڭنى تازا كۆرسىتىۋاتىسەن ـ ھە؟
— ماڭا تاماكىدىن بىرنى بېرە.
تارىق بېشىنى چايقىدى. ئۇ يېڭى ئۆگەنگىنى بويىچە، تاماكىسىنى مايماق چىشلەپ، ساق پۇتىنى سەل ئېگىپ تامغا يۆلىنىپ تۇردى.
— نېمىشقا؟
— ساڭا زىيان قىلىدۇ.
— ساڭا زىيان قىلمامدىكەن؟
— مەن قىزلارنى دەپ چېكىمەن.
— قايسى قىزلارنى دەپ؟
ئۇ دىمىقىدا كۈلدى.
— قىزلارنىڭ كۆزىگە تاماكا چەككەن ئوغۇللار ئىسسىق كۆرۈنىدۇ.
— ئۇنداق كۆرۈنمەيدۇ.
— راست ئۇنداق كۆرۈنمەمدۇ؟
— مەن ساڭا قەسەم قىلاي. راست دەۋاتىمەن.
— يېقىملىق كۆرۈنمەمدۇ؟
— ياق. سەن ھازىر خۇددى بىر لوكچەككە ئوخشاپ قالدىڭ.
— بۇ سۆزۈڭ كۆڭلۈمگە كەلدى جۇمۇ.
— سەن قانداق قىزلارنى دەۋاتىسەن؟
— ئېچىڭ تارلىق قىلىۋاتامسەنغۇ؟

— ياق، مەن قىزىقىپ سوراۋاتىمەن.

— ياق، ئىچىڭ تارلىق قىلىپ تۇرۇپ، قىزىقىپ قېلىۋاتامسەن؟ ساڭا دېسەم، ئۇلار چوقۇم بىز توغرۇلۇق پاراڭ قىلىۋاتىدۇ.

لەيلانىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئاپىسىنىڭ «خۇددى شاتۇتىغا ئوخشاش، قولۇڭ بوشاپ كەتسە يىراققا ئۇچۇپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزلىرى جاراڭلىدى. لېكىن، تارىقنىڭ «بىز» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ قەلبىدىكى گۇناھكارلىق ھېسسىياتىنى پاك - پاكىز يۇيۇپ تاشلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چىققان «بىز» دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان باغلانغانلىقىدىن، تارىقنىڭمۇ ئۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

— ئۇلار نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقاندۇ؟

— ئۇلار بىزنى «گۇناھ يولىغا مېڭىۋاتىدۇ»، «ھارام تورتنى يەۋاتىدۇ. شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىۋاتىدۇ» دېيىشىۋاتىدۇ، — دېدى تارىق.

— «ئەقلى بۇلغىنىۋاتىدۇ» دېيىشىۋاتقاندۇ، ھەرقاچان؟

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشتى.

تارىق لەيلانىڭ ئۇزۇن چاچلىرىغا قارىدى.

— چېچىڭ يارىشىپتۇ، — دېدى تارىق.

لەيلا يۈزىنىڭ ئوت ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— سەن گەپنى باشقا ياققا بۇراۋاتىسەن.

— قايسى گەپنى؟

— ھېلىقى كاللىسى يوق قىزلارنىڭ كۆزىگە يېقىملىق كۆرۈنۈپ كەتكىنىڭنىچۇ؟

— سەن بىلىسەنغۇ؟

— نېمىنى؟

— مېنىڭ ساڭىلا كۆڭلۈم بارلىقىنى.

لەيلا ۋۇجۇدىغا تارالغان ھارارەت بىلەن تەڭ سېزىمىنى يوقاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تارىقنىڭ ھاياجانغا تولغان، كۈلكە

ئارىلاش تەلمۈرگەن كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. تارىقنىڭ قاراشلىرى لەيلاغا چاقچاق قىلىپ دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان سەمىمىي ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى.

تارىق تاماكىنى يەرگە تاشلاپ، ساق پۇتى بىلەن دەسسىدى.

— سەن بۇ ئىشلار توغرۇلۇق قانداق ئويلاۋاتىسەن؟

— بىزنىڭ ئۆيدىكى ئولتۇرۇش توغرۇلۇقمۇ؟

— ئەمدى كىمنىڭ ھەقىقىي ئەخمەقلىقىنى بىلگەنسەن؟ مەن ماۋۇ مۇجاھىددىنلار توغرۇلۇق دەۋاتىمەن. ئۇلار ئەمدى كابۇلغا كەلمەكچى ئەمەسمۇ؟

— ھەئە.

لەيلا دادىسىنىڭ ئوق بىلەن مەغرۇرلۇق بىرلەشكەندە پالاكەت باسىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىنى تارىققا سۆزلەپ بېرىۋاتتى. كوچىدىن تويۇقسىز ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە چىرقىراشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. لەيلا ئۆي تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. تارىق ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

ھويلىدا جېدەل بولۇۋاتاتتى. ئىككى ئادەم يەردە يومىلاقلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ھەر ئىككىسى بىر پىچاقنى مەھكەم ئېسىلىۋېلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ بىرسى ھېلىلا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ۋەزىيەت توغرۇلۇق پاراڭ سېلىۋاتقانلارنىڭ بىرسى، يەنە بىرسى كاۋاپنى يەلپۈۋاتقان كىشى ئىدى. بىرنەچچە ئادەم ئۇلارنى ئاجراتماقچى بولۇۋاتاتتى. لەيلانىڭ دادىسى تارىقنىڭ دادىسى بىلەن تامنىڭ يېنىدا ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى.

لەيلا ئەتراپتىكى پاراڭلاردىن جېدەلنىڭ سەۋەبىنى بىلدى. ۋەزىيەت توغرۇلۇق پاراڭ باشلىغان كىشى پاشتۇن بولۇپ، ئۇ ئەھمەد شاھ مەسئۇدنى «1980 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلاشقان خائىن» دەپتۇ. كاۋاپ يەلپۈۋاتقان تاجىك كاۋاپچى بولسا ئۇ سۆزدىن ھاقارەت ھېس قىلىپ، پاشتۇن كىشىدىن سۆزىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىپتۇ. لېكىن، پاشتۇن كىشى ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ. تاجىك بولسا

پاشتۇنغا: «ئەگەر مەسئۇد بولمىغان بولسا سىنىڭ سىڭلىڭ هازىرغىچە سوۋېتلىكلەرنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلانغان بولاتتى» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ـ بىرىگە مۇشت ئېتىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى بىر يەردىن پىچاق تېپىپ كەپتۇ. لېكىن، پىچاقنى زادى كىمنىڭ ئەكەلگىنىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمەپتۇ.

لەيلا قورقۇنچ ئىچىدە، تارىقنىڭ ئۆزىنى توپنىڭ ئارىسىغا ئاتقىنىغا قاراپ تۇردى. ئەمدىلىكتە جېدەلنى ئاجرىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققانلارمۇ بىر ـ بىرىگە مۇشت ئېتىشقا باشلىغانىدى. مەيداندا يەنە بىر پىچاق پەيدا بولدى. جېدەل بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىپ، ئادەملەر بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىشىپ توختىماي مۇشت ئېتىشقا باشلىدى. توپ ئارىسىدىن چاچلىرى چۇۋۇلغان تارىق بوشاپ كەتكەن يالغان پۇتىنى سۆرەپ، ئۆمىلەپ چىقتى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ھەممە ئىشلار بۇزۇلۇشقا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى.

رەھبەرلىك كېڭىشى تەييارلىقى تېخى تولۇق پۈتمەي تۇرۇپ مۇددەتتىن بۇرۇن قۇرۇلدى. راببانى رەئىس بولۇپ سايلاندى. باشقا گۇرۇپپىلار سايلامنى ناھەق بولدى دەپ ۋايىسىدى. مەسئۇد ئۇلارنى تىنچلىقنى قوغداشقا، سەۋرلىك بولۇشقا دەۋەت قىلدى. ئارىدىن چىقىرىۋېتىلگەن ھېكمەتيار ئۆز نارازىلىقىنى بىلدۈردى. تارىختىن بېرى يەكلىنىپ، كەمسىتىلىپ ۋە ئېزىلىپ كەلگەن ھازارەلەرنىڭ بولسا غەزىپى تاشقانىدى.

بىر ـ بىرىنى ھاقارەتلەپ، بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەشتى. يىغىنلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىشىكلەر قاتتىق تاقالدى. شەھەرنىڭ ئىچى ساراسىمىگە چۆمدى. تاغلاردا بولسا گېزىت ـ ژۇرناللار قەبىلىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلىدىغان قورالىغا ئايلاندى. ئۆز ۋاقتىدا ئوخشاش دۈشمەنگە چىش ـ تىرنىغىچە ئۆچمەنلىكى قوزغىلىپ قوراللىنىپ بىرلىكتە كۈرەش

قىلغان مۇجاھىددىنلار ئەمدىلىكتە بىر - بىرىگە دۈشمەن بولۇشقا باشلىدى.

كابۇلنى نەس باسقان كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى.

توپ ئوقلىرى كابۇلنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ، ئۆيلەرگە ۋە كوچىلارغا چۈشۈشكە باشلىدى. كىشىلەر تەرەپ - تەرەپكە پاناھلىق ئىزدەپ قېچىشتى. فارىبەمۇ شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇچىسىغا قايتىدىن قارىلىق كىيىم كىيىپ، پەردىلەرنى چۈشۈرۈپ، بېشىنى ئەدىيالنىڭ ئاستىغا چۆمكىدى.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

— بۇ پۇشتەكىنىڭ ئاۋازىنى دەيمەن، — دەيتتى لەيلا تارىققا قاراپ، — بۇ ئۆلگۈر ئاۋازغا شۇنداق ئۆچ بولدۇم.

تارىق بېشىنى لىڭشىتتى.

لەيلانى بىزار قىلغىنى گۇدۇك ئاۋازىدىن بەكرەك، گۇدۇك چېلىنىپ، پارتلاش ئاۋازى ئاڭلانغۇچە ئارىلىقتىكى قورقۇنچ ئىدى.

بۇنداق ئىشلار كۆپ ۋاقىتلاردا دادىسى بىلەن كەچلىك تاماققا ئولتۇرغان ۋاقىتتا يۈز بېرەتتى. گۇدۇك ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەنلا ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاغزىدىكى تاماقنى چايناشتىن توختاپ، قولىدىكى ۋىلكىنى تۇتقان پېتى دىققەت بىلەن تىڭشايتتى. ئۇلارنىڭ قاراڭغۇدا ئەينەككە چۈشكەن شولىسى خۇددى قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك كۆرۈنەتتى. گۇدۇك ئاۋازىدىن كېيىنلا ئاڭلانغان پارتلاش ئاۋازىدىن ئۇلار بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ ھايات قالغانلىقىنى بىلىشەتتى. بەدىنىنىڭ كۇكۇم - تالقان بولۇشىدىن، يىغا - زارلاردىن، ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلگەن ئىس - تۇمانلاردىن، خارابىلەرگە ئايلانغان ئۆيلەرنىڭ دۆۋىلىرىنى قوللىرى بىلەن كولاپ بىر - بىرىنى قۇتقۇزماقچى بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى ئۇچۇن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشاتتى.

لېكىن، لەيلا پارتلاشتىن كېيىن كىمنىڭ ئاشۇ پارتلاشلاردا غايىب بولغانلىقىنى بىلەلمەي بىئارام بولاتتى. ھەر قېتىملىق پارتلاش ئاۋازىدىن كېيىنلا، ئۇ توپا دۆۋىسىگە كۆمۈلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا تارىقنىڭ بولۇپ قالماسلىقىنى تىلەپ ئۆزىنى كوچىغا ئاتاتتى.

كەچلىرى لەيلا ئەينەككە تۇيۇقسىز چۇشكەن يورۇقلۇقلارغا قاراپ ياتاتتى. ئۇق ئاۋازىنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ، ئېتىلغان توپ ئوقلىرىنىڭ سانىنى بىرمۇبىر ساناپ چىقاتتى. ئەگەر ئەينەككە چۇشكەن، پارتلاشتىن پەيدا بولغان يورۇقلۇق كىتاب ئوقۇغۇدەك يورۇق بولسا، ئۇنىڭ كۆزىگە بىر كىپچە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. ئۇيقۇغا كەتكەن هالەتتىمۇ، ئۆزىنى يېنىۋاتقان ئوتنىڭ ئارىسىدا ياكى ئۆرۈلۈپ چۇشكەن تۇۋرۇكنىڭ ئاستىدا، قانغا مىلەنگەن هالدا يېتىپ چۇش كۆرەتتى.

تاڭ ئاتسىمۇ خاتىرجەملىك بولمايتتى. مەزىنىنىڭ بامدات نامىزىغا چاقىرغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلانغان هامان مۇجاهىددىنلار قوراللىرىنى يەرگە قويۇپ، قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇشقا باشلايتتى. جايناماز لار قاتلانغان هامان قوراللارغا دەرهال ئوق قاچىلىنىپ، تاغلاردىن كابۇلغا، كابۇلدىن تاغلارغا قاراپ ئوق ئېتىلاتتى. پۈتۈن شەهەر رەهىمسىزلەرچە ئېتىلىۋاتقان ئوقلارنى، پارتلاۋاتقان گىراناتلارنى، ئاسماندىن چۇشۇۋاتقان توپ ئوقلىرىنى توسۇشقا ئامالسىز ئىدى.

لەيلا هەممە يەردە مەسئۇدنىڭ ئادەملىرىنى ئۇچرىتاتتى. ئۇلار كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرۈپ، هەر يۈز مېتىردا ماشىنىلارنى توختىتىپ، سوراق قىلاتتى. دوقمۇشلاردا قۇم خالتىلار بىلەن ياسىۋالغان توسۇقلاردا تۇرۇپ كوچىدىن ئۆتكەنلەرنى تەكشۈرەتتى. لەيلانىڭ سىرتقا چىقىشىمۇ بارغانسېرى ئازلىدى. چىققان تەقدىردىمۇ، تارىق بىلەن بىللە چىقاتتى. ئەلۋەتتە، تارىق ئۆزىنىڭ ئەرلىك ئورنىنىڭ مۇهىملىقىنى ئەسلىتىدىغان بۇنداق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەشتىن هۇزۇر هېس قىلاتتى.

— مەن بىر تاپانچا سېتىۋالدىم، — دېدى ئۇ بىر كۈنى لەيلانىڭ هويلىسىدىكى نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ. ئۇ تاپانچىنى قوينىدىن ئېلىپ لەيلاغا كۆرسەتتى. تارىق «بېرىسىم ئاپتوماتىك بىرىتتا» دەپ تونۇشتۇرغان قارا رەڭلىك تاپانچا

لەيلاغا ئىنتايىن يېقىمسىز ۋە خەتەرلىك بىر نەرسە بولۇپ كۆرۈندى.

— مەن ئۇنى پەقەت ياقتۇرمىدىم، — دېدى ئۇ، — مەن قورالدىن بەك قورقىمەن.

تارىق قولىغا بىر ژۇرنالنى ئالدى.

— ئالدىنقى ھەپتە كىشىلەر كارتېسەھ دېگەن يەردىكى بىر ئۆيدىن ئۈچ جەسەتنى تېپىپتۇ، — دېدى ئۇ، — ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئاچا - سىڭىللار ئىكەن. ئۇچىلىسى باسقۇنچىلىقتا ئۇچراپ، بوغۇزلىۋېتىلىپتۇ. بىرسى ئۇلارنىڭ بارمىقىدىكى ئۈزۈكنى چىشلەپ تارتىپ ئالغان بولسا كېرەك، چىشنىڭ ئىزى چىقىپ قاپتۇ.

— بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغۇم يوق.

— مېنىڭ سېنى بىئارام قىلىش نىيىتىم يوق، — دېدى تارىق، — ئەمما، مەن شۇ... مېنىڭچە يەنىلا بۇ تاپانچىنى يېنىمغا سېلىپ يۈرگىنىم تۈزۈك.

تارىق لەيلانىڭ كوچىدىكى قۇلىقىغا ئايلانغانىدى. ئۇ ئاڭلىغان ھەربىر خەۋەرنى لەيلاغا دەرھال يەتكۈزەتتى. ئۇ يەنە لەيلاغا تاغدىكى ئەسكەرلەرنىڭ قارىغا ئېتىش تىخنىكىسىنى، شەھەردىكى كىشىلەرنى، ئەر - ئاياللارنى، باللارنى خالىغانچە تاللاپ قارىغا ئېلىپ مەشىق قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار يولدا كېتىۋاتقان ماشىنىلارغا توپ ئوقى ئاتىدىكەن. لېكىن، نامەلۇم سەۋەبلەر بىلەن تاكسىلارنى قارىغا ئالمايدىكەن. لەيلا كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن توساتتىن ماشىنىلىرىنى سېرىق رەڭدە سىرلاشقا باشلىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدى. تارىق لەيلاغا يەنە كابۇلنىڭ نەچچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سۆزلەپ بەردى. مەسىلەن، بۇ يولنىڭ بېشىدىن ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ تۆۋىگىچە بولغان جايلار بىر گۇرۇپپىغا مەنسۇپ بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دوقمۇشتىن تاكى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن دورىخانىنىڭ يېنىدىكى

تورتخانىغىچە بولغان جايلار يەنە بىر گۈرۈپپىنىڭ دائىرىسى ئىكەن. ئەگەر لەيلا ئۇ كوچىدىن ئۆتۈپ غەربكە قاراپ بەش يۈز مېتىر ماڭسا، ئۈچىنچى بىر گۈرۈپپىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولىدىكەن. مۇشۇ كۈنلەردە يەنە بىر ـ بىرسىگە يوشۇرۇن ئوق ئېتىشلار باشلىنىپ كەتكەنىدى. ئەنە شۇ ئۆزلىرىنى «قوشۇن» دەپ ئاتىۋالغانلار دەل فارىبەنىڭ قەھرىمانلىرى بولغان مۇجاھىددىنلار ئىدى. باشقىلار ئۇلارنى «مەرگەنلەر» دەپمۇ ئاتايتتى. يەنە بەزىلەر بولسا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۇلارغا بولغان نارازىلىقىنى ۋە غەزىپىنى ئىپادىلەپ، تەنە قىلىش ۋە ھاقارەتلەش يۈزىسىدىن ئېغىزغا ئالاتتى.

تارىق قولىدىكى ژۇرنالنى تاپانچىنىڭ ئاغزىغا يۆلەپ سالدى.

— سەن شۇنداق قىلىشنى ئويلامسەن؟

— نېمە قىلىشنى دەيسەن؟

— مۇشۇنىڭ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنى؟

تارىق تاپانچىنى پادىچى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سالدى ـ دە، لەيلاغا قاراپ:

— سەن ئۈچۈن ھەرقانداق ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە رازىمەن، لەيلا، — دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى لەيلاغا يېقىملىق ھەم قورقۇنچلۇق ئاڭلاندى.

ئۇ لەيلاغا يېقىن سۈرۈلۈپ، لەيلانىڭ قولىنى تۇتتى. ئۇلارنىڭ قوللىرى بىر ـ بىرىگە چىرماشتى. تارىق تۇيۇقسىز بېشىنى ئېگىپ، لەيلانىڭ لەۋلىرىگە لېۋىنى باستى.

دەل شۇ پەيتتە، فارىبەنىڭ ئىززەت ـ ئابروي ۋە شاتۇتى توغرۇلۇق سۆزلىگەنلىرى لەيلا ئۈچۈن مەۋجۇت بولمىغان ئاساسسىز نەزەرىيەدەك بىلىندى. ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭچىلىق ئەۋجگە چىققان مۇشۇ پەيتتە، نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ، تارىق بىلەن سۆيۈشۈش لەيلا ئۈچۈن زىيانسىز، كىچىك ئىش؛ ھېچ بولمىغاندا، كەچۈرۈۋەتكىلى بولىدىغان شوخلۇقتىن ئىبارەت ئىدى. لەيلا تارىقنىڭ سۆيۈشىدىن ئۆزىنى

قاچۇرمىدى. تارىق بېشىنى كۆتۈرگەندە بولسا ئۇنىڭغا يۆلىنىپ تۇرۇپ دۇپۇلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى ئۇنىڭ باغرىغا، چوغدەك يېنىۋاتقان مەڭزىنى ئۇنىڭ ئۇزۇن، يىرىك يۈزىگە يېقىپ سۆيدى.

1992 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، كابۇلنىڭ غەربىي قىسمىدا، پاشتۇنلارنىڭ قوماندانى سەيياقنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن هازارامىلەرنىڭ ۋاخدات قىسمى ئوتتۇرىسىدا ئېغىر توقۇنۇش يۈز بەردى. ئېتىلغان ئوق ـ بومبىلار ئېلېكتىر يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۆيلەرنى ۋە دۇكانلارنى ۋەيران قىلىۋەتتى. پاشتۇن ئەسكەرلىرىنىڭ هازارە ئائىلىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېسىپ كىرىپ، پۈتۈن بىر ئۆيلۈكنى قىرىپ تاشلىغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەرلەر تارقالدى. هازارەلەرنىڭ بولسا ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن پاشتۇنلارنى ئېلىپ قېچىپ، پاشتۇن قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى، پاشتۇن رايونلىرىنى ئوققا تۇتۇپ، ئۇچرىغانلىكى ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىغانلىقىمۇ لەيلانىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇردى. هەر كۈنى دەرەخلەرگە باغلانغان، هەتتا تونۇغۇسىز هالدا كۆيدۈرۈلگەن جەسەتلەر تېپىلاتتى. جەسەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بېشىغا ئوق تەگكەن، كۆزلىرى ئويۇۋېتىلگەن ياكى تىللىرى كېسىۋېتىلگەنىدى.

هاكىم فارىبەنى كابۇلدىن كېتىشكە قايىل قىلماقچى بولۇپ، يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆردى.

— ئۇلار بۇ ئىشلارنى بىر كۈنى هەل قىلىدۇ، — دېدى فارىبە، — بۇ ئۇرۇشلارنىڭ هەممىسى ۋاقىتلىق. ئۇلار هامان بىر كۈنى بىر يەرگە كېلىپ، بىر ئامال تاپىدۇ.

— فارىبە، بۇ ئادەملەر ئۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، — دېدى هاكىم، — ئۇلار ئايىغى چىققاندىن تارتىپ مىلتىق تۇتۇشنى ئۆگەنگەن.

— ئۇنداق دەيدىغانغا سەن كىم ئىدىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى فارىبە، — سەن جىهادقا قاتنىشىپ باققانمۇ؟ سەن بار نەرسەڭدىن

ۋاز كېچىپ، ھاياتىڭنى ئاتاپ باقالامسەن؟ ئەگەر ئاشۇ مۇجاھىددىنلار بولمىغان بولسا، بىز تېخىچە ئاشۇ سوۋېتلىكلەرنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتەتتۇق. سەن ئۇنى ئۇنتۇپ قالما. ئەمدى سەن بىزنى ئۇلارغا ئاسىيلىق قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتامسەن، تېخى؟

— ئاسىيلىق قىلغان بىز ئەمەس، فارىبە.

— سەن كەت. قىزىڭنى ئېلىپ قېچىپ كەت. ماڭا بارغان يېرىڭدىن ئاتكرىتكا ئەۋەتەرسەن. لېكىن، تىنچلىق چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ. مەن ئۆزۈم يالغۇز قالسامۇ شۇ كۈننى ساقلايمەن.

بۇ كۈنلەردە كوچىلاردا مېڭىشمۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. ھاكىم ھاياتىدا ھېچقاچان ئويلاپ باقمىغان قارارنى چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ لەيلانى ئامالسىز مەكتەپتىن توختىتىپ، ئۆيدە ئۆزى ئوقۇتۇشقا باشلىدى. لەيلا نامازشامدىن كېيىن، ھاكىمنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىرەتتى. ھېكمەتيارنىڭ قوشۇنى شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن مەسئۇدنىڭ ئەسكەرلىرىگە راكېتا ئېتىۋاتقان ئاشۇ پەيتتە، ئۇ ھاكىم بىلەن ھافىزنىڭ غەزەللىرى توغرۇلۇق مۇنازىرە قىلاتتى. داڭلىق ئافغان شائىرى خالىلۇللاھ خالىلىنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا ئالاتتى. ھاكىم ئۇنىڭغا ئىككى نامەلۇملۇق تەڭلىمىلەرنى قانداق يېشىشنى، يۇقىرى دەرىجىلىك تەڭلىمىلەرنى قانداق ئاددىيلاشتۇرۇشنى، ئالگېبرالىق گىرافىكلارنى قانداق سىزىشنى ئۆگىتەتتى. ھاكىم ئۇنىڭغا دەرس ئۆتۇشكە باشلىغاندا باشقا بىر ئادەمگە ئايلىناتتى. ئۇنىڭ قەددى ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىن ئېگىز كۆرۈنەتتى. ئاۋازى سالماق ئاڭلىناتتى. كۆزلىرىنىڭ چىمچىقلىشىمۇ ئازلايتتى. لەيلا ئۇنىڭ بىر چاغلاردا سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلىرىغا جىددىي، ئەمما كۆيۈنگەن ھالدا تىكىلىپ قارىۋېتىپ، قارا دوسكىنى ئاستا، لېكىن ھۇزۇرلىنىپ ئۆچۈرۈۋاتقان ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇردى.

لېكىن، ھاكىمنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاش لەيلاغا

ئانچە ئاسانغا توختىمايتتى. خىياللىرى ئۇنى باشقا يەرلەرگە ئېلىپ كېتەتتى.

— پىرامىدانىڭ يۇزىنى قانداق ھېسابلايمىز؟ — دەپ سورىدى ھاكىم. دەل شۇ پەيتتە، لەيلا تارىقنىڭ قېلىن كالپۇكىنى، تىنىقىدىن كەلگەن ھاraرەتنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقىدا ئەكس ئەتكەن شولىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ چوڭقۇر خىيالغا كەتكەنىدى. نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى سۆيۈشۈشتىن كېيىن، لەيلا تارىقنى يەنە ئىككى قېتىم سۆيدى. كېيىنكى سۆيۈشلەر ئۇزۇنراق داۋاملاشتى. ھەر ئىككى قېتىمدا ئۇلار تارىق تاماكا چېكىپ تۇرغان ھېلىقى كوچىدا كۆرۈشتى. كېيىنكى قېتىم لەيلا تارىققا ئۆزىنىڭ كۆكسىنى تۇتۇشقا يول قويدى.

— لەيلا؟

— ھە، دادا.

— پىرامىدانىڭ يۇزىنى دەيمەن. سەن نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتىسەن؟

— كەچۈرۈڭ، دادا. مەن... قېنى. پىرامىدا، پىرامىدا. ھە، بىلدىم. ئاساسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۇچىتىن بىرگە كۆپەيتىپ، يەنە ئۇنىڭ ئېگىزلىكىگە كۆپەيتىمىز.

ھاكىم تېڭىرقىغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى. لەيلا خىيالىنى داۋاملاشتۇردى. تارىق ئىككىسى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشكەندە، ئۇنىڭ كۆكسىنى سىلاشلىرى، قوللىرىنى ئاستا تۆۋەنگە سىيرىپ، بېلىدىن مەھكەم تۇتۇشلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كىنو لېنتىسىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئەنە شۇ 6 - ئايدا، گىتى ئىككى ساۋاقدىشى بىلەن بىللە مەكتەپتىن قايتىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ قورۇسىغا ئۈچ دوقمۇش قالغاندا، نەلەردىندۇر ئېتىلغان توپ ئوقى قىزلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ پارتلىدى. گىتىنىڭ ئاپىسى نىلا كوچىغا

يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئىچىنىشلىق چىرقىرىغان هالدا، گىتىنىڭ
پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن جەسەت پارچىلىرىنى ئېتىكىگە
يىغىشقا باشلىدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قوشنىلار گىتىنىڭ
لاتا ئايىغى بىلەن نىلون پايپىقى كىيىكلىك سېسىپ كەتكەن بىر
پۇتىنى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدىن تېپىپ چۈشتى.

گىتى ۋاپات بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسى، لەيلا كۆز يېشى
قىلىۋاتقان ئاياللارنىڭ قاتارىدا ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەن هالدا
هاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. گىتى لەيلا تونۇيدىغانلارنىڭ ئارىسىدا
تۇنجى بولۇپ ئۆلگەن يېقىن ئادىمى ئىدى. گىتىنىڭ ئەمدى بۇ
دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقانلىقىدەك رېئاللىقنى قوبۇل
قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن قىيىن ئىدى. ئەمدىلىكتە،
لەيلانىڭ بىللە يۈرەك - سۆزلىرىنى ئېيتىشقان، تىرناقلىرىنى
بوياشقان، ئېڭەكتىكى تۈكلىرىنى بىللە يۇلۇشقان جانجىگەر
دوستى ئۆلدى. ئاشۇ پۇتبولچى يىگىت بىلەن توي قىلىشقا
پۈتۈشكەن گىتى ئۆلدى. پارچە - پارچە بولۇپ كەتتى.

لەيلانىڭ شېھىت بولغان ئاكىلىرى ئۈچۈن تۆكۈلمىگەن كۆز
ياشلىرى ئەمدىلىكتە گىتى ئۈچۈن تاراملاپ تۆكۈلدى.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

لەيلا جايىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى خۇددى يەردىكى سېمونتقا پېتىپ قالغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. تارىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىنتايىن شەخسىي، لېكىن شېرىن سۆھبەت تۇيۇقسىزلا لەيلانىڭ ئۇستىگە چۈشكەن توپ ئوقىغا ئۆزگىرىپ، ئۇنى كۇكۇم ـ تالقان قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ قۇلاقلىرى تارىقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمايتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى سېسىغان تانىغا ئوخشاش ئاستا ـ ئاستا ئۈزۈلۈپ، يەرگە چۈشمەكتە ئىدى.

1992 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن. ئۇلار لەيلانىڭ مېھمانخانا ئۆيىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. فارىبەنىڭ كۈنبويى ئاشقازىنى ئاغرىپ توختىمىدى. ھاكىم ھېكمەتيارنىڭ راكېتالىرىنىڭ جەنۇبقا قاراپ ئۇچۇشلىرىغا قارىماي، فارىبەنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭغانىدى. تارىق سافادا لەيلانىڭ يېنىدا، قوللىرىنى تىزىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يىراققا كېتىدىغانلىقىنى لەيلاغا ئېيتتى. ئۇ مەھەللىدىن ئەمەس، كابۇلدىن ئەمەس، بەلكى ئافغانىستاندىن كەتمەكچى بولغانىدى. لەيلانىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.

— نەگە بارىسەن؟ قەيەرگە كېتىسەن؟

— باشتا پاكىستاندىكى پېشاۋەرگە. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىلمىدىم. بەلكىم ھىندىستان ياكى ئىرانغا كېتەرمىز.

— قانچە ئۇزاق؟

— بىلمەيمەن.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سەن بۇ ئىشنى بىلگىلى

قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟
— بىر نەچچە كۈن بولدى. مەن ساڭا دېمەكچىدىم، لەيلا. قەسەم قىلاي. لېكىن، قانداق دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. كۆڭلۈڭنىڭ قانچىلىك يېرىم بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن.
— قاچان ماڭىسەن؟
— ئەتە.
— ئەتە؟
— لەيلا، ماڭا قارا.
— ئەتە كېتىسەن، شۇنداقمۇ؟
— مېنىڭ دادام... ئۇنىڭ يۈرىكى بۇ ئۇرۇشلارنى - ئۆلتۈرۈشلەرنى پەقەت كۆتۈرەلمەيۋاتىدۇ.

لەيلا ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى. دەھشەتلىك قورقۇنچ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قاپلىغانىدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇنداق كۈننىڭ كېلىشىنى ئويلىمىدى؟ لەيلا بىلىدىغانلارنىڭ كۆپ قىسمى يۇك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، كابۇلنى تاشلاپ كەتتى. ئۇرۇش بولغانغا تۆت ئاي بولمايلا، لەيلاغا تونۇش بولغان چىرايلار مەھەللىدىن غايىب بولغانىدى. خاسىنانىڭ ئائىلىسىدىكىلەر 5 - ئايدىلا ئىرانغا قېچىپ كەتتى. گىتى ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن سىڭلىسىمۇ بىر ياقلارغا كەتتى. لەيلا ئۇلارنىڭ قەيەرگە كەتكىنىنىمۇ بىلمەيتتى. پەقەت باشقىلارنىڭ ئۇلارنى ئىراندىكى ماشاد دېگەن جايغا كېتىپتۇ، دېگەنلىرىنىلا ئاڭلىدى. ئۇلار كېتىپ، قورۇ - جايلىرى بىر مەزگىل قۇرۇق تۇرغاندىن كېيىن، ناتونۇش كىشىلەر كۆچۈپ كىردى. لەيلا ئۇلارنىڭ ئەسكەرلەر ياكى باشقا كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئۇقالمىدى.

ھەممە ئادەم كېتىشمەكتە. ئەمدى تارىقمۇ كېتىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

— مېنىڭ ئاپاممۇ قېرىپ قالدى، — دېدى ئۇ، — ئۇلار داۋاملىق قورقۇپلا يۈرىدۇ. لەيلا، ماڭا قارىساڭچۇ؟

— سەن ماڭا بۇرۇنلا دېيىشىڭ كېرەك ئىدى.
— ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا قارىغىنا.

لەيلا بار كۈچى بىلەن ۋارقىرىدى. ئارقىدىنلا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى. تارىق ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى بارمىقى بىلەن سۈرتمەكچى بولغانىدى. لېكىن، لەيلا ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ ئىتتىرىۋەتتى. ئۇ تارىقنىڭ شەخسىيەتچىلىكىگە، كابۇلدىن كېتىدىغانلىقىنى ئۆزىگە دېمىگەنلىكىگە غەزىپى كەلسىمۇ، ئۆزىنى تاشلاپ كېتىدىغانلىقى ئۇنى چىدىغۇسىز ئازابقا قويغانىدى. چۈنكى، تارىق دېمەك لەيلا دېمەك، بىر ـ بىرىنىڭ سايىسى دېمەك ئىدى. لەيلانىڭ ھەربىر ئەسلىمىسىدە تارىقنىڭ سىماسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇ لەيلانى تاشلاپ كېتىشكە قانداق جۈرئەت قىلالىسۇن؟ لەيلا تارىقنىڭ تەستىكىگە ئۇردى. ئارقىدىن يەنە بىر تەستەك ئۇردى. ئۇنىڭ چېچىنى تارتتى. تارىق ئۇنىڭ بىلەكلىرىدىن تۇتۇپ، سالماق ھالدا بىرنېمىلەر دېمەكتە، لەيلا بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىماقتا... توساتتىن، ئۇلارنىڭ پېشانىسى، بۇرۇنلىرى بىر ـ بىرىگە تېگىشتى. تارىقنىڭ نەپىسىدىن چىققان ئىسسىق ھارارەت لەيلانىڭ لېۋىگە ئۇرۇلدى. ئىككىسى تەڭلا يەردىكى گىلەمگە تاشلاندى...

شۇنىسى ئېنىقكى، لەيلا بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەر ۋە ھەپتىلەرنى مۇشۇ دەقىقىلەردە بولۇپ ئۆتكەن ئەسلىمىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئەسلەشكە باشلايدۇ... خۇددى كۆيۈۋاتقان مۇزېيدىن يۈگۈرۈپ چىققان رەسىم ئاشىقىدەك ھەربىر قاراشلارنى، پىچىرلاشلارنى يادىدا مەھكەم ساقلايدۇ، قەدىرلەيدۇ. لېكىن، ۋاقىت دېگەن ۋاپاسىز نەرسە. ئۇ ئۇزارغانسېرى يالقۇنلارمۇ پەسلەيدۇ. لەيلا ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىنى ساقلاشقا ئامالسىز قالىدۇ. لېكىن، بۇ ئەسلىمە لەيلانىڭ قەلبىگە مەڭگۈلۈك ئورنايدۇ. ھېچقانداق نەرسە ئۇنى يۇيۇۋېتەلمەيدۇ.

لەيلا بەدىنىنىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى چىدىغۇسىز ئاغرىقنى، گىلەم ئۈستىگە چۈشكەن قۇياش نۇرىنى، تارىقنىڭ ئۆز بەدىنىگە چىڭ چاپلانغان جىسمىنى ۋە ئۇنىڭ پۇرىقىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. تارىقنىڭ بويىندىكى قاندەك قىزارغان خالنى ئېسىدە مەھكەم ساقلايدۇ. ئۇنىڭ لەيلانىڭ يۈزلىرىگە توختىماي سۈركىلىپ تۇرغان يۈزىنى، ئۇنىڭ كالپۇكىنى، پېشانىسىنى سۆيگەن ماڭلاي چېچىنى يۈرىكىگە نەقىش قىلىپ ئويىدۇ. تارىقنىڭ تىنىقىدىن چىققان هارارەت بىلەن غايىب بولغان قورقۇنچ، ئۆزلىرىدىكى جۈرئەت ۋە قاراملىق... ئەمما، ئاشۇ غەلىتە ئاغرىقتىن كېيىن پەيدا بولغان تەسۋىرلىگۈسىز هۇزۇر...

ئاخىرىدا، لەيلا تارىقنىڭ چىرايىدىكى خىجىللىق ئارىلاشقان بىئاراملىقنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تەشنالىق ۋە سېغىنىش بىلەن يۇغۇرۇلغان قاراشلىرىنى ئەستە ساقلايدۇ. مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ...

بىرھازادىن كېيىن بىردەم پاتىپاراقچىلىق بولدى. ساراسىمە ئىچىدە كۆڭلەكلەرنىڭ تۈگمىلىرى ئېتىلدى، ئىشتانباغلار چىگىلدى، چاچلار بارماقلار بىلەنلا تاراپ تۈزەشتۈرۈلدى. ئۇلار يۈزلىرى چوغدەك قىزارغان، تېز - تېز نەپەس ئالغان هالدا بىر - بىرىگە يېقىن ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىدىن چىققان پۇراقلارنى پۇرىدى. ئۇلار تېخى بايىلا نېمە ئىشلار بولغانلىقىغا هەيران قالدى، ئۆزلىرىنىڭ شۇنچە چوڭ ئىشقا قاراملىق قىلغانلىقىغا ئىشەنمىدى. لەيلا گىلەمنىڭ ئۈستىدىكى ئۈچ تامچە قاننى كۆردى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھىدىن قىلچە خەۋەرسىز هالدا مۇشۇ سافادا ئولتۇرىدۇ. لەيلا شۇلارنى ئويلىغان هامان ۋۇجۇدىنى بىر خىل خىجىللىق ۋە پۇشايمان قاپلىدى. ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى سائەتنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازى ئۇنىڭغا قۇلاقنى يارغۇدەك ئاڭلانماقتا ئىدى.

— مەن بىلەن بىللە كەتكىن، — دېدى تارىق.

لەيلا دەسلەپتە تارىقتا ئەگىشىپ بۇ يەردىن كېتىشنىڭ

مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى ئويلىدى. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇ تارىق ۋە تارىقنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە يۇك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئاپتوبۇسقا چىقىپ يىراقلارغا كېتەلەيدۇ. ھەممە قالايمىقانچىلىقلارنى ئارقىغا تاشلايدۇ. مەيلى خۇشاللىق ياكى خاپىلىق بولسۇن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆرىدۇ. ئۇنى ساقلاپ تۇرغان يالغۇزلۇق ۋە ئايرىلىش ئازابلىرىنى مەڭگۇ باشتىن كەچۈرمەيدۇ.

ئۇ تارىق بىلەن بىللە كېتىشكە ھەقلىق. تارىق بىلەن بىللە بولۇشقا، ئۇنىڭ بىلەن ھاياتتىن تەڭ ھۇزۇرلىنىشقا ئۇ تامامەن ھەقلىق.

— مەن سەن بىلەن توي قىلىمەن، لەيلا.

لەيلا بايىقى ئىشتىن كېيىن تۇنجى قېتىم بېشىنى كۆتۈرۈپ تارىققا قارىدى. تارىق بۇ قېتىم لەيلاغا چاقچاق قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سەممىيلىك ۋە تەشنالىق چىقىپ تۇراتتى.

— تارىق.

— مەن بىلەن توي قىلغىن، لەيلا. بۈگۈنلا، بىز بۈگۈنلا توي قىلايلى.

ئۇ يەنە لەيلاغا دەرھال ئۆزى بىللەن بىللە مەسچىتكە بېرىشنى، موللام ۋە ئىككى گۇۋاھچى تېپىپ تېزلا نىكاھ ئوقۇتۇش پىلانلىرىنى ئېيتماقچى بولدى.

لېكىن، مۇجاھىددىنلارغا ئوخشاشلا جاھىل ۋە كېلىشكىلى بولمايدىغان ئاپىسىنى ئويلىغاندا، لەيلانىڭ نەپىسى سىقىلىشقا باشلىدى. دادىسىمۇ ئاخىر ئاپىسىنىڭ سەۋەبىدىن كابۇلدىن كېتىش خىيالىدىن ئاللىقاچان ۋاز كەچكەنىدى. «بەزىدە مېنىڭ بۇ دۇنيادا سەندىن باشقا ھېچ نەرسەم يوقتەك ھېس قىلىمەن، لەيلا» دېگەنىدى ئۇ فارىبەگە بولغان ئاچچىق ـ نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ. لەيلا ئاتا ـ ئانىسىنى قانداقمۇ تاشلاپ كېتەلىسۇن؟

— مەن ھاكىم تاغامدىن سېنى سورايمەن. ئۇ بىزگە چوقۇم

رازىلىق بېرىدۇ، لەيلا. مەن بىلىمەن.

تارىقنىڭ سۆزى تامامەن توغرا ئىدى. دادىسى چوقۇم رازىلىق بېرىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلى پارە ـ پارە بولۇپ كېتىدۇ. تارىق سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. لەيلاغا يالۋۇردى، ئاچچىقلاندى. ئاخىرىدا يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان هالدا چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى ئاخىرىدا غايىب بولدى.

— مەن كېتەلمەيمەن، — دېدى لەيلا.

— ئۇنداق دېمە، لەيلا. مەن سېنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن.

— مېنى كەچۈر.

— مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، لەيلا.

لەيلا تارىقتىن ئاشۇ سۆزنى ئاڭلاشنى شۇنچە ئۇزاقتىن بېرى كۈتكەن، چۈشلىرىدە نۇرغۇن قېتىم ئاشۇ سۆزنى جۆيلۈپ چىققانىدىغۇ؟ مانا ئەمدى، ئۇلار ئاخىر بىللە بولغاندا، تەقدىر ئۇنى يەرگە ئۇرماقتا ئىدى.

— مەن دادامنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، — دېدى لەيلا، — ئۇنىڭ مەندىن باشقا هېچنېمىسى يوق. ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ بۇ ئازابلارنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

تارىق بۇنى بىلەتتى. لەيلانىڭ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاشلا ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىسىنى تاشلىۋېتەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. لېكىن، ئۇ لەيلاغا يەنە يالۋۇردى. لەيلا بىلەن تەڭ كۆز يېشى قىلدى.

لەيلا ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

تارىق لەيلانىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنىڭغا خوش دېمەي ئۆيدىن چىقتى. لەيلا تېزدىن ئىشىكنى يېپىۋالدى ۋە ئىشىككە ئارقىسىنى قىلىپ يۆلىنىپ تۇردى. تارىق مۇشتۇمى بىلەن ئىشىككە قاتتىق ئۇرۇپ، ئۆزىنىڭ چوقۇم لەيلانى ئالغىلى كېلىدىغانلىقىغا بەل باغلىدى. لەيلا بىر قولىدا ئاغزىنى، يەنە

بىر قولىدا قورسىقىنى تۇتقىنىچە ئىشىككە يۆلىنىپ تۇراتتى. لەيلا ئۇنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى غايىب بولغۇچە تىڭشاپ تۇردى. بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن، بىر يەردە ئېتىلغان ئوق ئاۋازى تاغلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ دەھشەتلىك سوقۇپ، پۈتۈن بەدىنىنى، كۆزلىرىنى، ھەتتا ئۇستىخانلىرىنىمۇ زىلزىلىگە سالماقتا ئىدى.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

ئۇ ياز كىرگەندىن بۇيانقى ئەڭ ئىسسىق كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. تۆت ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان شەھەردىن تومۇزنىڭ ئىسسىقى ئۆرلەپ تۇراتتى. توك كەتكىلى بىرنەچچە كۈن بولغاچقا، پۈتۈن كابۇلدىكى توكلۇق شامالدۇرغۇچلار بىر بۇلۇڭدا تاشلىنىپ قالغانىدى.

لەيلا مېھمانخانا ئۆيدىكى سافادا كۆڭلەكلىرى تەر تەپتىدە بەدىنىگە چاپلىشىپ ياتاتتى. ھەربىر تىنىقىدىن چىققان ئىسسىق ھاۋا ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۈچىنى كۆيدۈرەتتى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى فارىبەنىڭ ھۇجرىسىدا پاراڭلىشىۋاتاتتى. نەچچە كۈندىن بېرى لەيلا بىرنەچچە قېتىم ئۇلارنىڭ ئاستىنقى قەۋەتتە قىلىشقان پارىڭىدىن ئويغىنىپ كەتتى. قورۇنىڭ ئىشىكىدە ئوق ئىزى پەيدا بولۇپ قالغان ھېلىقى كۈندىن بېرى ئۇلارنىڭ سۆھبىتى داۋام قىلماقتا ئىدى.

سىرتتا يىراقتىن زەمبىرەكنىڭ «گۇم» قىلغان ئاۋازىدىن كېيىن يېقىنلا بىر يەردىن پىلىموتنىڭ تاتاتىلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. لەيلانىڭ ئىچكى دۇنياسىدىمۇ ئۇرۇش بولماقتا. بىر تەرەپتىن پۇشايمان ئارىلاشقان نومۇس ئۇنى قىينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن تارىق بىلەن بولغان ئىشنىڭ گۇناھ ئەمەسلىكىنى، ئۇ ئىشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىر ـ بىرىنى بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغانلىقى سەۋەبلىك ئازاب ئوتىدىن كېلىپ چىققان ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئۆزىنى ئاقلايتتى.

لەيلا سافادا يەنە بىر تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يېتىپ، بىرنەرسىنى ئەسكە ئېلىشقا تىرىشتى. ئۇلار پولدا ياتقاندا، تارىق ئۆزىنىڭ

پېشانىسىنى ئۇنىڭ پېشانىسىغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ بىر نەرسە دېگەندى...

تارىقنىڭ كەتكىنىگە ئىككى ھەپتە بولماي، ئاشۇ قىممەتلىك ئەسلىمىلەر سۇسلىششقا باشلىغانىدى. لەيلانىڭ كاللىسى تۈگىمەس خىياللار بىلەن چارچاپ كەتتى. ئۇ زادى نېمە دېگەن بولغىيدى؟ تۇيۇقسىزلا، لەيلاغا بۇنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئىنتايىن مۇھىم بىلىندى.

لەيلا يەنە كۆزىنى يۇمۇپ، خىيالىنى ئاشۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى تېپىشقا مەركەزلەشتۈردى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، لەيلا بۇنداق ئەسلىمىلەردىن چارچايدۇ. ئاللىقاچان ئۆلگەن نەرسىنى قايتىدىن ئەسلەپ، ئۇنىڭغا قايتا جان كىرگۈزۈشنىڭ ئىنتايىن قىيىن بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. كەلگۈسى بىر كۈنلەردە لەيلا تارىقنى يوقىتىپ قويغانلىقىغا قايغۇرمايدۇ. ھېچ بولمىغاندا، ھازىرقىدەك ئازابلانمايدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا تارىقنىڭ چىراي - شەكلى لەيلانىڭ ئەسلىمىسىدىن ئاستا - ئاستا ئۆچىدۇ. كوچىدىكى ئاياللارنىڭ بالىلىرىنى «تارىق» دەپ چاقىرىشلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئەزمەيدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ يوقلۇقى ئاخىر لەيلانى ئازابلىيالمايدىغان بولىدۇ.

لەيلانىڭ يېشى چوڭىيىپ كەلگۈسىدە بىر ئايال بولىدۇ. بەلكىم ئېرىنىڭ كۆڭلىكىنى دەزماللىغاندا، بالىلىرىنى ئىلەڭگۈچتە ئۇچۇرغاندا تۇساتتىن تارىقنى ئەسلەپ قېلىشى مۇمكىن. بەلكىم ياز كۈنلىرى پۇتىغا ئىسسىق ئۇرۇلغان گىلەم ياكى بىرسىنىڭ پېشانىسىنىڭ ئۆزىنىڭ پېشانىسىغا تېگىپ كېتىشى دېگەندەك كىچىك ئىشلار ئۇنىڭغا تارىق بىلەن بىللە بولغان ئاشۇ چۈشتىن كېيىننى... بىراقلا ئېسىگە سېلىشى مۇمكىن.

ئەنە ئاشۇ ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى جاراھەتنى يەنە قايتىدىن تاتىلىشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇ ۋاقىتلارمۇ ئۆتۈپ

كېتىدۇ. ئۇنى پەقەت ۋاقىتلىقلا قىينايدۇ، خالاس.

ھاكىم كارىدوردا تۇرۇپ، لەيلانى تېزدىن ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىشقا بۇيرۇدى.

— ئۇ ئاخىر قوشۇلدى، — دېدى ئۇ ھاياجىنىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، — بىز ئەمدى كېتىدىغان بولدۇق، لەيلا. بىز ئۇچىمىز كابۇلدىن كېتىدىغان بولدۇق.

فارىبەنىڭ ھۇجرىسىدا ئۇچەيلەن كارىۋاتتا بىللە ئولتۇردى. ھېكمەتيار بىلەن مەسئۇدنىڭ ئەسكەرلىرى بىر - بىرىگە قارىتىپ ئېتىشقان ئوق - بومبىلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شەھەرنىڭ بىر يەرلىرىدە كۆرۈنگەن ئاۋۇ قاپقارا ئىسنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ خارابىلىككە ئايلانغان بىنالارنىڭ ئاستىدا كىملەرنىڭدۇر جان ئۈزگەنلىكى لەيلاغا ئايان ئىدى. سەھەردە ئاشۇ كىشىلەرنىڭ جەسەتلىرى يەرلەردە ياتىدۇ. بەزى جەسەتلەرنى تۇغقانلىرى ئېلىپ كەتسە، يەنە بەزىلىرى ئۆز جايىدا قېلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كابۇلنىڭ ئادەم گۆشىنى يەپ كۆنگەن ئىتلىرىغا زىياپەت بولىدۇ.

لەيلا خۇشاللىقى قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا كوچىغا چىقىپ يۈگۈرۈپ ئايلىنىپ كىردى. ئۇنىڭ ئۆز ھاياجىنىنى بېسىپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇشى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. ھاكىم ئۆزلىرىنىڭ ئاۋۋال پاكىستانغا بېرىپ ۋىزىغا ئىلتىماس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پاكىستان! ئۇ يەردە تارىق بار ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ كەتكىنىگە تېخى ئون يەتتە كۈن بولدى. ئەگەر ئاپىسى ئون يەتتە كۈن بۇرۇن كېتىشكە ماقۇل بولغان بولسا، ئۇلار تارىقنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە كەتكەن بولاتتى. لەيلامۇ تارىق بىلەن ئاللىقاچان بىر يەردە بولغان بولاتتى! لېكىن، ئەمدى كارايىتى چاغلىق. لەيلا ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە پېشاۋەرگە بارماقچى. بەلكىم ئۇلار ئۇ يەردە تارىق ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى تېپىشىۋېلىشى مۇمكىن. ئەگەر لەيلانىڭ

ئۈمىدىدەك بولسا، ئۇلار ھۆججەتلەرنى بىللە تەييارلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، كىم بىلىدۇ، ياۋروپاغا ياكى ئامېرىكىغا بىللە كېتەمدۇ، تېخى. خۇددى دادىسى ھاكىم دېگەندەك دېڭىز بويىغا يېقىن جايغا كېتەر.

ئاپىسى كارىۋاتنىڭ بېشىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەن، توختىماستىن چېچىنى يۇلاتتى.

ئۈچ كۈن بۇرۇن، لەيلا سىرتقا ھاۋا يېگىلى چىقىپ، ئالدى ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرغانىدى. تۇيۇقسىز ئاڭلانغان كۈچلۈك ئاۋاز بىلەن تەڭ، بىرنەرسە ئۇنىڭ ئوڭ قۇلاق تۈۋىدىن غوڭۇلداپ ئۆتۈپلا، ئۇششاق ياغاچ ئۇۋاقلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇچۇشقا باشلىدى. گىتىنىڭ ئۆلۈمى ۋە كابۇلغا مىڭ قېتىملاپ ئېتىلغان توپ ئوقلىرى فارىبەگە تەسىر قىلالمىغانىدى. لەيلانىڭ بېشىدىن ئۈچ قول نېرىسىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، ئىشىككە تۆشۈك ئاچقان بىر پاي ئوق فارىبەنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. بۇرۇنقى ئۇرۇش ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇنى چۈشەندىكى، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ئۇنىڭ ھايات قالغان قىزىنى ئېلىپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىكەن.

ھۆجرىنىڭ تاملىرىدىكى سۈرەتلەردە ئەھمەد بىلەن نۇر كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. فارىبە سۈرەتلەرگە بىر خىل ئۆكۈنۈش ۋە ھەسرەت بىلەن كۆز تىكتى. ئۇ گويا ئۇلارنىڭ تەستىقىنى ئېلىۋاتقاندەك، ئۇلاردىن رازىلىق سوراۋاتقاندەك، ئۇلاردىن ئۆزىنى كەچۈرۈشنى تىلەۋاتقاندەك ئۇلارغا قارىماقتا ئىدى.

— بۇ يەردە بىز تارتىشقۇدەك ھېچ نەرسە قالمىدى، — دېدى ھاكىم، — ئوغۇللىرىمىز ئۆلدى. لېكىن، لەيلا تېخى ھايات. بىز يەنە بىر - بىرىمىزگە يار - يۆلەك بولمىساق بولمايدۇ، فارىبە. بىز ئەمدى ھەممىنى يېڭىدىن باشلايلى.

ھاكىم كارىۋاتنىڭ ئۇياق تەرىپىگە ئۆتۈپ، فارىبەگە قولىنى ئۇزارتتى. فارىبە قولىنى تارتىۋالمىدى. ئۇلار ئۈن - تىنسىز ھالدا بىر - بىرىنى قۇچاقلىدى. فارىبە ئېرىنىڭ كۆڭلىكىنى

مەھكەم تۇتقان ھالدا يۈزىنى ئۇنىڭ بوينىغا چۆمكىدى.

شۇ كېچىسى، ئۇيقۇسى بۇزۇلغان لەيلا ئاسماندا ۋاللىداپ يېنىۋاتقان سېرىق نۇرلارغا سائەتلەپ قاراپ ياتتى. لېكىن، ئۇيقۇ ئاخىر ئۇنى يەڭدى. ئېتىلغان ئوقلارنىڭ ئاۋازى كوچەيگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، چۈش كۆرۈشكە باشلىدى. چۈشىدە ئۇلار دېڭىز بويىغا سىلىنغان ئەدىيالنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇدەك. گەرچە ئاسماننى بۇلۇت قاپلىغان، ھاۋا سوغۇق بولسىمۇ، ئۇ تارىقنىڭ يېنىدا ئۈستىگە ئەدىيال يېپىۋالغاچقا توڭلىماپتۇدەك. شامالدا قىڭغىيىپ قالغان پالما دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىكى ئاق سىرلانغان توسۇقنىڭ ئارقىسىدا ماشىنىلار قاتار توختاپ كېتىپتۇدەك. شامال ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىشتۇرۇپ، ئايىغىنى قۇمغا كۆمۈۋاتقۇدەك. قۇرۇپ كەتكەن ئۆت ـ چۆپلەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇچۇپ يۈرگۈدەك. ئۇلار يىراقتىن كۆرۈنگەن پاراخوتلارنى تاماشا قىلىۋاتقۇدەك. ئەتراپنى بېلىقچى قۇشلارنىڭ ۋاقىلدىغان ئاۋازى قاپلاپتۇدەك. شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇملار يىغىلىپ قۇم دۆۋىسىگە ئايلىنىپتۇ ـ دە، خۇددى مەدھىيە ئېيتقاندەك ئاۋاز پەيدا بوپتۇدەك. ھاكىمنىڭ نەچچە يىل بۇرۇن لەيلاغا ناخشا ئېيتىدىغان قۇم توغرۇلۇق ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى لەيلا تارىققا سۆزلەپ بېرىۋاتقۇدەك. ئۇ سۆزلىگەچ ئۆزىنىڭ قاشلىرىغا چاپلىشىپ قالغان قۇملارنى سۈرتۈۋاتقۇدەك. تارىقنىڭ بىر بارمىقىغا لەيلانىڭكىگە ئوخشاش ئالتۇن ئۈزۈك سېلىقلىق تۇرغۇدەك.

ــــ بۇ راست، ــــ دەۋاتقۇدەك لەيلا، ــــ قۇم دانچىلىرى بىر ـ بىرىگە سۈركەلگەندە ئاشۇنداق ناخشا ھاسىل بولىدۇ. ئىشەنمىسەڭ، ئۆزۈڭ تىڭشاپ باق.

تارىق قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، قولاق سېلىپ تىڭشىغۇدەك. بوش غوڭۇلدىغان ئاۋاز يەنە ئاڭلانغۇدەك. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئاۋاز بارغانسېرى كۈچىيىپ، يۇقىرى پەللىگە چىقىۋاتقۇدەك.

هاكىم پەقەت ئەڭ مۇھىم نەرسىلەرنىلا ئېلىپ مېڭىشنى، باشقا نەرسىلەرنى سېتىۋېتىشنى تەكىتلىدى.

— مەن پېشاۋەردە ئىش تاپقۇچە، ئاشۇلار بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ تۇرساق بولىدۇ.

بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇلار ساتىدىغان نەرسىلەرنى تاللاپ، بىر يەرگە دۆۋىلىدى.

لەيلا ھۇجرىسىدىكى كونا كىيىم ۋە ئويۇنچۇقلارنى بىر جايغا قويدى. ئۇ كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن خاسىنا 5 ـ يىللىقتا سوۋغا قىلغان سېرىق رەڭلىك ئەينەك كالىنى، گىتى سوۋغا قىلغان كىچىك پۇتبول ئېسىلغان ئاچقۇچ زەنجىرىنى تېپىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر تاغىل ئات بىلەن ھارۋىمۇ بار ئىدى. ئۇ يەنە تارىق بىلەن بىللە تېپىۋالغان ئالەم ئۇچقۇچىسىنىڭ چاقچۇق ھەيكىلىنىمۇ تاپتى... ئۇ لەيلانىڭ ئالتە ياكى سەككىز ياش ۋاقىتلىرى بولسا كېرەك. لەيلا تېخى ئۇنى كىمنىڭ بۇرۇن تاپقانلىقى توغرۇلۇق مۇنازىرە قىلىپ تارىق بىلەن سوقۇشۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

فارىبەمۇ ئۆز نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن پەرۋاسىزلىق چىقىپ تۇراتتى، كۆزلىرىدە ھېچقانداق ئىنكاس كۆرۈنمەيتتى. ئۇ قاچا ـ قۇچا، تاماق لۆڭگىلىرىنى، زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى، تويلۇق ئۈزۈك، توي كىيىمىنى بىر ياققا قويدى.

— سىز بۇنى ساتمايسىز، شۇنداققۇ؟ — دېدى لەيلا ئاپىسىنىڭ توي كۆڭلىكىنى قولىغا ئېلىپ.

ئۇ كۆڭلەكنىڭ ياقىسىغا تۇتۇلغان تورنى، قاداقلارنى، يېڭىگە قول بىلەن تىكىلگەن مەرۋايىتلارنى سىلىدى.

فارىبە مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ، كۆڭلەكنى لەيلانىڭ قولىدىن ئالدى ـ دە، دۆۋىلەكلىك كىيىمنىڭ ئۈستىگە قوپاللىق بىلەن تاشلىدى. ئاپىسىنىڭ بۇ ئىشى لەيلاغا خۇددى تېڭىقنى بىرلا تارتىپ يارىنى سويۇۋەتكەندەك بىلىندى.

هاكىم ئۇچۇن ئۆز نەرسىلىرىدىن ۋاز كېچىش ھەممىدىن ئازاب بولدى.

لەيلا ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى ئىشكاپقا تىزىقلىق كىتابلارغا بىچارىلىك بىلەن قاراپ تۇرغىنىنى كۆردى. ھاكىم ئۇچىسىغا سان فىرانسىسكودىكى قىزىل رەڭلىك ئالتۇن دەرۋازا كۆۋرۈكىنىڭ سۈرىتى چۈشۈلگەن بىر مايكا كىيىۋالغان، ئۇ سۈرەتتە دېڭىز دولقۇنلىرىدىن چىققان ئاق تۇمانلار كۆۋرۈكنىڭ مۇنارلىرىنى توسۇۋالغانىدى.

— كونىلاردا «ئەگەر سەن پەقەت بەش كىتابلا ئېلىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولساڭ، قايسى كىتابلارنى تاللايسەن؟» دەيدىغان گەپ بار، — دېدى ئۇ، — مەن ئۆزۈمنىڭ ئاشۇنداق ئىشقا دۈچ كېلىپ قېلىشىمنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

— ئەمدى بىز سىز ئۇچۇن يېڭى كىتابلارنى يىغىمىز، دادا.

— ھىم، — دېدى ھاكىم مەيۈسلۈك بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — ئۆزۈمنىڭ كابۇلنى تاشلاپ كېتىدىغانلىقىمغا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. مەن مۇشۇ شەھەردە مەكتەپتە ئوقۇغان. بىرىنچى قېتىملىق خىزمىتىمنى مۇشۇ شەھەردە باشلىغان، مۇشۇ شەھەردە ئاتا بولغان. ھەي... مەن پات ئارىدا باشقا بىر زېمىندا ياشايدىغانلىقىمنى ئويلىسام، ئىنتايىن بىئارام بولىمەن.

— مەنمۇ شۇ.

— كابۇل توغرۇلۇق يېزىلغان بىر شېئىر بۈگۈن بىر كۈن قۇلاق تۈۋىمدىن نېرى كەتمىدى. ئۇ شېئىرنى سائىب ئەل تابرىزى 17 ـ ئەسىردە يازغانىكەن. مەن بۇرۇن بۇ شېئىرنى پۈتۈن يادقا بىلەتتىم. ھازىر پەقەت ئىككى مىسراسىلا ئېسىمدە قاپتۇ.

ئاي شولىسى ئۆگزىدە، ئاينىڭ سانى نامەلۇم.
پارلاپ تۇرغان مىڭ قۇياش تام كەينىگە مۆككەندۇر.

لەيلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان دادىسىغا

قارىدى. ئۇ دادىسىنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ:
— جىنىم دادا، بىز يەنە قايتىپ كېلىمىز. ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن بىز كابۇلغا قايتىپ كېلىمىز، ئىنشائاللا. چوقۇم شۇنداق قىلىمىز، — دېدى.

ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە، لەيلا يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈپ ئىشىك ئالدىغا توشۇشقا باشلىدى. ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى تاكسىغا سېلىپ، گۆرۈخانىغا ئېلىپ بارماقچىدى.

لەيلا ئۆي بىلەن هويلا ئوتتۇرىسىدا توختىماي مېڭىپ دۆۋە ـ دۆۋە كىيىملەرنى، قاچا ـ قۇچىلارنى، دادىسىنىڭ ساندۇقلارغا قاچىلانغان كىتابلىرىنى توشۇدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بېلىگە كەلگۈدەك ئېگىز دۆۋىلەنگەن نەرسىلەرنى توشۇغۇچە چۈش بولمايلا هالىدىن كەتسە بولاتتى. لېكىن، ئۇ هەربىر قېتىم قاتنىغاندا تارىقنى كۆرۈشكە بىر قەدەم يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۇ هەربىر قەدەمدە پۇتلىرىغا تېخىمۇ جان كىرىپ، بىلەكلىرى تېخىمۇ كۈچلىنىپ كېتىۋاتقاندەك هېس قىلدى.

— چوڭراق تاكسى چاقىرتساق بوپتىكەن.

لەيلا بېشىنى كۆتۈردى. ئاپىسى ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى هۇجرىسىدىن جەينىكىنى تەكچىگە تىرىگىنىچە تۆۋەنگە قاراپ، لەيلاغا سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاق كىرىشكە باشلىغان چاچلىرى، سولغۇن، ئورۇق يۈزى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ ئۈستىگە نەچچە ئاي بۇرۇنقى غەلىبە ئولتۇرۇشىدا كىيگەن كۆك رەڭلىك كۆڭلىكىنى كىيىۋالغانىدى. ئۇ ياش قىزلارغا ماس كېلىدىغان كۆڭلەك ئىدى. لېكىن، فارىبە لەيلانىڭ كۆزىگە قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ تېرىلىرى ساڭگىلاپ قالغان ئورۇق بىلەكلىرى، تارتىشىپ كەتكەن مەڭزى، نۇرسىز كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى قارامتۇل سىزىقلار ئۇنى توي سۈرىتىدىكى مەڭزى قىزىل، يۈزى يۇمىلاق، چىرايىدىن نۇر

يېغىپ تۇرىدىغان ھېلىقى قىزغا تۇپتىن ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ئىنسانغا ئايلاندۇرۇپ قويغاندى.

— ئىككى چوڭ تاكسى دەڭا، — دېدى لەيلا.

ھاكىم مېھمانخانا ئۆيدە كىتاب سېلىنغان ساندۇقلارنى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋاتاتتى.

— ئىشىڭنى تۈگىتىپ ئۈستىگە چىققىن. بىللە ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يەيلى، — دېدى فارىبە، — سۇدا پىشۇرۇلغان تۇخۇم بىلەن ئېشىپ قالغان پۇرچاق يەيمىز.

— مەن ئامراق تاماق ئىكەن، — دېدى لەيلا.

ئۇ تويۇقسىز ئۆزىنىڭ چۈشىنى، يەنى ئۆزىنىڭ تارىق بىلەن بىللە ئەديالدا ئولتۇرغان ھالىتىنى، دېڭىزنى، شامالنى ۋە قۇم دۆۋىلىرىنى ئەسكە ئالدى.

«ناخشا ئېيتىدىغان قۇملارنىڭ ئاۋازى قانداق بولغىيدى؟» دەپ ئويلىدى لەيلا.

ئۇ ئورنىدا توختاپ، يەردىكى يېرىقتىن ئۆمىلەپ چىقىۋاتقان كۆل رەڭ كەسلەنچۈككە قارىدى. كەسلەنچۈك ئىككى تەرەپكە شاپ - شۇپ قارىدى - دە، دەرھال تاشنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتى.

لەيلا دېڭىز بويىنى يەنە كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. لېكىن، قۇمنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى ھەممە يەردە ئاڭلىنىپ، بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. ئەمدى ئاۋاز لەيلانىڭ قۇلىقىنى يارغۇدەك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئەتراپتىكى باشقا ئاۋازلارنى يۇتۇپ تاشلىغانىدى. بېلىقئالغۇچلار ئەمدى قاناتلىرىنى ئاۋازسىز ئېچىپ ياپاتتى. قانات قېقىشتىن كېلىدىغان شامال شۇنداق كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچبىر ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئەمدى قۇملار ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى... قوڭغۇراق جىرىڭلىغاندەك ئاڭلىنامدۇ - نېمە؟

ياق، قوڭغۇراق جىرىڭلىغاندەك ئەمەس، پۇشتەك چالغاندەك.

لەيلا قولىدىكى كىتابنى پۇتىغا تاشلاپ، بىر قولى بىلەن ئاپتاپنى توسۇپ تۇرۇپ ئاسمانغا قارىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن دەھشەتلىك گۈركىرىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاسماندا بىر ئاق نۇر پەيدا بولدى ـ دە، ئۇنىڭ پۈتى دەسسەپ تۇرغان يەر سىلكىنىشكە باشلىدى. ئارقىدىنلا ئۇرۇلغان كۈچلۈك ئىسسىق ئېقىم ئۇنىڭ ئايىغىنى پۇتىدىن سالدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ بەدىنىنى ئاسمانغا كۆتۈردى. ئەمدى ئۇ بوشلۇقتا چۆرگۈلەپ، بىردەم ئاسماننى، بىردەم يەرنى كۆرۈپ ئۇچۇۋاتاتتى. يوغان بىر پارچە ياغاچ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى. پارچە ـ پارچە ئەينەك پارچىلىرى ئۇنى ئورىۋالغان بولۇپ، ھەر پارچىدىن يانغان قۇياش نۇرى گۈزەل ھەسەن ـ ھۈسەن بولۇپ ئەكس ئېتەتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن لەيلا تامغا ئۇرۇلۇپ، يەرگە يىقىلدى. يۈزى بىلەن بىلەكلىرى شېغىل توپىغا، ئەينەك پارچىلىرىغا مىلەندى.

لەيلانىڭ ئاخىرقى قېتىم ئېسىدە قالغىنى ئۇنىڭ يېنىغا گۈپپىدە چۈشكەن بىر نەرسە ئىدى. قانغا مىلەنگەن ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدە قويۇق تۇماندىن تېشىپ چىققان قىزىل رەڭلىك ئالتۇن دەرۋازا كۆۋرۈكنىڭ بىر بۆرجىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بىر نەرسىلەر مىدىرلىماقتا. تورۇستا ئاق نۇرلار چاقنىماقتا. بىر ئايالنىڭ يۈزى ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىن كەلدى. لەيلانىڭ كۆز ئالدىنى يەنە قاراڭغۇلۇق باستى...

يەنە بىر چىراي كۆرۈندى. بۇ قېتىمقىسى بىر ئەرنىڭ چىرايى ئىدى. ئۇ ئەرنىڭ يۈزى كەڭ بولۇپ، يۈزىنىڭ گۆشلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كالپۇكى مىدىرلىسىمۇ، ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. لەيلانىڭ قۇلىقىغا پەقەت غوڭۇلدىغان ئاۋازلا ئاڭلىناتتى.

ئەر لەيلاغا قاراپ قولىنى پۇلاڭشىتتى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، كالپۇكى يەنە مىدىرلىدى.

لەيلانىڭ ھەممە يېرى ئاغرىيتتى. نەپەس ئالسىمۇ ئاغرىق

قوزغىلاتتى. بىر ئىستاكان سۇ بىلەن بىر تال ھال رەڭ دورىدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى يەنە قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

يەنە ھېلىقى ئايالنىڭ چىرايى، ئۇنىڭ سوزۇنچاق يۈزى ۋە كىچىك كۆزلىرى كۆرۈندى. ئۇ ئايال لەيلاغا بىرنەرسىلەرنى دەۋاتاتتى. لېكىن، لەيلا غوڭۇلدىغان ئاۋازدىن باشقا ھېچ نەرسە ئاڭلىيالمايتتى. لېكىن، لەيلا ئايالنىڭ كالپۇكلىرى ئارىسىدىن چىققان سۆزلەرنى كۆرەلەيدىغاندەك ھېس قىلدى. سۆزلەر ئايالنىڭ ئاغزىدىن چىققان قويۇق قىيامدەك ناھايىتى ئاستا چىقاتتى. لەيلانىڭ مەيدىسى ۋە پۇت ـ قوللىرى ئاغرىدى. ئەتراپتا ئادەمنىڭ سايىسى مىدىرلاپ يۈرەتتى. تارىق قەيەردە؟ ئۇ نېمىشقا بۇ يەردە يوق؟

ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق بىلەن بىر توپ يۇلتۇزلار قاپلىدى.

لەيلا دادىسى بىلەن ئېگىزگە ياماشماقتا. ئۇ لەيلاغا ئارپا ئېتىزلىقىنى كۆرسەتمەكتە. گېنېراتورنىڭ ئاۋازى ئاڭلانماقتا.

سوزۇنچاق يۈزلۈك ئايال لەيلاغا ئېڭىشىپ قارىماقتا ئىدى. ھەربىر نەپەس ئاغرىقنى قوزغايتتى. بىر يەرلەردە ئاككوردىيون چېلىنماقتا ئىدى.

خۇدانىڭ رەھمىتىدە يەنە بىر تال ھال رەڭ دورا پەيدا بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەتراپنى ئېغىر جىمجىتلىق باستى. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىنى ئاشۇ جىمجىتلىق يۇتۇپ كەتتى.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

— قىزچاق، مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسىز؟
قىز كۆزىنى ئېچىشقا تەمشەلدى.
— نېمە ئىش يۈز بەرگىنىنى ئەسلىيەلەمسىز؟
قىزنىڭ كالپۇكلىرى بىرنەرسىلەرنى دېمەكچى بولۇپ مىدىرلايتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ، توكۇروكىنى يۇتتى. ئۇنىڭ قولى سول مەڭزىنى تاتىلىدى. ئۇ بىرنەرسە دەپ پىچىرلاۋاتاتتى. مەريەم قۇلىقىنى ئۇنىڭغا يېقىن ئەكەلدى.
— قۇلىقىم، — دېدى قىز ئېغىر نەپەس ئېلىپ، — ھېچ نەرسە ئاڭلىيالمايۋاتىدۇ.

بىرىنچى ھەپتىسى، رەشىد دوختۇرخانىدىن پۇل تۆلەپ ئەكەلگەن ھال رەڭ دورىنىڭ تەسىرىدە لەيلا كۆپ ۋاقتىنى ئۇخلاپ ئۆتكۈزدى. ئۇ ئۇخلاۋېتىپ بىرنېمىلەرنى دەپ جۆيلۈيتتى. بەزىدە چۈشەنگۈسىز سۆزلەرنى دەپ، ۋارقىراپ يىغلايتتى. مەريەم بىلمەيدىغان ئىسىملارنى چاقىراتتى. ئۇخلاۋېتىپمۇ ئۆكسۈپ يىغلايتتى. بىرنەرسىلەرگە ئاچچىقلاپ، ئۇستىدىكى ئەدىيالنى تېپىپ چۈشۈرۈۋېتەتتى. ئۇنداق ۋاقىتلاردا مەريەم ئۇنى چىڭ بېسىۋالاتتى. بەزى ۋاقىتلاردا، ئۇ قىز مەريەم يېگۈزگەن تاماقلارنىڭ ھەممىسىنى ياندۇرۇۋېتەتتى.
لەيلا تىنچلانغان ۋاقىتتا، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە يوتقاننىڭ ئاستىدىن مەريەم بىلەن رەشىدكە تىكىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سوئالىغا قىسقىلا جاۋاب بېرەتتى. بەزى كۈنلىرى مەريەم بىلەن رەشىد ئۇنىڭغا تاماق يېگۈزمەكچى بولغاندا، ئۇ

بېشىنى خۇددى كىچىك بالىلاردەك ئىككى تەرەپكە بۇراپ، ئاغزىنى ئېلىپ قاچاتتى. مەريەم قوشۇقنى ئۇنىڭ ئاغزىغا ئەكەلگەندە، دەسلەپتە جاھىللىق بىلەن ئاغزىنى ئېچىشنى رەت قىلاتتى. لېكىن، ئۇ ناھايىتى ئاسانلا چارچايتتى ـ دە، ئۇلارنىڭ زورلاشلىرىغا ئامالسىز ماقۇل بولاتتى.

رەشىد مەريەمگە قىزچاقنىڭ يۈزى ۋە بويىنىدىكى كېسىلگەن جايغا، مۈرىسى، بىلىكى ۋە پاچىقىدىكى تېرىسى سۈرۈلۈپ كەتكەن جايلارغا يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورا سۈركەپ قويۇشنى بۇيرۇدى. مەريەم جاراھەتلەنگەن ئورۇننى بىرقانچە قېتىم يۇيۇپ، دېزىنفېكسىيەلەنگەن داكىلار بىلەن تېڭىپ قويدى. قىزچاقنىڭ يۈزىگە چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ تاراپ قويدى.

ـــ بۇ قىز قاچانغىچە بۇ يەردە تۇرىدۇ؟ ـــ دەپ سورىدى مەريەم رەشىدتىن.

ـــ ياخشى بولۇپ ئەسلىگە كەلگۈچە. ئۇنىڭ ھازىر ماڭغۇدەك ماغدۇرى يوق، بىچارە.

ئۇ قىزنى كېسەك دۆۋىسىدىن دەل رەشىد كولاپ چىققانىدى.

ـــ تەلىيىڭىزگە مەن ئۆيدە بولۇپ قاپتىمەن، ـــ دېدى ئۇ قىزغا مەريەمنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېتىپ، ـــ سىز ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەنسىز. مەن قوللىرىم بىلەن كېسەكلەرنى كولاپ، سىزنى تارتىپ چىقتىم. مۇشۇنداق بىر مېتال، ـــ دېدى ئۇ باش بارمىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. مەريەم ئۇنىڭ بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىگە كۆڭلىدە شەك كەلتۈرمىدى، ـــ سىزنىڭ مۈرىڭىزدىن تېشىپ چىقىپتىكەن. مۇشۇنداق چوڭلۇقتا. ئۇ مېتال پارچىسى بەكلا پېتىپ كەتكەچكە، ئامبۇر بىلەن تارتىپ چىقارغىلى تاسلا قالدىم. لېكىن، سىز ساق قالدىڭىز. ئۇزاققا قالماي سەللىمازا ساقىيىپ كېتىسىز.

هاكىمنىڭ كىتابلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى قۇتقۇزۇپ قالغانمۇ يەنە شۇ رەشىد ئىدى.

— نۇرغۇنلىرى كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. يەنە بەزىلىرىنى باشقىلار ئوغرىلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

بىرىنچى ھەپتىسى رەشىد مەريەمگە ياردەملىشىپ قىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئۇ بازاردىن بىر كۈنى يېڭى ياستۇق بىلەن يېڭى يوتقان سېتىۋېلىپ كىرسە، يەنە بىر كۈنى بوتۇلكىدا «ۋىتامىن» دەپ ئاتىلىدىغان دورىلارنى كۆتۈرۈپ كىرەتتى.

يەنە شۇ رەشىد لەيلاغا ئۇنىڭ دوستى تارىقنىڭ قورۇسىنى باشقا كىشىلەرنىڭ ئىگىلەپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

— سوۋغاتمىش، — دېدى ئۇ، — سايىيافنىڭ بىر قوماندانى قول ئاستىدىكى ئۈچ ئادىمىگە ئۇ قورۇنى سوۋغا قىلىپ بېرىپتۇ دەڭا، سوۋغا!

سايىيافنىڭ ئۇ ئۈچ ئادىمى ئەمەلىيەتتە ئاغزىدىن ئانا سۈتىنىڭ ھىدى كەتمىگەن، يۈزلىرى ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن ياش باللار بولۇپ، مەريەم ئۇلارنىڭ ھەربىي كىيىملەرنى كىيىپ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى نەچچە قېتىم كۆرگەنىدى. ئۇلار بەزىدە تارىقنىڭ قورۇسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ قوراللىرىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، تاماكا چەككەچ قارتا ئويىنىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قامەتلىكرەك كەلگەن، تەكەببۇر كۆرۈنىدىغىنى ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىدى. كىچىكى بولسا قالغان ئىككىسىدىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كەم سۆزلۈكى، مەريەم ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ سالام بېرىشلىرى ھەمراھلىرىنىڭ ئۆكتەم مىجەزىنىڭ ئۇنىڭغا تېخى سىڭمىگەنلىكىنى، ئىنسانلىق خىسلىتىنىڭ تېخى زەئىپلەشمىگەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

بىر كۈنى ئۇ ئۆينىڭ ئۇستىگە بومبا چۈشتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇ ھازارەلەرنىڭ ۋاخدات گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئاتقان توپ ئوقى ئىكەن. ئەتراپتىكى قوشنىلار ئۇ ئۈچ بالىنىڭ بەدەن

پارچىلىرىنى خېلى ۋاقىتقىچە ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن تېرىپ يۈرۈشتى.
— ئۇلارغا خوپ بولدى، — دېدى رەشىد.

«بۇ قىزچاق ئەجەب تەلەيلىككەن، — دەپ ئويلىدى مەريەم، — ئاسماندىن چۈشكەن بومبا ئۇنىڭ ئۆيىنى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇپ قويدى. لېكىن، بۇ قىزچاق پەقەت يېنىكلا يارىلاندى دېسە.»

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن لەيلا ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلدى. ئىشتىھاسىمۇ بارا ـ بارا ئېچىلدى. چېچىنىمۇ ئۆزى تارايدىغان، ئۆزى يۇيۇنىدىغان بولدى. تېخى تامىقىنىمۇ تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشۈپ مەريەم ۋە رەشىد بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ يەيدىغان بولدى. لېكىن، بەزىدە تۇيۇقسىز قانداقتۇر ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ ئېسىگە كېلەتتى ـ دە، تاماق يېيىشتىن توختاپ، بىرھازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپلا ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كېتەتتى.

هوشسىزلىنىپ يەرگە يىقىلىش، قارا بېسىش، تۇيۇقسىز ھالسىزلىنىپ ياندۇرۇشلار لەيلانىڭ كۈندىلىك ئىشىغا ئايلانغانىدى.

بەزى ۋاقىتلاردا ئۆكۈنۈشمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولاتتى.

— مەن ھايات قالمايتتىم، — دېدى لەيلا بىر كۈنى پولدا تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ. مەريەم كىرلىك ئالماشتۇرۇۋاتاتتى، — دادام كىتاب قاچىلانغان يەشىكلەرنى سىرتقا ئاچىقماقچى بولغانىدى. ئۇ ئەسلىدە مېنىڭ ئۇ يەشىكلەرنى كۆتۈرۈشۈمگە قوشۇلمىغان. لېكىن، مەن ئۇنىماي يەشىكلەرنى سىرتقا كۆتۈرۈپ چىقتىم. شۇنىڭ بىلەن دادام ئۆينىڭ ئىچىدە قالدى. بومبا چۈشكەندە ئۆي ئىچىدە قالىدىغان ئادەم ئەسلىدە مەن ئىدىم.

مەريەم كىرلىكنى كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە سالدى. ئۇ لەيلانىڭ سېرىق بۇدۇر چاچلىرىغا، ئۇزۇن بوينىغا، كۆك كۆزلىرىگە،

نازۇك مەڭزىگە، گىلاستەك قىزىل لەۋلىرىگە نەزەر سالدى. مەريەم بۇ قىزنى كىچىك ۋاقتىدا ئاپىسى ئۇنى ئەگەشتۇرۇپ ناۋايخانىغا بارغاندا كۆرگەنىدى. ئۇ چاغدا ئاكىسى ئۇنى مۇرىسىگە مىندۇرۇپ كۆتۈرۈپ ئاپارغانىدى. ئۇنى مۇرىسىگە مىندۇرگەن ئاكىسى ئۇنىڭ كىچىك ئاكىسى بولۇپ، ئۇ دائىم قولىقىدا تۇكى بار، ياغاچچىنىڭ ھېلىقى بالىسى بىلەن مەرمەر تاش سوقۇشتۇرۇپ ئوينايتتى.

لەيلا مەريەمگە خۇددى ئۇنىڭدىن تەسەللى ياكى ئەقىل كۈتكەندەك تەلمۈرۈپ قارىدى. لېكىن، مەريەم ئۇنىڭغا نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئۇنىڭغا قانداق تەسەللى بەرسۇن؟ نانا دەپنە قىلىنغان كۈنى، فەيزۇللا موللامنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىن مىسال ئېلىپ قىلغان مۇنۇ سۆزلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرەلمىگەنىدى. «بۇ دۇنيانى ئۇلۇغ ئاللاتائالا ياراتقان. بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئاشۇ ھەممىگە قادىر ئىگەمنىڭ قولىدا، قىزىم. قۇرئانغا ھەرگىزمۇ شەك كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ بارلىق ئازابلىرىمىزغا ئاللا يار ـ يۆلەك بولىدۇ.» مەريەم يەنە فەيزۇللا موللامنىڭ گۇناھ توغرۇلۇق ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرىنىڭمۇ ئۆزىگە كۆپ تەسەللى بېرەلمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. «ھەركىمنىڭ گۇناھى ئۆزىگە. سەن ئۇنداق قالايمىقان خىيالدا بولما، مەريەم. ئاڭلىدىڭمۇ قىزىم؟ بۇنداق خىياللار سېنى نابۇت قىلىدۇ. شۇنى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلا قىزىم: بۇ ئىشلارغا سەن سەۋەبچى ئەمەس.»

شۇ تاپتا، بۇ قىزنىڭ دەردىنى يەڭگىللىتەلەيدىغان بىرەر سۆز تېپىش مەريەم ئۈچۈن مۇمكىنمۇ؟

مەريەم بىرنەرسە دېيىشكە تەمشىلىۋاتقاندا، لەيلانىڭ چىرايى پۈرۈشۈپ، كۆڭلى ئىلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— توختاپ تۇرۇڭ، مەن داس ئەكېلەي. يەرگە ياندۇرۇۋەتمەڭ. مەن ئەمدى تازىلىغان... ئاھ، ۋاي خۇدايىم.

لەيلانىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئېتىلغان بومبا سەۋەبىدىن قازا قىلىپ بىر ئايدىن كېيىن ناتونۇش بىر كىشى ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى. مەريەم ئىشىكنى ئاچتى.

ــ بىرسى سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ، ــ دېدى مەريەم. لەيلا بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈردى. مەريەم ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ئابدۇل شەرىف ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ــ مەن ئابدۇل شەرىف ئىسىملىك بىرسىنى تونۇمايمەن.

ــ لېكىن ئۇ ئادەم سىزنى سوراۋاتىدۇ. تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئۇ ئادەمگە ئۆزىڭىز بىرنېمە دەڭ.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## لەيلا

لەيلا ئابدۇل شەرىفنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ كىشىنىڭ بېشى كىچىك، گۆشلۈك بۇرنىنىڭ ئۈستى ۋە ئىككى مەڭزى چوقۇر ئىدى. تەكشى قىزىرىپ قالغان قوڭۇر رەڭ چاچلىرى خۇددى كىرپىدەك تىك تۇراتتى.

— كەچۈرۈڭ سىڭلىم، — دېدى ئۇ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىكى تۈگمىسىنى يېشىپ، قول ياغلىقى بىلەن قاشلىرىدىكى تەرنى سۈرتكەچ، — مەن تېخى تولۇق ئەسلىمگە كېلىپ بولالمىغان ئوخشايمەن. دورىنىڭ ئىسمىنى سۈلفا تابلېتكىسى دەمدۇ، ئەيتاۋۇر. مەن شۇ دورىنى يەنە بەش كۈن يېگۈدەكمەن.

لەيلا ئولتۇرغان ئورنىدىن يۆتكىلىپ، ئوڭ قولىقىنى ئۇ كىشى بار تەرەپكە يېقىن توغرىلىدى.

— سىز مېنىڭ ئاتا - ئانامنىڭ دوستىمۇ؟

— ياق، ياق، — دېدى ئابدۇل شەرىف تېزلىك بىلەن، — مېنى كەچۈرۈڭ.

ئۇ سول قولىنىڭ بارمىقىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ، مەريەم ئەكەلگەن ئىستاكاننى ئوڭ قولى بىلەن كۆتۈرۈپ، تىنماي ئىچىۋەتتى.

— مەن سۆزۈمنى بېشىدىن باشلاي، — دېدى ئۇ يەنە قول ياغلىقى بىلەن كالپۇكى ۋە قېشىنىڭ ئۈستىنى سۈرتۈپ، — مەن بىر سودىگەر. كىيىم - كېچەك دۇكانلىرىم بار. ئەرلەرنىڭ

چاپان، دوپپا، كاستيۇم ـ بۇرۇلكا، گالستۇك دېگەندەك كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ساتىمەن. پاكىستاننىڭ پېشاۋەردە ئىككى دۇكىنىم بار. ئامبارمۇ شۇ يەردە. شۇڭا، مەن كابۇل بىلەن پېشاۋەرنىڭ ئارىلىقىدا قاتنايمەن. لېكىن، بۇ كۈنلەردە، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — ئۇنداق قىلىش خۇددى قىمار ئويۇنىغاندەك ئىش بولۇپ قالدى. مەن يېقىندا بۇيرۇلغان ماللارنى ئېلىپ، دۇكاندىكى ماللارنىڭ ھېساباتىنى قىلغاچ، پېشاۋەرگە ئائىلەمنى يوقلىغىلى بارغانىدىم. ئۈچ قىزىمىز بار، ئەلھەمدۇلىللا. مۇجاھىدلار بىر ـ بىرىنىڭ كانىيىغا پىچاق تىقىشقا باشلىغاندا مەن قىزلىرىم بىلەن ئايالىمنى ئۇ تەرەپكە كۆچۈرۈپ كەتكەنىدىم. مەن ئۇلارنىڭ بۇ ئۇرۇشنىڭ ناھەق قۇربانى بولۇپ كېتىشىگە قانداقمۇ قاراپ تۇرالايمەن؟ ئەلۋەتتە ئۆزۈمنىڭمۇ شېھىتلەر تىزىملىكىگە كىرىپ قېلىشىمنى خالىمايمەن. پات يېقىندا ئۇلار بىلەن ساق ـ سالامەت جەم بولارمەن، ئىنشائاللا. ئىشقىلىپ، مەن ئەسلىدە كابۇلغا چارشەنبە كۈنى كېلىپ بولۇشۇم كېرەك ئىدى. لېكىن، تەلىيىمگە بۇ ئاغرىققا مۇپتىلا بولدۇم. بۇ كېسىلىم سەۋەبلىك سىزنى ھەرگىز ئاۋارە قىلمايمەن ھەمشىرە. مەن ھاجەتخانىغا بېرىپ، كىچىك تەرەت قىلسام خۇددى سۇنۇق ئەينەك پارچىلىرى چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن، دەڭا. خۇدا ھېكمەتيارنىڭ بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى ھەرگىز تىلىمەيمەن. ئايالىم نادىيەجان — خۇدا ئۇنىڭ تېنىنى ئامان قىلسۇن — مېنى دوختۇرغا كۆرۈن دەپ يالۋۇرۇپ كەتتى. لېكىن، مەن ئاسپىرىن يېسەم ئوڭلىنىپ قالارمەن، دەپ ئويلاپتىمەن. نادىيەجان قاتتىق چىڭ تۇرۇۋالدى. لېكىن، مەن ئۇنىمىدىم. بىزدە «جاھىلنى خۇدا ئۇرۇپتۇ» دەيدىغان سۆز بار ئەمەسمۇ؟ مېنى راستىلا خۇدا ئۇردى.

ئۇ ئىستاكاندىكى ئېشىپ قالغان سۇنى ئىچىۋېتىپ، ئۇنى مەريەمگە تەڭلىدى.

— سىزنى مالال قىلىدىغان بولدۇم.

مەريەم ئۇنىڭ قولىدىكى ئىستاكاننى ئېلىپ، سۇ قۇيۇپ

كېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.
— قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىم كېرەك ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن ئاشۇنداق كۆيۈمچان. ئاللا ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن. مەن دوختۇرخانىغا بارغۇچە پۇتۇن بەدىنىم قىزىپ، ئاق تېرەكنىڭ يوپۇرماقلىرىدەك تىترەشكە باشلىدىم. ئورنۇمدىنمۇ ئارانلا تۇردۇم. دوختۇر قان زەھەرلىنىپتۇ دەپ دىياگنوز قويدى. ئەگەر مەن يەنە ئىككى - ئۈچ كۈن ساقلىغان بولسام، ئايالىم تۇل بولۇپ قالار ئىكەن. ئۇلار مېنى ئېغىر كېسەللەرنى داۋالايدىغان بۆلۈمگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇھ، رەھمەت، — ئۇ مەريەمنىڭ قولىدىكى سۇ توشقۇزۇلغان ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ، يانچۇقىدىن ئالغان ئاق تابلېتكىنى ئاغزىغا سالدى.
— بۇ نەرسىنىڭ چوڭلۇقىچۇ تېخى.
لەيلا ئۇنىڭ دورىنى يۇتۇۋېتىشىگە قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ تىنىقلىرى بارغانسېرى تېزلىشىپ، پۇتلىرى ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. ئابدۇل شەرىفنىڭ ھېكايىسىنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكى لەيلاغا ئايان ئىدى. لەيلا ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى - يۇ، ئامالسىزلىقتىن يەنە جايىدا مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ قالدى.
ئابدۇل شەرىف ئىستاكاننى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى.
— مەن دەل شۇ يەردە سىزنىڭ دوستىڭىز مۇھەممەد تارىق ۋالىزاينى ئۇچراتتىم.
لەيلانىڭ يۈرىكى تېخىمۇ تېز سوقۇشقا باشلىدى. تارىق دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇمۇ؟ ئېغىر كېسەللەر بۆلۈمىدە؟
ئۇ تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ، ئورنىدىن مىدىرلىدى. ئۇ ئۆزىنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك ئىدى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ئۇنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشى ئېنىق ئىدى. ئۇ خىيالىنى دوختۇرخانىدىن قاچۇرۇپ، تارىقنىڭ تولۇق ئىسمىغا مەركەزلەشتۈردى. ئۇزاق يىللار ئىلگىرى ئۇ تارىق بىلەن بىللە قىشلىق تەتىلدە پارس

تىلى كۆرسىغا قاتناشقاندا ئۇنىڭ تولۇق ئىسمىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغانىدى. مۇئەللىم ئۇنى «مۇھەممەد تارىق ۋالىزاي» دەپ چاقىرغاندا لەيلاغا بەكمۇ قىزىقارلىق بىلىنگەنىدى.

— ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولغىنىنى بىر سېستىرادىن ئاڭلىدىم، — ئابدۇل شەرىف سۆزىدىن توختاپ، دورىنى ئوگاي يۇتۇۋېتىش ئۈچۈن مۇشتۇمى بىلەن مەيدىسىگە يەڭگىل ئۇرۇپ قويدى، — پېشاۋەردە ئۇزاق مۇددەت تۇرغاچقا، ئوردۇ تىلىدىنمۇ ئوبدانلا ساۋاتىم چىقىپ قالغانىدى. ئىشقىلىپ، ئاڭلىشىمچە، سىزنىڭ ئۇ دوستىڭىز باشقا يىگىرمە ئۈچ نەپەر پاناھلىق تىلىگۈچى بىلەن بىللە بىر ماشىنىنىڭ كوزۇپىدا ئولتۇرۇپ پېشاۋەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. چېگراغا ئاز قالغاندا دەل ئوق ئېتىشلارنىڭ ئۈستىگە بېرىپ قاپتۇ. بىر توپ ئوقى دەل ماشىنىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. بەلكىم بۇ بىر تاسادىپىيلىقتۇر. لېكىن، بۇ خەققە ھېچ نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. ماشىنىدىكىلەردىن پەقەت ئالتە ئادەم ساق قاپتۇ. ساق قالغان ئالتىسى ئاشۇ دوختۇرخانىغا قوبۇل قىلىنىپتىكەن. يىگىرمە تۆت سائەتنىڭ ئىچىدە ئۇلاردىن ئۈچى ئۆلۈپتۇ. پەقەت ئىككىسىلا دوختۇرخانىدىن چىقىپتۇ. دوختۇرخانىدا سىزنىڭ دوستىڭىز ۋالىزاي ئەپەندىلا قاپتۇ. مەن دوختۇرخانىغا بارغان ۋاقتىمدا ئۇنىڭ ئۇ يەردە يېتىۋاتقىنىغا ئۈچ ھەپتىدىن ئاشقانىكەن.

«دېمەك، ئۇ ھايات ئىكەن ـ دە. لېكىن، ئۇ قانچىلىك دەرىجىدە يارىلانغاندۇ؟ — دەپ ئويلىدى لەيلا، — ئۇنىڭ يارىسى ئۇ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە شۇنچە ئۇزاق ياتقۇدەك ئېغىرمىدۇ؟»

لەيلا مەڭزىنىڭ ئوت بولۇپ يېنىۋاتقانلىقىنى، پۈتۈن بەدىنىنىڭ تەرگە چۆمۈلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ خىيالىنى خۇشال ئەسلىمىلەرگە مەركەزلەشتۈرمەكچى، دادىسى ۋە تارىق بىلەن بامىياندىكى بۇتلارنى كۆرگىلى بارغان كۆڭۈللۈك چاغلارنى ئەسكە ئالماقچى بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تارىقنىڭ ئاتا ـ

ئاپىسى كېلىۋالدى. ئاشۇ ئاچچىق ئىسنىڭ ئارىسىدا، ئۇنىڭ ئاپىسى ماشىنىنىڭ كوزۇپى ئاستىدىن قولىنى سوزۇپ، تارىقنىڭ ئىسمىنى چاقىرماقتا. ئۇنىڭ بەدىنى ئوت ـ يالقۇن ئارىسىدا كۆيمەكتە. يالغان چاچلىرى ھارارەتتىن ئېرىپ يۈزىگە سىرغىپ چۈشمەكتە...

لەيلانىڭ نەپسى ئۇلاشمايلا قالدى.

— ئۇ مېنىڭ يېنىمدىكى كارىۋاتتا يېتىپتىكەن. ئارىمىزنى پەقەت بىر پەردىلا ئايرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، مەن ئۇنىڭ چىرايىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرەلەيتتىم، — ئابدۇل شەرىف تۆۋۆقسىز قولىدىكى توي ئۈزۈكىنى سىلاپ، سۆزىنى ئاستىلاتتى، — سىزنىڭ دوستىڭىز شۇنداق ئېغىر يارىلانغانىكەن. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە نەيچىلەر ئورنىتىلغانىكەن. دەسلەپتە، — ئۇ گېپىنى قىرىپ قويدى، — دەسلەپتە مەن تېخى ئۇنى ئاشۇ قېتىملىق ھادىسىدە ئىككىلا پۇتىدىن ئايرىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. لېكىن، سېسترا ماڭا ئۇنىڭ ئاشۇ قېتىملىق ھادىسىدە پەقەت ئوڭ پۇتىدىن ئايرىلغانلىقىنى، سول پۇتىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى يارىلىنىشتا كېسىۋېتىلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرىمۇ كۆپ زەخىملەنگەنىكەن. ئۇ ئۈچ قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىنىپتۇ. ئۆچىيىنىڭ بىر قىسمى كېسىۋېتىلىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قايسى ئەزالىرىنىڭ كېسىۋېتىلگەنلىكى ئېسىمدە قالماپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ بەدىنىمۇ ئېغىر دەرىجىدە كۆيۈپ كېتىپتىكەن. ناھايىتى ئېغىر. مەن سىزگە پەقەت مۇشۇنچىلىكلا دەي. سىزنىڭ بۇنىڭسىزمۇ دەردىڭىز كۆپ بولغىيدى، سىڭلىم. مەن بۇلارنى سىزگە دېمىسەم بولاتتى.

تارىق ئەمدى پۈتسىز بىر گەۋدىگە ئايلىنىپتۇ. ئەگەر لەيلا خىيالىنى يىراققا، يەنى شەھەرنىڭ چېرمىشىپ كەتكەن تار كوچىلىرىغا ئېلىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ يەرگە يىقىلىپ چۈشۈشى تامامەن مۇمكىن ئىدى.

— ئۇ ھەمىشە دېگۈدەكلا دورىنىڭ تەسىرىدە ھوشسىز ياتاتتى. ئاغرىقنى پەسلىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە ئامال بار دەيسىز؟ لېكىن، بەزى چاغلاردا دورىنىڭ تەسىرى ئاجىزلاشقاندا، ئۇنىڭ كاللىسى سەگەكلىشەتتى. ئاشۇ ۋاقىتلاردا مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاتتىم. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى، قەيەردىن كەلگەنلىكىمنى ئېيتتىم. مېنىڭچە، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ يېنىدا مەندەك بىر ۋەتەندىشىنىڭ بولغانلىقىدىن چوقۇم خۇشال بولدى. لېكىن، پاراڭنىڭ كۆپ قىسمىنى مەن قىلدىم. چۈنكى، ئۇنىڭ سۆزلىيەلىشى ناھايىتى قىيىن ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم ئاغزىنى مىدىرلاتقاندا ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭرايتتى. مەن ئۇنىڭغا قىزلىرىم ۋە پېشاۋەردىكى ئۆيۈم توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردىم. يەنە تېخى ئۇنىڭغا قېيىنئىنىم بىلەن ئۆينىڭ ئارقىسىغا راۋاق سېلىۋاتقانلىقىم، كابۇلدىكى دۇكانلىرىمنى ساتماقچى بولۇپ، رەسمىيەتلىرىنى ساقلاۋاتقانلىقىم توغرۇلۇقمۇ سۆزلەپ بەردىم. گەرچە بۇلار ئادەتتىكى پاراڭلار بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئازراق بولسىمۇ ئارام بولدى، دەپ ئويلايمەن. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇمۇ ماڭا پاراڭ سېلىپ بەردى. كۆپ چاغلاردا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تازا چۈشىنەلمىسەممۇ، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندىم. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ بۇرۇن قەيەردە ياشىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بەزىدە غازنىدىكى تاغىسى توغرۇلۇق سۆزلىدى. يەنە بەزىدە ئاپىسىنىڭ تامىقى، دادىسىنىڭ ياغاچچىلىق ھۈنەرلىرى، ئۆزىنىڭ ئاككوردىيون چالىدىغانلىقى توغرۇلۇقمۇ پاراڭ سېلىپ بەردى. لېكىن، كۆپ ۋاقىتلاردا، پاراڭلار سىز توغرۇلۇقلا بولاتتى، سىڭلىم. ئۇ ئۆزىنىڭ سىز بىلەن ئۆتكۈزگەن چاغلىرىنى داۋاملىق ئەسلەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ سىزگە شۇنداق كۆيۈنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەپسۇس، ئۇ سىزنى شۇنچە سېغىنسىمۇ، سىزنىڭ ئۇ يەردە بولمىغانلىقىڭىزدىن خۇشال ئىكەن. ئۇ سىزنىڭ ئۆزىنى ئاشۇ ھالەتتە كۆرۈشىڭىزنى خالىمايدىكەن.

لەيلانىڭ پۈتلىرى يەنە ئېغىرلىشىپ، ۋۇجۇدىدا ئېقىۋاتقان قانلارنىڭ ھەممىسى ئايىغىنىڭ ئاستىدا ئۇيۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ خىيالى ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا ئوخشاش، كابۇلنىڭ ئاسمىنىدىن، ئاشۇ قارامتۇل تاغ چوققىلىرىدىن، چەكسىز كەتكەن قۇملۇقلاردىن، جىلغىلاردىن، قىپقىزىل قورام تاشلىق چوققىلاردىن، ئاپپاق قارلار بىلەن قاپلانغان تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، شۇنچە يىراققا كەتكەندى...

— مەن ئۇنىڭغا كابۇلغا قايتىپ بارىدىغانلىقىمنى ئېيتسام، ئۇ ماڭا سىزنى ئىزدەپ تېپىشىمنى، ئۆزىنىڭ سىزنى داۋاملىق ئەسلەيدىغانلىقىنى، سىزنى سېغىنىغانلىقىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى ئۆتۈندى. مەن ئۇنىڭغا چوقۇم ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ۋەدە بەردىم. چۈنكى، مەنمۇ ئۇنى شۇنداق ياقتۇرۇپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ ئېسىل سۈپەت بىر بالا ئىكەنلىكىگە كۆڭلۈمدە شەك كەلتۈرمىدىم، — ئابدۇل شەرىف قول ياغلىقى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتتى، — بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كەتتىم، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ بارمىقىدىكى توي ئۈزۈكىنى يەنە سىلاپ تۇرۇپ، — مېنىڭچە ئۇ چوقۇم يېرىم كېچە. ئېنىق ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن. چۈنكى، ياتاقنىڭ دېرىزىسى يوق. شۇڭا، كۈن چىقامدۇ، كۈن ئولتۇرامدۇ، بىلگىلى بولمايدۇ. مەن ئويغانغان ۋاقتىمدا، ياتاق ئىچىدە جىددىي بىر ئىشلار بولۇۋېتىپتىكەن. دورىنىڭ تەسىرى بىلەن مەست بولۇپ كېتىپتىكەنمەن. بىردەم ئۇخلاپ، بىردەم ئويغىنىپ تۇرغاچقا، ئەتراپىمدا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئانچە ئاڭقىرالمىدىم. پەقەت دوختۇرلارنىڭ يېنىمدىكى كارىۋاتقا ئولىشىۋالغانلىقى، كىملەرنىڭدۇر بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىراشقانلىقى، كۆزنىتىش ئەسۋابلىرىنىڭ جىددىي سىگنال ئاۋازى دېگەندەكلەر غۇۋا ئېسىمدە بار. ئەتىسى يېنىمدىكى كارىۋاتنىڭ بوش تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. سېستىرادىن نېمە ئىش

بولغانلىقىنى سورىسام، سېستىرا ماڭا ئۇنىڭ ئەزرائىل بىلەن ئاخىرقى تىنىقىغىچە باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

لەيلا بېشىنىڭ لىڭشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بىلىشى كېرەك ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇ ئاللىقاچان بىلگەن. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرغان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى، قانداق خەۋەر ئەكەلگەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بولغانىدى.

— سىزگە دېسەم، مەن دەسلەپتە سىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭىزغا ئىشەنمىدىم، — دەۋاتاتتى ئۇ ئادەم، — مەن تېخى ئۇنى ناركوزنىڭ تەسىرىدە جۆيلۈۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتىمەن. بەلكىم، مەن سىزنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلغاندىمەن. مەن داۋاملىق باشقىلارغا شۇم خەۋەر يەتكۈزۈشتىن قورقاتتىم. لېكىن، مەن ئۇنىڭغا ۋەدە بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەلبىمدە ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھۆرمىتىم بار. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ يەرگە بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بىر قېتىم كېلىپ، ئەتراپتىكى قوشنىلاردىن سىزنى سۈرۈشتۈردۈم. ئۇلار ماڭا مۇشۇ ئۆينى كۆرسەتتى. ئۇلار يەنە ماڭا ئاتا ـ ئانىڭىزغا كەلگەن كېلىشمەسلىك توغرۇلۇقمۇ سۆزلەپ بەردى. ھەي، مەن ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا ئارقامغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدىم. مەن ئەسلىدە سىزگە بۇ شۇم خەۋەرنى دېمەكچى ئەمەس ئىدىم. چۈنكى، بۇنىڭغا ھەرقانداق ئادەم بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

ئابدۇل شەرىف ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈستەلنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، لەيلانىڭ تىزىغا قولىنى قويدى.

— لېكىن، مەن قايتىپ كەلدىم. ئاخىرقى ھېسابتا، ئۇ سىزنىڭ بىلىشىڭىزنى توغرا تاپىدۇ، دەپ ئويلىدىم ھەم شۇنىڭغا ئىشەندىم. مېنى كەچۈرۈڭ. مەن...

لەيلانىڭ قۇلىقىغا ئەمدى ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى. ئۇ ناتونۇش بىر كىشىنىڭ پەنشىردىن ئەھمەد بىلەن نۇرنىڭ ئۆلۈم

خەۋىرىنى ئەكەلگەن كۈننى ئەسكە ئالدى. ئۇ كۈنى چىرايى تاتارغان ھاكىم ئۆزىنى سافاغا تاشلىغان، فارىبە بولسا خەۋەرنى ئاڭلاپلا قولى بىلەن ئاغزىنى چىڭ ئېتىۋالغانىدى. لەيلا يالىڭاچ بولۇۋالغان فارىبەنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن بولسىمۇ، چىن كۆڭلىدىن ئىچ ئاغرىتالمىغانىدى. چۈنكى، ئاشۇ چاغدا ئۇ ئاپىسىنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتمىگەنىدى. بۈگۈن يەنە بىر ناتونۇش كىشى يەنە بىر ئۆلۈمنىڭ خەۋىرىنى ئەكەلدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆزى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالدى. ئەجەبا، بۇ ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ ئازابلىرىغا ھېسداشلىق قىلمىغانلىقىغا بېرىلگەن بىر جازامىدۇ؟

ئاپىسىنىڭ ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ نالە قىلغان ھالىتى لەيلانىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. لېكىن، لەيلانىڭ ئۇنداق قىلغۇدەك ماغدۇرى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ھەتتا ئورنىدىن قوزغىلىدىغانمۇ ھالى يوق. ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى نىشانسىز تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ يىراقتا ئۇچۇۋاتقان خىيالى ياپيېشىل ئارپىلىقتا كېلىپ قوندى. ئەنە، ئېرىقلاردا سۈپسۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئاقماقتا. ئېتىزلاردا قاتار ئۆسكەن كېۋەزلەر مەيىن شامالدا ئۇسسۇل ئوينىماقتا. دادا! دادىسى ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ ئاستىدا كىتاب ئوقۇماقتا. تارىق بولسا ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئۇخلىماقتا. لەيلا پۇتىنى ئېرىقتىكى سۇغا چىلاپ، قەدىمكى ئەجدادلىرى چوقۇنغان ئاشۇ ھەيۋەتلىك بۇت ھەيكەلگە نەزەر سېلىپ، كەلگۈسى ئۈچۈن شېرىن خىياللارنى سۈرمەكتە.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## مەريەم

— كېلىشمەسلىكنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئازابلاندىم، — دېدى رەشىد لەيلاغا. ئۇ مەريەمگە قاراپمۇ قويماستىن، مەريەمنىڭ قولىدىكى بىر قاچا قىيما گۆش شورپىسىنى ئالدى، — سىلەرنىڭ يېقىن... دوست ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىمەن. ئىككىڭلارنى دېمەكچى. بالىلىق چاغلىرىڭلاردىن تارتىپ بىللە ئوينايتتىڭلار. نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق. نۇرغۇنلىغان ياش ئافغان يىگىتلىرى مۇشۇنداق ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ، دېسە.

ئۇ لەيلاغا تىكىلگىنىچە قوللىرى بىلەن ئىشارەتلەپ هاياجان ئىچىدە سۆزلىمەكتە ئىدى. مەريەم ئۇنىڭغا قول سۇرتىدىغان قەغەزنى سۇندى. شۇنچە يىللاردىن بېرى مەريەم ئۇنىڭ تاماق يېيىشىگە، تاماق چاينىغان ۋاقتىدا يۈز مۇسكۇللىرىنىڭ مىدىرلاشلىرىغا، بىر قولى بىلەن گۇرۇچنى كاپاملاپ ئېلىشلىرىغا، يەنە بىر قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئاغزىنىڭ چۆرىسىدىكى گۇرۇچ قالدۇقلىرىنى سۇرتۇشلىرىگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئەنە شۇ يىللاردىن بېرى، رەشىد ئۈن - تىنسىز هالدا كۆزلىرىنى قاچىدىن نېرىغا ئالماي تاماق يەيتتى. ئەتراپتىكى جىمجىتلىق ئۇنىڭ نارازىلىق بىلەن چىكىلىدىغان ياكى تان سورىغان بىر ئېغىز سۆزى بىلەنلا بۇزۇلاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ بىر سەۋەبلەر بىلەن قوشۇق بىلەن تاماق يېيىشكە، ئاغزىنى قەغەز سالفېتكىدا سۇرتۇشكە باشلىدى. سۇ

سورىغاندا، «ئاۋارە قىلدىم، رەھمەت!» دېگەندەك تەكەللۇپ سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ ھاياجان بىلەن سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملىشىدىغان بولدى.
— سىز مەندىن سورىسىڭىز، ئامېرىكىلىقلار ھېكمەتيارەدەك ئادەمگە قورال بېرىپ خاتا قىلدى. 1980 ـ يىللاردا ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات مەركىزى ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانلار دەپ ھەممە قورالنى تۇتقۇزۇپ قويدى. مانا ئەمدى سوۋېت قوشۇنلىرى چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ قوراللارنى قايتۇرۇش تۈگۈل، مىللىتىنىڭ ئۇچىنى سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىزغا ئوخشاش بىگۇناھ ئادەملەرگە توغرىلاۋاتىدۇ. تېخى ئۇ بۇنى «جىھاد» دەپ ئاتاۋاتىدۇ. نېمىدېگەن كۆز بويامچىلىق ـ ھە! جىھادنىڭ ئاياللارنى، نارەسىدە باللارنى ئۆلتۈرۈش بىلەن قانداقمۇ مۇناسىۋىتى بولسۇن؟ ئامېرىكىلىقلار ئەڭ ياخشىسى گېنېرال مەسئۇدنى قوراللاندۇرسا ئاندىن توغرا بولىدۇ.
مەريەمنىڭ قاشلىرى ئىختىيارسىز يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى. گېنېرال مەسئۇد؟ مەريەم تېخى يېقىندىلا رەشىدنىڭ مەسئۇدنى «كوممۇنىستلارنىڭ خائىنى» دەپ ھاقارەتلىگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىغۇ؟ ھە، توغرا. مەسئۇدنىڭ مىللىتى لەيلاغا ئوخشاشلا تاجىك ئەمەسمۇ؟!
— ئارىمىزدىن ئاخىر ئۇنىڭغا ئوخشاش سەممىي، ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئۆزىنى توقۇنۇشلارنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشقا بېغىشلىغان ئافغاندىن بىرسى چىقتى.
رەشىد دولىسىنى قىسىپ ئۇھ تارتتى.
— مەن سىزگە دېسەم، ئامېرىكىلىقلار بىزنىڭ ھالىمىزغا پىسەنت قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ پاشتۇن، تاجىك، ئۆزبېكلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشى بىلەن نېمە كارى بولسۇن، دەيسىز. بۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ قانچىسى پاشتۇننى تاجىكتىن، تاجىكنى ئۆزبېكتىن پەرق ئېتەلەيدۇ؟ دېمەكچى بولغىنىم، ئۇلاردىن ياردەم كۈتۈش ئەخمەقلىق. ئەمدى سوۋېت ئىتتىپاقى گۇمران بولدى.

بىزنىڭ ئامېرىكىغا ھېچ پايدىمىزمۇ قالمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن بىزنى ئىشلىتىپ بولدى. ئۇلار ئۈچۈن ئافغانىستان بىر تەرەتخانا، خالاس. سۆزۈم بىرئاز قوپال كېتىپ قالدى. كەچۈرۈڭ. لېكىن، مېنىڭ دېگەنلىرىم ھەقىقەت. سىز قانداق ئويلايسىز، لەيلاجان؟

لەيلا چىنىسىدىكى قىيما گۆشنى قوشۇق بىلەن ئىتتىرىپ تۇرۇپ، رەشىدنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى. گەرچە ئۇنىڭ سۆزى ئىنتايىن چۈشىنىكسىز بولسىمۇ، رەشىد ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئەڭ ئاقىلانە سۆزنى ئاڭلاۋاتقاندەك، قايىل بولغان ھالدا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بېشىنى لىڭشىتتى. مەريەم كۆزىنى باشقا تەرەپكە ئېلىپ قاچتى.

— رەھمەتلىك دادىڭىز ئىككىمىز — ئاللا ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغاي — داۋاملىق مۇشۇنداق مۇئازىرىلەرنى قىلىشاتتۇق. ئۇ سىز تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنقى چاغلار ئىدى. بىز سىياسەت توغرۇلۇق، كىتاب توغرۇلۇق ئۇزاق پاراڭلىشاتتۇق. شۇنداققۇ، مەريەم؟ ئېسىڭدە بارمۇ؟

مەريەم تېزلىك بىلەن ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ سۇ ئىچكەن بولۇۋالدى.

— ئىشقىلىپ، مەن مۇشۇنداق سىياسەت توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەپ، سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويمىسام ياخشى بولاتتى.

مەريەم تاماق قاچىلىرىنى ئاشخانىغا ئاچىقىپ يۇغاچ خىيالغا پاتتى. مەريەمنى ھەيران قالدۇرغىنى رەشىدنىڭ قىپقىزىل يالغانچىلىقى، ھىيلىگەرلىكى، ئويدۇرمىچىلىقى ياكى لەيلانى توپا ـ كېسەكنىڭ ئاستىدىن تارتىپ چىققاندىن بېرى مەريەمگە قول كۆتۈرۈپ باقمىغانلىقى ئەمەس ئىدى. بەلكى ئۇنىڭ لەيلانىڭ دىققىتىنى تارتىش، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنى تەسىرلەندۈرۈش ئۈچۈن ئويناۋاتقان يىرگىنچلىك ئويۇنلىرى ئىدى. تۇيۇقسىز، مەريەمنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل قورقۇنچ باستى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ گۇمانىنىڭ توغرىلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ

رەشىدنىڭ مەقسىتىنى تولۇق چۈشەنگەنىدى.

مەريەم كۆڭلىدىكى قورقۇنچىنى بېسىۋېلىپ، رەشىدنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. رەشىد قولىدىكى تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ:
— نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — دەپ سورىدى.
ئەنە شۇ پەيتتە، مەريەم ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ ھېچ بولمىغاندا رەشىدنىڭ ئىنكار قىلىشىنى، ئۇنىڭ سۆزىگە ھەيران قېلىشىنى، ھەتتا مەريەمنىڭ نېمە مەقسەتتە سورىغانلىقىدىن غەزەپلىنىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. شۇنداق بولغان بولسا مەريەم ئۇتقان بولاتتى. ھېچ بولمىغاندا رەشىدنى ئوڭايسىزلاندۇرۇش مەقسىتىگە يەتكەن بولاتتى. لېكىن، رەشىدنىڭ تەمكىنلىك بىلەن ئىقرار قىلىشى ئۇنىڭ جاسارىتىنى يەرگە ئۇرغانىدى.
— ئولتۇر، — دېدى ئۇ كارىۋاتتا تامغا يۆلىنىپ، پۇتلىرىنى ئۆزۈن سۇنۇپ يېتىپ، — ھوشۇڭدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشسەڭ بېشىڭ يېرىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئولتۇرۇۋالساڭ ياخشى بولامدىكىن؟
مەريەم ئىختىيارسىز ھالدا كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى قاتلىما ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى.
— ماڭا ئاۋۇ كولدانىنى سۇنۇۋېتە، — دېدى ئۇ.
مەريەم ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈردى. گەرچە رەشىد ئۆزىنىڭ ھەقىقىي يېشىنى بىلمىسىمۇ، مەريەم ئۇنىڭ ئاتمىشتىن ئاشقانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى ئاقارغان بولسىمۇ، بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا قويۇق ھەم يىرىك ئىدى. كۆزىنىڭ ئاستىدىكى تېرىلەر ساڭگىلىغان، ئېڭىكىنىڭ ئاستىدىكى تېرىلەر قورۇلۇپ كەتكەن، ئىككى مەڭزى بۇرۇنقىدىن كۆپ سولىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ گەرچە سەل ئېگىلىشىپ ماڭسىمۇ، مۈرىلىرى يەنىلا كەڭ، تېنى بۇرۇنقىدەك بەستلىك، قوللىرى كۈچلۈك ئىدى. يوغان قورسىقى ئۆزىدىن بۇرۇن ئىشىكتىن

كىرىپ كېلەتتى. قىسقىسى، رەشىدنىڭ مەريەمگە نىسبەتەن ياخشى تۇرغانلىقى ئېنىق ئىدى.

— بىز بۇ ۋەزىيەتنى شەرىئەتنىڭ قانۇنىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا مەجبۇرمىز. سەن ئۇنى تاشلاپ كېتىشكە مۇناسىۋەتلىك قانۇنىي يول بىلەن، بۇ ئىشنى ئاياغلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇ قىزىمىز بىلەن تويلاشماقچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نىكاھىدىن ئىلگىرى سەن ئۇنى قويۇپ بېرىشىڭ كېرەك. ئاندىن ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن مەن بىر نەرسە دېيەلەيمىز ھەم مەسىلە يوقىلىدۇ، — دېدى رەشىد.

— ئۇ قىزنى جىنسىي جەھەتتىن خارلايدىغان بولسا، بۇ ياخشى ئەمەس. ئۇ قانداق ئادەم؟ ئۇ قىزغا ياخشى بولۇپ، — دېدى مەريەم، — ئۇ يالغۇز ئىسسىقلىق بىلەن بولغان تۇرالغۇدا ياشايدۇ. ئۇ مېنىڭ ھۆرمىتىمنى تۆكمەيدۇ.

— مەن بۇ دۇنيادا قىيناپ ئۆلۈپ كېتىشىمنى خالىمايمەن.

— لېكىن، بۇ نېمە گەپ؟

— نېمە نېمە گەپ؟ نېمە؟ سەن ئۇ قىزنى بەك كىچىك، ئەمدى ئون تۆت ياشقا كىردى دېمەكچىمۇ؟ ئۇ ئون تۆت ياشقا كىرگەن بولسا بالاغەتكە يەتتى، دېگەن گەپ. سەن ماڭا تەگكەندە، ئون بەش ياشتا ئىدىڭ، ئېسىڭدە بارمۇ؟ ئاپام ئون ئۈچ ياشتا توي قىلىپ، مېنى ئون تۆت يېشىدا تۇغۇپتىكەن.

— مەن بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن، — دېدى مەريەم ئاچچىق قىلىپ، ئۇ شۇ تاپتا ھوشىنى يوقاتقانىدى.

— سەن بۇ ئىشقا قارار قىلالمايسەن. بۇ پەقەت ئۇ قىزنىڭ ۋە مېنىڭ قارارىمغا باغلىق.

— مېنىڭ يېشىم چوڭ بولۇپ قالدى.

— مېنى قېرى، ئۇ بەك ياش دېگىنىڭ پەقەتلا قاملاشمىغان

سۆز بولدى.

— بۇ يېشىمدا بۇ قىلىقلىرىڭىزنى كۆتۈرەلمەيمەن، — دېدى مەريەم، ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى مەھكەم سىققان قوللىرى تىترەپ كېتىۋاتاتتى، — شۇنچە يىللاردىن بېرى سىزگە ھەمراھ بولغىنىم ئۈچۈن مېنى مۇشۇنداق تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويماقچىمۇ ئەمدى؟

— سەن بۇ ئىشقا بۇنچىۋالا ھاياجانلىنىپ كەتمە. بۇ دېگەن ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدىغان نورمال ئىش. سەن بۇنى ئوبدان بىلىسەن. مېنىڭ ئاغىنىلىرىمنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئىككى، ئۈچ، ھەتتا تۆتتىن خوتۇنى بار. سېنىڭ داداڭنىڭمۇ ئۈچ خوتۇنى بار ئىدى. ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا ئەر بولغان بولسا، بۇنداق ئىشنى خېلى بۇرۇنلا قىلغان بولاتتى. سەن مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ راستلىقىنى ئوبدان بىلىسەن.

— مەن قوشۇلمايمەن.

رەشىد ئېچىنغان قىياپەتتە كۈلۈمسىرىدى.

— بۇ يەردە يەنە بىر ئامالمۇ بار، — دېدى ئۇ پاچىقىنىڭ ئاستىنى يەنە بىر پۇتىنىڭ قاپىرىپ كەتكەن تاپىنى بىلەن قاشلاپ، — ئۇ بۇ ئۆيدىن كەتسە بولىدۇ. ئۇنىڭ يولىنى توسمايمەن. لېكىن، ئۇنىڭ يىراققا بارالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇنىڭ جېنىنى باقالىغۇدەك پۇلى يوق. بېشىنىڭ ئۈستىدە ئوق - بومبىلار ئۇچۇپ يۈرىدۇ. دەپ باقە، سىرتتا باشقىلار ئۇنى ئېلىپ قېچىپ، باسقۇنچىلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بوغۇزلاپ كوچىغا تاشلىۋېتىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدىكى ئىش.

ئۇ يۆتىلىپ قويۇپ، ئارقىسىغا قويغان ياستۇقنى تۈزەشتۈردى.

— ئەتراپتىكى مۇھىت ئىنتايىن خەتەرلىك مەريەم، سەن بۇنىڭغا ئىشىنىشىڭ كېرەك. قان پۇراپ تۇرغان باندىتلار ھەر دوقمۇشتا ماراپ تۇرىدۇ. مەن ئۇ قىزنىڭ تەۋەككۈلچىلىك

قىلىشنى قەتئىي خالىمايمەن. ئەگەر ئۇ بىر ئاماللار بىلەن پېشاۋەرگە باردىمۇ دەيلى. ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ سەن ئۇ يەردىكى پاناھلىق تۇرالغۇلارنىڭ قانداقلىقىنى بىلەمسەن؟ — ئۇ تاماكا ئىسىنىڭ ئارىسىدىن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى، — كىشىلەر قەغەز ساندۇقتىن ياسىۋالغان چېدىرلاردا ياشايدۇ. تۇبېركۇليۇز، تولغاق، ئاچارچىلىق، جىنايەت... بۇلارنىڭ ھەممىسى قىش پەسلىدە بولىدىغان ئىشلار. ئۇنىڭدىن كېيىن يەر - جاھاننى قار - مۇز قاپلايدۇ. ئۆپكە كېسىلى تارقايدۇ. ئادەملەر مۇز ھەيكەلگە، چېدىرلار بولسا توڭلىغان قەبرىستانلىققا ئايلىنىدۇ.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئۇ قولىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ، — ئۇ قىز پېشاۋەردىكى پاھىشىخانىلارنىڭ بىرەرىدە پاناھلانسىمۇ بولىدۇ. ئاڭلىسام، ئۇ يەردە بۇنداق سودىلار خېلى راۋاج تېپىپ قاپتىمىش. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق گۈزەل چىرايى بىلەن ئوبدانلا پۇل تاپالايدۇ، سەنچە توغرىمۇ؟

ئۇ كۆلدانىنى كارىۋات بېشىدىكى چىراغ ئۈستىلىگە قويۇپ، پۈتىنى كارىۋاتتىن ساڭگىلاتتى.

— ماڭا قارا، — دېدى ئۇ تەسەللى بەرگەن ئاھاڭدا، ئۆزىنىڭ يەڭگەنلىكىنى جاكارلاپ، — مەن بىلىمەن. سەن بۇ ئىشلارنى ئېغىر ئالىسەن، مەن بۇنىڭ ئۈچۈن سەندىن رەنجىمەيمەن. مېنىڭ قارارىم ھەممەيلەن ئۈچۈن پايدىلىق. سەن بۇنى كېيىن بىلىپ قالىسەن. سەن ئوبدان ئويلىنىپ باق. ئۇ قىزچاق ساڭا ئۆيدە ئىشلىرىڭغا ياردەمدە بولىدۇ. مەن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىۋاتىمەن. بۇ كۈنلەردە ئايال كىشىگە ئەر بولمىسا بولمايدۇ. تۇل خوتۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كوچىدا ياتقىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار مۇشۇنداق بىر پۇرسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشىدۇ، دېگىنە. ئويلاپ باقساڭ، بۇ دېگەن... بۇ دېگەن مەن قىلغان بىر سەدىقە دېگىنە، — ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، — بۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا شەرەپ مېدالى بېرىلسە بولىدۇ.

ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. مەريەم بۇ ئىشنى لەيلاغا

يەتكۈزدى. قىز خېلى ئۇزاققىچە گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ئۇ سىزنى سەھەرگىچە جاۋابىنى بەرسۇن دەيدۇ، — دېدى مەريەم.

— ئۇنىڭغا مەن هازىرلا جاۋابىنى بېرەي، — دېدى لەيلا، — مەن قوشۇلىمەن.

# ئوتتۇزىنچى باب

## لەيلا

ئەتىسى لەيلا ئورنىدىن تۇرماي ياتتى. رەشىد ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ، ئۆزىنىڭ ساتىراشخانىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لەيلا تېخىچە كارىۋاتتا يوتقانغا چۈمكىلىپ ياتاتتى. چۈشتىن كېيىن رەشىد چېچىنى ياسىتىپ، ئۇچىسىدا سۇت رەڭ يوللۇق كۆك كاستۇم، لەيلاغا ئالغان توي ئۈزۈكىنى كۆتۈرۈپ لەيلانىڭ قېشىغا كىرگەندىمۇ، ئۇ بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرمىدى.

رەشىد لەيلا ياتقان كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى، قولىدىكى كىچىك قۇتىنىڭ ئۈستىدىكى لېنتىنى ئالدىرىماي يەشتى ۋە قۇتىنىڭ ئىچىدىن ئالتۇن ئۈزۈكنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى. ئۇ بۇ ئۈزۈكنى مەريەمنىڭ كونا توي ئۈزۈكى بىلەن تېگىشىپ كەلگەنىدى.

— ئۇنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى يوق. ماڭا ئىشىنىڭ. ئۇ بۇنىڭغا ھەرگىز دىققەت قىلمايدۇ.

لەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە سۈرۈلۈپ، تۈگۈلۈپ ئولتۇردى. مەريەم ئاستىنقى قەۋەتتە كىيىملەرگە دەزمال سېلىۋاتاتتى.

— ئۇ بۇ ئۈزۈكنى بىرەر قېتىممۇ تاقاپ باقمىغان، — دېدى رەشىد.

— ماڭا بۇ كېرەك ئەمەس، — دېدى لەيلا تۆۋەن ئاۋازدا، — بۇنى قوبۇل قىلسام بولمايدۇ. سىز بۇنى مەريەمگە قايتۇرۇۋېتىڭ.

— قايتۇرۇۋېتىڭ؟ — رەشىدنىڭ چىرايىدىن نارازىلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى ـ يۇ، يەنە تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى، — مەن بۇنىڭغا يەنە ئازراق، ياق، خېلى كۆپ پۇل قوشتۇم. بۇ دېگەن بۇرۇنقى ئۇزۇكتىن كۆپ ياخشى. يىگىرمە ئىككى كاراتلىق. ئالدى بىلەن قولىڭىزغا ئېلىپ، قانچىلىك ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ بېقىڭ. بولۇڭ دەيمەن، ياق؟ — ئۇ قۇتىنى ياپتى، — ئۇنداق بولسا گۈلچۇ؟ سىز گۈلنى ياخشى كۆرەمسىز؟ قانداق گۈلنى ياخشى كۆرىسىز؟ دەستارگۈلنى ياخشى كۆرەمسىز ياكى كۈركۈمگۈلنىمۇ؟ سېرىنگۈل ئەكېلەيمۇ يا؟ گۈلمۇ كېرەك ئەمەس؟ ئۇنداقتا بوپتۇ. مەنمۇ ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلماي. مەن شۇ... هە بىلدىم. دىھمازاڭدا ئۇستا تىككۈچى بار. بىز سىزنى ئەتە شۇ يەرگە ئاپىرىپ، ئۆلچىتىپ، نىكاھقا لايىق كىيىم تىككۈزەيلى.

لەيلا بېشىنى چايقىدى. رەشىدنىڭ قاشلىرى كۆتۈرۈلدى.

— مەن شۇ ئىشلارنى تېزرەك... — لەيلا سۆزىنى باشلىدى. رەشىد قولىنى لەيلانىڭ بويىنىغا قويۇۋىدى. لەيلا ئىختىيارسىز تۈگۈلۈۋالدى. ئۇنىڭ قوللىرى لەيلاغا خۇددى يالاڭ بەدەنگە هۆل بولۇپ كەتكەن يۇڭلۇق چاپان تەگكەندەك يىرىك بىلىندى.

— دېمەكچى بولغىنىڭىز؟

— بىز بۇ ئىشنى تېزرەك بىر تەرەپ قىلساق دەپ ئويلىغانىدىم.

رەشىد دەسلەپتە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سارغىيىپ كەتكەن چىشىنى چىقىرىپ:

— تەشنالىق، — دېدى ئۇ هىجىيىپ تۇرۇپ.

ئابدۇل شەرىف كېلىشتىن بۇرۇنلا لەيلا پاكىستانغا كېتىشنى پىلانلىغانىدى. ئابدۇل شەرىف ئۇ شۇم خەۋەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىنمۇ لەيلانىڭ كېتىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئەگەر ئۇ يىراق جايلارغا كېتەلىگەن بولسا، شەھەرنىڭ ئايىغى چىقمايدىغان

خالتا كوچىلىرىدىن، ھەربىر دوقمۇشتا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان روھلاردىن، جىن ـ ئالۋاستىلاردىن ئۆزىنى ئازاد قىلالىغان بولسا، ئىنتايىن ياخشى بولغان بولاتتى.

لېكىن، تۇيۇقسىز ھەممىنى تاشلاپ كېتىش يوق ئىشقا ئايلاندى. كۇندە قەي قىلىپ ياندۇرۇش، كۆكسىنىڭ چىڭقىلىپ ئاغرىشى، ھەيزىنىڭ توختاپ كېتىشى ئۇنىڭ پىلانىنى پۈتۈنلەي بەربات قىلغانىدى. لەيلا پاناھلىق لاگېرلىرىدىكى سولياۋ بىلەن ۋاقىتلىق ياسالغان، ئۆگزىلىرى شامالدا پۇلاڭشىپ تۇرغان مىڭلىغان چېدىرلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئەنە شۇ چېدىرلارنىڭ بىرسىدە، ئۆزىنىڭ بالىسى، ياق، تارىقنىڭ بالىسى مەڭزىلىرى شامالداپ يېرىلغان، ئېڭىكى ساڭگىلىغان، چىرايى تاتارغان ھالدا كۆزىنى يۇمۇپ ياتقىنىنى، ئاشۇ كىچىك جانسىز تەننى باشقىلار كېپەنلەپ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ تۇرغان قۇزغۇنلارنىڭ ئالدىدا بىر ئورەككە كۆمگەن ھالىتىنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى... ئۇ ئەمدى قانداقمۇ كېتەلىسۇن؟

لەيلا ھاياتىدىكى ئۆزىگە يېقىن بولغان ئىنسانلارنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئەھمەد بىلەن نۇر ئاللىقاچان ئۇ دۇنياغا كەتكەن. خاسىنا باشقا ياقتا. گىتىمۇ ئۆلدى. ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئۆلدى. تارىقمۇ...

لېكىن، قانداقتۇر بىر مۆجىزە بىلەن ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ يالدامىسى ئۇنىڭ جىسمىدا تۆرەلدى. ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي يالغۇزلۇقىغا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن، تارىقنىڭ جىسمىنىڭ بىر پارچىسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا بولۇپ، كىچىك پۇت ـ قوللىرىنى چىقىرىپ بىخلىماقتا ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھاياتىدىن ۋە تارىقتىن قېلىپ قالغان بىردىنبىر يالدامىنى قانداقمۇ ۋەيران قىلىۋېتەلىسۇن؟ لەيلا تېزلىك بىلەن بىر قارارغا كېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ تارىق بىلەن بىللە بولغانلىقىنىمۇ ئالتە ھەپتە بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر يەنە كېچىكتۈرسە، رەشىدنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇشى مۇمكىن

ئىدى.

ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنىڭ ھاياسىزلىق، نومۇسسىزلىق، شۇنداقلا ئالدامچىلىق ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ مەريەمگە ئۇۋۋال قىلغانلىقىنى ئۇ ئېنىق بىلەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمە تېخى ئۈجمىدەك چوڭلۇقتا بولسىمۇ، لەيلا ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتى ئۈچۈن بېرىدىغان قۇربانلىقىنىڭ شەرتسىز بولىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئۇ قورسىقىنى سىلاپ، كۆزىنى يۇمدى.

لەيلا مۇراسىمنىڭ ئازراقلا قىسمىغا دىققەت قىلدى. ئۈستىگە سۈت رەڭ يوللۇق كۆك كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن رەشىدنىڭ چېچىغا چاپقان چاچ يېلىمىنىڭ كۈچلۈك پۇرىقى لەيلانىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇشقا باشلىغانىدى. رەشىدنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن بۇغدىيىكىنىڭ ئۈستىدىكى ئۈستىرا كېسىۋەتكەن يارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۈزۈكنى لەيلانىڭ بارمىقىغا سالغۇچە، رەشىدنىڭ بارمىقىنىڭ قاپىرىپ كەتكەن تېرىلىرى لەيلانىڭ بارمىقىنى جىرىۋەتتى. نىكاھ توختامىغا قول قويۇش ئۈچۈن تەييارلىغان قەلەمنىڭ ئۇچى كارغا كەلمىدى. ئەتراپتىن يېڭى قەلەم تېپىش رەشىدكە ئاسانغا توختىمىدى. ئۇنىڭ توختامغا قول قويغان چاغدىكى ھەرىكىتى تەمكىن، ئىمزاسى رەتلىك ئىدى. لەيلانىڭ تىترىگەن قولىدا يازغان ئىمزاسى تونۇغۇسىز ئىدى. دۇئادىن كېيىن، لەيلا چۈمپەردە ئىچىدە ئەينەكتىن رەشىدنىڭ قىرقىلغان قاشلىرىغا ئېرەنسىز نەزەر سالدى.

ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا مەريەم نارازى بولغان ھالدا قاراپ تۇراتتى. لەيلا ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشقا پېتىنالمىدى.

لەيلا رەشىدنىڭ سوغۇق يوتقانىغا كىرىپ پەردىنى چۈشۈرۈشكە قاراپ ياتتى. رەشىد قوللىرىنى ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرىگە ۋە ئىشتانبېغىغا سوزۇشتىن بۇرۇنلا،

ئۇنىڭ بەدىنى تىترەشكە باشلىغانىدى. رەشىدمۇ جىددىيلەشكەن بولۇپ، قوللىرى ئۆزىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى يېشەلمەي خېلى ئاۋارە بولدى. ئۇنىڭ ساڭگىلاپ قالغان كۆكسى، تومپىيىپ چىققان قورسىقى لەيلاغا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پولتىيىپ چىققان كىندىكىنىڭ ئۈستىدىكى يوغان كۆك تومۇرى، مەيدىسى، مۈرىلىرى ۋە بىلەكلىرىدىكى غوۋزمەك ئاق تۈكلەرمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. رەشىدنىڭ كۆزلىرى لەيلانىڭ بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن يۈگۈرەيتتى.

— خۇدايىم تۇۋا، مەن سىزگە ئۆلگۈدەك ئاشىق بولۇپ قالغان ئوخشايمەن، — دېدى رەشىد ئاغزىنى چاكىلداتقان ھالدا.

لەيلا رەشىدكە چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى ئېيتتى...

رەشىد خورەك تارتىپ ئېغىر ئۇيقۇغا كەتتى. لەيلا شەپە چىقارماي كۆرپىنىڭ ئاستىغا قولىنى تىقىپ، بۇرۇن يوشۇرۇپ قويغان پىچاقنى ئالدى. ئۇ پىچاق بىلەن بېگىز بارمىقىنى كەستى - دە، يوتقاننى قايرىپ، كۆرپىگە بارمىقىدىن ئاققان قاننى تېمىتتى.

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

## مەريەم

كۆندۈزلىرى ئۈستىدىكى ھۇجرىدىن ئاڭلىنىدىغان كارىۋاتنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى، مۇنچىدىكى سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى بىلەن ئىستاكانغا ئۇرۇلغان قوشۇق ئاۋازى بۇ ئۆيدە بىر قىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەسكە سالاتتى. بەزى ۋاقىتلاردا ساپما كەشنىڭ شىپىلدىغان ئاۋازى مەريەمنىڭ قۇلىقىغا كىرسە، يەنە بەزىدە پەلەمپەي بىلەن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كېتىۋاتقان كۆك كۆڭلەككە مەريەمنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالاتتى.

لېكىن، ئۇلارنىڭ ھامىنى بىر ـ بىرىگە دوقۇرۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. ئۇلار بەزىدە پەلەمپەيدە، بەزىدە تار كارىدوردا، بەزىدە ئاشخانىدا، بەزىدە ھويلىدىن كىرىدىغان ئىشىك تۈۋىدە ئۇچرىشىپ قالاتتى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئۇلار بەكمۇ ئوڭايسىزلىناتتى. لەيلا كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى يىغىپ، بىر ـ ئىككى ئېغىز كەچۈرۈم سوراپ ئۆتۈپ كېتەتتى. مەريەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى. بەزىدە لەيلادىن كېلىۋاتقان رەشىدنىڭ تەر ۋە تاماكا ئارىلاشقان پۇرىقى مەريەمنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلاتتى. مەريەمنىڭ تەلىيىگە، ئۇ جىنسىي تۇرمۇشتىن قۇتۇلغانىدى. مۇشۇ كۈنلەردە، رەشىد بىلەن لەيلانىڭ بىللە ياتقان ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ھامان مەريەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ كېتەتتى.

ئەپسۇسكى، كەچلىرى ئۇلارنىڭ مەقسەتلىك ھالدا بىر ـ بىرىدىن نېرى تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. رەشىد ئۇلارنى

بىر ئائىلە كىشىلىرى دەپ تەكىتلەيتتى. ئۇلارنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىللە تاماق يېيىشى تەلەپ قىلىناتتى.

— بۇ نېمە گەپ؟ — دەيتتى ئۇ قولى بىلەن گۆشنى سۆڭەكتىن ئايرىغاچ. ئۇ لەيلانى نىكاھىغا ئېلىپ بىر ھەپتە بولمايلا ۋىلكا، قوشۇق تۇتۇپ تاماق يېيىشنى تاشلىغانىدى، — مەن بىر جۇپ ھەيكەل بىلەن توي قىلغان ئوخشىمامدىمەن ـ ھە؟ بول، خانىم، لەيلاغا بىرنېمە دە. سەندىكى ئەدەپ قەيەرگە كەتتى؟

رەشىد سۆڭەكتىكى يىلىكنى سۈمۈرگەچ لەيلاغا قاراپ سۆزلىدى:

— سىز ئۇنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ. ئۇ ئەزەلدىن مۇشۇنداق كەم سۆز. مېنىڭچە، بۇمۇ خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقى. ئەگەر ئادەمنىڭ قىلغۇدەك سۆزى بولمىسا، گەپ قىلمايلا قويغىنى ياخشى. سىز بىلەن مەن شەھەردە چوڭ بولغان. لېكىن، ئۇ يېزىدا چوڭ بولغان. ياق، يېزىدا ئەمەس، يېزىنىڭ سىرتىدىكى لايدا قوپۇرۇلغان كۆلبىدە چوڭ بولغان. ئۇنىڭ دادىسى ئۇنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان. سەن ئۇنىڭغا ئېيتتىڭمۇ، مەريەم؟ ئۆزۈڭنىڭ ھارامدىن بولغانلىقىڭنى ئېيتىپ بەردىڭمۇ؟ شۇ، ئۇ ئاشۇنداق تۆرەلگەن. لېكىن، شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ خېلى بولىدىغان يەرلىرى بار. سىزمۇ كېيىنچە بىلىپ قالىسىز، لەيلاجان. ئۇ ئىشقا چىدامىلىق، ياخشى ئىشلەيدۇ، ھەرگىز ھارامزادىلىك قىلمايدۇ. مەن مۇنداق چۈشەندۈرەي: ئەگەر ئۇ بىر ماشىنا بولغان بولسا، ۋولگا ماركىلىق ماشىنا بىلەن باراۋەر ئىشلەيتتى.

مەريەم ئوتتۇز ئۈچ ياشقا كىرگەن يېتىلگەن بىر ئايال بولسىمۇ، «ھارامدىن بولغان» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭ يۈرىكى نەشتەر سانجىلغاندەك ئاغرىيتتى. ئەنە شۇ سۆزنى ئاڭلىغاندا ئۆزىنى خۇددى بىر يېقىمسىز ھاشاراتتەك ھېس قىلاتتى. مەريەم دەرھال نانانىڭ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ تۇرۇپ: «ھۇ، كالانپاي ھارىمى. مانا بۇ مېنىڭ قىلغانلىرىمنىڭ

مۇكاپاتى. ئەجدادىمدىن مىراس قالغان تەۋەررۇكنى ۋەيران قىلغان ھارىمى» دەپ تىللىغانلىرىنى يادىغا ئالدى.

— سىز، — دېدى رەشىد لەيلاغا قاراپ، — سىز دېگەن «بېنىز» ماركىلىق ماشىنا بولسىڭىز - دە. يېپپېپېڭى، ئالىي دەرىجىلىك، پارقىراپ تۇرىدىغان بېنىز. ۋاھ - ۋاھ. لېكىن، — ئۇ مايلىشىپ كەتكەن بېگىز بارمىقىنى چىقاردى، — لېكىن، بېنىزنىڭ گۈزەللىكىنى، ئۇنىڭغا كەتكەن ھۈنەرنى... ئاسراش ناھايىتى مۇھىم... مەن سىزنى ماشىنىغا ئوخشاتسام، بەلكىم مېنى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. مەن سىزنى ماشىنا دېمەكچى ئەمەسمەن. مەن پەقەت مەقسىتىمنى چۈشەندۈرۈۋاتىمەن.

رەشىد ئۆزى پىشۇرغان بىر چىنە گۈرۈچنى تەخسىگە سالدى. ئۇ تاماقنى ئۆزارتقان قوللىرىنى دەرھال تارتىۋالدى - دە، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ خىيالغا پاتقاندەك كۆزلىرىنى يەرگە تىكتى.

— ئۆلگەنلەرنىڭ يامان گېپىنى قىلىش گۇناھتۇر. شېھىت بولغانلارنىڭ ئارقىسىدىن گەپ قىلىش ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق گۇناھتۇر. مەن بۇ گەپنى دېسەم مېنى ئۆلارغا ھۆرمەت قىلمىدى، دەپ قالماڭ. لېكىن، سىزگە دېسەم، رەھمەتلىك ئاتا - ئانىڭىزنىڭ — ئاللا ئۇلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغاي — سىزنى ئەركىن قويۇۋېتىپ تەربىيەلىگىنىگە سەل نارازىمەن، ئۇنداق دېسەم خاپا بولۇپ قالماڭ.

لەيلانىڭ يەرگە قاراپ تۇرغان رەشىدكە غەزەپ بىلەن قاراشلىرى مەريەمنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ تۇراتتى.

— ئۇ بۇرۇنقى ئىشلار. دېمەكچى بولغىنىم، مەن ئەمدى سىزنىڭ ئېرىڭىز بولغاندىن كېيىن، سىزنىڭلا ئىززەت - ئابرۇيىڭىزنى ئەمەس، ھەممىمىزنىڭ ئابرۇيىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىم بار. بۇ بىر ئەر كىشىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى. بۇلارنى ماڭىلا تاپشۇرۇۋېتىڭ. لېكىن، مەن سىزدىن شۇنى

ئۆتۈنەي: سىز دېگەن بۇ ئۆينىڭ مەلىكىسى. بۇ ئۆي سىزنىڭ ئۇردىڭىز. سىزگە نېمە لازىم بولسا مەريەمگە تاپشۇرسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىزنى ئورۇنلايدۇ. شۇنداق قىلىسەنغۇ، مەريەم؟ سىز نېمىنى ئارزۇ قىلسىڭىز، مەن دەرھال ئالدىڭىزدا شۇنى پەيدا قىلىمەن. كۆردىڭىزمۇ، مەن مانا مۇشۇنداق ئەر. ئۇنىڭ بەدىلىگە مەن سىزدىن ئاددىيلا بىر ئىشنى ئۆتۈنەي. ئۇ بولسىمۇ، سىز مېنىڭ ھەمراھلىقىمسىز بۇ ئۆيدىن ئايرىلمايسىز. مانا مۇشۇنداق ئاددىي. ئۇنداق ئەمەسمۇ يا؟ ئەگەر مەن يوق چاغدا سىزگە جىددىي بىرنەرسە لازىم بولۇپ، چوقۇم ئېلىشىڭىز كېرەك بولسا، مەريەمنى ئەۋەتەرسىز. ئۇ سىزگە لازىملىق نەرسىڭىزنى سىرتتىن ئەكېلىپ بېرىدۇ. سىز بەلكىم بۇ يەردىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى بايقىدىڭىز. شۇنى چۈشەنسىڭىز، ھېچكىم ۋولگا بىلەن بېنزنى ئوخشاش ھېسسىياتتا ھەيدىمەيدۇ. ئۇنداق قىلسا ئەخمەقلىق بولىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ھە راست، سىزدىن ئۆتۈنىدىغان يەنە بىر ئىش، بىز بىللە سىرتقا چىققاندا، ئۈستىڭىزگە چوقۇم بۇرقا كىيىشىڭىز كېرەك. بۇ تەبىئىيلا سىزنىڭ بىخەتەرلىكىڭىز ئۈچۈن. ئەڭ ياخشىسى شۇنداق قىلىش كېرەك. بۇ يۇرتتا قىلىقسىز ئەرلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى. نىيىتى شۇنداق يامان. ھەتتا توي قىلغان ئاياللارنىمۇ پوش دېمەيدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشەنگەنسىز؟

رەشىد يېنىك يۆتىلىپ قويدى.

— مەن ئۆيدە يوق ۋاقتىمدا مەريەم مەن ئۈچۈن ئۆيگە كۆز — قۇلاق بولىدۇ، — رەشىدنىڭ لاپ قىلىپ قارىشى تۆمۈر چەملىك ئاياغ بىلەن مەريەمنىڭ يۈزىگە تەپكەن بىلەن باراۋەر ئىدى، — بۇ مېنىڭ ئىشەنمىگەنلىكىم ئەمەس. ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە. راستىمنى ئېيتسام، سىز مېنىڭ كۆزۈمگە يېشىڭىزغا نىسبەتەن كۆپ ئەقىللىك كۆرۈنىسىز. لېكىن، سىز تېخى كىچىك، لەيلاجان. بولۇپمۇ سىزدەك ياش قىزلار ئاسانلا شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، تۈيۈق يولغا مېڭىپ قالىدۇ. ئىشقىلىپ، مەريەم

ھەممە ئىشقا مەسئۇل. ئەگەر بىرەر چاتاق چىقىدىغان بولسا...

رەشىد بىرھازاغىچە سۆزلىدى. مەريەم رەشىدىنىڭ ئۆزلىرىگە قويۇۋاتقان تەلەپلىرىنىڭ بارغانسېرى خۇددى كابۇلنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقان توپ ئوقلىرىدەك كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا لەيلاغا نەزەر سالدى.

بىر كۈنى مەريەم رەشىدنىڭ ھويلىدىكى تانىغا يېيىلغان كۆڭلەكلىرىنى مېھمانخانا ئۆيگە ئەكىرىپ قاتلاۋاتاتتى. ئۇ قولىغا بىر كۆڭلەكنى ئېلىپ ئارقىسىغا بۇرالغاندا، ئىشىك تۈۋىدە بىر قولىدا چاي قۇيۇلغان پىيالىنى تۇتۇپ تۇرغان لەيلاغا كۆزى چۈشتى. ئۇ لەيلانىڭ قاچاندىن بېرى ئۆزىگە قاراپ تۇرغىنىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

— سىزنى چۆچۈتۈۋەتتىم، بىراق بۇنداق قىلىش نىيىتىم يوق، — دېدى لەيلا، — مېنى كەچۈرۈڭ.

مەريەم ئۇنىڭغا ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى. لەيلانىڭ يېشىل كۆزلىرى، سوزۇنچاق كەلگەن مەڭزى، قىيادەك قاشلىرى قۇياش نۇرىدا ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ تارالمىغان سېرىق چاچلىرى ئىككى مۈرىسىگە يېيىلىپ تۇراتتى. مەريەم ئۇنىڭ مۈرىلىرىنى قورۇغان ھالدا ئىستاكاننى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇشلىرىدىن ئۇنىڭ جىددىيلەشكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— يوپۇرماقلار سارغىيىشقا باشلاپتۇ، — دېدى لەيلا ھاياجان بىلەن، — سىز دىققەت قىلدىڭىزمىكىن؟ مەن كۈز پەسلىنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن. كىشىلەرنىڭ باغلىرىدىكى غازاڭلارنى كۆيدۈرگەندىكى پۇراقنى ياخشى كۆرىمەن. مېنىڭ ئاپام باھار پەسلىنى ياخشى كۆرەتتى. سىز مېنىڭ ئاپامنى تونۇمسىز؟

— ئانچە تونۇمايمەن.

لەيلا بىر قولىنى قۇلىقىنىڭ ئارقىسىغا تۇتۇپ تۇرۇپ سورىدى.

— كەچۈرۈڭ، تازا ياخشى ئاڭلىيالمىدىم.
مەريەم ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈردى.
— مەن تونۇمايمەن دېدىم. مەن سىزنىڭ ئاپىڭىزنى تونۇمايمەن.
— ھە، شۇنداقمۇ؟
— سىزگە بىرنەرسە لازىممۇ؟
— مەريەمجان، ئۇنىڭ ئۇلۇشكۇن كەچتە ئېيتقان سۆزلىرى توغرۇلۇق مەن سىز بىلەن...
— مېنىڭمۇ شۇ ئىش توغرۇلۇق سىز بىلەن پاراڭلاشقۇم بار ئىدى، — دېدى مەريەم لەيلانىڭ سۆزىنى كېسىپ.
— بولىدۇ، — دېدى لەيلا بىر قەدەم ئالدىغا مېڭىپ. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىرئاز يېنىكلەپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. سىرتتا قۇشلارنىڭ سايرىغان، ھارۋا چاقىنىڭ غىچىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يىراقتا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازىدىن كېيىن ئەتراپنى يەنە جىمجىتلىق قاپلىدى.
— مەن سىزنىڭ چاكىرىڭىز ئەمەس، — دېدى مەريەم، — كەلگۈسىدىمۇ ھەم ئۇنداق بولمايمەن.
لەيلا چۆچۈپ مەريەمگە تىكىلدى.
— ياق، ياق. ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس.
— سىز بەلكىم پادىشاھنىڭ سارىيىدا ياشايدىغان مەلىكە، مەن بولسام ئاددىي بىر گاداي بولۇشۇم مۇمكىن. لېكىن، مەن ھەرگىزمۇ سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىز بويىچە ئىش قىلمايمەن. سىز ئۇنىڭغا چېقىشتۇرسىڭىزمۇ، ئۇ مېنى بوغۇزلىسىمۇ، بەرىبىر مەن ئۇنداق قىلمايمەن. سۆزۈمنى ئېنىق ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ مەن سىزنىڭ چاكىرىڭىز ئەمەس.
— ياق، مەنمۇ ھەرگىز ئۇنداق بولۇشنى ئۈمىد قىلمايمەن.
— ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ چىرايىغا تايىنىپ مېنى بۇ يەردىن يوقىتىشنى ئويلىغان بولسىڭىز خاتالاشقان بولىسىز. مەن بۇ يەرگە باشتا كەلگەن. مېنى ھېچكىم بۇ يەردىن

ھەيدىۋېتەلمەيدۇ. سىزمۇ مېنى ھەيدىۋېتەلمەيسىز.
— مېنىڭ ھەرگىز ئۇنداق قىلىش نىيىتىم يوق، — دېدى لەيلا تۆۋەن ئاۋازدا.
— سىزنىڭ يارىڭىزمۇ خېلى ئوبدان ساقىيىپ قالدى. ئەمدى ئۆي ئىچىدە ئىشلارغا قاراشسىڭىز بولىدۇ.
لەيلا تېزلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى چاي يەرگە تۆكۈلۈپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئۇ بۇنى سەزمىدى.
— ئەلۋەتتە، سىزنىڭ ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئالغىنىڭىزغا رەھمەت ئېيتىش مېنىڭ يېنىڭىزغا چۈشۈشۈمنىڭ يەنە بىر سەۋەبى ئىدى.
— مەن ئۇنداق قىلمىسام بوپتىكەن، — دېدى مەريەم ئاچچىق بىلەن، — ئەگەر مەن سىزنىڭ ئېرىمنى تارتىۋالىدىغانلىقىڭىزنى بىلگەن بولسام، سىزگە ھەرگىزمۇ ئۆز قولۇم بىلەن تاماق يېگۈزمىگەن، سىزنى يۇيۇندۇرۇپ، چاچلىرىڭىزنى تارىمىغان، ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالمىغان بولاتتىم.
— تارتىۋالىدىغان...
— مەن ھېلىمۇ تاماقنى ئۆزۈم ئېتىمەن. قاچىلارنىمۇ ئۆزۈم يۇيىمەن. سىز كىر يۇيىسىز، يەرنى سۈپۈرىسىز. قالغان ئىشلارنى ئىككىمىز بىر كۈندىن نۆۋەتلىشىپ قىلىمىز. يەنە بىر گەپ، مەن سىزنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇشىڭىزنى خالىمايمەن. مېنىڭ كۆزۈمگە كىرىۋالمايسىز. ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز، مەنمۇ سىزنى ئارامىڭىزدا قويىمەن. ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى قىلىمىز.
ئۇ سۆزىنى تۈگەتكەندە، يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ سوقۇپ، ئاغزىنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. مەريەم ھاياتىدا ھېچقانداق ئادەمگە بۇنداق پوزىتسىيە بىلەن گەپ قىلىپ باقمىغان، بۇنداق كەسكىنلىك بىلەن ئۆز تەلىپىنى قويۇپ باقمىغانىدى. شۇنداق بولغانىكەن، مەريەم بۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق، لەيلانىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرىنى،

مەيۈسلۈك چىقىپ تۇرغان چىرايىنى كۆرگەن مەريەمنىڭ كۆڭلىدىكى رازىمەنلىك ھېسسىياتىنىڭ ئورنىنى قانداقتۇر بوشلۇق ھەم گۇناھكارلىق ئىگىلىدى.

مەريەم قولىدىكى يۇيۇلغان كۆڭلەكلەرنى لەيلاغا ئۇزاتتى.

— بۇلارنى كىيىم ئاسقۇچقا ئەمەس، ئىشكاپنىڭ تارتمىسىغا سېلىڭ. ئۇ ئاق كىيىمنى ئۇستۇنكى تارتمىغا قويۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. قالغىنىنى پايپاقلار بىلەن بىللە ئوتتۇرىدىكى تارتمىغا سالسىڭىز بولىدۇ.

لەيلا قولىدىكى ئىستاكاننى يەرگە قويۇپ، قولىنى كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە سۈرتتى.

— سىزنى خاپىلىققا سېلىپ قويغىنىم ئۈچۈن كۆپ خىجىلمەن. مېنى كەچۈرۈڭ، — ئۇنىڭ ئاۋازى يىغلامسىراپ چىقتى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى مەريەم، — سىز خىجىل بولۇشقا تېگىشلىك.

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

## لەيلا

لەيلا نەچچە يىللار بۇرۇن، ئاپىسى فارىبەنىڭ كەيپىياتى ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆز قورۇسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاياللار يىغىلىشىنى ئەسكە ئالدى. ئاياللار گۈللۈكتە ئولتۇرۇپ، ۋاجىمە ئۆز بېغىدىن ئەكەلگەن ئۈجمىلەرنى يېيىشىۋاتاتتى. ئۈجمىلەرنىڭ بەزىلىرى ئاق رەڭلىك، بەزىلىرى هال رەڭلىك ئىدى. يەنە بەزىلىرى بولسا خۇددى ۋاجىمەنىڭ بۇرنىنىڭ ئۈستىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان كىچىك تومۇرلاردەك كۆك رەڭدە ئىدى.

— سىلەر ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاجىمە بىر كاپام ئۈجمىنى چاققانلىق بىلەن ئاغزىغا سېلىپ.

— ئۇ بالا سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن، شۇنداققۇ؟ — دېدى گىتىنىڭ ئانىسى نىلا، — غارغا كۆلىدە، ئۇنداق ئەمەسمۇ يا؟

— لېكىن، سىلەر بىلەمسىلەركىن، رەشىدچۇ... — ۋاجىمە بېشىنى توختىماي لىڭشىتىپ، قولى بىلەن ئاغزىدىكى ئۈجمىنى چايناپ يۇتۇۋاتقانلىقىنى شەرەت قىلدى، — ئۇ بۇرۇن شارابنى كۆپ ئىچەتتىكەن. شۇ كۈنى ئۇ قاتتىق مەست ئىكەن دەڭلار. ئاڭلىشىمچە، ئۇ خۇدنى بىلمىگۈدەك مەست ئىكەن. چۈش بولغۇچە، كۆل بويىدىكى ئورۇندۇقتا غەرق مەست، هوشىنى بىلمەي يېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە زەمبىرەك ئاتسىمۇ، كىرپىكىنى مىدىرلىتالمىغۇدەك هالەتكە چۈشۈپ قاپتىكەن.

ۋاجىمە ئاغزىنى ئالىقىنى بىلەن توسۇپ بىرنى كېكىردى. ۋاجىمەنىڭ چۈشۈپ كەتكەن چىشلىرى ئارىسىدىن ئۇنىڭ تىلىنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان ھالىتى ھېلىمۇ لەيلانىڭ ئېسىدە ئىدى.

— قالغىنىنى ئۆزۈڭلار پەرەز قىلالايسىلەر. ئۇ بالىنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكىنىگە ھېچكىم دىققەت قىلمىغان گەپ. كېيىن ئەتراپتىكى كىشىلەر بالىنىڭ سۇدا دۈم ھالدا لەيلەپ تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ. كىشىلەرنىڭ يېرىمى ئۇ بالىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇشۇپتۇ، قالغان يېرىمى دادىسىنى ئۇيغاتماقچى بوپتۇ. ئارىدىن بىرسى بالىنى سۇنئىي نەپەسلەندۈرۈپ بېقىپتۇ، لېكىن ئۇنۇمى بولماپتۇ. ئۇ بالا ئاللىقاچان جان ئۈزگەنىكەن.

لەيلا ۋاجىمەنىڭ بىر بارمىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، باشقىلارغا دىنىي تەربىيە بېرىدىغان ھالىتى ۋە ئاۋازىنى ئەسلىدى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم»دە شاراب ئىچىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. چۈنكى، ھاراقكەشنىڭ گۇناھىغا بىگۇناھ ئادەملەر جاۋابكار بولىدىغان گەپ.

لەيلا رەشىدكە ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خىيالىنى يۇقىرىقى ئەسلىمە ئىگىلىۋالغانىدى. رەشىد خەۋەرنى ئاڭلاپلا دەرھال ۋېلىسىپىتكە مىنىپ، خۇدادىن بالىنىڭ ئوغۇل بولۇشىنى تىلەش ئۈچۈن مەسچىتكە قاراپ ماڭدى.

شۇ كۈنى كەچلىك تاماقتا، لەيلا مەريەمنىڭ تەخسىدىكى بىر پارچە گۆشنى ئۇياق - بۇياققا ئىتتىرىشكە قاراپ تۇردى. تاماق ۋاقتىدا، رەشىد خەۋەرنى مەريەمگە داغدۇغا بىلەن يەتكۈزدى. لەيلا بۇنداق داغدۇغىلىق ئاۋازدا قىلىنغان قوپاللىقنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. خەۋەرنى ئاڭلىغان مەريەمنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈزىنى چوغدەك قىزىللىق قاپلىدى. ئۇنىڭ

چىرايىدىن قەلبىنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.
تاماقتىن كېيىن رەشىد ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ھۇجىرىسىغا رادىيو ئاڭلىغىلى كىرىپ كەتتى. لەيلا بولسا مەريەمگە ياردەملىشىپ تاماق ئۈستىلىنى سۈرتۈۋاتاتتى.
— ئەمدى سىز نېمە بولارسىز؟ — دېدى مەريەم داستىخاننىڭ ئۈستىدىن گۈرۈچ قالدۇقلىرىنى تېرىۋاتقاچ، — بۈرۈنغۇ بېنىز ئىدىڭىز.
لەيلا گېپىگە يېنىك چاقچاق ئارىلاشتۇردى:
— پويىز ياكى ئايروپىلان بولارمەن.
مەريەم دەرھال قەددىنى تىكلىدى.
— سىز ئۆزىڭىزچە بۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىشىنى قىلىشتىن قۇتۇلۇپ قالىمەن، دەپ ئويلاپ قالماڭ.
لەيلا بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئاچتى-يۇ، ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ مەريەمنىڭ بىردىنبىر بىگۇناھ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. توغرا، ھازىر مەريەم بىر بىگۇناھ ئىنسان، كېيىنچە بۇۋاقمۇ يەنە بىر بىگۇناھ ئىنسان بولۇپ قوشۇلىدۇ.
لەيلا رەشىدنىڭ ھۇجرىسىغا قايتىپ كىردى. ئۇ كارىۋاتتا يېتىپ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى.
— نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى رەشىد لەيلانىڭ ئېڭىكىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قارىتىپ، — ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟ بالىغا بىر نەرسە بولغانمىدۇ؟
— ياق.
— ئەمىسە مەريەم سىزنى بوزەك قىلدىمۇ؟ چوقۇم شۇنداق؟ راستمۇ؟
— ياق.
— ئەستاغپۇرۇللا، مەن ھازىرلا تۆۋەنگە چۈشۈپ ئۇنى ئوبدان ئەدەپلەپ قوياي. سىزنى بوزەك قىلغۇدەك ئۆزىنى كىم چاغلايدىغاندۇ، بۇ ھارامى.

— ياق.
رەشىد ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ بولغانىدى. لەيلا ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۆۋەنگە تارتتى.
— ياق، ئۇنداق قىلماڭ! ئۇ ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ. بىردەمدىن كېيىن ياخشى بولۇپ قالىمەن.
رەشىد لەيلانىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ دەسلەپتە ئۇنىڭ بوينىنى، ئاندىن دۈمبىسىنى ئاستا سىلاشقا باشلىدى. ئۇ لەيلاغا يېقىنلىشىپ، قارىداپ كەتكەن چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجايدى.
— ئۇنداق بولسا قېنى، — دېدى ئۇ لەيلاغا قاراپ پەس ئاۋازدا، — مەن سىزنىڭ يېرىم بولغان كۆڭلىڭىزگە تەسەللى بولالامدىم - يوق، قېنى سىناپ باقايلى.

دەسلەپتە شەھەردىكى ئوتۇن قىلىپ قالاش ئۈچۈن كېسىلىشتىن ئامان قالغان دەرەخلەرنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرى يەرگە چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شاماللار ئادەمنىڭ تېرىسىگە نەشتەردەك سانجىلىدىغان سوغۇقنى ئېلىپ كېلىپ، دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا قېلىپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى يوپۇرماقلارنى ئۇچۇرۇشقا باشلىدى. ئەگىشىپلا يەرگە چۈشۈپلا ئېرىپ كېتىدىغان تۇنجى قار ياغدى. ئەمدىلىكتە يوللار توڭلاپ، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى ۋە قىروۋ قاپلىغان دېرىزىلەرنىڭ يېرىمى قار بىلەن چۈمكىلىشكە باشلىدى. كابۇلنىڭ قىش ئاسمىنىنىڭ پادىشاھى بولغان لەگلەكلەرمۇ ئەمدىلىكتە ئېتىلىۋاتقان بومبىلار ۋە ئۇچۇۋاتقان كۈرەشچى ئايروپىلانلاردىن قورقۇپ قەيەرلەرگىدۇر مۆكۈۋېلىشقانىدى.
رەشىد دائىم دېگۈدەكلا ئۆيگە ئۇرۇش خەۋەرلىرىنى ئەكېلەتتى. لەيلا ئۇنىڭ سوقۇشۇۋاتقان گۇرۇپپىلار توغرۇلۇق چۈشەندۈرۈشىدىن قايمۇقۇپ كېتەتتى.
— سەيياف ھازارەلەر بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ، — ھازارەلەر بولسا مەسئۇد بىلەن سوقۇشۇۋاتىدۇ. مەسئۇد بولسا

ھېكمەتيار بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىدۇ. ھېكمەتيار پاكىستاندىن ياردەم ئالىدۇ. مەسئۇد بىلەن ھېكمەتيار بىر ـ بىرىنىڭ ئەشەددىي دۇشمىنى. ئەمەلىيەتتە، سەيياف بىلەن مەسئۇد بىرلىشىۋاپ- تىمىش. ھېكمەتيار بولسا ھازارەلەرنى قوللايدىغان بوپتۇ.

رەشىدنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئۆزبېك كوماندىرى دوستۇمنىڭ قايسى تەرەپكە مايىل ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. دوستۇم 1980 ـ يىللاردا مۇجاھىددىنلار بىلەن بىر مەيداندا تۇرۇپ، سوۋېت ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقانىكەن. لېكىن، سوۋېت ئەسكەرلىرى ئافغانىستاندىن چېكىنگەندە بولسا، ئۇ مۇجاھىددىنلاردىن يۈز ئۆرۈپ، نەجىبۇللانىڭ كوممۇنىست قورچاق ھاكىمىيىتىگە قېتىلغانىكەن. تېخى نەجىبۇللا ئۆز قولى بىلەن دوستۇمغا مېدال تەقدىم قىلغانىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ نەجىبۇللادىن يۈز ئۆرۈپ، يەنە مۇجاھىددىنلار تەرىپىگە ئۆتۈپتۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا بولسا دوستۇم مەسئۇدنى قوللارمىش.

رەشىدنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، كابۇلدا، بولۇپمۇ غەربىي كابۇلدا ئۇرۇش ئەۋجىگە چىقىپ، قارنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان قۇرۇلۇشلاردىن پات ـ پات قاپقارا ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلىدىغان بوپتۇ. ئەلچىخانىلار تاقىلىپ، مەكتەپلەرنىڭ بىنالىرى چالما ـ كېسەككە ئايلىنىپتۇ. دوختۇرخانىنىڭ كۈتۈش ئۆيىدە يارىدارلار قانسىراپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقۇدەك. ئوپېراتسىيە ئۆيلىرىدە دوختۇرلار ھوشسىزلاندۇرۇش ئوكۇلى ئورمايلا كېسەللەرنىڭ يارىلانغان پۇت ـ قوللىرىنى كېسىۋېرەرمىش.

— لېكىن سىز ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ، — سىز بىخەتەر، گۈلۈم. ئەگەر بىرەرى سىزگە زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولىدىكەن، مەن ئۇنداقلارنىڭ قارنىنى يېرىپ، جىگىرىنى ئۆزىگە يېگۈزىمەن.

مانا ئەمدى لەيلانىڭ دۇنياسى ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى كەڭ ئاسمانىنى، دادىسى بىلەن بىللە ئوغلاق تارتىش مۇسابىقىسىنى

كۆرگىنلى بارغان چاغلارنى، كوچىلاردا ئەركىن يۈگۈرۈپ، گىتى ۋە خاسىنا بىلەن دەرەخ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئوغۇللارنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان ۋاقىتلارنى چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن ئەسلىدى. تارىق بىلەن بىللە ئېرىق بويىدىكى چىمىلىقتا ئولتۇرۇپ، تېپىشماق ئېيتىشىپ، كەمپۈتلەرنى تېگىشىپ يېگەچ، قۇياشنىڭ غەربكە پېتىشىنى تاماشا قىلغان چاغلار نەقەدەر كۆڭۈللۈك ئىدى ـ هە !

لېكىن، تارىقنى ئەسلەش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى. چۈنكى، ئاشۇ شېرىن خىياللارنىڭ ئاخىرى چىقماستىنلا، تارىقنىڭ كۆيگەن بەدىنىگە نەيچىلەر ئېسىقلىق هالدا كارىۋاتتا هالسىزلىنىپ ياتقان هالىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلەتتى ـ دە، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان هىجران ئازابى قايتىدىن قوزغىلىپ، نەپىسىنى قىساتتى. ئەنە شۇنداق چاغلاردا، لەيلا خۇددى بىلمىگەن هالدا تامغا يۆلىنىپ قالاتتى ياكى يۈت ـ قولى ماغدۇرسىزلىنىپ يەردە ئولتۇرۇپ قالاتتى.

لەيلا 1992 ـ يىلىنىڭ قىش پەسلىنى ئۆي سۈپۈرۈش، رەشىد بىلەن بىللە ياتىدىغان هۇجرىنىڭ كاۋا رەڭدە سىرلانغان تېمىنى سۈرتۈش ۋە هويلىدىكى يوغان مىس داستا كىر يۇيۇش بىلەن ئۆتكۈزدى. بەزى چاغلاردا ئۆزىنىڭ داسنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، سوغۇقتىن قىزىرىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن رەشىدنىڭ ئىچ مايكىسىنى ئۇۋۇلاپ يۇيۇۋاتقان شولىسىغا كۆزى چۈشكەندە، ئۆزىنى چەكسىز كەتكەن دېڭىزنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن پالاقسىز قولۋاقنىڭ ئۈستىدە، تەقدىرنىڭ نېمە بولۇشىنى بىلەلمەي ئولتۇرغان ئادەمدەك هېس قىلاتتى.

هاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولغاچقا، هويلىغا چىقىش مۇمكىن بولمايدىغان كۈنلەر لەيلا ئۈچۈن تېخىمۇ زېرىكىشلىك ئىدى. ئۇ يۈزىنى يۇماي، چاچلىرى تاراقسىز هالدا، تىرنىقىنى تامغا سۈركىگەچ هۇجرىسىدا ياكى كارىدوردا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ

يۇرەتتى. پەلەمپەيدىنمۇ نەچچە قېتىم چىقىپ ـ چۈشەتتى. پەقەت مەريەم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ سوغۇق قاراشلىرىغا كۆزى چۈشكەندىلا مېڭىشتىن توختايتتى. مەريەم ئاشخانىدا قىزىلمۇچنىڭ ئۇرۇقىنى ئېلىۋېتىش ۋە گۆشتىكى مايلارنى كېسىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىچىنى يۇرەكنى سىقىدىغان بىر خىل جىمجىتلىق قاپلايتتى. لەيلا مەريەمنىڭ ئۆزگە قىلغان ئاۋازسىز ئىسيانىنى خۇددى تومۇز كۈنلىرى ئاسفالت يولدىن چىققان قىزىق هارارەت ئۇنىڭ تېنىگە ئۇرۇلغاندەك هېس قىلاتتى ـ دە، دەرهال هۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ، كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، دېرىزىدىن سىرتتا لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارغا قارايتتى.

بىر كۈنى رەشىد ئۇنى ئۆزىنىڭ موزدۇزخانىسىغا ئېلىپ باردى.

ئۇلار بىللە سىرتقا چىققاندا رەشىد لەيلانىڭ بېلىكىدىن تۇتۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا ماڭدى. كوچىدا مېڭىش لەيلا ئۈچۈن تەنهەرىكەت بولاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بۇرقىنىڭ قېلىن تورلىرىدىن سىرتقا قاراشقا تېخى تولۇق ماسلىشىپ بولالمىغانىدى. بەزىدە ئۇ بۇرقىنىڭ پېشىگە دەسسىۋېلىپ مۆدۈرۈپ كېتەتتى. ئۇ يولدا ئورەككە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈشتىن ياكى كاتاڭغا دەسسەپ سېلىپ ئوشۇقىنى چىقىرىۋېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. شۇنداقتىمۇ، بۇرقا ئۇنىڭغا بىر خىل خاتىرجەملىك ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇرقىغا چۈمكىنىۋالغان لەيلانى كونا تونۇش ـ بىلىشلەر كۆرسىمۇ تونۇيالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ يىقىلغانلىقىغا، غۇرۇرىنىڭ يەرگە ئۇرۇلغانلىقىغا ئىچ ئاغرىتىشلىرىدىن ياكى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالاتتى.

رەشىدنىڭ دۇكىنى لەيلا پەرەز قىلغاندىن چوڭ ۋە يورۇق ئىدى. ئۇ لەيلانى كونا پاشنىلار، پارچە تېرىلەر دۆۋىلەنگەن ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئۇ مەغرۇرلانغان هالدا لەيلاغا

ئۆزىنىڭ بولقىلارنى ۋە قوم چاقنى قانداق ئىشلىتىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئاندىن ئۇ بىر قولىنى لەيلانىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ قورسىقىنى سىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بارماقلىرى سوغۇق ھەم دەرەخنىڭ قوۋزىقىدەك يىرىك ئىدى. لەيلا تارىقىنىڭ يۇمشاق، لېكىن كۈچلۈك، كۆپكەن تومۇرلىرى ئەركەكلىكنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان قوللىرىنى ئەسلىدى.

— تېز چوڭ بولۇۋاتىدۇ، — دېدى رەشىد، — تازا چوڭ ئوغۇل بولغۇدەك. مېنىڭ ئوغلۇم دادىسىغا ئوخشاش پالۋان بولىدۇ.

لەيلا دەرھال كۆڭلىكىنى تۆۋەنگە تارتتى. رەشىد ھەر قېتىم مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلغاندا ئۇنى قورقۇنچ باساتتى.

— مەريەم بىلەن ئىككىڭلار قانداقراق كېتىپ بارىسىلەر؟

لەيلا ئۇنىڭغا ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— ياخشى، ياخشى.

لەيلا ئۇنىڭغا مەريەم بىلەن تۇنجى قېتىم ھەقىقىي يوسۇندا خاپا بولۇشقانلىقى توغرۇلۇق ھېچ نەرسە دېمىدى. ئۇ ئىش بىرنەچچە كۈن بۇرۇن يۈز بەرگەنىدى. لەيلا ئاشخانىغا كىرگەندە مەريەم تارتمىلارنى ئاچچىق بىلەن ئېچىپ، كۈچەپ يېپىۋاتاتتى. مەريەم ئۆزىنىڭ گۈرۈچ ئارىلاشتۇرىدىغان ئۇزۇن ساپلىق ياغاچ چۆمۈچنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— سىز ئۇنى قەيەرگە قويدىڭىز؟ — دەپ سورىدى مەريەم لەيلانىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— مەن؟ — دېدى لەيلا، — مەن ئۇنى كۆرمىدىم. مەن ئاشخانىغا ئادەتتە كۆپ كىرمەيمەن.

— مەنمۇ شۇنداقلىقىنى بىلدىم.

— سىز مېنى ئەيىبلەۋاتامسىز؟ سىز ئۆزىڭىز شۇنداق دېگەن. يادىڭىزدا بارمۇ؟ سىز ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ تاماق ئېتىشكە

مەسئۇل بولىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقان. ئەگەر سىز ۋەزىپىمىزنى ئالماشتۇرايلى دېسىڭىز...

— سىزنىڭچە ئۇ چۆمۈچكە ئىككى تال پۇت ئۆسۈپ، ئۆزى ئاشخانىدىن مېڭىپ چىقىپ كېتىپتۇ - دە؟

— دېمەكچى بولغىنىم... — دېدى لەيلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ. ئادەتتە ئۇ مەريەمنىڭ دوق قىلىشلىرىنى ئانچە ئېغىر ئالمايتتى. لېكىن، ئاشۇ كۈنى ئۇنىڭ پۇتلىرى ئىششىپ، بېشى قاتتىق ئاغرىپ، ئاشقازىنى بىئارام بولۇۋاتاتتى، — مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بەلكىم ئۆزىڭىز باشقا يەرگە قويۇپ ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسىز.

— باشقا يەرگە قويغانسىز؟ — مەريەم بىر تارتمىنى تارتىپ ئاچتى. تارتمىنىڭ ئىچىدىكى چۆمۈچ - پىچاقلار شاراقشىپ كەتتى، — سىز بۇ ئۆيدە ياشاۋاتقانغا قانچە ۋاقىت بولدى؟ بىرنەچچە ئاي؟ مەن بۇ ئۆيدە ياشاۋاتقانغا ئون توققۇز يىل بولدى، چىرايلىق قىزچاق. سىز تېخى قوغىڭىزغا زاكا سېلىپ يۈرگەن ۋاقتىڭىزدىن تارتىپ، مەن ئۇ چۆمۈچنى مۇشۇ تارتمىغا سېلىپ كېلىۋاتىمەن.

— شۇنداقتىمۇ... — دېدى لەيلا غەزىپىنى تاشقان ھالدا چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، — لېكىن سىزنىڭ چۆمۈچنى باشقا يەرگە قويۇپ، ئۇنتۇپ قېلىشىڭىز تامامەن مۇمكىن.

— سىزنىڭ ئۇنى بىر يەرگە تىقىپ قويۇپ، مېنى قەستەن خاپا قىلماقچى بولغانلىقىڭىزمۇ تامامەن مۇمكىنغۇ؟

— سىز كۆڭلى زەئىپ، شۇمقۇش بىر ئايالكەنسىز.

مەريەم چۆچۈپ ئارقىسىغا داجىدى - دە، ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ، كالپۇكىنى پۈرۈشتۈردى.

— سەن دېگەن بىر جالاپ، ئوغرى جالاپ!

شۇنىڭ بىلەن ئاشخانىدا جېدەل - ماجىرا كۆتۈرۈلدى. ئۇلار قوللىرىغا چەينەك - قازانلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ بىر - بىرىگە ھەيۋە قىلىشتى. تېخى يەنە بىر - بىرىنى سەت گەپلەر بىلەن

ھاقارەتلەشتى. شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇلار بىر - بىرى بىلەن گەپلەشمىدى. لەيلا ئۆزىنىڭ شۇنچە ئاسان كونترول قىلىنىدىغانلىقىغا ھەيران قالغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ مەريەمگە قارىتىلغان ئۈچقۇنلىق كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە خۇش بولغانىدى. ئۇ مەريەمنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغانلىقىغا كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە خۇش بولغانىدى. ئۇ مەريەمنىڭ ئۆزىنى ئاچچىقلىنىپ نىشان قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ يەتكەندەك بولدى.

لەيلا ئۈستۈنكى قەۋەتكە يۈگۈرۈپ چىقىپ، رەشىدنىڭ كارىۋىتىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئاستىنقى قەۋەتتە مەريەم تېخىچە ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ۋارقىرىماقتا ئىدى.

— ۋۇي پاسكىنا، پاسكىنا!

لەيلا كارىۋاتتا دۇم يېتىپ، ئاتا - ئانىسىنى چوڭقۇر سېغىنغان ھالدا ياستۇقنى چىشلەپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. كىرلىكنىڭ يوغان بىر پارچە يېرى ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئۇ توساتتىن يىغىدىن توختىدى - دە، ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ قورسىقىنى تۇتتى. قورسىقى تۇنجى قېتىم مىدىرلىغانىدى.

# ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

## مەريەم

1993 ـ يىلى باھار پەسلىنىڭ بىر كۈنى سەھەردە، مەريەم دېرىزىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ رەشىدنىڭ لەيلانى قولتۇقلاپ سىرتقا ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. لەيلا ئالدىغا ئېڭىشىپ، يۆرىقىسىنىڭ ئىچىدىن تومپىيىپ چىققان قورسىقىنىڭ ئاستىدىن تۇتۇپ ئاستا ماڭغانىدى. رەشىد جىددىي قىياپەتتە ئۇنى قولتۇقلىۋالغانىدى. ئۇلار ھويلىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، قورۇنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلاشتى. ئۇ لەيلاغا ئورنىدا تۇرۇپ تۇرۇشنى شەرەت قىلىپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى. ئۇ بىر پۇتىنى دەرۋازىغا تىرەپ تۇرۇپ، لەيلانى دەرۋازىدىن چىقىشقا شەرەت قىلدى. لەيلا ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ بوسۇغىدىن ئاۋايلاپ ئۆتكۈزۈپ قويدى. مەريەم ئۇنىڭ لەيلاغا: «قەدىمىڭىزگە دىققەت قىلىڭ، جېنىم گۈلۈم» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

ئۇلار ئەتىسى كەچتە ئۆيگە قايتىپ كېلىشتى.

رەشىد ھويلىغا ئالدىدا كىردى. ئۇ لەيلا كىرمەي تۇرۇپلا دەرۋازىنىڭ قانىتىنى قويۇپ بەرگەنىدى، دەرۋازىنىڭ قانىتى ئارقىسىدىن كىرىۋاتقان لەيلانىڭ يۈزىگە تەگكىلى تاس قالدى. ئۇ تېز ـ تېز، چوڭ ـ چوڭ چامداپ ھويلىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ نۇرسىز چىرايى نامازشامدا تېخىمۇ قارا كۆرۈنەتتى. ئۇ ئاچچىق بىلەن ئۇستىدىكى چاپاننى يېشىپ، سافاغا تاشلىدى ـ دە، مەريەمنىڭ يېنىدىن سۈركىلىپ ئۆتۈپ

قوپاللىق بىلەن:

— قورسىقىم ئاچتى. كەچلىك تاماقنى ئەكىر، — دېدى.

مېھمانخانا ئۆينىڭ ئالدى ئىشىكى ئېچىلدى. كارىدوردا تۇرغان مەريەم سول قولىدا بىر يۆگەكنى كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقان لەيلانى كۆردى. ئۇنىڭ بىر پۇتى بوسۇغىنىڭ سىرتىدا، يەنە بىر پۇتى ئىشىككە تىرەكلىك ئىدى. ئۇ يەرگە ئېگىشىپ، ئىچىگە بىر نەرسىلەر سېلىنغان قەغەز خالتىنى قولىغا ئالدى. قىينالغانلىقتىن ئۇنىڭ چىرايى پۈرۈشكەندى. بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان مەريەمنى كۆردى.

مەريەم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، رەشىدنىڭ تاماقنى ئىسسىتىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

— بىرسى مېنىڭ قۇلىقىمنى ئەتۋېركە بىلەن كولىغاندەكلا ئاڭلىنىدىغان بولدى، — دېدى رەشىد كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغان ھالدا. ئۇ ئۈستىگە ئاق تونچە كۆڭلەك كىيىپ، بېلىگە كەڭ پوتا باغلىۋالغان، ئاپپاق چاچلىرى پاخپايغان ھالدا مەريەمنىڭ ھۇجرىسى ئالدىدا تۇراتتى، — بۇ يىغا ـ زارغا پەقەت چىدالمىدىم.

ئاستىنقى قەۋەتتە، لەيلا بوۋاقنى كۆتۈرۈپ، ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغاچ، بوۋاققا ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى.

— مەن تۈزۈكرەك ئۇخلاپ باقمىغىلى ئىككى ئاي بولدى، — دېدى رەشىد، — ئۆينىڭ ئىچى ھاجەتخانا پۇرايدۇ. قەيەرگە قارىسا پوققا مىلەنگەن زاكا. تېخى ئۈلۈشكۈن ئاخشاملا بىرسىگە دەسسەپ سالدىم.

مەريەم چاندۇرماستىن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— ئۇنى سىرتقا ئاچىقىپ كەت! — دەپ ۋارقىرىدى رەشىد بېشىنى ئارقىسىغا بۇراپ، — خۇدانىڭ ھەققىدە، ئۇ شۇمنى بىر سىرتقا ئاچىقىپ كەتسەڭ بولمامدۇ؟

لەيلا ناخشا ئېيتىشتىن توختىدى.

— سىرتقا ئاچىقسام، ئۆپكەمگە سوغۇق تېگىپ قالىدۇ.
— هازىر دېگەن ياز تۇرسا؟
— نېمە؟
رەشىد چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈردى.
— مەن هاۋا ئىسسىق دەۋاتىمەن.
— سىرتقا ئاچىقمايمەن، — لەيلا ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىۋەردى.

— مەن بەزىدە ئۇ بىرنېمىنى ساندۇققا سېلىپ، كابۇل دەرياسىدا ئېقىتىۋەتسەم، دەپ ئويلايمەن. خۇددى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى بوۋاق ۋاقتىدا سۇدا ئېقىتىۋەتكەندەكلا.

مەريەم رەشىدنىڭ بوۋاقنى لەيلا قويغان «ئەزىزە» دېگەن ئىسىم بىلەن چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ئۇ داۋاملىق «بوۋاق»، ئاچچىقى كەلگەن چاغلاردا «ئاۋۇ بىرنېمە» دەيتتى. بەزى كېچىلىرى مەريەم ئۇلارنىڭ گەپ تالىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتى — دە، ئورنىدىن تۇرۇپ قۇلىقىنى ئۇلارنىڭ هۇجرىسىنىڭ ئىشىكىگە يېقىن ئەكېلىپ، ئۇلارنىڭ پارىڭىنى تىڭشايتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا، ئۇلارنىڭ جېدەللى بوۋاق ئۈستىدە بولاتتى. رەشىد بوۋاقنىڭ يىغىسىدىن، لەيلانىڭ بارلىق ۋاقتىنى بوۋاققا سەرپ قىلىپ ئۆزى بىلەن كارى بولمايۋاتقانلىقىدىن، يەردىكى ئويۇنچۇققا دەسسەپ سېلىپ پۇتىنى ئاغرىتىۋالغانلىقىدىن ۋايسايتتى. لەيلا ئۇنىڭ ئۆيدە تاماكا چەككەنلىكىنى، بوۋاقنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ياتقىلى قويمىغانلىقىنى ئەيىبلەيتتى.

ئۇلارنىڭ تۆۋەن ئاۋاز بىلەن قىلىشقان مۇنازىرىلىرىمۇ مەريەمنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالاتتى.
— دوختۇر ئالتە هەپتىلا پەرهىز تۇتۇڭلار دېگەن.
— ياق، بولمايدۇ، رەشىد. ياق، ئۇنداق قىلماڭ. ئۆتۈنۈپ قالاي. ئۇنداق قىلماڭ.
— ئاللىقاچان ئىككى ئاي بولدى.
— شۇ... مانا، بالىنى ئويغىتىۋەتتىڭىز، — دەيتتى لەيلا

ئاچچىق بىلەن، — خۇش بولدىڭىزمۇ، ئەمدى؟

ئەنە شۇنداق پەيتتە مەريەم پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتەتتى.

— سەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلالامسەن؟ — دېدى رەشىد مەريەمگە، — سېنىڭ بىر ئامالىڭ باردۇ؟

— مەن بالا بېقىشنى پەقەت بىلمەيمەن، — دېدى مەريەم.

— رەشىد! بوتۇلكىنى ئەكىرىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن. ئىشكاپنىڭ ئۈستىدە. ئۇ ئەمگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ. شۇڭا، بوتۇلكىدا سۈت بېرىپ باقاي دەيمەن.

بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازى گۆش كەسكەن پىچاقنىڭ ئاۋازىدەك بىردەم كۆتۈرۈلۈپ، بىردەم پەسلەيتتى.

رەشىد كۆزلىرىنى يۇمدى.

— ئاۋۇ نېمەڭ مىلىتارىستقا ئوخشايدۇ. ھېكمەتيارنىڭ ئۆزى. ساڭا دېسەم، لەيلا گۇلبادىدىن ھېكمەتياردىن بىرنى تۇغۇپتۇ.

بالىنىڭ قورسىقىنى نەچچە ۋاق تويغۇزۇش، بالىنى بىردەم تەۋرىتىپ، بىردەم كۆتۈرۈپ يۈرۈش لەيلانىڭ كۈندىلىك ئىش تەرتىپىگە ئايلاندى. بالا ئۇخلاپ قالغاندىمۇ، لەيلا زاكا يۇيۇش، دېزىنفېكسىيەلەش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بوۋاقنىڭ تىرناقلىرىنى قۇم قەغەز بىلەن سۈرۈپ چىقاتتى. ئۇنىڭ ئەديىال ۋە كىيىملىرىنى يۇياتتى.

بوۋاق توغرۇلۇق باشقا ئىشلارغا ئوخشاشلا بوۋاقنىڭ كىيىملىرىمۇ مۇنازىرىنىڭ بىر تېمىسى بولۇپ قالغانىدى.

— بۇلار نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — دەيتتى رەشىد.

— بۇلار ئوغۇل بالىنىڭ كىيىملىرى.

— سېنىڭچە ئۇ بوۋاق بۇنىڭ پەرقىنى بىلەرمۇ؟ مەن بۇ كىيىملەرنى كۆپ پۇل خەجلەپ ئالغان. يەنە بىر ئىش، سېنىڭ ماڭا مۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشىڭغا رۇخسەت يوق. لېكىن، سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويمىسام بولمايدۇ.

ھەر ھەپتىسى بىر قېتىم لەيلا ئۇنتۇپ قالماي قارا مەشكە ئوت قالاپ، ئۇنىڭغا ئادراسمان ئۇرۇقىنى چېچىپ، بوۋاققا ئوت كۆچۈرۈش ئۈچۈن مەشتىن چىققان ئىسنى بوۋاق تەرەپكە قارىتىپ يۆۋلەيتتى. مەريەم قىزچاقىنىڭ بۇ خىل ھەددىدىن ئاشقان قىلىقلىرىغا قاراپ ھېرىپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ بالىسىغا شۇ قەدەر كۆيۈپ ـ پىششىغا كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە قايىل بولاتتى. لەيلا بوۋاققا ئوت كۆچۈرۈپ بولۇپ خۇشال بولۇپ كېتەتتى. ئۇيقۇسىزلىقتىن چىرايى تاتىرىپ كەتسىمۇ، بوۋاقنى باغرىغا تېڭىپلا يۈرەتتى. بوۋاق ئوسۇرۇپ قويسا، لەيلانىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كېتەتتى. بوۋاقنىڭ كىچىككىنە قىلىقلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن يېڭىلىق بىلىنەتتى.

— قاراڭ، ئۇ دۇمباقتا قولىنى ئۇزارتىۋاتىدۇ. نېمىدېگەن ئەقىللىك ـ ھە!

— ئۇنداق بولسا، مەن مۇخبىر چاقىراي. گېزىتكە چىقارسۇن، — دەيتتى رەشىد.

ھەر كۈنى كەچتە بوۋاقنىڭ يېڭى قىلىقلىرىنى تاماشا قىلىشقا ۋاقىت ئاجرىتالاتتى. لەيلا رەشىدنى بوۋاقنىڭ قىلىقلىرىنى كۆرۈشكە دەۋەت قىلغان ۋاقىتتا، ئۇ ئېرەنشىمىگەن ھالدا بۇرنىنىڭ تۆۋىنىدىن قاراپ قوياتتى.

— قاراڭ! مەن بارمىقىمدىن قارس چىقارسام، ئۇ كۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ. مانا كۆردىڭىزمۇ؟ كۆردىڭىزمۇ؟

بۇنداق ۋاقىتلاردا رەشىد غودۇڭشىپ، تەخسىسىگە قارىۋالاتتى. مەريەم رەشىدنىڭ بىر چاغلاردا لەيلا بىلەن بىللە ئولتۇرغاندا ھاياجانلىنىپ كېتىدىغان ۋاقىتلىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ چاغلاردا لەيلانىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى ئۇنى خۇشال قىلاتتى ۋە قىزىقتۇراتتى. ئۇ تەخسىسىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، قايىل بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتاتتى.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، لەيلانىڭ بۇنداق بىچارە ھالغا چۈشۈپ قېلىشى ئەسلىدە مەريەمنى خۇشال قىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇنداق بولمىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ قەلبىدە لەيلاغا بىر خىل ھېسداشلىق قوزغالدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بەلكىم ئۇنىڭ كەچلىك تاماق ئۈستىدە ئۆزىنىڭ ئەنسىرەشلىرىنى ئاشكارىلىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. لەيلا بوۋاقنىڭ ئانچىكى يۆتىلىشلىرىدىن بوۋاقنى ئۆپكە ياللۇغى بولۇپ قالدىمىكىن، دەپ ئەنسىرەيتتى. بوۋاقنىڭ تەرىتى يۇمشاق كېلىپ قالسا، ئىچ سۈرىدىغان بىرەر كېسەل بولۇپ قالدىمىكىن، دەپ ئەنسىرەيتتى. بوۋاقنىڭ يۈزىگە چىقىپ قالغان بىرنەچچە تال مۇدۇرنى كۆرۈپ، چېچەك ياكى قىزىل چىقىپ قالدىمىكىن، دەپ گۇمان قىلاتتى.

— سەن بۇ بالىغا بۇنچە ئىچىكىپ كەتمىگىن، — دېدى رەشىد بىر كۈنى كەچتە.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— مەن بىر كېچىسى رادىيودىن ناھايىتى قىزىقارلىق بىر ئىستاتىستىكىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، ئافغانىستاندا ھەر تۆت كىچىك بالىنىڭ بىرسى بەش ياشقا كىرمەيلا ئۆلۈپ كېتىدىكەن. ئۇلار راست شۇنداق دېدى. ئۇلار... نېمە؟ نېمە؟ نەگە بارىسەن؟ قايتىپ كەل. دەرھال قايتىپ كەل!

رەشىد مەريەمگە تېڭىرقىغان ھالدا قارىدى.

— ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟

شۇ كۈنى كەچتە مەريەم كارىۋاتتا يېتىپ، رەشىدنىڭ ھۇجرىسىدىن ئاڭلانغان تالاش - تارتىشقا قۇلاق سالدى. ئۇ كابۇلنىڭ تومۇزدىكى ئەڭ ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. مەريەم دېرىزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ يۈزىگە ئىسسىق شامال ئۇرۇلاتتى. سىرتتا پاشىدىن باشقا سالقىن شامالدىن ئەسەر بولمىغاندىن كېيىن يەنە دېرىزىنى يېپىۋەتتى.

ئادەتتە، بۇنداق تالاش - تارتىشلار بىرنەچچە مىنۇت داۋاملىشىپ توختاپ قالاتتى. لېكىن، بۇ قېتىم ئارىدىن يېرىم

سائەتچە ئۆتكەن بولسىمۇ، جېدەل توختاشنىڭ ئورنىغا بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. مەريەم ئەمدى رەشىدنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. لەيلانىڭ ئاۋازى تۆۋەن ھەم تىترەپ چىقاتتى. ئارقىدىنلا بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

مەريەم ئۇلارنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنىڭ قاتتىق ئېچىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىۋاتتا ئولتۇرۇشىغا، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ رەشىد كىرىپ كەلدى.

ئۇ ئۇستىگە ئاق مايكا بىلەن ئاق كالتە ئىشتان كىيىۋالغان، مايكىسىنىڭ قولتۇقى تەردىن سارغىيىپ كەتكەنىدى. پۇتىدا سايما كەش، لەيلا بىلەن بولغان نىكاھ كۈنىگە ئاتاپ ئالغان قوڭۇر رەڭ تېرە تاسمىنى بىر قولىغا يۆگىۋالغانىدى.

— بۇنى قىلغان سەن. مەن بىلىمەن. چوقۇم شۇنداق، — دېدى ئۇ مەريەمنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ.

مەريەم كارىۋاتتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، قوللىرىغا تايىنىپ ئارقىسىغا داجىدى. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا رەشىد ئالدى بىلەن مەريەمنىڭ مەيدىسىگە تېپەتتى. بۇ قېتىم مەريەم ئىككى قولى بىلەن كۆكسىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

— سىز نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ — دېدى مەريەم دۇدۇقلىغان ھالدا.

— ئۇ مېنى رەت قىلدى. ئۇنىڭغا چوقۇم سەن ئۆگەتتىڭ.

يىللاردىن بۇيان مەريەم ئۇنىڭ تەنقىدلىرىگە، قوپال سۆزلىرىگە، مەسخىرىلىرىگە پىسەنت قىلماسلىق يولى بىلەن ئۆزىنى قوغداشنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، بۇنداق قورقۇنچقا ئۇنىڭ ھېچ ئامالى يوق ئىدى. رەشىدنىڭ بۇنداق خىرىسلىرى، مۇشتۇمىغا تاسمىنى يۆگىۋېلىشى، تاسمىنىڭ قاراسلىغان ئاۋازى، قانغا تولغان كۆزلىرىدىكى ئۆچمەنلىك ئوتى مەريەمنى قارا تەرگە چۆمدۈرەتتى. مەريەمنىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان

قورقۇنچ خۇددى يولۋاسنىڭ قەپەسكە تاشلانغان ئوغلاقنىڭ تىرناقلىرىنى چىقىرىپ ھۆركىرىگەن يولۋاسقا قاراپ ئىچىنىشلىق مەرىگەن پەيتتىكى قورقۇنچتىن پەرقلەنمەيتتى. لەيلا مەريەمنىڭ ھۇجرىسىغا ئىتتىلىپ كىردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەن، چىرايى تامدەك تاتارغانىدى.

— مەن سىنىڭ ئۇنى ئازدۇرغانلىقىڭنى بىلمەي يۈرۈپتىمەن، — دېدى رەشىد مەريەمنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ. ئۇ قولىدىكى تاسمىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۆزىنىڭ پاچىقىغا ئۇرۇپ ھەيۋە قىلاتتى.

— توختاڭ، بولدى بەس! — دېدى لەيلا، — رەشىد، ئۇنداق قىلىسىڭىز بولمايدۇ.

— چىقىپ كەت.

مەريەم يەنە ئارقىسىغا داجىدى.

— ياق، ئۇنداق قىلماڭ!

— چىقىپ كەت، دەۋاتىمەن!

رەشىد قولىدىكى تاسمىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، مەريەمگە قاراپ كەلدى.

تۇساتتىن لەيلا رەشىدكە ئىتتىلىپ، ئىككى قولى بىلەن رەشىدنىڭ تاسما تۇتقان قولىغا ئېسىلىپ، تۆۋەنگە تارتتى. ئۇنىڭ تاسمىنى تارتىۋېلىشقا كۈچى يەتمىگەن بولسىمۇ، رەشىدنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنى ئالدىغا ماڭدۇرمىدى.

— قولۇمنى قويۇۋەت! — دەپ ۋارقىرىدى رەشىد.

— بولدى، سىز يەڭدىڭىز. سىز غەلىبە قىلدىڭىز. ئۇنداق قىلماڭ. ئۆتۈنۈپ قالاي. رەشىد. ئۇنى ئۇرماڭ! ئۆتۈنۈپ قالاي.

ئۇلار ئاشۇنداق تىركەشتى. رەشىد ئۇنى بىر تەرەپكە ئىتتىرەتتى. ئۇنىڭ كۆزى مەريەمگە مىختەك قادالغانىدى. ئاخىرىدا، ئۇ كۈنى كەچتە ئادەم ئۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى مەريەمگە ئايان بولدى. رەشىد ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئۇ ئىككى ئايالغا ئوچۇق ئۇقتۇرغانىدى. ئۇ تاسما تۇتقان قولىنى كۆتۈرۈپ تېز نەپەس ئېلىپ، بىرھازاغىچە مىدىرلىماي تۇرغاندىن كېيىن،

قولىنى ئاستا چۈشۈردى. لەيلانىڭ پۈتى يەرگە تەگكەن بولسىمۇ، خۇددى رەشىدكە ئىشەنمىگەندەك، ئۇنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمىدى. ئۇ قولىنى شىلتىپ لەيلادىن ئاجراتتى.

— مەن سەنلەرنى ئوبدان كۆزىتىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ بەلبېغىنى بويىنىغا ئارتىپ، — ھەر ئىككىڭنى كۆزىتىۋاتىمەن. ھەرقايسىڭ ئۆز ئۆيۈمدە مېنى ئەخمەق قىلىمەن، دەپ خام خىيال قىلىشما.

ئۇ مەريەمگە ئاخىرقى قېتىم ياۋۇزلارچە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ لەيلانى ئىتتىرىۋېتىپ، مەريەمنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ كەتتى.

مەريەم ئىشىكنىڭ يېپىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كارىۋىتىغا يامىشىپ چىقىپ، يۈزىنى ياستۇققا چۆمكەپ، بەدىنىنىڭ تىترىشىنىڭ توختىشىنى كۈتتى.

شۇ كېچىسى مەريەم ئۈچ قېتىم ئورنىدىن تۇردى. بىرىنچى قېتىمدا، ئۇنى كارتېھچار تەرەپتىن ئېتىلغان بومبا ئاۋازى ئويغاتقانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەريەم تۆۋەنكى قەۋەتتە ئاڭلانغان بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئاۋازى بىلەن لەيلانىڭ بوۋاقنى پەپىلىگەن ئاۋازىدا ئويغاندى. مانا ئەمدى، ئۇسسۇزلۇق ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزغانىدى.

ئاستىنقى قەۋەتتىكى مېھمانخانا ئۆينى پەقەت دېرىزىدىن چۈشكەن ئاي نۇرىلا غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۆي ئىچىدە قاياقلاردىدۇر ئۇچۇپ يۈرگەن بىر چىۋىنىنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاراڭغۇدا بۇلۇڭغا قويۇلغان مەش بىلەن ئۇنىڭ مورىغا تۇتاشقان كانىيىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

ئاشخانىغا قاراپ ماڭغان مەريەم بىرنەرسىگە پۇتلاشتى. ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىدا بىرنەرسە سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇققا ماسلاشقاندىن كېيىن، يەرگە سېلىنغان كۆرپىنىڭ

ئۇستىدە ياتقان لەيلا بىلەن ئۇنىڭ بوۋىقىنى كۆردى. لەيلا يانچە يېتىپ، خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. بوۋاقنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق ئىدى. مەريەم ئۇستەلدىكى كىرسىن چىراغنى ياندۇرۇپ، بوۋاقنىڭ يېنىغا ئەكەلدى. ئۇ كىرسىن چىراغ يورۇقىدا تۇنجى قېتىم بوۋاقنىڭ بىر تۇتام قارا چېچىغا، قويۇق كىرپىكلىرىگە، سۇس قوڭۇر رەڭ كۆزلىرىگە، ئانارەدەك قىزىل مەڭزىگە ۋە گىلاستەك لەۋلىرىگە تەپسىلىي قاراپ چىقتى. دوم ياتقان بوۋاقمۇ بېشىنى يانچە قىلىپ، مەريەمگە ھەيران بولغان ھالدا قاراۋاتقان ئىدى. مەريەم ئۆزىنىڭ چىرايىنىڭ بوۋاقنى قورقۇتۇۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، بوۋاقنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ ۋىلىققىدە كۈلۈشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى.

— شۇ ... — دېدى مەريەم شىۋىرلاپ، — ئاپاڭنىڭ بىر قولىقى گاس بولسىمۇ، بۇنداق قىلساڭ ئۇنى ئويغىتىۋېتىسەن.

بوۋاق تۇگۇلگەن مۇشتۇمىنى كۆتۈرۈپ، يەنە چۈشۈرۈپ، ئاخىر ئاغزىغا سالدى. ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ ئەتراپىدىكى كۆپۈكلەر جاۋغىيىدىن ئېقىشقا باشلىدى.

— قارا ئۆزۈڭگە. نېمىدېگەن بىچارە. بۇ ئىسسىقتا ئوغۇل بالىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، مەھكەم چۈمكىنىۋاپسەن. شۇڭا، ئۇخلىيالماپسەن ـ دە؟

مەريەم بوۋاقنىڭ ئۇستىدىكى ئەدىيالنى ئېلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى يەنە بىر ئەدىيالنى كۆرۈپ، چۆچۈپ ئاغزىنى چىككىلداتتى ـ دە، ئۇنىمۇ ئېلىۋەتتى. بوۋاق يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ مەريەمگە قاراپ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى.

— ئەمدى يەڭگىللەپ قالدىڭمۇ؟

مەريەم ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا، بوۋاق كىچىككىنە قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ چىمچىلاق قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. بوۋاقنىڭ شۆلگەيدە ھۆل بولۇپ كەتكەن قوللىرى مەريەمگە يۇمشاق ۋە ئىسسىق بىلىندى.

— گىررر، — دېدى بوۋاق تىلىنى كالپۇكىنىڭ ئارىلىقىدىن ئىتتىرىپ.

— بولدى ئەمدى. قولۇمنى قويۇۋەتكىن.

بوۋاق مەريەمنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە، ئۇنىڭ پۇتلىرىغا تېپىشكە باشلىدى.

مەريەم بارمىقىنى تارتىۋالدى. بوۋاق تېپچەكلەپ ھەر خىل ئاۋازلارنى چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇ تۇغۇلغان كىچىككىنە مۇشتۇمىنى يەنە ئاغزىغا سالدى.

— سەن نېمىگە شۇنچىۋالا خۇش بولۇپ كەتتىڭ - ھە؟ نېمىگە كۈلۈۋاتىسەن؟ سەن ئاپاڭ دېگەندەك ئۇنچىۋالا ئەقىللىك ئەمەسكەنسەن. سەن داداڭغا ئوخشاش زالىم، ئاپاڭغا ئوخشاش ئەخمەق بالا بولغۇدەكسەن. ئەگەر بىلگەن بولساڭ، ماڭا قاراپ كۈلمەس ئىدىڭ. ئەمدى بولدى قىل. ئۇخلا. بولدى كۈلمە.

مەريەم ئورنىدىن تۇرۇپ، بىرنەچچە قەدەم ئېلىشىغا، بوۋاق ئىڭراشقا باشلىدى. مەريەم بوۋاقنىڭ يىغلايدىغاندەك قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئارقىسىغا بۇرالدى.

— يەنە نېمە بولدى؟ ساڭا نېمە بېرەي؟

بوۋاق چىشسىز ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، يەنە كۈلۈشكە باشلىدى. مەريەم بوۋاقنى پەپىلەپ، بارمىقىنى بوۋاققا تەڭلىدى. بوۋاق ئۇنىڭ بارمىقىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ تېپچەكلەشكە باشلىدى. مەريەم بوۋاق ئۇيقۇغا كەتكۈچە ئورنىدىن مىدىرلىماي ئولتۇردى.

سىرتتا تورغايلارنىڭ بەس - بەستە سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەريەم بېشىنى كۆتۈرۈپ، دېرىزىدىن قاراڭغۇلۇققا تىكىلدى. قانات قېقىپ ئۇچۇۋاتقان تورغايلارنىڭ قانىتىدىن چىققان كۆك نۇر مەريەمنىڭ كۆزىگە چېلىقاتتى. گەرچە ئۇنىڭ گېلى ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇپ، پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ ئاغرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ بارمىقىنى مەھكەم تۇتۇپ خاتىرجەم پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان بوۋاققا ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى.

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

## لەيلا

لەيلانىڭ بىردىنبىر ياخشى كۆرىدىغان ئىشى ئەزىزەنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ يېتىش ئىدى. ئۇ ئەزىزەنىڭ بۇدرۇق قوللىرىنى ۋە بىلەكلىرىنى تويماي سىلايتتى. بەزى ۋاقىتلاردا لەيلا ئەزىزەنى قورسىقىدا دۈم ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۇنىڭ ئۈچۈن مەڭگۈ بىر يات ئىنسان بولغان دادىسى تارىق توغرۇلۇق پىچىرلاپ سۆزلەيتتى. ئۇ تارىقنىڭ تېپىشماقلارنى يېشىشكە شۇنداق ئۇستا ئىكەنلىكىنى، ھەر خىل ھۈنەرلەرنى ئىشلىتىپ باشقىلارنى ھەيران قالدۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كەپسىزلىكىنى ۋە ئۇنىڭ يېقىملىق كۈلكىسىنى سۆزلەيتتى.

— ئۇنىڭ كىرپىكلىرى سىزنىڭكىدەك قويۇق ھەم ئۇزۇن ئىدى. ئېڭىكى سىلىق، بۇرنى قاڭشارلىق، پېشانىسى كەڭ ئىدى. سىزنىڭ دادىڭىز شۇنداق قامەتلىك ئىدى، ئەزىزە. شۇنداق كېلىشكەن، سىزدەكلا نۇقسانسىز.

لېكىن، لەيلا تارىقنىڭ ئىسمىنى ئاتاشتىن ئېھتىيات قىلاتتى. بەزى ۋاقىتتا، لەيلانىڭ كۆزى رەشىدنىڭ ئەزىزەگە ئەجەبلىنىپ قاراۋاتقانلىقىغا چۈشۈپ قالاتتى. بىر كۈنى كەچتە ھۇجرىنىڭ پەگاھىدا ئولتۇرۇپ پۇتىدىكى قاداقنى قىرىۋاتقان رەشىد ئېرەنشىمىگەن ھالدا لەيلادىن:

— شۇنداق قىلىپ ئىككىڭلار قانچىلىك يېقىن ئىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

لەيلا چۈشەنمىگەن قىياپەتتە رەشىدكە قارىدى.

— لەيلى ـ مەجنۇنلار، يەنى سەن بىلەن ھېلىقى ھارامزادىنى دەۋاتىمەن. ئىككىڭىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق مۇناسىۋەت بار ئىدى؟

— ئۇ پەقەت مېنىڭ دوستۇم ئىدى، — دېدى لەيلا ئاۋازىنى نورمال چىقىرىشقا تىرىشىپ. ئۇ بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ ئەزىزەگە سۈت تەييارلاشقا تۇتۇندى، — بۇنى سىز بىلىسىزغۇ؟

— نېمىنى بىلىدىغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — رەشىد پۈتىدىكى قىرغان قاداقلارنى دېرىزە تەكچىسىگە تاشلاپ قويۇپ كارىۋاتقا چىقتى. ئۇ پۇرژىنىلىرى غىچىرلاپ تۇرغان كارىۋاتتا چاترىقىنى كېرىپ ياتتى، — ئۇنداقتا، ئاشۇنداق دوستلىشىپ يۈرگەن چېغىڭلاردا... ئىككىڭلار شوخلۇقمۇ قىلىپ سالغانمۇ؟

— شوخلۇق؟

گەرچە رەشىد كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، لەيلا ئۇنىڭ ئۆزىگە سوغۇق نەزەر بىلەن سەپسېلىپ قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

— مەسىلەن، ئۇ سېنى بىرەر قېتىم سۆيۈپ باققانمۇ؟ ھېچ بولمىغاندا قوللىرىنى تۇتۇشقا تېگىشلىك بولمىغان يەرلىرىڭگە ئاپارغانمۇ؟

لەيلانىڭ بەدىنى تىترەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك جىددىي سوقماقتا ئىدى.

— ئۇ ماڭا ئۆزۈمنىڭ ئاكىسىدەكلا مۇئامىلە قىلاتتى.

— ئۇ زادى سېنىڭ دوستۇڭمۇ ياكى ئاكاڭمۇ؟

— ھەر ئىككىسى. ئۇ...

— زادى قايسىسى ئىدى؟

— ھەم دوستۇمدەك، ھەم ئاكامدەك ئىدى.

— لېكىن ئاكا ـ سىڭىللارمۇ خام سۈت ئەمگەنلەر. ئەلۋەتتە، بەزىدە ئاكىسى سىڭلىسىغا بىرنېمىسىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان، سىڭلىسىمۇ...

— كۆڭلۈمنى ئىلەشتۈرمەڭا، — دېدى لەيلا، — ئوتتۇرىمىزدا ھېچ ئىش بولغىنى يوق. ئەمدى بۇ توغرۇلۇق پەقەت پاراڭ قىلغۇم يوق.

رەشىد بېشىنى سىڭار يان قىلىپ، كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— باشقىلارنىڭ ئىككىڭ توغرۇلۇق قىلىشقان غەيۋەتلىرى ھازىرغىچە يادىمدا تۇرۇپتۇ. لېكىن، سەن ئارىمىزدا ھېچ ئىش بولمىغان دەيسەن.

لەيلا بېشىنى كۆتۈرۈپ رەشىدكە تىكىلىپ قارىدى. رەشىدمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە لەيلاغا كىرپىك قاقماستىن تىكىلىپ قاراپ تۇردى. رەشىد مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق لەيلانىڭ ئۇنىڭدىن يوشۇرۇۋاتقان سىرىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك قىلاتتى. لەيلانىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز ھالدا بوتۇلكىنى تېخىمۇ چىڭ سىقىشقا باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ قادىلىپ قاراش مۇسابىقىسىدە يېڭىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىنىڭ بىردىنبىر ئامالى ئىدى.

لەيلا ئۆزىنىڭ رەشىدنىڭ يانچۇقىدىن پۇل ئوغرىلاۋاتقانلىقىنى ئۇ بىلىپ قالسا قانداق قىلارمەن دېگەن خىيال بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى. ئەزىزە تۇغۇلغاندىن بېرى، ھەر ھەپتىسى رەشىد ئۇخلاۋاتقاندا ياكى ھويلىدا بىرەر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا، لەيلا ئۇنىڭ پۇل قاپچۇقىدىن بىرنەچچە ئافغانىنى ئېلىۋالىدىغان بولدى. بەزى ۋاقىتلاردا، پۇل قاپچۇقى يەڭگىل بولۇپ قالسا، بەش ئافغانىلىق پۇلدىن بىرنىلا ئالاتتى ياكى رەشىدنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر سېنتىمۇ ئالماي، پۇل قاپچۇقىنى جايىغا سېلىپ قوياتتى. لېكىن، رەشىدنىڭ يانچۇقى توم كۆرۈنگەندە، ئون ئافغانىلىق ياكى يىگىرمە ئافغانىلىق پۇللارنى ئالاتتى. ئۇنىڭ تېخى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى دانە يىگىرمە ئافغانىلىق پۇل ئالغان ۋاقىتلىرىمۇ بولغانىدى. ئۇ ئالغان پۇللارنى قىشلىق چاقماق پەلتوسىنىڭ ئەستىرىنىڭ

ئاستىغا تىكىۋالغان يانچۇقتا تىقاتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ كېلەر يىلى ئەتىيازغىچە قېچىپ كېتىشنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى رەشىد بىلىپ قالسا، ئۇنىڭ قانداق ئىنكاستا بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى. ئۇنىڭ پىلانى كېلەر يىلى يازدىن كېيىن قالماسلىق ئىدى. لەيلا شۇ ۋاقىت كەلگۈچە مىڭ ئافغانى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك پۇل يىغىۋېلىشنى ئارزۇ قىلدى. ئاشۇ پۇلنىڭ يېرىمى كابۇلدىن پېشاۋەرگە بارىدىغان ئاپتوبۇس بېلىتىگە كېتەتتى. دەريادەك ئېقىپ، يېرىمى بولسىمۇ كابۇلدىن پېشاۋەرگە يول ئېلىشنى ئۈمىد قىلىدى. ئەنە شۇ چاغلار يېقىنلاشقاندا لەيلا ئۆزىنىڭ تويلۇق ئۈزۈكى بىلەن رەشىد ئۇنى مەلىكە قىلىپ ئارزۇلاپ يۈرگەندە ئېلىپ بەرگەن ئالتۇن ـ جابدۇقلىرىنى سېتىشنى قارار قىلغانىدى.

— ئىشقىلىپ، — دېدى ئۇ ئاخىر بارماقلىرى بىلەن قورسىقىنى چېكىپ تۇرۇپ، — مەن بۇنى سورىغانلىقىم ئۈچۈن ئەيىبلەنسەم بولمايدۇ. مەن دېگەن سېنىڭ ئېرىڭ. بۇنداق ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈشكە مېنىڭ تامامەن ھوقوقۇم بار. ئۇنىڭ تەلىيى بار ئىكەن. ئۆلۈپلا قۇتۇلدى. ئەگەر ئۇ ھايات بولۇپ، ئۇنى تۇتۇۋالىدىغان بولسام... — ئۇ ئاغزىنى چېكىلىدىتىپ، بېشىنى چايقىدى.

— سىز ئۆلگەن ئادەمنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ھارام دەۋاتقانلىقىڭىزغۇ؟

— لېكىن، بەزى ئادەملەر ئۆلۈپ كەتسىلا ئىش تۈگىمەيدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى رەشىد.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. لەيلا سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۇجرىنىڭ بوسۇغىسىدا رەتلىك قاتلاقلىق تۇرغان بوۋاقنىڭ كىيىملىرىگە كۆزى چۈشتى. كىيىملەرنىڭ بىرسى چۆرىسىگە شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك بېلىق كەشتىلەنگەن كۆڭلەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا كۆك گۈللۈك يۇڭ كۆڭلەك بىلەن ئۇنىڭغا

ماسلاشتۇرۇپ توقۇلغان پايپاق ۋە پەلەي قاتلاقلىق تۇراتتى. كىيىملەرنىڭ ئارىسىدا يەنە سەۋزە رەڭلىك چېكىتلىك كەچلىك كىيىم بىلەن يېشىل رەڭلىك ئىشتانمۇ بار ئىدى.
— يېقىندا يەنە يېڭى مىش - مىش خەۋەرلەر تارقىلىۋاتىدۇ، — دېدى رەشىد كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، ئۇ ئەزىزەگە ياكى ئۇنىڭ يېڭى كىيىمگە قاراپمۇ قويمىدى، — ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، دوستۇم يەنە ئورنىنى ئۆزگەرتىپ، ھېكمەتيارغا قېتىلغۇدەك. ئۇنداق بولۇپ قالسا مەسئۇد ئۇ ئىككىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن دەپ ئالدىراش بولۇپ كېتكۇدەك. تېخى ھازارەلەرمۇ بار، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى رەشىد مەريەم شۇ يىلى يازدا چىلىغان پىدىگەندىن بىر پارچىنى ئاغزىغا سالغاچ، — خۇدايىم ئاڭلىغانلىرىمىز مىش - مىش پاراڭ پېتى قېلىپ قالغۇسى. ئەگەر ئۇ گەپ راست بولۇپ قالسا، بۇ ئۇرۇش... — ئۇ ياغلىشىپ كەتكەن قوللىرىنى پۇلاڭشىتىپ سۆزلەيتتى، — خۇددى جۇمە كۈنىدىكى پەغمان سەيلىسىگىلا ئايلىنىدۇ - دە.
شۇ كۈنى تاماقتىن كېيىن، رەشىد ئىشتىنىنى ئوشۇقىغىچە سېلىپلا، ئۆزىنى لەيلانىڭ ئۈستىگە ئاتتى. قاتتىق ئىتتىرىشلەر بىرئاز داۋاملاشقاندىن كېيىن، رەشىد لەيلانىڭ ئۈستىدىن چۈشتى - دە، تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى.
لەيلا ئېھتىيات بىلەن قەدەم ئېلىپ ھۇجرىدىن چىقتى. مەريەم ئاشخانىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، بېلىق تازىلاۋاتاتتى. ئاشخانىنىڭ ئىچىنى زىرە پۇرىقى بىلەن مايدا پىياز سېلىپ قورۇلغان بېلىقنىڭ پۇرىقى بىر ئالغانىدى.
لەيلا ئاشخانىنىڭ بۇلۇڭىغا كېلىپ، كۆڭلىكى بىلەن تىزىنى يېپىپ يەردە ئولتۇردى.
— رەھمەت سىزگە، — دېدى ئۇ. مەريەم لەيلاغا پىسەنت قىلمىغان ھالدا قولىدىكى بېلىقنى كېسىپ بىر يانغا ئېلىپ قويۇپ، يەنە بىر بېلىقنى قولىغا ئالدى. ئۇ قولىدىكى ھەرە چىشلىق پىچاق بىلەن بېلىقنىڭ قاناتلىرىنى كېسىپ بولغاندىن

كېيىن، بىلىقنىڭ قورسىقىنى ئۆزگە قارىتىپ تۇرۇپ، قۇيرۇقىدىن قورسىقىغىچە ئەپچىللىك بىلەن ياردى ـ دە، بارمىقىنى بىلىقنىڭ ئاغزىغا سىلىپ، ئىچكىدىن ئىتتىرىپ، بىلىقنىڭ ئىچكى ئەزاسىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئېلىپ تاشلىدى.

— ئۇ كىيىملەر بەك ئوماق ئىكەن.

— مەن ئۇلارنى بەربىر ئىشلەتمەيدىكەنمەن، — دېدى مەريەم تۆۋەن ئاۋازدا. ئۇ بىر بىلىقنى يەردىكى گېزىتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بېشىنى كېسىپ يانغا تاشلىدى، — قارىسام، ئۇ كىيىملەرنى سىزنىڭ قىزىڭىز كىيمىسە، كۆيە يەپ كەتكۈدەك.

— سىز بېلىقنى بۇنداق تازىلاشنى قەيەردىن ئۆگەنگەنتىڭىز؟

— كىچىك ۋاقتىمدا، ئۆيىمىز ئۆستەڭ بويىدا ئىدى. مەن ئۆزۈم بېلىق تۇتاتتىم.

— مەن ئۆمرۈمدە بېلىق تۇتۇپ باقمىغان.

— بېلىق تۇتۇش ئانچە تەس ئىش ئەمەس. كۆپ ۋاقىتلاردا سەۋرچانلىق بىلەن ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

مەريەم بېلىقنى ئۈچ پارچە قىلىپ كەستى.

— كىيىملەرنى ئۆزىڭىز تىكتىڭىزمۇ؟

مەريەم بېشىنى لىڭشىتتى.

— قاچانلاردا تىككەنىدىڭىز؟

مەريەم بېلىق پارچىلىرىنى داستىكى سۇغا سالدى.

— مەن بىرىنچى قېتىم ھامىلىدار بولغان چېغىمدا. بەلكىم ئىككىنچى قېتىممىكىن... تازا ئېسىمدە يوق. ئۇن سەككىز، ئون توققۇز يىلنىڭ ئالدىدا بولسا كېرەك. مەن دېگەنىدەك، مېنىڭ ئۇ كىيىملەرگە ھاجىتىم چۈشمىدى.

— سىز كىيىم تىكىشكە ئۇستا ئىكەنسىز. ماڭىمۇ كىيىم تىكىشنى ئۆگىتىپ قويارسىزمۇ؟

مەريەم داستىكى بېلىق پارچىلىرىنى ئېلىپ، پاكىز قاچىنىڭ ئىچىگە سالدى. ئۇنىڭ بارماقلىرىدىن سۇ تامچىلايتتى. ئۇ

بېشىنى كۆتۈرۈپ، لەيلانى تۇنجى قېتىم كۆرگەندەك، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى.

— ھېلىقى كۈنى كەچتە... ھاياتىمدا ھېچكىم مېنى بۇنداق قوغداپ باقمىغان، — دېدى ئۇ.

لەيلامۇ تۇنجى قېتىم مەريەمنىڭ سولىشىپ چۈشكەن مەڭزىگە، ھارغىنلىقتىن ساڭگىلاپ تۇرغان قاپىقىغا، ئاغزىنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭقۇر سىزىقلارغا دىققەت بىلەن نەزەر سالدى. لەيلا تۇنجى قېتىم ئۆزىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان بىر چىرايغا ئەمەس، بەلكى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا ئېغىر ئازابلار يوشۇرۇنغان، ئۆزىنىڭ بەختسىز تەقدىرىگە تەن بەرگەن بىر ئىنسانغا كۆز تىكمەكتە ئىدى. لەيلا يەنە يىگىرمە يىل مۇشۇ ئۆيدە ياشىسا، مەريەمنىڭ ھازىرقى چىرايى ئۆزىنىڭ چىرايىغا ئايلىنارمۇ؟

— مەن ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويالمايمەن. مەن باشقىلارنى ئۇرۇپ ئازار بېرىدىغان ئائىلىدە چوڭ بولمىغان.

— ئەمدى سىز بۇ ئائىلىگە تەۋە بولدىڭىز. ئەڭ ياخشىسى بۇنداق ئىشلارغا كۆنگىنىڭىز ياخشى.

— ياق، مەن بۇنىڭغا ھەرگىز كۆنەلمەيمەن ھەم كۆنمەيمەن.

— بىر كۈنلەردە ئۇ سىزگىمۇ مۇشت ئاتىدۇ، بىلىپ قويۇڭ، — دېدى مەريەم قولىنى قۇرۇق لۆڭگە بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئۇنىڭغا ئوغۇل ئەمەس، قىز تۇغۇپ بەردىڭىز. سىزنىڭ گۇناھىڭىز مېنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ.

لەيلا ئورنىدىن تۇردى.

— بىلىمەن، سىرت سوغۇق. شۇنداق بولسىمۇ، بىز گۇناھكار خوتۇنلار بىرلىكتە ھويلىدا بىر پىيالىدىن چاي ئىچسەك قانداق دەيسىز؟

مەريەم نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، تۇرۇپ قالدى.

— مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. مەن تېخى پۇرچاقلارنى توغراپ يۇيۇشۇم كېرەك.

— ئەتە سەھەردە مەن سىزگە ياردەملىشىپ توغراپ بېرەي.
— مەن بۇ يەرنى تازىلىمىسام بولمايدۇ.
— ئىككىمىز تەڭ تازىلايمىز. خاتالاشمىسام، كەچلىك تاماقتىن ئېشىپ قالغان ھالۋىمۇ بارغۇ دەيمەن؟ پاراڭلاشقاچ يېسەك تازا ياخشى بولىدۇ.
مەريەم قولىدىكى لۆڭگىنى ئىشكاپ ئۈستىگە قويدى. ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرىنى قاتلاپ، رومالىنى ئوڭشاپ، بۇدۇر چاچلىرىنى ئارقىسىغا تۈزەشتۈرۈشلىرىدىن جىددىيلىشىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.
— جۇڭگولۇقلاردا «بىر پىيالە چايدىن كەچكۈچە، ئۈچ كۈنلۈك تاماقتىن كەچ» دەيدىغان گەپ بار.
مەريەم مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.
— تازا جايىدا دېيىلگەن گەپ ئىكەن.
— شۇنداق.
— لېكىن، مەن ئۇزاق ئولتۇرالمايمەن.
— پەقەت بىر پىيالە ئىچىمىز.
ئۇلار ھويلىدا قاتلىما ئورۇندۇقنى قويۇپ، بىر تەخسىدىكى ھالۋىنى قوللىرى بىلەن ئېلىپ يېيىشتى. ئۇلار بىر پىيالىدىن چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، لەيلا مەريەمنى يەنە بىر پىيالە ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. يىراقتىن ئوق ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئاسماندىكى لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتنىڭ قۇيرۇقى تولۇن ئاينىڭ بىر بۆرجىكىنى تۇسۇۋالغانىدى. پەسىلنىڭ ئاخىرىدا جان تالىشىۋاتقان ئوت ھاشاراتلىرى قاناتلىرىدىن سىرىق نۇر ياندۇرۇپ، ئۇچۇپ يۈرمەكتە ئىدى. ئەزىزەنىڭ يىغا ئاۋازى بىلەن تەڭ، رەشىد لەيلانى چاقىرىپ، ئۇنى ئەزىزەنىڭ يىغىسىنى توختىتىشقا بۇيرۇدى. لەيلە بىلەن مەريەم شاپپىدە بىر - بىرىگە قاراشتى. ئەنە شۇ پەيتتە، لەيلا مەريەمنىڭ ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ دۈشمىنى ئەمەسلىكىنى چۈشەندى.

# ئوتتۇز بەشىنچى باب

## مەريەم

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ مەريەم بىلەن لەيلا ئۆي ئىشلىرىنى تەڭ قىلىشتى. ئاشخانىدا مەريەم خېمىر يۇغۇرسا، لەيلا پىياز توغراپ، سامساق چانايتتى. ئەزىزەمۇ ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بىردەم قولىدىكى قوشۇقنى يەرگە ئۇرسا، يەنە بىردەم ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان سەۋزىنى ئوينايتتى. بەزىدە ئەزىزە قاتمۇقات كىيىملەر بىلەن مەھكەم چۈمكەلگەن، بوينىغا قىلىن شارپا يۆگەلگەن ھالدا ھويلىدا چىۋىقتىن ياسالغان بۆشۈكتە ياتاتتى. مۇشۇنداق چاغدا، مەريەم بىلەن لەيلا ئەزىزەنى باققاچ بىللە كىر يۇياتتى.

مەريەم لەيلا بىلەن ئەزىزەنىڭ ھەمراھلىقىغا بارا ـ بارا كۆنۈپ قالدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، كەچتە ھويلىدا بىللە ئولتۇرۇپ ئۈچ پىيالە چاي ئىچىش ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلانغانىدى. سەھەردە مەريەم لەيلانىڭ پەشتاقتىن چۈشكەن شەپىسىنى، ئەزىزەنىڭ سەككىز تال چىشىنى چىقىرىپ ۋىلىقلاپ كۈلگەن ئاۋازىنى، ئۇنىڭ يۇمران تېرىسىدىن كەلگەن سۈتنىڭ پۇرىقىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. ئەگەر لەيلا بىلەن ئەزىزە ئۇزاقراق ئۇخلاپ قالسا، مەريەم جىددىيلىشىشكە باشلايتتى ـ دە، ئىختىيارسىز ھالدا پاكىز تەخسىلەرنى يۇيۇشقا، مېھمانخانا ئۆيدىكى ياستۇقلارنى قايتىدىن رەتلەشكە باشلايتتى. تاكى لەيلا ئەزىزەنى ھاپاش ئېتىپ ئاشخانىغا كىرگۈچە مەريەم ئاشۇ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولاتتى.

ئەزىزە مەريەمنى كۆرۈش بىلەنلا كۆزلىرىنى يوغان ئاچاتتى ـ دە، بوۋاق تىلى بىلەن بىرنەرسىلەرنى دەپ مەريەمگە ئىنتىلەتتى. ئۇ كىچىككىنە قوللىرىنى ئېچىپ ـ يېيىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن مەريەمنىڭ ئۆزىنى دەرھال قولىغا ئېلىشىنى تەلەپ قىلاتتى.

— قارا، سېنىڭ تاقەتسىزلىكىڭنى، — دەيتتى لەيلا ئەزىزەنى مەريەمنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ بارغۇزۇش ئۈچۈن يەرگە قويۇۋېتىپ، — قارا سېنى. ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال. مەريەم ھېچ يەرگە كەتمەيدۇ. مانا، سېنىڭ ھاماڭ.

ئەزىزە مەريەمنىڭ قۇچىقىغا چىققان ھامان بارمىقىنى ئۆز ئاغزىغا سالاتتى ـ دە، بېشىنى مەريەمنىڭ بويىنىغا قوياتتى. دەسلەپكى قېتىم ئەزىزە مۇشۇنداق قىلغاندا، مەريەم بىر ھودۇقۇپ، بىر كولۇمسىرەپ ئەزىزەنى باغرىغا بېسىپ تەۋرەتتى. مەريەم بۇ دۇنياغا تۆرەلگەندىن بۇيان، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا بۇنداق ئىنتىلىپ باقمىغانىدى. ھېچكىممۇ ئۆز مۇھەببىتىنى بۇنداق شەرتسىز ۋە سەبىيلىك بىلەن ئىپادىلەپ باقمىغانىدى. ئەزىزەنى مەھكەم تۇتقان مەريەم يىغلاشتىن ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋالدى.

— سەن قانداق بولۇپ ئۆزۈڭنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىڭنى مەندەك سەت، قېرى خوتۇنغا باغلاپ قالغانسەن ـ ھە؟ — دەپ پىچىرلىدى مەريەم ئەزىزەنىڭ چاچلىرىغا يۈزىنى يېقىپ تۇرۇپ، — مەن دېگەن ھېچ نەرسە ئەمەس. سەن كۆرمىدىڭمۇ؟ مەن ساڭا نېمىمۇ بېرەلەيمەن؟

ھەر قېتىم ئەزىزە مەريەمنىڭ قۇچىقىغا چىقسا، ئۆزىنىڭ يۈزىنى مەريەمنىڭ يۈزىگە سۈركەپ بوۋاق تىلى بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلاتتى. ئەنە شۇ پەيتتە مەريەمنىڭ قەلبى شامدەك ئېرىپ، كۆزلىرى ياشقا تولۇپ، يۈرىكى بەھۇزۇر سوقاتتى. شۇنچە يىللىق يالغۇز قايمۇقۇپ يۈرۈشلەردىن كېيىن مەريەم ئاشۇ كىچىككىنە بوۋاق بىلەن ھەقىقىي رەۋىشتە باغلانغانىدى.

1994 ـ يىلى يانۋاردا، دوستۇم ئۆزىنىڭ مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ، گۈلبۇددىن ھېكمەتيار تەرەپكە قوشۇلدى. ھېكمەتيار ئۇنىڭغا شىر دەرۋازا تاغلىرىنىڭ تۆۋەن قىسمىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قەدىمكى بالا ھىسسار سېپىلىنىڭ يېنىدىن ئورۇن بەردى. دوستۇم ھېكمەتيار بىلەن بىرلىشىپ، مۇداپىئە مىنىستىرلىقى بىلەن زۇڭتۇڭ سارىيىغا جايلاشقان مەسئۇد بىلەن رابباننىنىڭ قوشۇنلىرىغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. ئىككى تەرەپ كابۇل دەرياسىنىڭ ئىككى قېتىدىن بىر ـ بىرىگە قارىتىپ ئوق ئېتىشنى باشلىۋەتتى. كوچىلار جەسەت ۋە تۆمۈر ـ تەسەكلەرگە تولغانىدى. شەھەر ئىچىدە پۇقرالارنى قورقۇتۇپ، ئەسكەرلەرنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق ۋە باسقۇنچىلىق قاتارلىق جىنايەتلەر بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىشقا باشلىدى. ئاياللارنىڭ باسقۇنچىلىققا ئۇچراشتىن قورقۇپ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىق خەۋەرلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بەزى ئەرلەرنىڭ ئۆز ئائىلىسىنىڭ نامىنى قوغداش ئۈچۈن، ئەسكەرلەر تەرىپىدىن باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئاياللىرىنى ياكى ئاچا ـ سىڭىللىرىنى ئۆلتۈرىدىغان ئىشلارنىڭمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتكەنلىكى مەريەمنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى.

ئەزىزە توپ ئوقلىرىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ چىرقىراشقا باشلىدى. مەريەم پولغا گۈرۈچلەرنى ئۆيىنىڭ، خورازنىڭ ياكى يۇلتۇزنىڭ شەكلىدە تىزىپ ئەزىزەنىڭ دىققىتىنى بۇرىماقچى بولاتتى. ئۇ يەنە جېلىلدىن ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە ئەزىزەگە قەلەمنىڭ ئۇچىنى كۆتۈرمەستىن بىر سىزىق بىلەن پىلنىڭ رەسىمىنى سىزىپ بەردى.

رەشىدنىڭ ئېيتىشىچە، ھەر كۈنى نەچچە ئون پۇقرا كوچىلاردا ئۆلۈۋېتىپتىمىش. دورا ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى ساقلاۋاتقان دوختۇرخانا ۋە دۇكانلار توپقا تۇتۇلۇپ كۆكۈم ـ تالقان قىلىنىپتۇ. جىددىي ياردەم بۇيۇملىرىنى توشۇۋاتقان

ماشىنىلار شەھەرگە كىرىشتىن توسۇلۇپتۇ ياكى بۇلاڭچىلىققا ئۇچراپتۇ، ھەتتا ئوققا تۇتۇلۇپتۇ. مەريەم فەيزۇللا موللامىنى ئەسكە ئالدى. ئەگەر فەيزۇللا موللام تېخىچە ھايات بولسا، بۇ ئۇرۇشتا ئۇ كىشى كۈنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتقاندۇ؟ مەريەم بىبى مومايىنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ بىچارە ئايال ئاشۇ ئوغۇللىرى، كېلىنلىرى، نەۋرىلىرى بىلەن ھېراتتا قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقاندۇ؟ جېلىلچۇ؟ مەريەم كىچىك ۋاقتىدا كۆلبىسىدە باشقىلارغا كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنىدەك، جېلىلمۇ ئوق تېگىشتىن قورقۇپ، خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن مۆكۈنۈپ يۈرگەنمىدۇ؟ ياكى چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەنمىدۇ؟ مەريەم كۆڭلىدە جېلىلنىڭ قەيەردە بولسا تىنچ ـ ئامان تۇرۇشىنى، بۇ ئۇرۇشتىن خېيىم ـ خەتەرسىز قۇتۇلۇپ قېلىشىنى تىلەيتتى.

بىر ھەپتىسى، ئۇرۇش ھەتتا رەشىدنىمۇ ئۆيدىن چىقالماس قىلىپ قويدى. ئۇ ھويلىغا چىقمىدىغان ئىشىكنى مەھكەم تاقاپ، ئىشىكنىڭ ئەتراپىغا قىلتاقلارنى ئورۇنلاشتۇردى. ئالدى ئىشىكنىمۇ قۇلۇپلاپ، سافا بىلەن توستى. ئۇ يەنە دېرىزىدىن سىرتنى كۆزەتكەچ، مىلتىقنى توختىماي بەتلەيتتى. ئۇ سىرتتا بىرسىنىڭ تامغا ياماشماقچى بولغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، ئىككى قېتىم مىلتىقىدىن ئوقمۇ چىقاردى.

— ئۇلار ياش ئوغۇل بالىلارنى ئۆزلىرىگە قېتىلىشقا مەجبۇرلايدىكەن، — دېدى ئۇ، — بۇ مۇجاھىددىنلار كۈپكۈندۈزدە بالىلارنىڭ چېكىسىگە مىلتىق تەڭلەپ تۇرۇپ مەجبۇرىي ئەكېتىدىكەن. ئەگەر ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، قارشى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قىيىن ـ قىستىقىغا ئېلىنىدىكەن. ئاڭلىسام ئەسكەرلەر ئۇ بالىلارنى توك بىلەن قىينارمىش. يەنە ئاڭلىسام، ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى ئامبۇر بىلەن قىسىپ ئېزىۋېتەرمىش. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنى ئالدىغا سېلىۋېلىپ ئۆز ئۆيىگە باشلاپ بېرىشقا

مەجبۇرلارمىش. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ، ئۇ باللارنىڭ دادىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئانىلىرىغا ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرىغا باسقۇنچىلىق قىلارمىش.

ئۇ مىلتىقنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋولاڭشىتتى.

ـــ ئۇلارنىڭ ئۆيۈمگە بېسىپ كىرگىنىنى بىر كۆرۈپ باقاي. ئەگەر شۇنداق قىلسا، ئۇلارنىڭ ھېلىقى يېرىنى بىر پاي ئوق بىلەن كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋېتىمەن. مېڭىسىنى چۇۋۇۋېتىمەن. ئەمدى ئىككىڭ شەيتاندىنمۇ قورقمايدىغان مەندەك بىر ئەرنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكىڭ ئۈچۈن قانچىلىك تەلەيلىك ئىكەنلىكىڭنى بىلىشكەنسەن؟

ئۇ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، ئەزىزەنىڭ ئۆزىنىڭ پاچىقىغا ئېسىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ـــ يۇتۇمنى قويىۋەت ! ـــ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ قولىدىكى مىلتىقنى ئەزىزەگە چەنلەپ، ـــ ماڭا نېمىدەپ ئەگىشىسەن؟ قولۇڭنى ماڭا قانچە ئۇزارتساڭمۇ سېنى قولۇمغا ئالمايمەن. ماڭ، كەت، نېرى كەت ! دەسسىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن نېرى كەت.

ئەزىزە شۇمشەيگەن ھالدا ئۆمىلەپ، مەريەمنىڭ قۇچىقىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ روھسىز ھالدا بارمىقىنى ئاغزىغا سېلىپ، رەشىدكە مەيۈسلۈك بىلەن تىكىلدى. ئۇ مەريەمدىن تەسەللى ۋە ياكى دادىسىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك بېرىشنى كۈتكەندەك، مەريەمنىڭ چىرايىغا بىردەم ـ بىردەم قارايتتى.

لېكىن، مەريەم دادىسىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشكە قانداقمۇ كېپىللىك بېرەلىسۇن؟

مەريەم ئۇرۇش يەنە پەسلەپ قالغانلىقى ئۈچۈن يېنىكلەپ قالدى. ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇ كۈنبويى ئۆيدە رەشىد بىلەن بىللە سولىنىپ ئولتۇرۇشتىن قۇتۇلغانلىقىغا خۇشال ئىدى. بولۇپمۇ، رەشىد بەتلەكلىك مىلتىقىنى ئەزىزەگە تەڭلەپ مەريەمنى بەكمۇ قورقۇتۇۋەتكەنىدى.

قىش پەسلىنىڭ بىر كۈنى. لەيلا مەريەمگە ئۇنىڭ چېچىنى ئۆرۈپ قويغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى.

مەريەم ئەينەك ئالدىدا تۈپتۈز ئولتۇردى. ئۇ ئەينەكتىن قوشۇملىرىنى تۈرگەن هالدا پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ، ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ چاچلىرىنى چىڭ ئۆرۈۋاتقان لەيلاغا قاراپ ئولتۇردى. ئەزىزە ئۇلارنىڭ يېنىدا، پولدا تۈگۈلگەن پېتى ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ مەريەم ئۆز قولى بىلەن تىكىپ بەرگەن قورچاقنى مەهكەم تۇتۇۋالغانىدى. مەريەم ئۇ قورچاقنىڭ ئىچىگە ئۇششاق ماشلارنى سېلىپ، چاي بىلەن بويىغان پاختا رەختتە كىيىم تىككەنىدى. ئۇ يەنە قورچاقنىڭ بويىنىغا كىچىك يىپ غالتەكلىرىنى مارجان قىلىپ ئېسىپ قويغانىدى. ئەزىزە ئۇخلاۋېتىپ ئۇسۇرۇۋەتكەنىدى، ئالدى بىلەن لەيلا كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەريەم لەيلانىڭ كۈلكىسىگە قوشۇلدى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىگە قارىشىپ، كۆزلىرىدىن ياش چىققۇچە قاقاهلاپ كۈلۈشتى. ئۇ كۈلكىلەر شۇنداق تەبىئىي، يېنىك ئىدى. توساتتىن، مەريەم لەيلاغا جىلىل، نانا ۋە جىن توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. لەيلا مەريەمنىڭ مۈرىسىنى تۇتقان هالدا، ئەينەكتىن مەريەمگە دىققەت بىلەن تىكىلدى. مەريەم لەيلاغا يەنە بىبى موماي ۋە فەيزۇللا موللام توغرۇلۇقمۇ سۆزلەپ بەردى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ جىلىلنى ئىزدەپ بېرىپ خورلۇققا ئۇچرىغانلىقىنى، نانانىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنىمۇ بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. لەيلا مەريەمنىڭ جىلىلنىڭ خوتۇنلىرى، رەشىد بىلەن بولغان نىكاھ، ئۆزىنىڭ كابۇلغا قىلغان سەپىرى، نۇرغۇن قېتىملىق هامىلىدار بولۇش جەريانىدا ئۈمىدلىرىنىڭ قانداق يەرگە ئۇرۇلغانلىقى، ئاخىرىدا رەشىدنىڭ ئۆزىنى قانداق خورلىغانلىقى توغرۇلۇق ئېيتقان هېكايىلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى.

لەيلا مەريەم ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ يېنىدا ئۇزاققىچە جىمجىت ئولتۇردى. ئۇ ئىختىيارسىز هالدا ئەزىزەنىڭ چېچىغا

ئىلىنىپ قالغان بىر تال يىپنى ئېلىۋەتتى. ئارىنى ئۇزاق جىمجىتلىق باستى.

— مېنىڭمۇ سىزگە دەيدىغان سۆزۈم بار، — دېدى لەيلا.

ئۇ كۈنى كەچتە مەريەمنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، تالادا يېغىۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرىغا نەزەر سالدى. شۇنچە پەسىللەر كېلىپ يەنە كەتتى. كابۇلدا نەچچە زۇڭتۇڭ قەسەم بېرىپ هوقۇق تۇتۇپ، يەنە قەتل قىلىنىپ ئۇ دۇنياغا كېتىشتى. سوۋېت ئىستىپاقى مەغلۇپ بولدى. كونا ئۇرۇشلار ئاياغلىشىپ، يېڭى توقۇنۇشلار باشلاندى. لېكىن، مەريەم بۇلارغا ئانچە دىققەت قىلىپمۇ كەتمىدى. هەتتا كارىمۇ بولمىدى. ئۇ ئاشۇ يىللارنى خىيالىدىكى قۇرۇق، قاقاسلىق بىلەن تولغان، هېچقانداق ئارزۇ ۋە ياكى ئىدادىن ئەسەر بولمىغان دۇنيادا ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئەنە شۇ دۇنياسىدا كەلگۈسىدىن هېچقانداق ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۆتمۈشتىن بولسا ئۇنىڭغا پەقەت بىرلا ساۋاق مىراس قالغانىدى. ئۇ بولسىمۇ، مۇهەببەت ئىنساننى ۋەيرانلىقىكە باشلايدىغان خاتالىق. ئۇنىڭ شېرىكى بولغان ئۈمىد بولسا ئىنتايىن خەتەرلىك بولغان خىيالىي تۇيغۇدىن ئىبارەت، خالاس. بۇ كەمگىچە هەر قېتىم مۇهەببەت ۋە ئۈمىدتىن ئىبارەت ئاشۇ بىر جۈپ قوشماق مەريەمنىڭ خىيال دۇنياسىدا بىخلانغان هامان، مەريەم ئۇلارنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىغانىدى.

لېكىن، نېمىشقىدۇر يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بۇيان مەريەمنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش هارامدىن بولغان ئەزىزە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغانىدى. ئۇزاق يىل ئۆزى يالغۇز ياشىغان مەريەم ئەمدىلىكتە ئۇلارسىز ئۆز هاياتىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايۋاتاتتى.

— ئەزىزە ئىككىمىز مۇشۇ باهاردا يىراققا كەتمەكچى. بىز بىلەن بىللە كېتىڭ، مەريەم.

يىللار مەريەمگە ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئالدىدا ياخشى كۈنلەر ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان بولۇشى،

ئۇنىڭ يېڭى ھاياتتىن، نانا ئېيتقاندەك ئۆزىدەك ھارامدىن بولغانلارغا مەڭگۈ مەنسۇپ بولمايدىغان تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىشى مۇمكىنغۇ؟ مانا، مەريەمنىڭ ھاياتىدا توساتتىن بىر جۈپ گۈل پورەكلەپ ئېچىلدىغۇ؟

قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئارىسىدىن قولىدا تەسۋىسىنى سىيرىپ تۇرغان فەيزۇللا موللام پەيدا بولدى. ئۇ يۇمشاق ۋە تىترەك ئاۋازى بىلەن مەريەمگە ئېڭىشىپ تۇرۇپ پىچىرلىماقتا ئىدى.

«لېكىن، ئۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى، مەريەم. سېنىڭ تەقدىرىڭ پەقەت ئاللانىڭ ئىرادىسىگىلا باغلىق. ھەممىسى ئۇلۇغ ئىگەمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، قىزىم!»

# ئوتتۇز ئالتىنچى باب

## لەيلا

1994 ـ يىلى، باھار. شەرقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان شەپەق نۇرى تۈن پەردىسىنى ئاستا ـ ئاستا قايرىماقتا ئىدى. لەيلا ئۆز ئىشىنى رەشىدنىڭ بىلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. رەشىد چوقۇم بىلىدۇ. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي لەيلانى كارىۋاتتىن سۆرەپ چۈشۈرىدۇ. لەيلانىڭ ئۆزىنى ھاماقەت ئېشەك ئورنىدا كۆرگەنلىكى، ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن پىلانلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى سوراققا تارتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن...

ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، خورازلار چىللاشقا باشلىدى. لېكىن، ھېچ ئىش يۈز بەرمىدى.

لەيلا رەشىدنىڭ سۇخانىدا ساقال ئېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەشتاقتىن چۈشكەن، چاي قاينىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاچقۇچنىڭ شاراقشىغان، رەشىدنىڭ ھويلىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ۋېلىسىپىتىنىڭ يېنىغا كەلگەن ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى.

لەيلا مېھمانخانا ئۆيىنىڭ دېرىزە پەردىسىدىن ھويلىغا قارىدى. رەشىد ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ، دەرۋازىغا قاراپ ماڭغانىدى.

— لەيلا؟

مەريەم بوسۇغا تۈۋىدە پەيدا بولدى. مەريەمنىڭ كېچىچە ئۇخلىمىغانلىقى ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن، تاتىراڭغۇ چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— بىز يېرىم سائەت ئىچىدە يولغا چىقىمىز، — دېدى لەيلا.

ئۇلار تاكسىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇشتى. ئەزىزە مەريەمنىڭ قۇچىقىدا قورچىقىنى قۇچاقلىغىنىچە تاكسىنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ قارىماقتا ئىدى.

— ئەنە! — دەپ توۋلىدى ئەزىزە ئارغامچا سەكرەپ ئويناۋاتقان بىر توپ كىچىك قىزلارنى كۆرسىتىپ، — مەريەم! ئەنە.

لەيلانىڭ كۆزلىرىگە دېرىزىلىرى كۆمۈرنىڭ ئىسىدا قارىداپ كەتكەن ساتىراشخانىلاردىن، بۆدۈنە ساتىدىغان بوتكىلاردىن، ئوچۇق ئىشىكىدىن يەردىن تورۇسقىچە ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تىزىلغان كونا چاقلار كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان دۇكانلارنىڭ ئىچىدىن رەشىد چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ چىقىپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

لەيلا ئورۇندۇقتا تېخىمۇ چۆكۈپ ئولتۇردى.

ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مەريەم پىچىرلاپ ئايەت ئوقۇماقتا ئىدى. لەيلانىڭ مەريەمنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ باققۇسى كەلدى. لېكىن، ھەر ئىككىسىنىڭ يۈزى بۇرقا بىلەن يېپىلغان بولغاچقا، پەقەت پارقىراپ تۇرغان كۆزىدىن باشقا يېرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بىر كۈن بۇرۇن، لەيلا گۈرۈخانىغا بېرىپ، ئالتۇن ئۈزۈكىنى ئەينەك بوتكىنىڭ ئۈستىگە قويغان ۋاقىتتا لەيلا ئۆزىنىڭ بىر قارارغا كېلىپ بولغانلىقىنى، ئارقىغا قايتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ بولغانىدى.

لەيلانىڭ كۆز ئالدىدا لەيلا ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئاڭلىغان يېقىنقى ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى نامايان بولۇۋاتاتتى. ئۆگزىسى ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن، ئەتراپى توپا ـ كېسەك ۋە تاش دۆۋىسىگە ئايلانغان ئۆيلەر، سىڭار يان بولۇپ قالغان تاملىرىدىن تۆمۈر جازىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىنالار، دۈم كۆمتۈرۈلۈپ قالغان ياكى بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگىشىپ قالغان ماشىنىلار، تاملاردىكى ئوق ئىزلىرى ھەممە يەردە كۆرۈنەتتى. يەردە سۇنغان ئەينەك

پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. ئۇ يەنە بىر جىنازىنى كۆتۈرۈپ مەسچىتكە قاراپ ماڭغان بىر توپ ئادەملەرنى كۆردى. توپنىڭ ئارقىسىدا قارا رومالliq ياشانغان ئايال چاچلىرىنى يۇلۇپ نالە قىلماقتا ئىدى. تاكسى قەبرىستاننىڭ يېنىدىن ئۆتتى. تاش دۆۋىسىدىن ياسالغان قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە سانجىلغان ياغاچلاردىكى رەخت پارچىلىرى شامالدا لەپىلدەپ تۇراتتى. لەيلا قولىنى سوزۇپ، چامادانىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇرغان مەريەمنىڭ قۇچىقىدىكى ئەزىزەنىڭ يۇمران بىلىكىنى تۇتتى.

شەرقىي كابۇلدىكى پول مەھمۇدخان رايونىغا يېقىن جايدىكى لاھور دەرۋازىسىدىكى ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئاپتوبۇسلار قاتار توختىتىپ قويۇلغانىدى. بېشىغا ئافغان دوپپىسى كىيگەن بىر توپ ئەر ئاپتوبۇس ئۈستىگە يۈكلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تانىلار بىلەن باغلىماقتا ئىدى. بېكەتنىڭ ئىچىدە بولسا ئەرلەر رەتتە تۇرۇپ، بېلەت ئېلىۋاتاتتى. بۇرقا بىلەن ئورالغان ئاياللار بولسا بوغچىلىرىنى پۇتلىرىنىڭ يېنىغا قويۇشۇپ، پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. بەزىلىرى بوۋاق كۆتۈرۈۋالغان، يەنە بەزىلىرى بولسا يۈگۈرۈپ يۈرگەن بالىلىرىغا يىراقتا كەتمەسلىكنى تاپىلاپ ۋارقىرىشاتتى.

بېكەتنىڭ ئەتراپىنى چارلاۋاتقان مۇجاھىددىنلار قوپاللىق بىلەن ۋارقىراپ بۇيرۇق چۈشۈرەتتى. ئۇلار پۇتىغا ھەربىيچە ئۆتۈك، ئۈستىگە توپا بېسىپ كەتكەن فورما كىيىۋېلىشقان، دولىسىغا سوۋېت مىلتىقلىرىنى ئېسىۋېلىشقانىدى. لەيلا ئەتراپتىكى كۆزلەر ئۆزىگە تىكىلىۋاتقاندەك، بېكەتتىكى ھەربىر ئادەم ئۆزى بىلەن مەريەمنىڭ نېمە ئىش قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلىدىغاندەك، ئۆزلىرىگە نەپرەتلىك كۆزلىرىدە تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

— سىز بىرەرسىنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى لەيلا.

مەريەم ئەزىزەنى يەنە بىر پۇتىغا يۆتكىدى.

— قاراۋاتىمەن.

لەيلا بىلەن مەريەم ئۆچۈن بىرىنچى قەدەم ئۆزلىرى بىلەن بىر ئائىلىنىڭ كىشىسى دەپ كاپالەت بېرىشكە ماقۇل دەيدىغان بىر ئەرنى تېپىش ئىدى. 1978 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە ئاياللار ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولغان ۋاقىتلار ئەمدىلىكتە كەلمەسكە كەتكەنىدى. دادىسىنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى كوممۇنىستلار دەۋر سۈرگەن مەزگىلنى «ئايال بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقىتلىرى، لەيلا» دېگەنلىكى لەيلانىڭ ھېلىمۇ يادىدا ئىدى. 1992 - يىلى، مۇجاھىددىنلار ھوقۇقنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار ئافغانىستاننىڭ نامىنى «ئافغانىستان ئىسلام دۆلىتى»گە ئۆزگەرتىشتى. رابىبانىنىڭ قول ئاستىدىكى شەرىئەتنىڭ قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىشنى قوللايدىغان بىر توپ موللىلاردىن تەشكىللەنگەن ئالىي سوت كوممۇنىستىك تۈزۈم ئاستىدا ئاياللارغا بېرىلگەن ھوقۇقلارنى پۈتۈنلەي بىكار قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاياللار يۈزلىرىنى يېپىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ ئەر تۇغقانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىسىز سەپەرگە چىقىشى مەنئى قىلىندى. زىنا قىلغانلار چالما - كېسەك قىلىندى. لېكىن، بۇ قانۇنلار ھەمىشە ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپمۇ كەتمەيتتى. «ئەگەر، — دەيتتى لەيلا مەريەمگە، — ئۇلار بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئالدىراش بولمىغان بولسا، چوقۇم بۇ قانۇنلارنى بىز ئاياللارغا تېخىمۇ چىڭ يۈرگۈزەتتى.»

بۇ سەپەرنىڭ ئىككىنچى خەتەرلىك قىسمى، ئۇلار پاكىستانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى. پاكىستانغا پاناھلىق ئىزدەپ بارغان ئافغانلارنىڭ سانى ئىككى مىليوندىن ئاشقان بولۇپ، پاكىستان ھۆكۈمىتى 1991 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ چاقىرىق قەغىزى بار ئافغانلاردىن باشقىلارنىڭ پاكىستانغا كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن چېگرانى تاقىغانىدى. لېكىن، ئافغانىستان - پاكىستان چېگراسى ئەزەلدىن بوش بولۇپ، لەيلا مىڭلىغان ئافغانلارنىڭ باشقىلارغا پارا بېرىپ ياكى

ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي پاكىستان چېگراسىدىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. چېگرا ئەتراپىدا يەنە ھايانكەشلەرنى پۇل بىلەن سېتىۋېلىشمۇ مۇمكىن ئىدى. «بىز ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا چوقۇم يول تاپىمىز» دېگەنىدى لەيلا مەريەمگە.

— ئاۋۇ ئادەمچۇ؟ — دېدى مەريەم ئىككى بىلەن شەرەتلەپ تۇرۇپ.

— ئۇ تازا ئىشەنچلىك كۆرۈنمەيدۇ.

— ئاۋۇچۇ؟

— بەك قېرىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئادەم يەنە باشقا ئىككى ئەر بىلەن بىللە سەپەر قىلىدىكەن.

ئاخىر لەيلانىڭ سىرتتىكى گۈللۈكنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئەزىزە بىلەن تەڭ ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنى تەۋرىتىپ ئولتۇرغان ياش بىر ئەرگە كۆزى چۈشتى. ئۇ ئەرنىڭ يېنىدا بۇرقا كىيىۋالغان ئايال ئولتۇراتتى. ساقاللىق كەلگەن بۇ ئەر بويى ئېگىز ھەم ئورۇق بولۇپ، ئۇستىگە ئالدى ئوچۇق ياقىلىق كۆڭلەك بىلەن تۈگمىسى ئۈزۈلۈپ كەتكەن كۈل رەڭ چاپان كىيىۋالغانىدى.

— سىز بۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭ، — دېدى لەيلا مەريەمگە.

لەيلا ئەر ئولتۇرغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. مەريەمنىڭ پىچىرلاپ ئايەت ئوقۇغان ئاۋازى ئەر تەرەپكە قاراپ ماڭغان لەيلانىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى.

لەيلا ئۇ ئەرگە يېقىنلاشقاندا، ئەر بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر قولىدا كۈن نۇرىنى توسۇپ تۇرۇپ لەيلاغا قارىدى.

— كەچۈرۈڭ قېرىندىشىم. سىلەر پېشاۋەرگە بارامسىلەر؟

— ھەئە، — دېدى ئەر كۆزىنى چىمچىقلىتىپ.

— ئۇنداقتا، سىز بىزگە ياردەملىشەرسىزمۇ؟ بىزگە بىر ياردەم قىلغان بولسىڭىز.

ئۇ بالىنى ئايالىغا تۇتقۇزۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، لەيلانىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

— نېمە ئىش ئىدى، سىڭلىم؟

ئەرنىڭ مۇلايىم كۆزلىرى، سىپايە سۆزىدىن بىر ئاز ئۇمىدلەنگەن لەيلا مەريەم بىلەن كېلىشتۇالغىنىنى بويىچە ئۇ ئەرگە ئۆزىنىڭ تول ئىكەنلىكىنى، بارىدىغان يېرى يوقلۇقى، كابۇلدا ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىدىن ھېچكىم قالمىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇ ئانىسى بىلەن قىزىنى ئېلىپ پېشاۋەرگە تاغىسىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— سىز مېنىڭ ئائىلەمگە قېتىلىپ، پېشاۋەرگە بارماقچىمۇ؟ — دېدى ئەر.

— بىلىمەن. بۇ سىز ئۈچۈن بىر ئاۋارىچىلىك. لېكىن، سىز ئوبدان ئادەمدەك قىلىسىز. مەنمۇ...

— ئەنسىرىمەڭ، سىڭلىم. مەن چۈشىنىمەن. بۇ ھەرگىز ئاۋارىچىلىك ئەمەس. مەن بېرىپ، سىلەرگە بېلەت ئېلىپ بېرەي.

— رەھمەت، ئاكا. بۇ ساۋابلىق ئىشلىرىڭىز ئۈچۈن، ئاللا رازى بولسۇن.

لەيلا بۇرقىسىنىڭ ئاستىدىن بىر كونۋېرتنى چىقىرىپ، ئۇ ئەرگە ئۇزاتتى.

كونۋېرتنىڭ ئىچىدە، بىر مىڭ بىر يۈز ئافغانى بولۇپ، ئۇنىڭ يېرىمى بىر يىلدىن بېرى يىغقان پۇل، قالغىنى بولسا ئۇنىڭ ئۈزۈكىنىڭ پۇلى ئىدى. ئەر كونۋېرتنى ئېلىپ، ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سالدى.

— سىز مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭ.

لەيلا ئۇنىڭ بېكەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكىنىگە قاراپ تۇردى. ئەر يېرىم سائەتتىن كېيىن بېكەتتىن قايتىپ چىقتى.

— ئەڭ ياخشىسى بېلىتىڭىز مەندە تۇرۇپ تۇرسۇن، — دېدى ئەر، — ئاپتوبۇس بىر سائەتتىن كېيىن، سائەت ئون بىردە يولغا چىقىدىكەن. بىز ئاپتوبۇسقا بىرلىكتە چىقىمىز. مېنىڭ ئىسمىم ۋەكىل. ئەگەر ئۇلار سوراپ قالسا مېنى بىر نەۋرە ئاكام دېسىڭىز بولىدۇ.

لەيلا ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئەر ئۆلارنى ئېسىدە ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتتى.
— بىزگە يېقىنراق تۇرۇڭلار، — دېدى ئەر.
لەيلا، مەريەم، ئەزىزەلەر ئۇ ئەر ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئەتراپ چۈش بولمايلا ئىسسىقا باشلىغان بولۇپ، ئاسماندا پەقەت بىرنەچچە پارچە ئاق بۇلۇت تاغ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرەتتى. مەريەم ئۆيدىن چىقىشتىن بۇرۇن يېنىغا سېلىۋالغان پىرەنىك بىلەن ئەزىزەنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشقا باشلىدى. ئۇ پىرەنىكنىڭ بىر پارچىسىنى لەيلاغا تەڭلىدى.
— مەن ئۇنى يېسەم قۇسۇپ سالىمەن، — دېدى لەيلا كۈلۈپ، — مەن ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن.
— مەنمۇ شۇ.
— سىزگە كۆپ رەھمەت، مەريەم.
— نېمىگە؟
— مۇشۇنىڭغا، بىز بىلەن بىللە كەلگىنىڭىزگە، — دېدى لەيلا، — ئەگەر سىز بولمىغان بولسىڭىز ئۆزۈم يالغۇز بۇنداق ئىشلارنى قىلالمايتتىم.
— ئۇنداق قىلىشىڭىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق بولاتتى.
— ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، شۇنداققۇ مەريەم؟ بىز ئۇ يەرگە ئوڭۇشلۇق يېتىپ بارارمىز.
مەريەم قولىنى سوزۇپ لەيلانىڭ قولىنى تۇتتى.
— قۇرئاندا «ئاللانىڭ ئىرادىسىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ» دېگەن سۆز بار.
— دۇ ـ دۇت! — دەپ ۋارقىرىدى ئەزىزە ئاپتوبۇسنى كۆرسىتىپ، — مەريەم، دۇ ـ دۇت!
— كۆردۈم، ئەزىزە، — دېدى مەريەم، — توغرا، دۇدۇتكەن. بىردەمدىن كېيىن، بىزمۇ ئاشۇ دۇدۇتكە چىقىمىز. نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرىمىز تېخى.

لەيلا كۆلۈمسىرىدى. ئۇدۇلدىكى ياغاچچى ئۇستام ھەرىدەۋاتقان ياغاچنىڭ كېپەكلىرى ئەتراپقا چاچراپتىتى. دېرىزىلىرى ئىستا قارىداپ كەتكەن ماشىنىلار يولدىن ئۆتمەكتە ئىدى. يول ياقىسىدا يان تەرىپىگە توز، شىر، كۆتۈرۈلگەن قۇياش، شۇنداقلا يالتىراپ تۇرغان قىلىچنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان ئاپتوبۇسلار موتورىدىن قويۇق ئىس چىقىرىپ، يولغا چىقىشقا تەييارلانماقتا ئىدى.

چۈش بولمايلا جاھان ئىسسىپ كېتىۋاتاتتى، لەيلانىڭ بېشى قېيىپ، ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە يەنە بىر قېتىم ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. لەيلا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، يېنىغا ئاقساپ كەلگەن سېرىق ئىتنىڭ بېشىنى سىلىدى.

ئون بىرگە بىرنەچچە مىنۇت قالغاندا، ئاپتوبۇس بېكىتىنىڭ خادىمى كانايىنى تۇتۇپ، پېشاۋەرگە بارىدىغان يولۇچىلارنىڭ ئاپتوبۇسقا چىقىشىنى ئۇقتۇردى. ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكى غىچىلداپ ئېچىلىشى ھامان، بىر توپ يولۇچى بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ ئاپتوبۇسقا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى.

ۋەكىل ئوغلىنى كۆتۈرگەچ، لەيلاغا شەرەت قىلدى.

— بىز ماڭساق بولىدىكەن، — دېدى لەيلا.

ۋەكىل ئۇلارغا يول باشلاپ مېڭىپ ئاپتوبۇسقا يېقىنلاشتى. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە كىشلەر بۇرۇنلىرىنى ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىگە چاپلاپ پەستىكىلەر بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى. ياش ئەسكەر ئاپتوبۇسقا چىقىۋاتقانلارنىڭ بېلەتىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى.

— دۇ - دۇت! — دەپ ۋارقىرىدى ئەزىزە.

ۋەكىل قولىدىكى بېلەتنى ئەسكەرگە تەڭلىدى. ۋەكىل ئالدى بىلەن ئائىلىسىنى ئاپتوبۇسقا چىقاردى. لەيلا ۋەكىل بىلەن ئەسكەرنىڭ بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ۋەكىل ئاپتوبۇسنىڭ پەشتىقىغا پۇتىنى ئېلىپ، تۆۋەنگە ئېگىلىپ، ئەسكەرنىڭ قۇلىقىغا بىرنەرسىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. ئەسكەر بېشىنى لىڭشىتتى. لەيلانىڭ يۈرىكى تېز سوقۇپ كەتتى.

— بالا كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ ئىككىڭ بۇ تەرەپكە ئۆتۈش، —

دېدى ئەسكەر. لەيلا ئەسكەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، ئاپتوبۇسنىڭ پەشتىقىغا پۇتىنى ئالدى. لېكىن، ئەسكەر لەيلانىڭ دولىسىدىن تارتىپ، ئۇنى قاتاردىن ئىتتىرىپ چىقاردى.

— سەنمۇ بۇياققا چىق، — دېدى ئەسكەر مەريەمگە قاراپ، — تېز بول! سەن باشقىلارنىڭ يولىنى توسۇۋالدىڭ.

— نېمە بولدى، قېرىندىشىم؟ — دېدى لەيلا كېكەچلىگەن هالدا، — بىزنىڭ بېلىتىمىز بار. مېنىڭ نەۋرە ئاكام سىزگە بېلەتنى بەرمىدىمۇ؟

ئەسكەر بارماقلىرى بىلەن لەيلاغا گەپ قىلماسلىقنى شەرەتلىدى ـ دە، يېنىدىكى قاراۋۇلغا تۆۋەن ئاۋازدا پىچىرلىدى. دىقماقىنا كەلگەن ئۇ ئەسكەر بېشىنى لىڭشىتتى.

— ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار، — دېدى قاراۋۇل لەيلاغا قاراپ.

— بىز بۇ ئاپتوبۇسقا چىقمىساق بولمايدۇ، — دېدى لەيلا تىترىگەن ئاۋازدا، — بىزنىڭ بېلىتىمىز بار. سىز نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز؟

— سىلەر بۇ ئاپتوبۇسقا چىقمايسىلەر. سىلەرنىڭ بۇنى قوبۇل قىلماي ئامالىڭلار يوق. ئەگەر سەن كىچىك قىزىڭنىڭ سېنى تارتقۇچلاپ ئېلىپ كېتىشىمىنى كۆرۈشنى خالىمىساڭ، ئەڭ ياخشىسى ئارقامدىن ماڭ.

ئۇلار ئەسكەرگە ئەگىشىپ كوزۇپلۇق ماشىنىغا قاراپ ماڭدى. لەيلا ئارقىسىغا بۇرالدى. ئاپتوبۇسنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان ۋەكىلنىڭ ئوغلى خۇشال هالدا لەيلاغا قاراپ قولىنى پۇلاڭشىتتى.

لەيلا بىلەن مەريەم تورابازخان كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا جايلاشقان ساقچى پونكىتىغا ئېلىپ كېلىنىپ، ئادەملەر بىلەن توشقان ئۇزۇن كارىدورنىڭ قارشى تەرىپىدە ئايرىلىپ ئولتۇرغۇزۇلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قويۇلغان ئۇستەلنىڭ ئارقىسىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئەر ئارقا ـ ئارقىدىن تاماكا

چەككەچ خەت بېسىش ماشىنىسىدا خەت بېسىۋاتاتتى. ئارىدىن ئۈچ سائەت ئۆتتى. ئەزىزە بىردەم مەريەمنىڭ يېنىغا كەلسە، يەنە بىردەم لەيلانىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۈستەلنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان ئادەم بەرگەن قەغەز قىسقۇچنى بىردەم ئوينىغاندىن كېيىن، مەريەمنىڭ قۇچىقىدا ئۇيقۇغا كەتتى.

سائەت ئۈچلەردە لەيلا سوراق ئۆيىگە ئېلىپ كىرىلدى. مەريەم بىلەن ئەزىزە كارىدوردا ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇلدى.

سوراق ئۆيىدىكى ئۈستەلنىڭ ئارقىسىدا ئوتتۇز ياش ئەتراپىدىكى، ئۈستىگە پۇقراچە كىيىم كىيگەن بىر ئەر ئولتۇراتتى. ئەرنىڭ ساقىلى تەكشى قىرقىلغان، چاچلىرى قىسقا ئالدۇرۇلغان، قوشۇما قاش ئىدى. ئۇ قولىدىكى قېرىنداشنىڭ ئۆچۈرگۈچى بار تەرىپىنى ئۈستەلگە يەڭگىل ئۇرغاچ لەيلاغا تىكىلىپ قارىدى.

— بىز ھەممىنى بىلىمىز، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ گېلىنى قىرىپ، ئەدەپ بىلەن مۇشتىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئاغزىنى توسۇپ، — سىز بىر قېتىم يالغان سۆزلىدىڭىز، سىڭلىم. ئاپتوبۇس بېكىتىدىكى ئۇ كىشى سىزنىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنىڭىز ئەمەس. ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن بىزگە شۇنداق دېدى. دەڭا، سىز يەنە يالغان سۆزلەمسىز؟ ئەڭ ياخشىسى سىز يالغان سۆزلەش نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ.

— بىز تاغىمىز بىلەن بىللە تۇرماقچىدۇق، — دېدى لەيلا، — مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن.

ساقچى بېشىنى لىڭشىتتى.

— لېكىن پېشاۋەرنىڭ قايسى قىسمىغا بارماقچىدىڭلار؟ سىز ماڭا مەھەللىنىڭ ئىسمىنى، كوچىنىڭ نومۇرىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

لەيلا ئۆزىنىڭ جىددىيلەشكەنلىكىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن بىرئاز تۇرۇۋالدى ـ دە، بىر چاغلاردا ئاپىسى مۇجاھىدىنلارنىڭ تۇنجى غەلىبىسى ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن ئولتۇرۇشتا قولىقىغا

كىرىپ قالغان كوچىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى.
— جامىرۇد كوچىسى.
— ھە، توغرا. «مەرۋايىت مېھمانخانىسى» بىلەن بىر كوچىدا ئىكەن ـ دە. تاغىڭىزمۇ سىزگە ئېيتقان بولسا كېرەك.
— توغرا، دەل شۇ كوچىدا.
— لېكىن ئۇ مېھمانخانا قايىسى يولدا.
لەيلا ئەزىزەنىڭ كارىدوردا يېغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى.
— قىزىم بەك قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇنى بۇ يەرگە ئەكىرسەم بولامدۇ، ئاغا؟
— مېنى «ئوفىتسېر» دەپ چاقىرسىڭىز بولىدۇ. سىزمۇ ئۇزاق ئۆتمەي قىزىڭىز بىلەن جەم بولىسىز. سىزدە تاغىڭىزنىڭ تېلېفون نومۇرى بارمۇ؟
— بار... ھە، يېنىمدا بار ئىدى.
لەيلانىڭ بۇرقىسىمۇ ساقچىنىڭ تىكىلگەن كۆزلىرىنىڭ ھارارىتىنى توسۇپ قالالمىدى.
— كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتىدۇ. تاغامنىڭ تېلېفۇن نومۇرىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.
ساقچى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. ئۇ يەنە لەيلادىن تاغىسى بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمىنى، تاغىسىنىڭ قانچە بالىسى بارلىقىنى، ئەگەر بالىلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى، تاغىسىنىڭ قەيەردە ئىشلەيدىغانلىقىنى، قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى سورىدى. لەيلانىڭ بېشى پىرقىراشقا باشلىدى.
ساقچى قولىدىكى قېرىنداشنى ئۈستەلگە قويۇپ، بارماقلىرىنى كىرىشتۈردى ـ دە، خۇددى يېڭى ئايىغى چىققان بالىنى سۆزگە كىرگۈزمەكچى بولغان دادىدەك لەيلاغا قاراپ ئېگىشتى.
— سىڭلىم، ئاياللارنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئېغىر جىنايەت بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىسىز، شۇنداقمۇ؟ بىز بۇنداق ئىشلارنى نۇرغۇن قېتىم كۆرگەن. ئېرىم ئۆلۈپ كەتكەن دەپ ئۆزى يالغۇز

سەپەر قىلىدىغان ئاياللارمۇ كۆرمىدىڭ. قىسمەنلەر راست گەپ قىلغان بىلەن، كۆپىنچىلىرى يالغان ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقىشىدۇ. سىز قاچقانلىقىڭىز ئۈچۈنلا تۈرمىگە كىرىسىز. بۇنى ئوبدان بىلىسىز. ئۇنداق ئەمەسمۇ؟

— بىزنى قويۇۋېتىڭ، ئوفىتسېر... — لەيلا ئوفىتسېرنىڭ چاپىنىنىڭ ياقىسىغا قادالغان ئىسىم كارتىسىدىكى ئىسمىنى تېزلىك بىلەن ئوقۇدى، — ئوفىتسېر راخمان. ئىسمىڭىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، بىزگە رەھىم - شەپقەت كۆرسەتسىڭىز. ئىككى ئايالنى قويۇۋەتسىڭىز سىزگە نېمە زىيان - زەخمەت بولماقچى؟ بىز جىنايەتچى ئەمەسقۇ؟

— ئۇنداق قىلالمايمەن.

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي.

— بۇ دېگەن قانۇن، سىڭلىم، — دېدى راخمان كەسكىن تەلەپپۇزدا، — تۈزۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم.

ئاچچىقىدا يېرىلغۇدەك بولغان لەيلانى كۈلكە قىستىدى. ئۇ ساقچىنىڭ تەپ تارتماستىن قانۇن - تۈزۈمدىن ئېغىز ئېچىشى لەيلانى ھەيران قالدۇرغانىدى. «تۈزۈم؟» ئاشۇ تۈزۈمنى بۇزۇۋاتقان، خالىغانچە قاتىللىق، باسقۇنچىلىق، بۇلاڭچىلىقلارنى قىلىۋاتقان، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان توپ ئوقلىرىنى بىر - بىرىگە ئېتىپ، ئۆزلىرىنى ۋە باشقا بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشۈۋاتقانلار دەل شۇ مۇجاھىددىنلار ئەمەسمۇ؟ «تۈزۈم»، لەيلا دېمەكچى بولغانلىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— ئەگەر سىز بىزنى قايتۇرۇۋەتسىڭىز، — دېدى ئۇ سۆزىنى ئاستا داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇنىڭ بىزنى نېمە قىلىۋېتىدىغانلى-قىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

لەيلا ساقچىنىڭ كۆزىنى ئېلىپ قاچماسلىققا تىرىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ئەر كىشى ئۆز ئۆيىدە نېمە ئىش قىلسا ئۆزىنىڭ ئىشى.

— ئۇنداق بولسا سىز دېگەن قانۇن ـ تۈزۈمچۇ؟ ئوفىتسېر راخمان؟ — لەيلانىڭ چانىقىدا ياش لىغىلداشقا باشلىدى، — سىز بىز بىلەن بېرىپ ئاشۇ تەرتىپنى قوغدامسىز؟

— بەلگىلەنگەن تۈزۈم بويىچە بىز باشقىلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا ئارىلاشمايمىز، سىڭلىم.

— ئەلۋەتتە ئۇنداق قىلمايسىز. ئەرلەرنىڭ ھوقوقىنى قوغدايدىغان ئىش بولىدىغان بولسا، ئۇنداق بولسا بىزچۇ؟ بىزنىڭ قىلغان ئىشىمىزمۇ سىز دېگەندەك شەخسىي ئىشقۇ؟ شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، چاپىنىنى تۈزلىدى.

— مېنىڭچە بۇ سوراق ئاخىرلاشتى. سىزگە دېسەم سىڭلىم، سىز ئۆزىڭىزنى قەتئىي ئاقلىيالمىدىڭىز، پەقەتلا. سىز ئەمدى سىرتتا ساقلاپ تۇرسىڭىز، مەن سىزنىڭ... ھېلىقى ئايال بىلەن بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىشىمەن.

لەيلا دەسلەپتە قارشىلىق كۆرسەتتى، ئارقىدىن ۋارقىراشقا باشلىدى. ئاخىرىدا ساقچى بىرنەچچە ئەرنى ياردەمگە چاقىرىپ، لەيلانى ئىشخانىدىن سۆرەپ ئاچىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇلار مەريەمنى پەقەت بىرنەچچە مىنۇت سوراق قىلدى. ئۇ ئىشخانىدىن تىترىگەن ھالدا قايتىپ چىقتى.

— ئۇ مەندىن شۇنداق كۆپ سوئاللارنى سورىدى، — دېدى ئۇ، — مېنى كەچۈرۈڭ، لەيلا. مەن سىزدەك ئەقىللىك ئەمەسكەنمەن. ئۇ مەندىن شۇنداق كۆپ سوئاللارنى سورىدى. مەن ئۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمىدىم. مېنى كەچۈرۈڭ.

— ياق، ئۇ سىزنىڭ خاتالىقىڭىز ئەمەس، مەريەم، — دېدى لەيلا تۆۋەن ئاۋازدا، — بۇ مېنىڭ، ھەممىسى مېنىڭ خاتالىقىم. ھەممىسى مېنىڭ خاتالىقىم.

ساقچى ماشىنىسى ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا، سائەت ئالتە بولغانىدى. شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان مۇجاھىددىن ئارقا ئورۇندۇقتىكى لەيلا بىلەن مەريەمگە

ماشىنىدىن چۈشمەي ساقلاشقا بۇيرۇق قىلدى. شوپۇر ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى قاقتى. ئۇ رەشىدكە بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلغاندىن كېيىن، لەيلا بىلەن مەريەمگە ماشىنىدىن چۈشۈشكە شەرەت قىلدى.

— ئۆيۈڭلارغا قايتىپ كەلگىنىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن، — دېدى ئالدى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئادەم قولىدىكى تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرغاچ.

— سەن، — دېدى ئۇ مەريەمگە قاراپ، — سەن بۇ يەردە تۇر.

مەريەم سافاغا كېلىپ ئولتۇردى.

— سەن ئىككىڭ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىق، — دېدى رەشىد لەيلانىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئىتتىرىپ.

رەشىد ئۈچىسىدىكى ئىشقا كىيىپ بارغان كىيىمى بىلەن پۇتىدىكى ئايىغىنى تېخى ئالماشتۇرمىغان بولۇپ، بىر سائەت ياكى بىرنەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدا ھەربىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچچىقىدا بار كۈچى بىلەن ئېچىپ، ئۇلارنى ئىزدىگەنلىكى ئېنىق ئىدى.

لەيلا پەشتاقتىن چىقىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىۋاتقان رەشىدكە بۇرالدى.

— ئۇنىڭ بۇنداق قىلغۇسى يوق ئىدى، — دېدى لەيلا، — مەن ئۇنى بىللە كېتىشكە زورلىغان. ئۇنىڭ ماڭغۇسى يوق ئىدى.

لەيلا تۇيۇقسىز ئۆزىگە ئېتىلغان مۇشت بىلەن يەرگە يىقىلدى. ئۇ كۆزلىرى يوغان ئېچىلغان، يۈزى چوغدەك قىزارغان ھالدا جىددىي نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆكرەك سۆڭىكى بىلەن قورسىقى خۇددى تېز سۈرئەتتە كېلىۋاتقان ماشىنا سوقىۋالغاندەك ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇ ئەزىزەنى يەرگە تاشلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەزىزە چىرقىراپ يىغلىماقتا ئىدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم نەپەس ئالماقچى بولدى ـ يۇ، قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. جاۋغىيىدىن شۆلگەي ئېقىۋاتاتتى.

رەشىد لەيلانى چىچىدىن تارتىپ سۆرەشكە باشلىدى. لەيلا ئەزىزەنىڭ يەردىن كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، كىچىككىنە پۇتلىرىدىكى ساپما كەشىنىڭ يەرگە چۈشكىنىنى كۆردى. لەيلانىڭ چاچلىرى يۇلۇنۇپ، كۆزلىرى ئاغرىق ئازابىدىن ياشقا تولغانىدى. رەشىد مەريەمنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى پۇتى بىلەن تېپىپ ئېچىپ، لەيلانى سۆرەپ ئەكىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىچىنى قويۇۋەتتى. ئەزىزەنى كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. ئۇنىڭ تاپىنىدىن كىرگەن ئاغرىق سول كاسىسىغا بېرىپ توختىدى. ئىشىك يېپىلىپ، قۇلۇپنىڭ ئېتىلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئەزىزە تېخىچە چىرقىرىماقتا ئىدى. لەيلا يەردە نەپىسى ئۆلاشماي تولغىنىپ ياتاتتى. ئۇ قوللىرىنى تەسلىكتە سوزۇپ، ئەزىزە ياتقان كارىۋاتقا قاراپ ئۆمىلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستىنقى قەۋەتتىن تىللاش، چىرقىراشلار ئەمەس، بەلكى قاتتىق ئۇزۇن تاسمىنىڭ يۇمشاق بەدەنگە «پاق، پاق» قىلىپ رىتىملىق ئۇرۇلغان، تامغا ئۇستۇرۇلگەن، كېيىمنىڭ يىرتىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاردىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بىرسىنىڭ قاچقان، يەنە بىرسىنىڭ ئۈن ـ تىنسىز ھالدا قوغلىغان ئاياغ تىۋىشىغا ئەگىشىپ، ئىشكاپ ئۆرۈلۈپ، ئەينەك چېقىلغان، تاسمىنىڭ ئۇرۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

لەيلا ئەزىزەنى قولىغا ئالدى. ئەزىزە سىيىپ، لەيلانىڭ كۆڭلىكىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى.

ئاستىنقى قەۋەتتىكى يۈگۈرۈشلەر، ئارقىدىن قوغلاشلار ئاخىر توختاپ، مانا ئەمدى ئېشەكنىڭ بېقىنىغا ئۇرۇلغان چىۋىقنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلانغان تاسمىنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى.

لەيلا تاسمىنىڭ ئاۋازى توختىغۇچە ئەزىزەنى باغرىغا بېسىپ تەۋرەتتى. تۆۋەندىن سىيرىلما ئىشىكنىڭ ئېچىلىپ، يەنە يېپىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. لەيلا ئەزىزەنى يەرگە قويۇپ، دېرىزىدىن رەشىدنىڭ مەريەمنىڭ بويىنىدىن سۆرەپ، ھويلىنىڭ قارشى تەرىپىگە ماڭغانلىقىنى كۆردى. يالاڭ ئاياغ مەريەم ئالدىغا

مۇدۇرۇپ يىقىلدى. ئۇستىبېشى قانغا مىلەنگەن مەريەمنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئالدى ئايىغىغىچە يىرتىلغانىدى. رەشىدنىڭ قوللىرىمۇ قىپقىزىل قانغا بويالغانىدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، مەريەم! — دەپ ۋارقىرىدى لەيلا كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزغان ھالدا.

رەشىد مەريەمنى زاپچاس قويىدىغان ئامبار ئۆيگە سۆرەپ ئەكىرىپ، ئارقىدىنلا بىر قولىدا بىرنەچچە تاختاي، يەنە بىر قولىدا بولقا تۇتقان ھالدا ئۆزى يالغۇز قايتىپ چىقتى. ئۇ ئامبار ئۆينىڭ قوش ئىشىكىنى يېپىپ، يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئالدى ـ دە، يوغان قۇلۇپنى ئىشىكنىڭ ھالقىسىغا سېلىپ قۇلۇپلىدى. ئۇ ئىشىكنى ئىتتىرىپ، قۇلۇپلانغانلىقىنى جەزم قىلغاندىن كېيىن، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، پەشتاققا ياماشتى.

ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتمەي، دېرىزىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن رەشىد لەيلانىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئاغزىنىڭ بىر تەرىپىدە بىر تال مىخ چىشلىۋالغانىدى، قېشىنىڭ ئۈستىدە قان ئۇيۇپ قالغان رەشىدنى كۆرگەن ئەزىزە چۆچۈگەن ھالدا لەيلانىڭ قولتۇقىغا باشچىلاپ كىرىپ كەتتى.

رەشىد قولىدىكى تاختاينى دېرىزىنىڭ ئۈستىدىن مىخلاشقا باشلىدى.

ئۆي ئىچىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى، رەشىد تاختاينىڭ ئارىلىقىدىكى يوچۇقلارنى بىرنەرسىلەرنى تىقىپ ئېتىپ، ئىشىكنىڭ ئاستىدىكى يوچۇقنى يۆتكىگىلى بولمايدىغان ئېغىر نەرسە بىلەن توسۇۋەتتى. قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچ سالىدىغان ئېغىزىغىمۇ بىرنەرسە تىقىۋەتتى. لەيلانىڭ ئەمدى كۆزلىرى ئارقىلىق ۋاقىتنى بىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت ساق قۇلىقى ئارقىلىق ئاڭلىغان ئەزان ئاۋازى ۋە خورازنىڭ چىللىشىدىنلا سەھەر بولغانلىقىنى پەرەز قىلدى. تۆۋەنكى قەۋەتتە ئاڭلانغان تەخسىنىڭ تاراڭلىغان ئاۋازى بىلەن رادىيونىڭ

ئاۋازى كەچ بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

بىرىنچى كۈنى، قاراڭغۇدا لەيلا بىلەن ئەزىزە بىر - بىرسىگە پات - پات ئۈسۈشۈپ كەتتى. لەيلا ئەزىزە يىغلىغاندا ياكى يەردە ئۆمىلىگەندە ئۇنى كۆرەلمەيتتى.

— سۈت، — دېدى ئەزىزە يىغلاپ، — سۈت...

— بىردەم تۇرۇپ، — دېدى لەيلا. ئۇ قىزىنىڭ پېشانىسىغا سۆيمەكچى بولۇپ ئېڭىشتى - يۇ، ئۇنىڭ بېشىنىڭ چوققىسىغا سۆيگەنلىكىنى ھېس قىلدى، — بىردەم تۇرۇپ سىزگە سۈت ئەكېلىپ بېرەي. سەل سەۋر قىلىڭ، قوزام. سەۋر قىلىڭ. ئاپىڭىز سىزگە سەل تۇرۇپ سۈت ئەكېلىپ بېرىدۇ.

لەيلا بوش ئاۋازدا ئەزىزەگە ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى.

ئەزان ئاۋازى ئىككىنچى قېتىم ئاڭلاندى. رەشىد ئۇلارغا تاماق تۇگۇل، سۇمۇ ئەكىرىپ بەرمىدى. لەيلا تىلىنى يالىغان ھالدا ئۆيىنىڭ سىرتىدىكى قۇدۇقنىڭ سوغۇق سۈيىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئەزىزە توختىماي يىغلاۋاتاتتى. لەيلا ئۇنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتمەكچى بولۇپ قولىنى سوزدى. لېكىن، ئەزىزەنىڭ يۈزى قۇرۇق ئىدى. ئۇ ئەزىزەنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپ، قولى بىلەن يەرنى سىلاپ، ئەزىزەنى يەلپۈيدىغان بىرنەرسە ئىزدىدى. ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشى قايغۇچە ئۇنى ئاغزى بىلەن پۈۋلەشكە مەجبۇر بولدى. ئەزىزەمۇ ئۆمىلەشتىن توختاپ، بىرنەچچە قېتىم ئۇخلاپ، يەنە ئويغاندى. لەيلا بارلىق كۈچىنى مۇشتۇمىغا يىغىپ تامنى مۇشتلىدى. قوشنىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىنى تىلەپ، ياردەم سوراپ ۋارقىرىدى. لېكىن، ھېچكىم ياردەمگە كەلمىدى. ئەزىزە بولسا قورقۇپ بوغۇق ئاۋازدا يىغلايتتى. لەيلا قانغا مىلەنگەن مەريەمنىڭ تومۇزنىڭ مۇشۇ ئىسسىقىدا ئامبارغا قامالغان ھالىتىنى چوڭقۇر ئۆپۈشايمان ئىلكىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

لەيلا ئاخىر ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ بەدىنى ئىسسىقتا چىلىق تەرگە چۆمۈلگەنىدى. ئۇ چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇ ئەزىزەنى ئادەم كۆپ بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىدا كۆتۈرۈپ تۇرغۇدەك. تارىق بولسا

كوچىنىڭ قارشى تەرىپىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، سىپۋەتتىن ئەنجۈر ئېلىپ يەۋاتقۇدەك. «ئۇ سىزنىڭ دادىڭىز، — دېگۇدەك لەيلا ئەزىزەنىڭ قۇلىقىغا، — ئۇنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇ سىزنىڭ ھەقىقىي دادىڭىز.» ئۇ تارىقنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرغۇدەك. لېكىن، كوچىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشكەچكە، تارىق ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغۇدەك.

يىراقتىن ئاڭلانغان ئوق ئاۋازى لەيلانى ئويقۇدىن ئويغاتتى. لەيلا كۆرۈشكە نېسىپ بولمىغان ئاشۇ ئاسماندا توختىماي ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلانماقتا ئىدى. لەيلا يەنە كۆزىنى يۇمدى. ئۇ رەشىدنىڭ كارىدوردا ماڭغان ئېغىر ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، يەنە كۆزىنى ئاچتى - دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى.

— بىر ئىستاكان سۇ، رەشىد. مېنى دەپ ئەمەس، ئاشۇ نارەسىدە ئۈچۈن بىر ئىستاكان سۇ بېرىڭ، مەن ئۆتۈنۈپ قالاي. سىز ئۇنىڭ جېنىغا قەرز بولۇپ قالماڭ.

رەشىدنىڭ كارىدوردىن ئۆتۈپ كەتكەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان لەيلا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى. رەشىدتىن گۇناھىنى تىلىدى. ئۇنى غەزەپ بىلەن تىللاشقا باشلىدى. رەشىد ئىشىكنى ياپتى. ئارقىدىن رادىيونىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئەزان ئاۋازى ئۈچىنچى قېتىم ئاڭلاندى. ئەتراپ چىدىغۇسىز ئىسسىشقا باشلىدى. ئەزىزە يىغلاشتىن، ھەتتا مىدىراشتىنمۇ توختىغانىدى. لەيلا قۇلىقىنى ئەزىزەنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىپ، ئۇنىڭ تىنىقىنى ئەنسىزلىك بىلەن تىڭشايتتى. ئەنە شۇنداق مىدىرلاشلار بىلەنمۇ لەيلانىڭ بېشى قېيىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشاتتى. ئۇ بىردەم ئۇيقۇغا كەتسە، بىردەم كۆزىنى ئېچىپ، ئەزىزەنىڭ نەپىسىنى تىڭشاپ، ئاجىز سوقۇۋاتقان بويۇن تومۇرىنى تۇتقاندىن كېيىن قايتا يەردە ياتاتتى. لەيلا ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ قالىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. لېكىن، ئۇ كىچىككىنە ئەزىزەنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن جان ئۈزۈشىدىن

قورقاتتى. ئەزىزە بۇ ئازابقا قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟ ئەزىزە بۇ چىدىغۇسىز ئىسسىقتا ئۇزاققا قالماي جان ئۈزىدۇ. لەيلا ئۇنىڭ جانسىز جەسىتىنىڭ يېنىدا ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتۈپ ياتىدۇ. ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچقاندىن كېيىن يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ ئەمدى ئۇخلىمۇ، چۈشىمۇ، پەرق ئېتەلمىدى.

ئۇ بۇ قېتىم ئەزاننىڭ ياكى خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازىدىن ئەمەس، ئېغىر بىرنەرسىنىڭ سۆرەلگەن ئاۋازىدىن ئويغاندى. بىرنەرسىنىڭ شاراقشىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۆينىڭ ئىچى يورۇدى. لەيلا كۈچلۈك نۇردا كۆزىنى مەھكەم يۇمۇۋالدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزىنى ئېچىشقا تىرىشتى ـ يۇ، قولى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋالدى. ئۇ قولىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن ئالدىدا قاراپ تۇرغان سايىنى كۆردى. سايە لەيلاغا قاراپ كېلىپ، يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. لەيلانىڭ قۇلىقىغا ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئەگەر سەن يەنە مۇشۇنداق قىلساڭ، مەن سېنى قەيەردە بولساڭ تېپىۋالىمەن. مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ نامىدا قەسەم قىلاي. سېنى تاپقاندا، بۇ خۇدا ئۇرغان دۆلەتتە مېنى سوراققا تارتىدىغان سوت يوق. دەسلەپتە مەريەمنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ماۋۇ كىچىك شۇمقۇشنى، ئاخىرىدا سېنى ئۇ دۇنياغا يولغا سالىمەن. ساڭا ئۇلارنىڭ قانداق ئۆلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىمەن.

رەشىد توختاپ، لەيلانىڭ بىقىنىغا قاتتىق بىرنى تەپكەندىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. لەيلانىڭ ئاغزىغا قان يىغىلدى.

# ئوتتۇز يەتتىنچى باب

## مەريەم

1996 ـ يىلى 9 ـ ئاي.

ئىككى يېرىم يىلدىن كېيىن 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سەھەردە ساليۇتلار ئېتىلىپ، مۇزىكا ئاۋازى ھەر تەرەپتە ياڭراشقا باشلىدى. كوچىلاردا كىشىلەرنىڭ تەنتەنە بىلەن چۇرقىراشقان ئاۋازىدىن ئويغانغان مەريەم مېھمانخانا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى. لەيلا دېرىزىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئەزىزە بولسا ئۇنىڭ مۈرىسىگە مىنگىشىۋالغانىدى. لەيلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، مەريەمگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— تالىبانلار شەھەرگە كىرىپتۇ، — دېدى ئۇ.

مەريەم ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، 1994 ـ يىلى ئۆكتەبىردە، تالىبانلار توغرۇلۇق ئاڭلىغانىدى. ئۇ چاغدا، رەشىد ئۆيگە تالىبانلارنىڭ قەندەھاردىكى مىلىتارىستلارنى يېڭىپ، شەھەرنى ئىشغال قىلغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. رەشىدنىڭ ئېيتىشىچە، تالىبانلار پارتىزانلار ئەترىتى بولۇپ، ئائىلىسى سوۋېت ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە پاكىستانغا قېچىپ كەتكەن ياش پاشتۇنلاردىن تەركىب تاپقانىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئافغانىستان ـ پاكىستان چېگراسى يېنىدىكى پاناھلىق لاگېرىدا چوڭ بولغان ياكى شۇ يەردە تۇغۇلغان، پاكىستاندىكى مەدرىسىلەردە موللىلاردىن شەرىئەت توغرۇلۇق تەلىم ئالغانىكەن. ئۇلارنىڭ رەھبىرى موللا ئۆمەر كېلىپ چىقىشى ئېنىق بولمىغان، ساۋاتسىز، يەكچەشمە كىشى بولۇپ،

ئۆزىنى «مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى» دەپ ئاتايدىكەن.

— ئۇلارنىڭ ھېچقانداق يىلتىزى — تارىخى يوقلۇقى راست، — دېگەنىدى رەشىد. ئۇنىڭ لەيلاغا ياكى مەريەمگە قاراپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. لەيلا بىلەن مەريەمنىڭ قېچىش پىلانى مەغلۇپ بولغاندىن بۇيان، رەشىد ئۇچۇن ئۇلار ئوخشاشلا قارا نىيەت، ۋاپاسىز مەخلۇقلارغا، ئۇنىڭ نەپرىتىدىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان بىرنەرسىلەرگە ئايلانغانىدى. بەزى چاغلاردا، رەشىد ئۆز - ئۆزىگە ياكى ئۆي ئىچىدە كۆرۈنمەيدىغان بىر ئىنسانغا گەپ قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— بەلكىم ئۇلارنىڭ تارىخى يوقتۇر، — دەيتتى ئۇ تاماكىسىنى تورۇسقا قاراپ پۈۋلەپ، — ئۇلار بۇ دۇنيا توغرۇلۇق ياكى بۇ دۆلەتنىڭ تارىخى توغرۇلۇق ھېچ نەرسە بىلمەيدىغاندۇر، توغرا، ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، مەريەم خۇددى بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پىروفېسسورى ھېسابلىنار. لېكىن، ئەتراپىڭغا قاراپ باق. نەگە قارىساڭ، پارىخور، ئاچ كۆز مۇجاھىددىن كوماندىرلىرىنىڭ چىشلىرىنى بىلىشىپ، خىروئىن سانقان پۇللار بىلەن يانچۇقلىرىنى توملاپ، بىر - بىرىگە جىھاد جاكارلاپ، ئوتتۇرىدا قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈشۈپ يۈرگىنىنى كۆرسەن شۇ. ھېچبولمىغاندا، بۇ تالىبانلار ساپ، چىرىكلەشمىگەن ھەقىقىي مۇسۇلمان يىگىتلەر. ئىنشائاللا، ئۇلار كېلىپلا قالسا، بۇ يەرنى پاكپاكىز تازىلاپ چىقىدۇ. بۇ يەرگە تىنچلىق ۋە تۈزۈم ئېلىپ كېلىدۇ. سۈت ئالغىلى چىققان بىگۇناھ ئادەملەر بىكاردىن ئوق يەپ ئۆلمەيدۇ. ئوقلار ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرمەيدۇ. ئويدان ئويلاپ باق.

ئىككى يىلدىن بېرى تالىبانلار كابۇلغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىپ، شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى. ئۇلار ھازارەلەرنىڭ كوماندىرى ئابدۇل ئالى مازارىنى تۇتۇۋېلىپ، قەتل قىلدى. كابۇلغا يېقىنلاشقاندا بولسا شەھەرنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ئورۇنلىشىپ،

ئەھمەد شاھ مەسئۇدنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئېتىشتى. 1996 ـ يىلى جالالئاباد بىلەن ساروبى شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلدى.

ــ ئۇلارنىڭ مۇجاھىددىنلاردا يوق بىر خىسلىتى شۇكى، ــ دېدى رەشىد، ــ ئۇلاردا بىرلىك بار. ئۇلار بۇ يەرگە كەلسە، مەن بىرىنچى بولۇپ ئۇلارنىڭ يولىغا ئەتىرگۈل بەرگىنى چاچىمەن.

ئەنە شۇ كۈن يېتىپ كەلگەندە، رەشىد شەھەرگە يېڭىدىن قەدەم باسقان يېڭى دۇنيانىڭ يېڭى رەھبەرلىرىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، لەيلا بىلەن مەريەمنى بىر ئاپتوبۇسنىڭ يېنىدىن يەنە بىر ئاپتوبۇسنىڭ يېنىغا باشلاپ باردى. كىشىلەر خارابىلىككە ئايلانغان مەھەللىلەردىن، توپا ـ كېسەكلەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ، كوچىلارغا قاراپ يول ئالدى. لەيلا بىر ياشانغان ئايالنىڭ چىشسىز ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كۈلۈمسىرىگىنىچە، قولىدىكى گۈرۈچلەرنى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارغا قارىتىپ چېچىۋاتقانلىقىنى كۆردى. تاملىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر بىنانىڭ يېنىدا ئىككى ئادەم ھاياجان بىلەن قۇچاقلىشىپ تۇراتتى. ئەتراپنى ئىسقىرتىشلار، چۇرقىراشلار، ئۆينىڭ ئۆگزىلىرىدە ئېتىلغان ساليۇتلارنىڭ ئاۋازلىرى بىر ئالغانىدى.

ئۇنئالغۇدا قويۇلۇۋاتقان دۆلەت شېئىرىنىڭ ئاۋازى ماشىنا كانايلىرىنىڭ ئاۋازلىرى بىلەن بەسلەشمەكتە ئىدى.

ــ مەريەم قارا! ــ دېدى ئەزىزە. ئۇ قولى بىلەن جادېھ مايۋان تەرەپتىن مۇشتۇملىرىنى كۆتۈرۈپ، يىپقا چىگىلگەن كونىپىرۋا قۇتىلىرىنى سۆرىگەن ھالدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر توپ بالىنى كۆرسەتتى. ئۇلار مەسئۇد بىلەن رابباننىڭ كابۇلدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ چۇرقىراشماقتا ئىدى. ئەتراپتا كىشىلەرنىڭ «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ياڭرايتتى. مەريەمنىڭ جادېھ مايۋاندىكى بىنانىڭ دېرىزىسىدىن ساڭگىلاپ چۈشكەن يوتقان كىرلىكىگە كۆزى چۈشتى. ئۇنىڭغا «تالىبانلار ياشىسۇن!» دېگەن سۆز يوغان قىلىپ يېزىلغانىدى. يول بويىدىكى ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىگە ۋە ئىشىكلىرىگە

مىخلانغان تاختايلارغا، ئاپتوموبىللارنىڭ ئانتېننالىرىغا چىگىلگەن لاتىلارغىمۇ ئوخشاش سۆزلەر يېزىلغانىدى.

مەريەم رەشىد، لەيلا ۋە ئەزىزە بىلەن بىرلىكتە پاشتۇنىستان مەيدانىدا تۇنجى قېتىم تالىبانلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. مەيدانغا يىغىلغان كىشىلەر توپى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغانىدى، ئۇلار بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، كۆك فونتاننىڭ تاملىرىغا يامىشىپ، مەيدانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قايبەر رېستورانىنىڭ يېنىغا قاراشماقتا ئىدى. رەشىد ئۆزىنىڭ يوغان بەستى بىلەن ئەتراپتىكىلەرنى ئىتتىرىپ ئۆتۈپ، لەيلا بىلەن مەريەمنى كاناي تۇتۇپ سۆزلەۋاتقان بىرسىگە يېقىن جايغا باشلاپ كەلدى.

ئەزىزە ئۇ كىشىنى كۆرۈپ، ھېيىققان ھالدا يۈزىنى مەريەمنىڭ بۇرقىسىغا چۆمكىدى. بېشىغا قارا ئافغان دوپپىسى كىيگەن، ياداڭغۇ كەلگەن، ساقاللىق يىگىت مىكروفوندا سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ بىر قولىدا مىلتىق تۇتۇپ، ۋاقىتلىق ياسالغان قۇرۇلۇش جازىسىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ بىر تەرىپىدىكى قاتناش چىرىغىنىڭ تۈۋرۈكىدە قانغا مىلەنگەن ئىككى جەسەت ئېسىقلىق تۇراتتى. جەسەتلەرنىڭ كىيىملىرى يىرتىق، يۈزلىرى ئىششىپ كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

— مەن ئۇنى بىر يەردە كۆرگەن، — دېدى مەريەم، — سول تەرەپكە ئېسىلغان ئاۋۇ ئادەمنى.

مەريەمنىڭ ئالدىدا تۇرغان ياش ئايال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۇ كىشىنىڭ نەجىبۇللا ئىكەنلىكىنى، يەنە بىر جەسەتنىڭ نەجىبۇللانىڭ ئىنىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستاننى بېسىۋالغان مەزگىللەردە، مەريەم نەجىبۇللانىڭ شاپ بۇرۇتلۇق چىرايىنى كوچىلاردىكى تاختىلاردا، دۇكانلارنىڭ دېرىزىلىرىگە چاپلانغان سۈرەتلىرىدە كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى.

مەريەم يەنە تالىبانلارنىڭ نەجىبۇللانى دارۇلئامان ئوردىسىنىڭ يېنىغا جايلاشقان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خىزمەت بىناسىنىڭ ئىچىدىكى پاناھلىق رايونىدىن سۆرەپ ئاچىقىپ، سائەتلەپ قىيىن ـ قىستاققا ئالغاندىن كېيىن، پۇتىنى تانا بىلەن چىگىپ، جەسىتىنى ماشىنا بىلەن سۆرەپ، كوچىلاردا سازايى قىلغانلىقىنى ئاڭلىدى.

— ئۇ نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈردى ! — دەپ سۆزلەشكە باشلىدى ياش تالىپ مىكروفونغا يېقىن كېلىپ. ئۇ بىردەم پاشتۇنچە تەلەپپۇز بىلەن پارسچە سۆزلىگەندىن كېيىن، يەنە پاشتۇنچە سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ مىلتىقى بىلەن جەسەتلەرنى ئىشارەتلەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ھەممىگە ئايان. ئۇ كوممۇنىست، كۇپپاردۇر. مانا بۇ ئىسلامغا قارشى چىققان كۇپپارلارنىڭ ئاقىۋىتى !

رەشىد ھىجىيىشقا، ئەزىزە يىغلاشقا باشلىدى.

ئەتىسى كابۇلنى «تويوتا» ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىللىرى بىر ئالدى. قائىرخانىدىن تارتىپ شارىناۋغىچە، كارتىھ پارۋانىدىن تارتىپ ۋەزىر ئەكبەرخانغىچە بولغان كوچىلارنى قىزىل رەڭلىك «تويوتا» ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىللىرى قاپلىدى. ئاپتوموبىللارنىڭ كوزۇپلىرىدا باشلىرىغا قارا رەڭلىك ئافغان دوپپىسى كىيگەن ساقاللىق ئەرلەر قوراللىرىنى مەھكەم تۇتقان ھالدا ئولتۇرۇشاتتى. ھەربىر ئاپتوموبىلدىكى يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدىن دەسلەپتە پارسچە، ئارقىدىن پاشتۇنچە ئۇقتۇرۇشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئوخشاش ئۇقتۇرۇشلار مەسچىتنىڭ مۇنارلىرىدىكى كانايلاردىن، ھەتتا رادىيودىنمۇ قايتا ـ قايتا ئاڭلىتىلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇقتۇرۇشلار قەغەزلەرگىمۇ بېسىلىپ، كوچىلارغا چېچىۋېتىلگەنىدى. مەريەم ئارقا ھويلىدىنمۇ ئاشۇ تەشۋىقات قەغىزىدىن بىرنى تېپىۋالدى.

بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ھازىردىن ئېتىبارەن «ئافغانىستان

ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. پۇقرالار تۆۋەندىكى قانۇنلارغا چوقۇم بويسۇنۇشى كېرەك:

ھەربىر پۇقرا چوقۇم بەش ۋاق ناماز ئوقۇشى لازىم. ئەگەر ھەرقانداق ئادەم ناماز ۋاقتىدا باشقا ئىش قىلىپ تۇتۇلۇپ قالسا، تاياق بىلەن ئۇرۇلۇپ جازالىنىدۇ.

بارلىق ئەرلەر ساقاللىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈشى شەرت. ساقالنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئېڭەكتىن بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا بولۇشى لازىم. ئەمەل قىلمىغانلار تاياق بىلەن ئۇرۇلۇپ جازالىنىدۇ.

ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى بېشىغا دوپپا كىيىشى لازىم. 1 ـ يىللىقتىن 6 ـ يىللىققىچە ئوقۇۋاتقان ئوغۇللار قارا دوپپا كىيىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن يۇقىرى يىللىقتىكى ئوغۇللار ئاق دوپپا كىيىشى كېرەك. ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى ئىسلامغا ئۇيغۇن كىيىنىشى، كۆڭلەكنىڭ ياقىسىنىڭ تۈگمىسى چوقۇم ئېتىلگەن بولۇشى شەرت. ناخشا ئېيتىش ۋە ئۇسسۇل ئويناش مەنئى قىلىنىدۇ. قارتا ئويناش، شاھمات ئويناش، قىمار ئويناش، لەگلەك ئۇچۇرۇش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. كىتاب يېزىش، كىنو ـ تېلېۋىزور كۆرۈش، رەسىم سىزىشقىمۇ يول قويۇلمايدۇ. ئەگەر ئۆيلەردە ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق شاتۇت بېقىلسا ئۆي ئىگىسى تەن جازاسىغا تارتىلىدۇ. شاتۇت قەتل قىلىنىدۇ. ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ قولى كېسىۋېتىلىدۇ. ئەگەر ئوغرىلىق قىلمىشى قايتا تەكرارلانسا، شۇ كىشىنىڭ پۇتى كېسىپ تاشلىنىدۇ. يات دىندىكىلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا كۆرۈنىدىغان جايدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغانلارغا تەن جازاسى بېرىلىدۇ، تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. مۇسۇلمانلارنى يات دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا كۈشكۈرتۈشكە ئۇرۇنغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

ئاياللار دىققەت:

سىلەر داۋاملىق ئۆي ئىچىدە بولۇشۇڭلار لازىم. ئاياللارنىڭ كوچىدا بىكار ئايلىنىپ يۈرۈشى شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. سىرتقا چىقىشقا توغرا كەلگەندە، چوقۇم مەھرەم — ئەر

تۇغقىنىڭلارنىڭ ھەمراھلىقىدا چىقىشىڭلار كېرەك. كوچىدا يالغۇز يۈرۈپ، تۇتۇلۇپ قالغانلار تەن جازاسىغا ئۇچرايدۇ، ئۆيگە ھەيدىلىدۇ. سىرتتا يۈرگەندە ئۇستىبېشىنى چوقۇم بۇرقا بىلەن ئورىشى لازىم. ئۇنداق قىلمىغانلار قاتتىق تەن جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

گىرىم قىلىش ۋە زىننەت بويۇملىرىنى تاقاش مەنئى قىلىنىدۇ. ئېسىل كىيىم كىيىشمۇ قانۇنغا خىلاپ. ھەرقانداق ۋاقىتتا باشقىلاردىن بۇرۇن سۆز باشلاش، ئەرلەر بىلەن كۆز ئۇچراشتۇرۇش قاتتىق چەكلىنىدۇ.

ئاممىۋى سورۇندا كۈلۈشكە يول قويۇلمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار تەن جازاسىغا تارتىلىدۇ. تىرناق بوياشقا بولمايدۇ. تىرناق بويىغانلارنىڭ بارمىقى كېسىپ تاشلىنىدۇ.

قىزلارنىڭ مەكتەپكە بېرىشى چەكلىنىدۇ. قىزلار ئۇچۇن ئېچىلغان مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى دەرھال تاقىۋېتىلىدۇ. ئاياللارنىڭ خىزمەت قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. زىنا قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغانلار چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ھەرقانداق كىشى قانۇن ـ تۈزۈملەرگە بويسۇنۇشى شەرت. ئاللاھۇئەكبەر.

رەشىد رادىيونى ئۆچۈرۈۋەتتى. ئۇلار مېھمانخانا ئۆيدە ئولتۇرۇپ كەچلىك تاماق يەۋاتاتتى. نەجىبۇللانىڭ جەسىتى ئېسىلىپ سازايى قىلىنغانغا تېخى بىر ھەپتىمۇ بولمىغانىدى.

— ئۇلار نوپۇسنىڭ يېرىمىنى سىرتقا چىقماي ئۆيدە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلالمايدۇ، — دېدى لەيلا.

— نېمىشقا ئۇنداق قىلالمىغۇدەك؟ — دەپ سورىدى رەشىد.

مەريەم تۇنجى قېتىم رەشىدنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى. ئۇ لەيلا بىلەن مەريەمنى دەل شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىدىغۇ؟ لەيلا ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردىغۇ؟

— بۇ يەر يېڭى ئەمەس. بۇ يەر دېگەن كابۇل. ئاياللار بۇ يەردە ئەزەلدىن ئادۋوكاتلىق، دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

تېخى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.
رەشىد دىمىقىنى قاقتى.
— سەن ئۆزۈڭنىڭ ئۈنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەن، شېئىر ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ ھاكاۋۇر قىزى ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالماپسەن - دە. سېنىڭ قالتىس شەھەرلىكلىكىڭ، قالتىس تاجىك ئىكەنلىكىڭ مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. سەن بۇ رادىكال ئىدىيەلەرنى تالىبانلار يېڭىدىن ئىجاد قىلدى، دەپ ئويلامسەن؟ سەن ئۆزۈڭنىڭ بۇ ئېسىل كابۇلۇڭنىڭ سىرتىغا بىرەر قەدەم بېسىپ باققانمۇ، ۋاي گۇلۇم؟ بىرەر قېتىم ئافغانىستاننىڭ جەنۇبىغا ياكى شەرقىگە، ياكى پاكىستاننىڭ چېگراسىغا يېقىن جايلاردىكى قەبىلە رايونلىرىغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىش خىيالىڭغا كەلگەنمۇ؟ مانا مەن ھەممە يەرنى كۆرگەن. ساڭا دېسەم، بۇ دۆلەتنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا كىشىلەر مۇشۇ يول بىلەن ياشايدۇ. ھېچ بولمىغاندا ئوخشاپراق كېتىدىغان قائىدە - تۈزۈملەر بىلەن ياشايدۇ. سېنىڭ ئۇلارنى بىلەلىشىڭ مۇمكىن ئەمەس.
— مەن ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن.
— تالىبانلارنىڭ نەجىبۇللاغا قىلغانلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى چاقچاق قىلمايدۇ، دەپ ئويلايمەن، — دېدى رەشىد، — سەنچە شۇنداق ئەمەسمۇ؟
— ئۇ دېگەن كوممۇنىست ! ئىشپىيونلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى.
رەشىد كۈلۈپ كەتتى. مەريەم ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن ئۇنىڭ جاۋابىنى بىلىپ بولدى. تالىبانلارنىڭ كۆزىدە، نەجىبۇللانىڭ كوممۇنىست، ئىشپىيونلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان گۇناھى ئۇنى ئاياللارنىڭ ئايال بولۇپ قالغان گۇناھىدىن سەل پەرقلەندۈرەلەيتتى، خالاس.

# ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

## لەيلا

لەيلا تالىبانلارنىڭ ئافغانىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان بۇ كۈنلەرنى دادىسىنىڭ كۆرمىگەنلىكىگە خۇشال بولدى. ئەگەر دادىسى ھايات بولغان بولسا، بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ چوقۇم قاتتىق ئازابلانغان بولاتتى.

ئەرلەر پالتىلىرى بىلەن كابۇل مۇزېيىنى ئۇرۇپ ـ چېقىپ، مۇجاھىددىنلاردىن ئېشىپ قالغان ئاسارئەتىقە بۇيۇملىرىنى بۇزۇپ، ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى قەدىمكى بۇت ھەيكەللىرىنى توپا دۆۋىسىگە ئايلاندۇردى. ئۇنىۋېرسىتېتلار تاقىلىپ، ئوقۇغۇچىلار ئۆيلىرىگە تارقىتىلدى. ماي بوياق رەسىملەر تامدىن يۇلۇپ ئېلىنىپ، پىچاقلار بىلەن كېسىۋېتىلدى. تېلېۋىزورلار يەرگە تاشلاندى. «قۇرئان كەرىم»دىن باشقا كىتابلار كۆيدۈرۈلۈپ، كىتابخانىلار تاقالدى. خېلىلى، پاجۋاك، ئەنسەرى، ھاجى دېھقان، بەيتاب، ھافىز، جامى، نىزامى، مەۋلانە، ھەييام، بېيدەللەرنىڭ شېئىرلىرى كۈلگە ئايلاندى.

لەيلا كوچىلاردا ئەرلەرنىڭ ناماز ئوقۇشتىن قاچتىڭ، دەپ ئەيىبلىنىپ، مەسچىتلەرگە تارتىپ ئەكىرىپ كېتىلگەنلىكىنى، توخۇ كوچىسىنىڭ يېنىدىكى ماركو پولو رېستورانىنىڭ سوراقخانىغا ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. بەزىدە رېستوراننىڭ قارا سىرلانغان دېرىزىسىدىن كىملەرنىڭدۇر نالە قىلىپ ۋارقىرىغان ئاۋازى خېلى يىراقتا ئاڭلىناتتى. ساقال قويمىغانلارنىڭ يۈزىنى قانغا بوياشقا تەييار تۇرغان ساقاللىق

ئەسكەرلەر بىلەن تولغان «تويوتا» ماركىلىق قىزىل رەڭلىك يۈك ئاپتوموبىللىرى ھەممە يەردە ئۇچرايتتى.

ئۇلار كىنوخانىلارنىمۇ تاقىۋەتكەنىدى. «كىنو مەيدانى»، «ئارىيانا» ۋە «ئارىيۇپ» كىنوخانىلىرى تاقىلىپ، فىلىملەر كۆيدۈرۈۋېتىلدى. لەيلا تارىق بىلەن بىللە ئاشۇ كىنوخانىلاردا ھىندىستاننىڭ مۇھەببەت فىلىملىرىنى كۆرگەنىدى. ئۇ فىلىملەردىكى ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ بىرسى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن يىراق جايغا كېتىپ قالغان، يەنە بىرسى بولسا توي قىلىشقا مەجبۇرلانغان كۆرۈنۈشلەر، يىغلاش، گۈللۈكلەردە ناخشا ئېيتىش ۋە بىر ـ بىرى بىلەن جەم بولۇش ئۈچۈن تارتقان قىسمەتلەر لەيلانىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە ئىدى. تارىق تېخى ئۇنىڭ كىنو كۆرۈۋېتىپ يىغلىغانلىقىنى مازاقمۇ قىلغانىدى.

— ئۇلار دادامنىڭ كىنوخانىسىنى قانداق قىلغاندۇ؟ — دېدى مەريەم بىر كۈنى، — ئەگەر ئۇ كىنوخانا ھېلىمۇ ئۆز ئورنىدا بولسا ياكى دادام ھېلىمۇ ئاشۇ كىنوخانىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلسا دېمەكچىمەن.

كابۇلنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە مۇزىكانتلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەدىمىي قارابات تىمتاسلىقىقا چۆمدى. مۇزىكانتلار قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. ئۇلارنىڭ راۋاب، تابلا ۋە گارمونلىرى دەسسەپ ـ چەيلىنىپ چۇل ـ چۇل قىلىۋېتىلدى. تالىبانلار تارىقنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ناخشىچىسى ئەھمەد زاھىرنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ ئوق ئېتىپ ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتتى.

— ئۇ ئادەم ئۆلگەنگە يىگىرمە يىلدىن ئاشتى. ئۇنىڭ بىر قېتىم ئۆلگىنى ھېساب بولمىغانمىدۇ؟

رەشىد تالىبانلارنى ئانچە يامان كۆرۈپ كەتمىدى. ئۇ پەقەت ساقىلىنى ئۆستۈرۈپ، مەسچىتكە بارسىلا ئاۋارىچىلىكتىن خالىي بولاتتى. ئۇ دەل شۇنداق قىلدى. تالىبانلار رەشىد ئۈچۈن

كەچۈرۈۋېتىشكە بولىدىغان، ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان، ئۆزىنى خۇش قىلىشى ياكى رەنجىتىشىنى پەرەز قىلغىلى بولمايدىغان غەلىتە ۋە شوخ مىجەز جىيەن تۇغقانغا ئوخشايتتى.

ھەر چارشەنبە كۈنى رەشىد رادىيونى «شەرىئەت ئاۋازى»غا توغرىلاپ، تالىبانلارنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغانلارنىڭ تىزىملىكىنى ئاڭلايتتى. جۈمە كۈنى بولسا غازى مەيدانىغا بېرىپ پېپسى كولا ئىچكەچ، جازا مەيدانىدىكى كۆرۈنۈشنى تاماشا قىلاتتى. كەچتە كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپ، لەيلاغا مەيداندا كىملەرنىڭ قوللىرى قانداق كېسىلگەنلىكىنى، كىملەرنىڭ قانداق ئۇرۇلغانلىقىنى، كىملەرنىڭ دارغا قانداق ئېسىلغانلىقىنى ۋە كىملەرنىڭ كاللىسىنىڭ قانداق ئېلىنغانلىقىنى قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى.

— بۈگۈن مەن بىر ئادەمنىڭ ئاكىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلىغانلىقىنى كۆردۈم.

— ئۇلار ياۋايىلار، — دېدى لەيلا.

— سەن شۇنداق ئويلامسەن؟ — دېدى رەشىد، — سەن ئۇلارنى كىمگە سېلىشتۇرۇپ شۇنداق دەيسەن؟ سوۋېتلىكلەر مىليونلاپ ئادەم ئۆلتۈردىغۇ؟ سەن مۇجاھىدىنلارنىڭ تۆت يىلنىڭ ئىچىدە قانچىلىك ئادەمنىڭ بېشىغا چىققانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئەللىك مىڭ! بىلەمسەن؟ ئەللىك مىڭ! بۇنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە ئوغرىنىڭ قولىنى كەسكەنلىك ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. ئۇنداق بولسا سەن دەپ باقە: ئەگەر بىرسى ئەزىزەنى ئۆلتۈرسە، سەن ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشنى خالىمامسەن؟

رەشىد لەيلانىڭ ئۆزىگە يىرگىنگەن ھالدا تىكىلگەنلىكىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى.

— دېمەكچى بولغىنىم، — دېدى رەشىد، — سەنمۇ شۇلارغا ئوخشاش.

— ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ رەڭگى غەلىتىلا، ئەزىزەنىڭ دەيمەن. سىنىڭچىچۇ؟ يا سىنىڭكىگە، يا مېنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ.

رەشىد ئۆرۈلۈپ لەيلاغا يۈزلەندى، بىگىز بارمىقىنىڭ مايماق تىرنىقى بىلەن لەيلانىڭ يوتىسىنى تاتىلىدى.

— مەن ساڭا دەپ قوياي، — دېدى ئۇ، — ئەگەر كۆنلەرنىڭ بىرىدە مەن خالاپ قالسام، ئەزىزەنى باشقىلارغا بېرىۋېتەلەيمەن. ئۇ چاغدا سەن قانداق قىلىسەنكىن، قېنى. ياكى بولمىسا، بىر كۈنى مەن تالىبانلارنىڭ قېشىغا كىرىپلا، ئۇلارغا ساڭا گۇمانىم بارلىقىنى ئېيتسام، ھەممە ئىش پۈتىدۇ. سېنىڭچە، ئۇلار كىمنىڭ سۆزىگە ئىشىنەر؟ سېنى قانداق بىر تەرەپ قىلار؟

لەيلا يوتىسىنى دەرھال تارتىۋالدى.

— مەنغۇ ئۇنداق قىلمايمەن، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ياق... ئۇنداق قىلماسلىقىم مۇمكىن. سەن مېنى بىلىسەن.

— سىز يىرگىنچلىك ئادەم ئىكەنسىز، — دېدى لەيلا.

— ئەجەب چوڭ گەپ قىلىسەنغۇ؟ — دېدى رەشىد، — مەن مۇشۇ ئىشىڭنى ياقتۇرمايمەن. سەن كىچىك ۋاقتىڭدا، ھېلىقى توكۇر بىلەن كوچىلاردا يۈگۈرۈپ يۈرگەن چاغلىرىڭدىمۇ، كىتاب ئوقۇيالايمەن، شېئىر يازالايمەن، دەپ ئۆزۈڭنى بەك چوڭ چاغلاپ كېتەتتىڭ. سېنىڭ ئۇ ئەقىل - پاراسەتلىرىڭ ساڭا ئەمدى نېمە قىلىپ بېرىۋاتىدۇ؟ سېنىڭ كوچىدا سەرسان بولۇپ قالماسلىقىڭغا كىم ئەسقېتىۋاتىدۇ؟ سېنىڭ بىلىمىڭمۇ ياكى مەنمۇ؟ مەن يەنە سېنىڭ ئالدىڭدا يىرگىنچلىك ئادەم بولدۇممۇ؟ مۇشۇ شەھەردىكى ئاياللارنىڭ ئاز دېگەندە يېرىمى مەندەك بىر ئەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشىدۇ. بىلەمسەن؟ بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشىدۇ.

ئۇ ئۆرۈلۈپ تورۇسقا قاراپ، تاماكىسىنى شوراشقا باشلىدى.

— سەن يوغان سۆزلەرگە ئامراققۇ؟ مەن ساڭا چوڭ سۆزدىن بىرنى ئۆگىتىپ قويا ي. دۇنيا قاراش. شۇنداق، بۇنداق دېيىشتىن مەقسىتىم دەل سېنىڭ دۇنيا قارىشىڭنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

شۇ كۈنى كەچتە لەيلانىڭ كۆڭلى ئىلىشىپ بىئارام بولدى. رەشىدنىڭ ئېيتقان ھەربىر سۆزى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى. لەيلا رەشىدنىڭ سۆزلىرىدىن بەكمۇ بىئارام بولدى.

لېكىن، ئەتىسى سەھەردە، شۇنداقلا بىرنەچچە سەھەرلەردىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ كۆڭۈل ئىلىشىشى يوقالماي، ئەكسىچە تېخىمۇ ئەۋجگە چىقتى. بۇ تونۇش ئالامەتلەر لەيلانى تېخىمۇ كۆڭۈلسىز قىلدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ھاۋا تۇتۇق ھەم سوغۇق بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، لەيلا ھۇجرىسىنىڭ پولىدا ئۇخلىسىغا ياتاتتى. مەريەم بىلەن ئەزىزە مەريەمنىڭ ھۇجرىسىدا ئۇخلاۋاتاتتى.

لەيلا قولىدا بىر تال مېتال سىم تۇتۇۋالغانىدى. لەيلا ئۇ سىمنى يىللار بۇرۇن ئۆزى تارىق بىلەن سۆيۈشكەن ھېلىقى خالتا كوچىدىن تېپىۋالغان بىر ۋېلىسىپىت چاقىدىن ئامبۇر بىلەن قىسىپ تارتىپ سۇغۇرۇۋالغانىدى. ئۇ ئىككى پۇتىنى كېرىپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ياتاتتى. ئۇ ئەزىزەنىڭ ئۆز جىسمىدا تۆرەلگەنلىكىنى تۇنجى قېتىم بىلگەندە كۆڭلىدە چوڭقۇر سۆيۈنگەنىدى. ئۇنىڭدا ھېچقاچان ھازىرقىدەك ئىككىلىنىش ياكى قايمۇقۇش ھېسسىياتى بولمىغانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا، لەيلا ئانا ئۇچۇن ئۆز پەرزەنتىگە مۇھەببەت ئاتا قىلالماسلىقىدىن گۇمانلىنىشنىڭ قانچىلىك ئازابلىق ئىكەنلىكىنى، ئانىلىققا خاس تۇيغۇ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ يەردە يېتىپ، تەر باسقان قولى بىلەن سىمنى مەھكەم تۇتۇپ خىيال سۈرمەكتە، ئۆزىدىن رەشىدنىڭ پۇشتىدىن بولغان پەرزەنتىنى تارىقنىڭ بالىسىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدىغان ـ كۆرمەيدىغانلىقىنى سوراماقتا ئىدى.

ئاخىر لەيلا نىيىتىدىن ۋاز كەچتى.

ئۇنى قولىدىكى سىمنى يەرگە تاشلاشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە ئۆزىنىڭ قانسىراپ ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى ياكى قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ ئېغىر گۇناھ بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش

ئەمەس ئىدى. لەيلا مۇجاھىددىنلارنىڭ «بەزى ۋاقىتتا، ئۇرۇشتا بىگۇناھ كىشىلەرمۇ ئۆلۈشى كېرەك» دېگەن ئىدىيەسىگە ئەزەلدىن قوشۇلمايتتى. ئۇنىڭ ئۇرۇشى رەشىدكە قارشى ئۇرۇش. بالىدا گۇناھ يوق. بۇ ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەر ئاللىقاچان يېتەرلىك. لەيلا ھاياتىدا دۈشمەنلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئاتقان ئوقلىرىدا ناھەق ئۆلگەنلەرنى يەتكۈچە كۆردىغۇ؟

ئەنە شۇ خىياللار بىلەن ئۇ قولىدىكى سىمنى يەرگە قويۇپ قويدى.

# ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

مەريەم

1997 ـ يىلى، سىنتەبىر.

ـــ بۇ دوختۇرخانا ئەمدى ئاياللارنى قوبۇل قىلالمايدۇ، ـــ دېدى دەرۋازا باققۇچى ئۇنلۇك ئاۋازدا. ئۇ مالالاي دوختۇرخانىسىنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەيدە تۇرۇپ، تۆۋەندىكى توپقا قاراپ سۆزلەۋاتاتتى. توپتىكى كىشىلەر نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ـــ لېكىن بۇ دېگەن ئاياللار دوختۇرخانىسى تۇرسا! ـــ دەپ توۋلىدى مەريەمنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان بىر ئايال. ئايالنىڭ سۆزىگە قوشۇلغانلار بەس ـ بەستە ۋارقىراشقا باشلىدى. مەريەم ئەزىزەنى بىر قولىدىن يەنە بىر قولىغا ئالماشتۇرۇپ كۆتۈرۈپ، يەنە بىر قولىدا لەيلانى يۆلەپ تۇردى. لەيلا بىر قولى بىلەن رەشىدنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان هالدا ۋايسىماقتا ئىدى.

ـــ ئەمدى ئۇنداق ئەمەس، ـــ دېدى تالىپ.

ـــ مېنىڭ ئايالىمنىڭ تولغىقى تۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ، ـــ دەپ ۋارقىرىدى توپتىكى ئەڭ سېمىز كەلگەن بىر كىشى، ـــ سىز ئۇنى كوچىدا تۇغۇپ قالسۇن دەمسىز، قېرىنداشىم؟

شۇ يىلنىڭ بېشىدا، مەريەم يېڭى تۈزۈم چىقىپ ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئايرىم دوختۇرخانىلاردا كېسەل كۆرسىتىدىغان بولغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. كابۇلدىكى بارلىق ئايال دوختۇر ـ سېستىرالارنىڭ بىر ئورۇنغا يىغىلىدىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىغانىدى. ئۇ گەپكە هېچكىم ئىشەنمىگەن، تالىبانلارمۇ هازىرغىچە ئۇ تۈزۈمنى ئەمەلىيلەشتۇرمىگەنىدى.

— ئۇنداقتا ئالى ئاباد دوختۇرخانىسىچۇ؟ — دېدى يەنە بىر ئادەم. دەرۋازىۋەن بېشىنى چايقىدى.
— ۋەزىر ئەكبەرخانچۇ؟
— ئۇ دوختۇرخانىغا ئەرلەرلا قوبۇل قىلىنىدۇ، — دېدى ئۇ.
— ئۇنداق بولسا بىز قانداق قىلىمىز؟
— «رابىيە بالقى» دوختۇرخانىسىغا بېرىڭلار، — دېدى دەرۋازىۋەن. ئارىدىن ياش بىر ئايال ئالدىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئۇ يەرگىمۇ بارغانلىقىنى، ئۇ يەردە پاكىز سۇ، ئوكسىگېن، دورا، ھەتتا توكنىڭمۇ يوقلۇقىنى ئېيتتى.
— ئۇ يەردە ھېچ نەرسە يوق.
— سىلەر شۇ يەرگە بېرىشىڭلار كېرەك.
ئەتراپتا نارازىلىق كۆتۈرۈلدى. كىملەردۇر دەرۋازىۋەننى ھاقارەتلەشكە باشلىدى. ئارىدىن بىرى قاراۋۇلغا قارىتىپ تاش ئاتتى. قاراۋۇل مىلتىقى بىلەن ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئاتتى. ئادەملەر توپى دەرھال تەرەپ ـ تەرەپكە تارقالدى.
«رابىيە بالقى» دوختۇرخانىسىنىڭ كۈتۈش ئۆيى بۇرقىغا ئورالغان ئاياللار ۋە كىچىك باللار بىلەن تولغانىدى. ئەتراپنى سېسىق تەر، سۈيدۈك، تاماكا ئىسى ۋە ئىسپىرتنىڭ پۇراقلىرى بىر ئالغانىدى. ئۇششاق باللار يەردە مۈگدەپ ئولتۇرغان دادىلىرىنىڭ پۇتلىرىدىن ئاتلاپ، بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئويناشماقتا ئىدى. مەريەم لەيلانى سىرلىرى چۇشۇپ خۇددى دۇنيا خەرىتىسىگە ئوخشاپ قالغان تامغا يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى. لەيلا قورسىقىنى مەھكەم تۇتقىنىچە ئالدى ـ كەينىگە تەۋرىمەكتە ئىدى.
— مەن سىزنى ھازىرلا دوختۇرغا كۆرسىتىمەن لەيلا، ھازىرلا.
— تېزرەك بول، — دېدى رەشىد.
تىزىملاش ئۆيىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا بىر توپ ئايال بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ، ئالدىغا ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى. بەزىلىرى

قوللىرىدا بوۋاق بالىلىرىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. يەنە بەزىلىرى توپىنىڭ ئارىسىدىن ئالدىراپ ئۆتۈپ، كېسەل كۆرۈش ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ يۈگۈرۈشەتتى. لېكىن، قوراللىق قاراۋۇل ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ، ئۇلارنى ئارقىسىغا قايتۇراتتى.

مەريەم توپ ئارىسىغا كىردى. بىرسى جەينىكى بىلەن ئۇنىڭ بىقىنىغا ئۇرغاندا، ئۇمۇ جەينىكى بىلەن زەربە بەردى. مەريەمنى توسۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈزىنى ئىتتىرگەنلەرنىڭ يۈزىنى ئۇمۇ ئىتتىردى. توپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈش ئۈچۈن ئالدىنى توسقانلارنىڭ بويۇنلىرىنى تاتىلاپ، قوللىرىنى ئىتتىرىپ، چاچلىرىدىن تارتتى. يېنىدىكى ئايال ئۇنىڭغا خىرىس قىلغاندا مەريەممۇ ئايالغا قاراپ چىشىنى غۇچۇرلاتتى.

مەريەم ئانىنىڭ بالا ئۈچۈن بېرىدىغان قۇربانلىرىنىڭ نەقەدەر زور ئىكەنلىكىنى، بالىلارنى بېقىپ چوڭ قىلىشنىڭ ئاشۇ قۇربانلارنىڭ ئىچىدىكى پەقەت بىرسى ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشىنىپ يەتتى. ئۇ ئاپىسى نانانىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەرگەن قۇربانلىرىنى ئەسلىدى. ئاپىسى مەريەمنى بىرسىگە بېرىۋەتسە ياكى بىر يەرگە تاشلىۋېتىپ قېچىپ كەتسە تامامەن بولاتتى. لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ مەريەمدەك بىر هارامىلىقنى بۇ دۇنياغا ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن تارتقان نومۇس ۋە ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆز يولى بىلەن مەريەمگە ئانىلىق مېهرىنى ئاتا قىلدى. ئۇنى قاتارغا قوشتى. لېكىن، ئاخىرقى هېسابتا، مەريەم نانانىڭ ئورنىغا جىلىلنى تاللىدى.

ئاشۇ قالايمىقان توپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈش ئۈچۈن جان ـ جەهلى بىلەن تىرىشىۋاتقان مەريەمنىڭ كۆز ئالدىدا نانانىڭ سولغۇن چىرايى پەيدا بولدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ناناغا ئوبدان قىز بولغان بولسا، ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشەنگەن بولسا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى ـ هە !

مەريەم كىرلىشىپ كەتكەن كۆل رەڭ بۇرقا بىلەن ئورىنىۋالغان سېسترانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. سېسترا

بۇرقىسىنىڭ باش تەرىپى قان بىلەن بويالغان ياش ئايالدىن سوئال سوراۋاتاتتى.

— مېنىڭ قىزىمنىڭ باش سۆيى يېرىلدى. لېكىن، بالىنىڭ بېشى كۆرۈنمەيۋاتىدۇ، — دېدى مەريەم.

— مەن بۇ سېستراغا گەپ قىلىۋاتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ھېلىقى ئۇستىبېشى قانغا مىلەنگەن ئايال، — سەنمۇ نۆۋىتىڭنى كۈت!

توساتتىن مەريەمنىڭ ئارقىسىدىكى قاتاردا تۇرغان ئاياللار خۇددى شامالدا يەلپۈنگەن ئوت - چۆپلەردەك تەۋرەپ كەتتى. توپنىڭ ئارىسىدىن بىر ئايالنىڭ ئۆز قىزىنىڭ دەرەختىن يىقىلىپ چۈشۈپ قولىنى سۇندۇرۇۋالغانلىقىنى ئېيتىپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. يەنە بىر ئايال بولسا ئۆزىنىڭ چوڭ تەرىتىدىن توختىماي قان كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ نالە قىلماقتا ئىدى.

— قىزىڭىزنىڭ قىزىتمىسى يۇقىرىمۇ؟ — سەپ سورىدى سېسترا.

مەريەم سېسترانىڭ ئۆزىدىن سوئال سوراۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي بىر دەم تۇرۇپ قالدى.

— ياق.

— قان ئېقىۋاتامدۇ؟

— ياق.

— قىزىڭىز قەيەردە؟

مەريەم رەشىد بىلەن لەيلا ئولتۇرغان تەرەپنى كۆرسەتتى.

— بىز قىزىڭىزنى بىردەم تۇرۇپ كۆرىمىز.

— قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن؟ — دەپ ۋارقىرىدى مەريەم. بىرسى مەريەمنىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ ئىتتىرىۋەتتى.

— بىلمەيمەن، — دېدى سېسترا، — بۇ يەردە ئىككىلا دوختۇر بار. ھەر ئىككىلىسى ئوپېراتسىيە ئۈستىدە.

— ئۇنىڭ ئاغرىقى كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ!

— مېنىڭمۇ شۇ! — دەپ ۋارقىرىدى بېشىدىن قان ئېقىۋاتقان ئايال، — سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ نۆۋىتىنى كۈت!

مەريەم توپ ئارىسىدا ئىتتىرىلىپ بىر چەتكە چىقىپ قالدى. سېسترانى ئالدىدىكى كىشىلەرنىڭ گەۋدىسى توسۇۋالغانىدى. مەريەمنىڭ دىمىقىغا بوۋاقنىڭ يانىدۇرغان سۈت پۇرىقى ئۇرۇلدى.

— ئۇنى سىرتتا بىردەم ماڭدۇرۇپ تۇرۇڭلار، — دېدى سېسترا ئۇنلۇك ھالدا، — دوختۇرنى ساقلاڭلار.

سېسترا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرغان ۋاقىتتا ئەتراپنى ئاللىقاچان قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى.

تۇغۇت ئۆيى ئوتتۇرىسىغا پەردە تارتىلمىغان كارىۋاتتا تولغاق ئازابىدا تولغىنىپ ياتقان ئاياللار بىلەن تولغانىدى، بۇرقا بىلەن چۈمكەلگەن سېسترالار ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىككى ئايال كۆزى يورۇش ئالدىدا ئىدى. لەيلا قارا سىردا سىرلانغان دېرىزىنىڭ يېنىغا قويۇلغان كارىۋاتقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يان تەرەپتىكى چاك كەتكەن قول يۇيۇش دېسنىنىڭ قىرىدا يۇيۇلمىغان ئوپېراتسىيە پەلىيى ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاليومىنىدىن ياسالغان ئۇستەل قويۇلغان بولۇپ، ئۇستۇنكى قەۋىتىگە كۆل رەڭ ئەدىيال يېيىلغانىدى. ئاستىنقى قەۋىتى بوش ئىدى.

ئاياللارنىڭ بىرى مەريەمنىڭ ئۇستەلگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھارغىن ھالدا:

— ئۇلار ھايات قالغان بوۋاقلارنى ئاشۇ ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە قويىدۇ، — دېدى.

دوختۇر ئۇستىگە كۆك رەڭلىك بۇرقا كىيگەن، تۇرقى ۋىجىككىنە، ھەرىكىتى چەبدەس، چىرايى پەرىشان ئايال بولۇپ، ھەربىر سۆزىدىن جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

— تۇنجى پەرزەنتىمۇ، — دېدى دوختۇر پەرەز قىلغان تەلەپپۇزدا.

— ئىككىنچىسى، — دېدى مەريەم. لەيلا يانغا بۇرىلىپ،

مەريەمنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى.
— بىرىنچى تۇغۇتتا بىرەر مەسىلە كۆرۈلگەنمۇ؟
— ياق.
— سىز ئۇ قىزنىڭ ئاپىسىمۇ؟
— شۇنداق، — دېدى مەريەم.
دوختۇر ئۆزىنىڭ بۇرقىسىنى يېرىم قايرىپ، كونۇس شەكىللىك ئۇزۇن بىر مېتال ئەسۋابنى چىقاردى. ئۇ لەيلانىڭ بۇرقىسىنى قايرىپ، ئەسۋابنىڭ كەڭرى كەلگەن تەرىپىنى ئۇنىڭ قورسىقىغا قويۇپ، يەنە بىر تەرىپىنى قۇلىقىغا ياقتى. ئۇ بىر مىنۇتتەك تىڭشىغاندىن كېيىن، ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ، يەنە بىرپەس تىڭشىدى. يەنە باشقا ئورۇنغا يۆتكىدى.
— بالىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشىشىم كېرەك، سىڭلىم.
دوختۇر قول يۇيۇش دېسىغا ئېسىقلىق پەلەينى قولىغا سېلىپ، بىر قولى بىلەن لەيلانىڭ قورسىقىنى بېسىپ، يەنە بىر قولىنى ئۇنىڭ ئارقا تەرەت يولىغا سالدى. لەيلا لېۋىنى چىشلەپ، ھالسىز ئىڭرىدى. دوختۇر تەكشۈرۈشنى تۈگەتكەندىن كېيىن پەلەينى سېستىراغا تەڭلىدى. سېسترا پەلەينى سوغۇق سۇدا چايقىغاندىن كېيىن، ۋاننىغا تارتىلغان سىمغا ئېسىپ قويدى.
— قىزىڭىزنى ئوپېراتسىيە قىلمىساق بولمايدىكەن. بۇنىڭ نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇ دېگەنلىك، بىز قىزىڭىزنىڭ قورسىقىنى يېرىپ بالىنى ئالىمىز. چۈنكى، بالا توغرىسىغا تۇرۇپ قاپتۇ.
— مەن چۈشەنمىدىم، — دېدى مەريەم.
دوختۇر بالىنىڭ خاتا يۆنىلىشتە تۇرۇپ قالغانلىقىنى، تەبىئىي تۇغالىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈردى.
— ئارىلىقتا ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپ قاپتۇ. ھازىرلار ئوپېراتسىيە قىلمىساق بولمايدۇ.
ئاغرىق ئازابىدىن ھالسىزلانغان لەيلا بىر تەرەپكە سىگار يان بولۇپ قالغان بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى.

— بىر ئىشنى دېمىسەم بولمايدۇ، — دېدى دوختۇر. ئۇ مەريەمگە يېقىنلىشىپ، ئاغزىنى مەريەمنىڭ قۇلىقىغا ئەكېلىپ بىرنەرسىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. دوختۇرنىڭ ئاۋازىدىن ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— دوختۇر نېمە دەيدۇ؟ — دېدى لەيلا بوغۇق ئاۋازدا، — بالا بىرنەرسە بوپتۇمۇ؟

— لېكىن، ئۇ قانداق بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؟ — سورىدى مەريەم.

دوختۇر مەريەمنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئۆزىنىڭ قارارىنى ئاقلاشقا باشلىدى.

— سىزنىڭچە مەن مۇشۇنداق قىلىشنى ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن تاللىغان ئوخشىمامدىمەن؟ — دېدى دوختۇر، — سىز مېنى نېمە قىل دېمەكچى؟ ئۇلار ماڭا لازىملىق نەرسىلەرنى بەرمەيدۇ. مەندە يا رېنتگېن يوق، ياكى ئوكسىگېن يوق، ھەتتا ئاددىي ئانتىبىيوتىكمۇ يوق. خەلقئارا تەشكىلات پۇل بەرسە تالىبانلار رەت قىلىدۇ ياكى پۇلنى ئۆزلىرىنىڭ چۆنتىكىگە سېلىشىدۇ.

— لېكىن، دوختۇر ساھىب، سىز ئۇنىڭغا ئازراق بولسىمۇ مەست قىلىدىغان بىرنەرسە بېرەلمەسسىزمۇ؟

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى لەيلا ئىڭرىغان ھالدا.

— دورىنى سىز سېتىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ. لېكىن...

— دورىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بېرىڭ، — دېدى مەريەم، — سىز ئىسمىنى يېزىپ بېرىڭ. مەن تېپىپ كېلەي.

دوختۇر بۇرقىنىڭ ئاستىدا بېشىنى چايقىدى.

— ئۇنداق قىلىشقا ۋاقىت يار بەرمەيدۇ، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېقىن ئەتراپتىكى دورىخانىلارنىڭ ھېچقايسىسىدا ئۇ دورا يوق. شۇڭا، سىز باشقا يەرگە، ھەتتا شەھەرنىڭ ئۇ چېتىگە بېرىپ ئىزدىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، شۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ تاپالىشىڭىز ناتايىن.

ھازىر سائەت سەككىز يېرىم بولاي دېدى. ئەگەر سىرتقا چىقسىڭىز سىزنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلدىڭ، دەپ قولغا ئېلىشى مۇمكىن. دورىنى تاپقان تەقدىردىمۇ پۇلىغا چىقىش قىلالماسلىقىڭىز ياكى سىزگە ئوخشاش جىددىي ئېھتىياجى بار بىرسى بىلەن تالىشىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. بۇلارغا پەقەت ۋاقىت يېتىشمەيدۇ. بالىنى دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىپ ئالمىساق بولمايدۇ.

— ماڭا نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى لەيلا جەينىكىنى تىرەپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ. دوختۇر چوڭقۇر تىن تارتىپ، لەيلاغا قاراپ دوختۇرخانىدا ناركوز دورىسى يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئەمدى يەنە كېچىكتۈرسەك، بالىڭىزدىن ئايرىلىپ قالىسىز.

— ئۇنداق بولسا قورسىقىمنى يېرىپ ئېلىڭ، — دېدى لەيلا. ئۇ كارىۋاتقا بېشىنى قويۇپ، تىزىنى كۆتۈردى، — قورسىقىمنى يېرىپ، بالامنى قولۇمغا بېرىڭ.

ئۇلار لەيلانى تاملىرى قارىداپ كەتكەن كونا ئوپېراتسىيە ئۆيىگە قويۇلغان ئوپېراتسىيە كارىۋىتىنىڭ ئۈستىدە ياتقۇزدى. دوختۇر قولىنى ئۇۋۇلاپ يۇيۇشقا باشلىدى. لەيلانىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى. سېسترا ھەر قېتىم سېرىق سۇيۇقلۇققا چىلانغان لاتا بىلەن لەيلانىڭ قورسىقىنى سۈرتكەندە، لەيلا كىرىشىپ كەتكەن چىشلىرى ئارىسىدىن چوڭقۇر نەپەس ئالاتتى. سېسترالارنىڭ يەنە بىرى بولسا ئىشىكنى بىردەم - بىردەم ئېچىپ، سىرتقا قارايتتى.

دوختۇر يۈزىدىكى بۇرقىنى ئېلىۋەتتى. مەريەم دوختۇرنىڭ كۆمۈشتەك ئاقارغان چاچلىرىغا، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە، جاۋغىيىدىكى قورۇقلارغا كۆز يۈگۈرتتى.

— ئۇلار بىزگە بۇرقا كىيىپ تۇرۇپ ئوپېراتسىيە

قىلىشىمىزنى بۇيرۇدى، — دېدى دوختۇر بېشى بىلەن ئىشىك تۈۋىدىكى سېستىرانى شەرەت قىلىپ، — ئۇ سىرتنى نازارەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار كېلىپ قالسا مەن دەرھال بۇرقامنى كىيىۋالىمەن.

مەريەم دوختۇرنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئەتراپتىكى رېئاللىقنى قوبۇل قىلغانلىقىنى چۈشەندى. مۇشۇ كۈنلەردە دوختۇرنىڭ ئۆز خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالمىغانلىقىدىن ئۆزىنى تەلەيلىك ھېس قىلىدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇنىڭ خالىغان چاغدا خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى.

لەيلانىڭ ئىككى مۈرىسىنى ئىككى مېتال تاختا توغرىسىغا بېسىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قورسىقىنى تازىلىغان سېستىرا بىر پارچە كىرلىكنى قىسقۇچتا قىسىپ، ئۇنى دوختۇر بىلەن لەيلانىڭ ئوتتۇرىسىغا پەردە قىلىپ ئاستى.

مەريەم لەيلانىڭ بېشى تەرەپكە ئۆتۈپ، ئىككى قولى بىلەن لەيلانىڭ بېشىنى تۇتتى. ئېگىلىپ تۇرۇپ، مەڭزىنى لەيلانىڭ مەڭزىگە ياقتى. ئۇ لەيلانىڭ چىشلىرىنىڭ ئىختىيارسىز چاكىلداۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇشتى.

مەريەم پەردىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دوختۇر كۆلەڭگىسىنىڭ لەيلانىڭ سول تەرىپىگە، سېستىرا كۆلەڭگىسىنىڭ لەيلانىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتكەنلىكىنى كۆردى. لەيلانىڭ كالپۇكلىرى سوزۇلۇپ، چىشىنىڭ ئارىلىقىدىن تۈكۈرۈك ماغزاپلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ھاسىراپ تېز نەپەس ئالاتتى.

— غەيرەتلىك بولۇڭ، سىڭلىم، — دېدى دوختۇر.

دوختۇر لەيلاغا قاراپ ئېگىلدى. لەيلانىڭ دەسلەپتە كۆزى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاغزى يوغان ئېچىلدى. ئۇ چىشىنى مەھكەم كىرىشتۇرۇپ، ئۇنىنى ئىچىگە يۇتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى

تىترەشكە باشلىدى. بويىنىدىكى تومۇرلار كۆپۈپ، يۈزىدىن تەر تامچىلىرى توختىماي ئېقىۋاتاتتى. قوللىرى بولسا مەريەمنىڭ بارماقلىرىنى مەھكەم سىقاتتى. مەريەم لەيلانىڭ ئاۋازىنى چىقىرىپ چىرقىراشتىن بۇرۇن قانچە ئۇزۇن چىداپ بەرگەنلىكىگە ھەقىقەتەنمۇ قايىل بولدى.

# قىرىقىنچى باب

## لەيلا

1999 ـ يىلى كۈز

ئورەك كولاش مەرىيەم تاپقان ئەقىل ئىدى. بىر كۈنى سەھەردە، مەرىيەم ئامبارنىڭ ئارقىسىدىكى تۇپا دۆۋىسىنى كۆرسەتتى.

— بىز مۇشۇ يەرگە كولايلى، — دېدى ئۇ، — بۇ يەر تازا مۇۋاپىق ئىكەن.

ئۇلار نۆۋەتلىشىپ، كەتمەن بىلەن يەرنى كولاپ، گۈرجەك بىلەن تۇپىنى بىر ياقتا دۆۋىلەشكە باشلىدى. گەرچە ئۇلار ئورەكنى چوڭقۇرراق كولاش ياكى كەڭرەك كولاش توغرۇلۇق بىر قارارغا كەلمىگەن بولسىمۇ، ئورەك كولاشنىڭ ئۇلار پەرەز قىلغانغا قارىغاندا قىيىنراق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتمىگەنىدى. 1998 ـ يىلى باشلانغان قۇرغاقچىلىق ئىككىنچى يىلىغا قەدەم قويدى. ئۇ يىلى قىشتا ئازراقلا قار ياغقان بولۇپ، باهاردا بىر قېتىممۇ يامغۇر ياغمىدى. ئافغانىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دېھقانلار قۇرۇپ كەتكەن يەرلىرىنى تاشلاپ، قول ئىلكىدىكى نەرسىلىرىنى سېتىپ، يېزىمۇيېزا سۇ ئىزدەشكە باشلىدى. نۇرغۇن دېھقانلار پاكىستان ياكى ئىرانغا كۆچۈپ كېتىشتى. بەزىلىرى كابۇلغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. لېكىن، شەھەردىمۇ سۇنىڭ مىقدارى تۆۋەن بولۇپ، تېيىز قۇدۇقلار ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەنىدى. لەيلا بىلەن مەرىيەم چوڭقۇرراق قۇدۇقلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇزۇن كەتكەن ئۆچرەتلەردە سائەتلەپ

نۆۋەت ساقلاشقا مەجبۇر بولاتتى. كابۇل دەرياسىمۇ پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، ئاللىقاچان ئاممىۋى ھاجەتخانىغا ئايلىنىپ ئادەملەرنىڭ تەرىتى ۋە چىدىغۇسىز ئاچچىق پۇراق بىر ئالغانىدى.

ئۇلار يەر كولاشنى داۋاملاشتۇردى. لېكىن، ئاپتاپتا يەرنىڭ توپىلىرى ئىنتايىن چىڭىپ تاشتەك قېتىپ كەتكەنىدى.

مەريەم شۇ يىلى قىرىق ياشقا قەدەم قويدى. ئۇنىڭ ئارقىسىغا تۇگۈۋالغان چاچلىرىغا ئاق كىرىشكە باشلىغانىدى. كۆزىنىڭ ئاستىمۇ ساڭگىلاشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئۇتتۇر چىشىنىڭ بىرسى چۈشۈپ كەتكەن، يەنە بىرسىنى مەريەم زالماينى دىققەتسىزلىكتىن يەرگە يىقىتىپ سالغاندا، رەشىد ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇلار كۈنبويى دېگۈدەك ئاپتاپقا قاقلىنىپ، ھويلىدا زالمايىنىڭ ئەزىزەنى قوغلاپ ئوينىشىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئەنە شۇ سەۋەبتىنمۇ مەريەمنىڭ تېرىسى قارىداپ، يىرىكلىشىپ كەتكەنىدى.

ئۇلار ئورەكنى ئاخىر كولاپ بولۇپ، چوڭقۇرلۇقىغا قارىدى.

— مېنىڭچە، مۇشۇ چوڭقۇرلۇق يېتەرلىك، — دېدى مەريەم.

زالماي شۇ يىلى ئىككى ياشقا كىردى. ئۇنىڭ مەڭزىلىرى قىزىل، چاچلىرى بۇدۇر، كۆزلىرى كىچىك، قارىچۇقى قارا ئىدى. مەڭزى ھاۋانىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رەشىدنىڭ مەڭزىگە ئوخشاش قىزىل تۇراتتى. ئۇنىڭ قاشلىرىغا يېقىن چۈشكەن يېرىم ئاي شەكلىدىكى چاچ شەكلىمۇ رەشىدنىڭكىگە بەك ئوخشايتتى.

زالماي لەيلا بىلەن يالغۇز قالغان ۋاقىتلاردا، ئۆزىنىڭ تاتلىق، ئوماق قىلىقلىرى بىلەن لەيلانى خۇشال قىلاتتى. ئۇ لەيلانىڭ مۈرىلىرىگە يامىشىشنى، ھويلىدا لەيلا ۋە ئەزىزە بىلەن مۆكۈشمەك ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا، ئۇ سەل ياۋاشلاپ قالغاندا، لەيلانىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ، لەيلانىڭ ئۆزىگە ناخشا ئېيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇ «موللا

مۇھەممەدجان» دېگەن ناخشىنى ياخشى كۆرەتتى. لەيلا ئۇنىڭ بۇدۇر چاچلىرىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان قۇلاقلىرىغا يېقىن تۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتقاندا، ئۇ بۇدرۇق پۇتلىرىنى ئوينىتىپ، ناخشىنىڭ ئېسىدە قالغان مىسرالىرىنى غارىڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن لەيلاغا ئەگىشىپ ئېيتاتتى.

كەلگىن، بارايلى مازارغا بىللە
موللا مۇھەممەدجان،
لالە گۇللەرنى قىلايلى تاماشا بىللە
ئەي، يارىجان.

لەيلا زالمايىنىڭ ئۆزىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈشىنى، ئۇنىڭ بۇدرۇقىنا بىلەكلىرىنى ۋە كىچىككىنە پۇتلىرىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنى قىچىقلاپ كۇلدۇرەتتى. ياستۇقلارنى قاتار تىزىپ، ئۇنىڭغا ئاستىدىن ئۆمىلەيدىغان تونېل ياساپ بېرەتتى. زالماي ھارغاندا، لەيلانىڭ قۇچىقىدا يېتىپ، بىر قولى بىلەن لەيلانىڭ قۇلىقىنى مەھكەم تۇتۇپ ئۇخلاپ قالاتتى. ھەر قېتىم ئۆزىنىڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ سىمىنى مەھكەم تۇتۇپ يەردە ياتقان ھالىتىنى، زالمايىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا قىل قالغانلىقىنى يادىغا ئالغان ھامان ئۇنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن بىئارام بولاتتى. ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق خىيالدا بولۇشىغا يول قويغانلىقىغا ئۆكۈنەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى لەيلا ئۇچۇن ئاللانىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان قىممەتلىك سوۋغىتى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى قورقۇنچلىرىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوقلۇقىنى، زالمايىنى ئەزىزە بىلەن باراۋەر ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشەتتى. لېكىن، زالماي دادىسىغا بەكمۇ چوقۇناتتى. دادىسى يېنىغا كەلگەن ھامان باشقا بىر ئىنسانغا ئايلىناتتى. ئۇ ھېچكىمنىڭ، ھەتتا لەيلانىڭمۇ سۆزىگە قۇلاق سالمايتتى. ئاسان خاپا بولۇپ قالاتتى.

لەيلا ئۇنى ئەيىبلىسىمۇ، قىلىۋاتقان ھەرىكىتىدىن توختىمايتتى.

رەشىد زالماينىڭ ئاشۇ قىلىقلىرىغا يول قوياتتى. «ئەقىللىكلىكىنىڭ ئالامىتى» دەيتتى ئۇ. زالماي مەرمەر تاشنى يۇتۇۋېلىپ، تەرىتى بىلەن چىقارغاندا، سەرەڭگە بىلەن ئوت ياققاندا، ھەتتا رەشىدنىڭ تاماكىسىنى چاينىغاندىمۇ، رەشىد ئۇنى يەنە شۇنداق سۆزلەر بىلەن ماختايتتى.

زالماي تۇغۇلغاندا، رەشىد ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇۋالدى. ئۇنىڭغا يان تەرىپىگە شىر ـ يولۋاسلارنىڭ رەسىمى سىزىلغان بىر كارىۋات ئېلىپمۇ بەردى. گەرچە ئۇنىڭ يېتەرلىك پۇلى بولمىسىمۇ، ئەزىزەنىڭ نەرسىلىرىنى قايتا ئىشلىتىشكە بولسىمۇ، زالمايغا يېڭى كىيىم، ئويۇنچۇق ۋە زاكىلارنى ئېلىپ بەردى.

بىر كۈنى، ئۇ يەنە باتارىيە بىلەن ماڭىدىغان ئويۇنچۇق ئاپتوموبىل ئېلىپ كەلدى. يەنە بىر كۈنى ئۇ كۈنۈپكىسىنى باسسا مۇزىكا چىقىدىغان بىر ئاسقۇنى ئەكېلىپ، زالماينىڭ كارىۋىتىغا ئېسىپ قويدى.

— سىز ماڭا سودا ياخشى ئەمەس دېگەنىدىڭىزغۇ؟ — دېدى لەيلا.

— ماڭا پۇل قەرز بېرىپ تۇرىدىغان دوستلىرىم بار، — دېدى رەشىد ئېرەنسىمىگەن ھالدا.

— ئۇ پۇلنى قانداق قايتۇرىسىز؟

— ئىشلار چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. داۋاملىق شۇنداق. قارا، ئۇنىڭ خۇش بولۇپ كەتكىنىنى.

كۆپ چاغلاردا لەيلا ئۆزىنىڭ ئوغلىغا قانمايتتى. رەشىد زالماينى ئۆزىنىڭ دۇكىنىغا ئەكېتەتتى. زالماي رەشىدنىڭ نەرسىلەرگە لىق تولغان ئىش ئۇستىلىنىڭ ئاستىدا ئۆمىلەپ، كونا رېزىنكە پارچىلىرى ۋە خۇرۇم پارچىلىرىنى ئويىنايتتى. رەشىد بىر تەرەپتىن سىلىقلاش چاقىنى ئايلاندۇرغاچ ياكى ئاياغلارنىڭ چەمىنى مىخلىغاچ، زالماينىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى

دىققەت بىلەن كۆزىتەتتى. زالماي ئاياغ قىلىپىغا ئېسىلغاندا، رەشىد ئۇنى مۇلايىم ۋە سىلىق ئاھاڭ بىلەن تەنقىدلەيتتى. ئەگەر زالماي يەنە تەكرارلىسا، رەشىد قولىدىكى بولقىنى يەرگە قويۇپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۇستەلنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ يەنە سىلىق ئاھاڭدا نەسىھەت قىلاتتى. كەچتە، دادا ـ بالا ئۇستىبىشى شىلىم بىلەن تېرە پۇراپ ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى. زالماي دادىسىغا ئەركىلەپ بېشىنى ئۇنىڭ مورىسىگە ئۇراتتى. ئۇلار خۇددى سىر يوشۇرۇۋاتقاندەك، بىر كۈن موزدۇزخانىدا ئاياغ تىكىشنىڭ ئورنىغا مەخپىي پىلانلارنى تۈزگەندەك بىر ـ بىرىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈشەتتى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا زالماي دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى.

ئەزىزە، مەريەم، لەيلالار تەخسىلەرنى داستىخانغا تىزغۇچە، ئۇلار بىر ـ بىرىنى غىدىقلاپ، كۈلۈشۈپ، بىر ـ بىرىگە ناننىڭ ئۇۋۋاقلىرىنى چېچىشىپ، قۇلاقلىرىغا بىرنەرسىلەرنى دەپ پىچىرلىشىپ ئوينايتتى. دەل شۇ پەيتتە لەيلا ئۇلارغا گەپ قىلسا، رەشىد ئۇنىڭغا نارازى بولغان ھالدا قاراپ قوياتتى. ئەگەر ئۇ زالماينى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلسا، بولۇپمۇ، زالماي ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا، رەشىد ئۇنىڭغا دېۋەيلەپ كېلەتتى ـ دە، لەيلا ئامالسىز ئارقىسىغا ياناتتى.

زالماي ئىككى ياشقا توشۇپ بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىنكى بىر كۈنى رەشىد ئۆيگە بىر تېلېۋىزور بىلەن بىر سىنئالغۇنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ كۈنى كۈندۈزى ھاۋا ئىسسىق بولسىمۇ، قۇياشنىڭ ئولتۇرۇشىغا ئەگىشىپ، ھاۋا سالقىنداپ قالغانىدى. ئۇ تېلېۋىزورنى مېھمانخانا ئۆيدىكى تاماق ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە قويغاچ، ئۆزىنىڭ بۇلارنى قاراڭغۇ بازاردىن سېتىۋالغانلىقىنى ئېيتتى.

— يەنە قەرزگە ئالدىڭىزمۇ؟

— بۇ «ماگناۋوكس» ماركىلىقى.

ئەزىزە ئۆيگە كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۈستەل ئۈستىدىكى

تېلېۋىزورغا قاراپ يۈگۈردى.

— ئېھتىيات قىلىڭ، ئەزىزە، — دېدى مەريەم، — ئۈنى تۈتماڭ.

ئەزىزەنىڭ چېچىنىڭ رەڭگى، ئىككى مەڭزىدىكى زىننەتلىرى لەيلانىڭكىگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئالتە ياشلىق باللارغا ئەمەس، بالاغەتكە يەتكەن، تەربىيە ئالغان كىشىلەرگە خاس ئېغىر - بېسىق مىجەزى، ئورۇنلۇق پىكىر - تەپەككۇرى، تەلەپپۇزى ۋە ھەربىر سۆزنى ئويلىنىپ قىلىشلىرى لەيلانى سۆيۈندۈرەتتى. ئەزىزە ھەر كۈنى سەھەردە، ئۆزلۈكىدىن زالماينى ئويغىتىپ، ئۇنىڭ كىيىمنى كىيدۈرەتتى. ئەتىگەنلىك تامىقىنى بېرىپ، چاچلىرىنى تارايتتى. چۈشتە تەرسا مىجەز ئىنىسىنى سۆزگە كىرگۈزۈپ ئۇخلىتاتتى.

زالماينىڭ قىلىقلىرىدىن رازى بولمىغاندا ئەزىزە بەزىدە چوڭ ئادەملەردەكلا بېشىنى چايقايتتى.

ئەزىزە تېلېۋىزورنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىۋىدى، رەشىد قاپىقىنى تۈرۈپ، قوپاللىق بىلەن ئەزىزەنىڭ بېغىشىدىن تارتىپ، قولىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— بۇ زالماينىڭ تېلېۋىزورى، — دېدى ئۇ.

ئەزىزە ئارقىسىغا يېنىپ، مەريەمنىڭ قۇچىقىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئەزىزە بىلەن مەريەم بىر - بىرى بىلەن شۇنداق يېقىن بولۇپ كەتكەنىدى. لەيلانىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، مەريەم ئەزىزەگە قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. ئەزىزە «ئىخلاس» ۋە «فاتىھە» سۈرىلىرىنى يادا ئوقۇيالايدىغان، بامدات نامىزىنى بىمالال ئۆتىيەلەيدىغان بولدى.

— بۇ ئايەتلەر ئۇنىڭغا قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ، — دېگەنىدى مەريەم لەيلاغا، — مانا مۇشۇلار مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدە ئىگىلىگەن بىردىنبىر بايلىقىم.

زالماي ئۆيگە كىرىپ كەلدى. رەشىد ئۇنىڭ تېلېۋىزورنىڭ سىملىرىنى تارتىپ، تىزگىنىكىنى بېسىپ، ئالىقانلىرى بىلەن

تېلېۋىزورنىڭ ئەينەكلىرىنى ئۇرۇپ ئوينىشىلىرىغا ۋە تېلېۋىزورنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشلىرىغا زوقلانغان هالدا قاراپ تۇردى.

تالىبانلار تېلېۋىزورنى مەنئى قىلغانىدى. سىنئالغۇ لېنتىلىرىنى، ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى ئاشكارا هالدا بۇزۇپ، كۆيدۈرگەنىدى. سۈنئىي هەمراهتىن سىگنال تارتىدىغان ئانتېننا قازان تۈۋرۈكلەردىن پەسكە ساڭگىلاپ تۇراتتى. لېكىن، رەشىدنىڭ ئېيتىشىچە، نەرسىلەر مەنئى قىلىنىدى دېگەنلىك، ئۇلارنى تاپالمايسەن دېگەنلىك ئەمەس ئىكەن.

— مەن ئەتىگىچە كارتون فىلىم لېنتىلىرىنى تېپىپ كېلەي، — دېدى ئۇ، — ئۇلارنى تېپىش ئانچە قىيىن ئەمەس. قاراڭغۇ بازاردا هەرقانداق نەرسىنى تاپقىلى بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، سىز بىزگە بىر قۇدۇق ئېلىپ بەرسىڭىز بولغۇدەك، — دېدى لەيلا تەنە قىلغان تەلەپپۇزدا. رەشىد ئۇنىڭغا هومىيىپ قاراپ قويدى.

كەچلىك تاماققا يەنە بىر قېتىم هېچ نەرسە سېلىنمىغان گۈرۈچ تاماق تەييارلاندى. لېكىن، سۇ كەمچىللىكى سەۋەبىدىن چاي تەييارلانمىدى.

رەشىد تاماكىسىنى چېكىپ بولغاندىن كېيىن، لەيلاغا ئۆزىنىڭ قارارىنى ئېيتتى.

— ياق، بولمايدۇ، — دېدى لەيلا.

— سەندىن رۇخسەت سوراۋاتمايمەن.

— سىزنىڭ مېنىڭ رۇخسىتىمنى ئالغان ياكى ئالمىغان بولۇشىڭىز بىلەن چاتىقىم يوق.

— ئەگەر سەن هەقىقىي ئەهۋالنى چۈشەنسەڭ، سۆزۈمگە چوقۇم ماقۇل دەيتتىڭ.

رەشىد لەيلاغا ئۆزىنىڭ دوستلىرىدىن قەرز ئالغان پۇلنى قايتۇرالمىغانلىقىنى، دۇكىنىدىن تاپقان پۇل بىلەن بەش ئادەمنى بېقىشنىڭ بەك قىيىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى.

— مەن سىنى ئەنسىرەتمەي دەپ، ساقا ئىغىز ئاچمىغانىدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى رەشىد، — ئۇلارنىڭ قانچىلىك بىرنەرسە ئىلىپ كېلىدىغانلىقىغا ھەيران قالىسەن.

لەيلا يەنە قوشۇلمىدى. ئۇلار مىھمانخانا ئۆيدە ئىدى. ئاشخانا ئۆيدىن مەريەمنىڭ قاچا يۇيۇۋاتقان، زالمايىنىڭ قاقاھلاپ كۈلگەن، ئەزىزەنىڭ مەريەمگە نىمىلەرنىدۇر چۈشەندۈرۈۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئۇ يەردە ئۇنىڭدەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك باللار نۇرغۇن، — دىدى رەشىد، — كابۇلدىكى ھەممە ئادەم شۇنداق قىلىۋاتىدۇ.

— باشقىلارنىڭ باللىرىنى نىمە قىلىشى بىلەن كارىم يوق، — دىدى لەيلا.

— مەن ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولىمەن، — دىدى رەشىد سەۋرىسىنى يوقاتقان ھالدا، — ئۇ تەرەپ تىنچ، كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىلا مەسچىت بار.

— مەن سىزنىڭ قىزىمنى كوچىدىكى تىلەمچىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشىڭىزغا يول قويمايمەن، — دىدى لەيلا رەشىدنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

لەيلانىڭ يۈزىگە تەگكەن تەستەك بىلەن تەڭ لەيلانىڭ مەڭزىدە رەشىدنىڭ يوغان بارماقلىرىنىڭ ئىزى پەيدا بولدى. لەيلانىڭ بىشى پىرقىراشقا باشلىدى. ئاشخانىدىكى ئاۋازلارمۇ غايىب بولۇپ، ئۆي ئىچى تىمتاسلىققا چۆكتى. بىردەمدىن كىيىن يۈگۈرگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، مەريەم بىلەن باللار مىھمانخانا ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىردەم رەشىدكە تىكىلسە، بىردەم لەيلاغا يۆتكىلەتتى. لەيلا رەشىدكە قاراپ مۇشت ئاتتى.

بۇ لەيلانىڭ تارىق بىلەن ئويىنىشىپ ئۇنى مۇشتلاپ قويغىنىنى ھىسابقا ئالمىغاندا، ئۆمرىدە تۇنجى قىتىم باشقىلارغا

قارشىلىق بىلدۈرۈشى ئىدى. لېكىن، بۇ تارىق بىلەن ئوينىشىپ، ئۇنىڭغا ئەركىلەپ ئالىقىنى بىلەن شاپىلاقلاپ قويۇشتىن تۈپتىن پەرقلىنەتتى.

لەيلانىڭ مۇشتۇمى رەشىدنىڭ زاڭقىنىڭ قېلىن ۋە يېرىك تېرىسىغا تەگدى. ئۇنىڭدىن چىققان ئاۋاز خۇددى گۈرۈچ خالتىسىنىڭ يەرگە چۈشكەن ئاۋازىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ جېنىنىڭ بارچە ئاتقان مۇشتى بىلەن رەشىد ئىككى قەدەم ئارقىسىغا داجىدى. ئۆينىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئۇھ تارتقان، چۇرقىرىغان ۋە يىغلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. لەيلا قايسىسى كىمنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. چۈنكى، ئۇ ئاللىقاچان خۇدىنى يوقاتقانىدى. ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىنى، ئاشۇ مۇشتىنى رەشىدكە تەگكۈزگەندە، ئۆزىنىڭ كۈلگىنىنى ياكى رەشىدكە مەسخىرىلىك قارىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىشقا تىرىشتى. لېكىن، ئۇ رەشىدنىڭ قارشىلىق كۆرسەتمەي جىمجىت چىقىپ كەتكەنلىكىگە ھەيران قالدى.

تۇيۇقسىز لەيلا ئۆزىنىڭ، ئەزىزەنىڭ ۋە مەريەمنىڭ شۇنچە يىل تارتقان جاپالىرى يوقاپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. ئۇ ئازابلار خۇددى زالمايىنىڭ تېلېۋىزور ئەينىكىگە چۈشكەن قول ئىزى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا غايىب بولغاندەك غايىب بولغانىدى. ئۇ مۇشۇ بىر قېتىملىق قارشىلىقنىڭ ئۇلارنىڭ شۇنچە يىل بەرداشلىق بەرگەن ئازابلىرىغا خاتىمە بېرىشىنىڭ تۇنجى قەدىمى بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن ئەرزىيدىغاندەك ھېس قىلدى.

رەشىدنىڭ قوللىرى لەيلانىڭ بوينىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ ئۇنى تامغا چاپلىغانغا قەدەر، لەيلا رەشىدنىڭ ئۆيگە قايتىپ كىرگەنلىكىنى سەزمىگەنىدى.

لەيلانىڭ كۆزلىرىگە شۇنچە يېقىن تۇرغان رەشىدنىڭ غەزەپكە تولغان يۈزى شۇ قەدەر يوغان كۆرۈنەتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ چىرايىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ كۆپەيگەن ھەم

چوڭقۇرلاشقاندى. رەشىد سۆز قىلمىدى. ئەمەلىيەتتە، ئاياللىنىڭ ئاغزىغا مىلتىقنى تەڭلەپ تۇرغان ئەرنىڭ بىرنەرسە دېيىشىنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق، ئەلۋەتتە.

تالىبانلارنىڭ ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇشلىرى مەريەم بىلەن لەيلانىڭ ئورەك كولىشىغا سەۋەب بولغانىدى. تالىبانلار ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى مۇسادىرە قىلاتتى. ئۇلار ئىگىسىنىڭ كۆتىگە تېپەتتى. بەزىدە تاسما بىلەن ئۇراتتى. ھەتتا جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇۋرۇككە باغلاپ ئالقانلىرىغا ئۇرۇشلارمۇ كۆندە دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇراتتى.

— ئېھتىيات بىلەن قويايلى، — دېدى مەريەم ئورەكنىڭ قىرىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ. ئۇلار تېلېۋىزورنى سولياۋ خالتا بىلەن ئوراپ، خالتىنىڭ ئىككى تەرىپىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئاستا ئورەككە قويدى.

— مېنىڭچە ياخشى بولدى، — دېدى مەريەم.

ئۇلار تېلېۋىزورنى جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئورەكنى توپا بىلەن قايتىدىن كۆمدى.

— ئەمدى ياخشى بولدى، — دېدى مەريەم قولىنى كۆڭلىكىگە سۈرتۈپ.

مەريەم بىلەن لەيلا بىرنەچچە ئاي ساقلاپ، تالىبانلارنىڭ ئاختۇرۇشلىرى ئازلىغاندا، تېلېۋىزورنى ئورەكتىن يەنە ئاچىقىشقا كېلىشتى.

لەيلا چۈش كۆردى. ئۇ چۈشىدە مەريەم بىلەن بىللە ئامبارنىڭ ئارقىسىغا يەنە بىر ئورەك كولاۋاتقۇدەك. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇلار ئەزىزەنى ئورەككە سېلىۋاتقۇدەك. ئەزىزە قورقىنىدىن، ئالقانلىرى بىلەن سولياۋ تاغارنى يىرتىپ، ئورەكتىن چىقىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقۇدەك، ئاپىسىغا قاراپ يالۋۇرۇۋاتقۇدەك. لېكىن، لەيلا ئۇنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايۋاتقۇدەك. «بۇ پەقەت قىسقا مۇددەتلىك ئىش، — دەۋاتقۇدەك لەيلا، —

ئاختۇرۇش تۇگىسىلا بىز سىزنى ئاچىقۇالىمىز. بۇنى بىلمەمسىز، تاتلىقىم؟ ئۇ كۈنلەر كەلگەندە، يەنە بىللە ئوينايمىز. قانچە ئۇزاق ئوينايمىز دېسىڭىز ئىختىيار سىزدە.» لەيلا قولىدىكى گۈرجەككە توپا ئالغۇدەك. لەيلا چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمگەن هالدا ئويغاندى. ئورەكتىن چاچراپ ئاغزىغا كىرىپ كەتكەن توپىنىڭ تەمى تېخىچە ئۇنىڭ ئاغزىدا بار ئىدى.

# قىرىق بىرىنچى باب

## مەريەم

2000 ـ يىلى يازدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ئۈچىنچى يىلىغا قەدەم قويدى.

ھېلماند، زابول ۋە قەندەھاردىكى دېھقانلار پادىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، يۇرتمۇيۇرت سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ ئىزدەيدىغان كۆچمەنلەرگە ئايلاندى. قوي ـ كالىلىرى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ تۈگىگەندە بولسا، ئۇلار كابۇلنىڭ «كارتې ئارىيانا» تېغى ئەتراپىدا پەيدا بولغان ۋاقىتلىق كەمبەغەللەر مەھەللىسىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىشتى. ئادەتتە، ئون بەش ياكى يىگىرمە كىشى بىر كەپىگە كىرىپ كۈن كەچۈرۈشەتتى.

ئەنە شۇ يىلى «تىتانىك ناملىق پاراخوت» فىلىمى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قويۇلدى. ئەزىزە بىلەن مەريەم ھويلىدا بىر ـ بىرىنى غىدىقلىشىپ ئويناشقاندا، ئەزىزە ئۆزىنىڭ كىنودىكى «جېك» ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى.

ــ پەسرەك گەپ قىلىڭ، ئەزىزە.

ــ جېك! مېنىڭ ئىسمىم جېك، مەريەم ھاما. سىز دەپ بېقىڭا، جېك!

ــ دادىڭىزنى ئويغىتىۋەتسىڭىز خاپا بولىدۇ جۇمۇ.

ــ مەن جېك! سىز رۇس.

مەريەم ئاخىر رۇس بولۇشقا قوشۇلدى.

ــ بولىدۇ. سىز جېك بولۇڭ، ــ دەيتتى ئۇ تەن بەرگەن

ھالدا، — سىز ياشلا ئۆلۈپ كېتىسىز. مەن قېرىغۇچە ئۆمۈر كۆرىمەن.

— لېكىن، مەن دېگەن قەھرىمان سۈپىتىدە ۋاپات بولىمەن، رۇس، — دەيتتى ئەزىزە، — سىز پۈتۈن ئۆمرىڭىزنى مېنى سېغىنىپ، ئازاب بىلەن ئۆتكۈزىسىز.

ئەزىزە مەريەمگە ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— ئەمدى بىز ئىككىمىز سۆيۈشۈشىمىز كېرەك! — دەيتتى.

مەريەم بېشىنى ئىككى تەرەپكە بۇراپ، ئەزىزەدىن ئاغزىنى قاچۇراتتى. ئەزىزە بولسا، ئۆزىنىڭ قىلىقىدىن ھۇزۇرلىنىپ، لەۋلىرىنى مەريەمنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىشكە ئۇرۇنۇپ، قاقاھلاپ كۈلەتتى.

بەزى ۋاقىتلاردا زالماي بۇ ئويۇننىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالاتتى ـ دە، ئۆزىنىڭ قايسى رولنى ئالالايدىغانلىقىنى سورايتتى.

— سەن مۇز تاغ بولغىن، — دەيتتى ئەزىزە.

شۇ يىلى يازدا «تىتانىك ناملىق پاراخوت» فىلىمى قىزغىنلىقى پۈتۈن كابۇلغا يامرىدى. كىشىلەر فىلىمنىڭ قانۇنسىز كۆچۈرۈلگەن پىلاستىنكىلىرىنى پاكىستاندىن ئىچ كىيىملىرىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، كابۇلغا ئەكېلىشەتتى. ھەر كۈنى كەچتىكى ھەربىي ھالەت ۋاقتى ئۆتكەن ھامان كىشىلەر ئىشىكلىرىنى تاقاپ، چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈپ، تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى تۆۋەنلىتىپ، جېك، رۇس ۋە سۇ ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەن كېمىدىكى باشقا يولۇچىلار ئۈچۈن ياش تۆكۈشەتتى. ئۆيدە ئېلېكتىر بار ۋاقىتلاردا، لەيلا بىلەن مەريەم بالىلار بىلەن بىللە ئۇ فىلىمنى كۆرەتتى. ئۇلار ھازىرغىچە ئامبارنىڭ ئارقىسىغا كۆمۈلگەن تېلېۋىزورنى ئون قېتىمدىن ئارتۇق ئېلىپ چىقىپ ئۇ فىلىمنى كۆردى. ئۇلار ئاشۇنداق ۋاقىتلاردا قاراڭغۇ چۈشكۈچە ساقلاپ، تېلېۋىزورنى ئورەكتىن ئالغاندىن كېيىن، چىراغلارنى ئۆچۈرۈپ دېرىزىلەرنى ئەدىيال بىلەن توسۇپ ئاشۇ

فىلىمنى كۆرەتتى.

قۇرۇپ كەتكەن كابۇل دەرياسىنىڭ ئىچىگە تىجارەتچىلەر كۆچۈپ كىردى. ئۇزاق ئۆتمەي، دەريانىڭ قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن بۇلۇڭلىرىغا قاتار قويۇلغان ئۈچ چاقلىق ھارۋىلاردا «تىتانىك» ماركىلىق گىلەم، «تىتانىك» ماركىلىق كىيىم ـ كېچەكلەر سېتىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «تىتانىك» ماركىلىق قولتۇق ئەتىرى، «تىتانىك» ماركىلىق چىش پاستىسى، «تىتانىك» ماركىلىق ئەتىر، «تىتانىك» ماركىلىق دوپپىلارمۇ بار ئىدى. ھەتتا «تىتانىك» ماركىلىق بۇرقىنىمۇ تاپقىلى بولاتتى. بىر تىلەمچى جاھىللىق بىلەن باشقىلاردىن ئۆزىنى «تىتانىك قەلەندەر» دەپ ئاتاشنى تەلەپ قىلدى.

شۇنداق قىلىپ «تىتانىك» شەھىرى دۇنياغا كەلدى.

بەزىلەر فىلىمنىڭ ناخشىسى مۇڭلۇق دەپ ماختىسا، بەزىلەر فىلىمدىكى دېڭىز كۆرۈنۈشى ھەممىدىن ھەيۋەتلىك دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر بولسا كىنودىكى ھەشەمەتچىلىكنى ۋە پاراخوتنىڭ ھەيۋىتىنى ماختايتتى. ئۇلار يەنە كىنودىكى پېرسوناژلار توغرۇلۇق ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى. «جېك بىلەن رۇسنىڭ بىللە بولغان يېرى كارامەت» دەپ پىچىرلايتتى بەزىلەر.

— لېئو، — دەيتتى ئەزىزە بىرئاز ئوڭايسىزلانغان ھالدا، — فىلىمنى قىزىقارلىق قىلغان لېئو.

— ھەممە ئادەم جېكنى ياخشى كۆرىدۇ، — دېگەنىدى لەيلا مەريەمگە، — مەسىلىنىڭ يىلتىزى دەل شۇ يەردە. ھەممە ئادەم جېكتەك بىرسىنىڭ كېلىپ ئۆزلىرىنى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن، بۇ يەردە جېك يوق. جېك مەڭگۇ قايتىپ كەلمەيدۇ. چۈنكى، جېك ئۆلگەن.

يازنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىر گەزمالچى تاماكىسىنى ئۆچۈرۈشنى ئۇنتۇپ مۈگدەپ قاپتۇ. گەرچە ئۆزى ھايات قالغان بولسىمۇ، ئۇ كىشىنىڭ دۇكىنى ئوتتا كۆيۈپ كېتىپتۇ. ئوت قوشنا دۇكانلارغا، يەنى بىر رەخت دۇكىنى، كونا

كېيىم - كېچەك دۇكىنىغىمۇ تۇتىشىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوت تېخىمۇ كۈچىيىپ، بىر كىچىك ئۆي جاھازلىرى دۇكىنى بىلەن ناۋايخانىمۇ كۈلگە ئايلىنىپتۇ.

دوقمۇشقا جايلاشقان رەشىدنىڭ دۇكىنىمۇ ئامان قالماپتۇ.

كىشىلەر رەشىدكە ئەگەر شامال غەرب تەرەپكە چىقماي، شەرق تەرەپكە قاراپ چىققان بولسا ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ ساق قېلىش ئېھتىمالى بار ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىپتۇ.

ئۇلار ھەممە نەرسىنى ساتتى.

دەسلەپتە مەريەمنىڭ تەئەللۇقاتلىرىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن لەيلانىڭ نەرسىلىرىنى ساتتى. ئۇلار ئەزىزەنىڭ بوۋاق ۋاقتىدا كىيگەن كىيىملىرىنى، لەيلا رەشىد بىلەن سوقۇشۇپ يۈرۈپ ئەزىزە ئۈچۈن ئالدۇرغان ئويۇنچۇقلارنىمۇ سېتىۋەتتى. ئەزىزە ھېچقانداق نارازىلىق بىلدۈرمىدى. رەشىدنىڭ سائىتىمۇ رادىيوسى بىلەن بىللە قوشۇلۇپ سېتىلدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بىر جۈپ گالىستۇكىنى، ئايىغىنى ۋە تويلۇق ئۈزۈكىنى سېتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۆيدىكى سافا، تاماق ئۈستىلى، گىلەم ۋە ئورۇندۇقلارمۇ بىر - بىرلەپ كۆزدىن غايىب بولدى. رەشىد تېلېۋىزورنى ساتقاندا بولسا زالماينىڭ ئاچچىقى بىرنەچچە كۈنگىچە يانمىدى. ئوت ئاپىتىدىن كېيىن، رەشىد كۈندە دېگۈدەك ئۆيدە بولدى. ئۇ بىردەم ئەزىزەنىڭ تەستىكىگە ئۇرسا، بىردەم مەريەمنى تېپەتتى. نەرسىلەرنى يەرگە ئاتاتتى. بەزى ۋاقىتلاردا، لەيلانىڭ پۇراقلىرىدىن، كىيگەن كىيىملىرىدىن، چېچىنىڭ پاسونىدىن، چىشىنىڭ ساغىرىپ كەتكەنلىكىدىن پۇتاق چىقىراتتى.

— ساڭا زادى نېمە بولدى؟ — دەيتتى ئۇ، — مەن بىر پەرىزات بىلەن توي قىلىپ، كۆرۈمسىز جادۇگەرگە تۇتۇلدۇممۇ نېمە؟ سېنىڭ ئەمدى مەريەمگە ئايلىنىپ قالغىنىڭنى قارا.

ئۇ خېرىدارلار بىلەن سوقۇشۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ھاجى ياقۇپ مەيدانىنىڭ يېنىغا جايلاشقان كاۋاپخانىدىكى ئىشىدىنىمۇ

ھەيدەلدى. خېرىدار رەشىدنى نانىنى قوپاللىق بىلەن ئۇستەل ئۇستىگە قويدى دەپ نارازىلىق بىلدۈرگەندە، رەشىد خېرىدارنى «مايمۇن چىراي ئۆزبېك» دەپ ھاقارەتلەپتىمىش. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ـ بىرىگە تاپانچا بىلەن كاۋاپ زىخى تەڭلىشىپتۇ. رەشىد ئۆزىنىڭ زىخنى تەڭلىگەنلىكىنى ئەسكەرتتى. لېكىن، مەريەم ئۇنىڭ سۆزىگە ئانچە ئىشەنمىدى.

ئۇ يەنە تايمانىدىكى رېستوراندىنمۇ ھەيدەلدى. ئۇنىڭ سەۋەبى خېرىدار ئۆزىنىڭ تاماقنى ئۇزاق ساقلاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ نارازى بوپتىمىش. رەشىدنىڭ دېيىشىچە، ئەسلىدە گۇناھ ناھايىتى ئاستا ئىش قىلىدىغان ھۇرۇن ئاشپەزدىمىش.

ــ بەلكىم، سىز ئاشخانىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئۇخلاپ قالغان بولغىيدىڭىز، ــ دېدى لەيلا.

ــ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەڭ، لەيلا، ــ دېدى مەريەم.

ــ مەن سېنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتىمەن، جۇمۇ خوتۇن.

ــ مېنىڭچە، چوقۇم شۇنداق قىلدىڭىز ياكى بولمىسا تاماكا چەككىلى رېستوراننىڭ ئارقىسىغا چىقىپ كەتتىڭىز.

ــ ئەمدى زۇۋانىڭنى يىغمايدىغان بولساڭ، سېنى قانداق قىلىۋېتىدىغىمنى كۆرىسەن...

ــ سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ، دېگەن گەپ بار...

لەيلانىڭ سۆزى ئاياغلاشماي تۇرۇپ، رەشىدنىڭ مۇشتۇمى لەيلانىڭ مەيدىسىگە، بېشىغا، قورساقلىرىغا تېگىشكە باشلىدى. ئۇ لەيلانىڭ چېچىنى يۇلۇپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ تامغا ئاتتى. ئەزىزە تىترىگەن ھالدا رەشىدنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋالدى. زالىمۇ چىرقىرىغان ھالدا رەشىدنى ئىتتىرەتتى. رەشىد باللارنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىپ، لەيلانى يەرگە يىقىتتى ـ دە، پۇتى بىلەن تېپىشكە باشلىدى. مەريەم ئۆزىنى لەيلانىڭ ئۈستىگە ئاتتى. رەشىد ئەمدى مەريەمنىمۇ تېپىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ماغزاپ چاچرايتتى. كۆزىدىن بولسا قاتىللىق نۇرلىرى

چاقنايتتى. ئۇ لەيلانى ھالىدىن كەتكۈچە تەپتى.

— قەسەم قىلايكى، سېنى ئاخىر ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، لەيلا، — دېدى ئۇ ھاسىرىغان ھالدا.

ئۇ غەزەپ بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

يانچۇقتىكى پۇللار تۈگەپ، ئاچارچىلىق بارغانسېرى ئۇلارنىڭ ھاياتىغا بۆسۈپ كىرىشكە باشلىدى. ئاچلىقنىڭ شۇنچە تېزلا ئۇلارنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن مۇھىم مەسىلىگە ئايلانغانلىقى مەريەمنى ھەيران قالدۇراتتى. بۇ كۈنلەردە، گۆشسىز، سۇدا پىشۇرۇلغان ئاق گۈرۈچ يېيىشمۇ ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇلار كۆپ ۋاقىتلاردا بىر كۈندە ئۈچ ۋاقتىن ئاز تاماق يېيىشكە مەجبۇر بولاتتى. بەزى ۋاقىتلاردا رەشىد ئۆيگە كونسېرۋا قۇتىسىدا ساردىنىس بېلىقى بىلەن ياغاچ كېپىككى تېتىيدىغان قۇرۇپ كەتكەن نان ئەكېلەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا قولىنىڭ چانىلىپ كېتىش خەۋپىگە قارىماي، بىر خالتا ئالما ئوغرىلاپ كېلەتتى. رەشىد كۆكتات دۇكىنىدىن ئېھتىيات بىلەن ئوغرىلاپ يانچۇقىغا سېلىپ كەلگەن كونسېرۋا قۇتىسىدىكى قايماقلىق چۆپنى بەشكە تەقسىم قىلاتتى. ھەممىدىن جىقىنى زالمايغا بېرەتتى. ئۇلار خام تۇرۇپنى تۇزغا چىلاپ يەيتتى. بەزىدە سولىشىپ قالغان ياپراق بىلەن قارىداپ كەتكەن بانانىنى كەچلىك تاماق ئورنىدا ئىستېمال قىلاتتى.

تۇيۇقسىز ئاچلىقتىن ئۆلۈش ئېتىماللىقى بارغانسېرى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇنداق ئۆلۈش نۆۋىتىنىمۇ ساقلاپ تۇرمىدى. مەھەللىدىكى بىر تۇل ئايالنىڭ نانغا چاشقان دورىسى ئارىلاشتۇرۇپ يەتتە بالىسىغا يېگۈزۈپ، قالغان قىسمىنى ئۆزىنىڭ يەۋالغانلىقى مەريەمنىڭ قۇلىقىغا كىردى.

ئەزىزە ئورۇقلاپ قوۋۇرغىلىرى تېرىسىدىن بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى گۆشمۇ يوقالغانىدى. ئۇنىڭ پاچاقلىرى

ئىنچىكىلەپ، چىرايى قارىداشقا باشلىدى. مەريەم ئۇنى كۆتۈرگەندە، ئۇنىڭ ساغرا تېرىسىنىڭ سۆڭەككە چاپلىشىپ تۈرغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. زالىماي بولسا يەردە ياكى دادىسىنىڭ قۇچىقىدا نۇرسىز كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ، خۇددى پارچە لاتىدەك لۆمشىپ ياتاتتى. ئۇ كۈچى يەتكەندە يىغلاپ، ھالسىزلانغاندا ئۇخلاپ قالاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى تەرتىپسىز ھەم قىسقا ئىدى. مەريەم ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەندە، كۆز ئالدىدا ئاق چېكىتلەر كۆرۈنەتتى. بېشى قېيىپ، قۇلىقى توختىماي غوڭۇلدايتتى. مەريەم فەيزۇللا موللامنىڭ رامىزان كىرگەندە ئېيتقان مۇنۇ سۆزىنى ئەسلىدى: «يىلان چاققان ئادەممۇ ئۇخلىيالايدۇ. لېكىن، ئاچ قالغان ئادەم ئۇخلىيالمايدۇ.»

— باللىرىم ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى، — دېدى لەيلا، — كۆز ئالدىمدىلا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى.

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى مەريەم، — مەن ئۇنداق بولۇشىغا يول قويمايمەن. ھەممە ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، لەيلا. مەن قانداق قىلىشنى بىلىمەن.

تومۇزنىڭ بىر كۈنى، مەريەم بۇرقىسىنى كىيىپ، رەشىد بىلەن بىللە «قىتئەلەر ئارا» مېھمانخانىسىغا پىيادە كەلدى. ئاپتوبۇس بېلىتى سېتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەريەم تاغنىڭ ئۈستىگە چىققۇچە پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. ئۇلار ئەگمىدىن ئۆتكۈچە مەريەمنىڭ بېشى قېيىپ، ئىككى قېتىم توختاشقا مەجبۇر بولدى.

مېھمانخانا دەرۋازىسى ئالدىدا رەشىد ئۈچىسىغا قىزغۇچ شىم ـ كاستۇم، بېشىغا شەپكە كىيگەن دەرۋازىۋەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار دوستانە كۆرۈشتى، رەشىد دەرۋازىۋەننىڭ جەينىكىدىن تۇتۇپ قىزغىن سۆزلىدى. پاراڭ ئارىسىدا رەشىد بېشى بىلەن مەريەمنى شەرەت قىلدى. دەرۋازىۋەن مەريەمگە تېز

ھەم قىسقا نەزەر سالدى. دەرۋازىۋەننىڭ چىرايى مەريەمگە تونۇشتەك بىلىندى. دەرۋازىۋەن مېھمانخانا ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەريەم بىلەن رەشىد دەرۋازا ئالدىدا ئۇنى ساقلىدى. مېھمانخانا جايلاشقان ئېگىز تاغ تۆپىسىدىن كابۇلنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. مەريەم كۆپ خىل تېخنىكا ئىنستىتۇتىنى، ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكى قاھىرخان رايونىنى ۋە مازارغا بارىدىغان يولنى كۆردى. جەنۇبتا بولسا تاشلىنىپ كەتكىنىگە ئۇزاق بولغان، سارغۇچ تاملىرى ئوقلار زەربىسىدىن ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن نان زاۋۇتى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. جەنۇبقا يىراقلاپ قارىغاندا، نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى رەشىد ئۆزىنى دالا سەيلىسىگە ئاچىققان دارۇلئامان ئوردىسىنىڭ قالدۇقلىرىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولاتتى. مەريەم ئاشۇ بىر كۈننى ئەسلىدى. ئاشۇ بىر كۈن مەريەمگە مەڭگۈ مەنسۇپ بولمىغاندەك بىلىنىدىغان ئۆتمۈشنىڭ يالدامىسىغا ئايلانغانىدى. ئۇ خۇدىنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، خىيالىنى يىغىشقا تىرىشتى.

ھەربىر مىنۇتتا دېگۇدەك تاكسى ۋە جىپ ماشىنىلىرى مېھمانخانا ئالدىدا توختايتتى. دەرۋازىۋەن ئۇلارنى پايپېتەك بولۇپ قارشى ئالاتتى. كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ساقاللىرىنى ئۇزۇن قويۇۋېلىشقان، بېشىغا ئافغان دوپپىسى كىيگەن، مۇرىلىرىگە قورال ئېسىۋالغان ئەرلەر بولۇپ، ھەربىر قەدەم ئېلىشىدىن بىر خىل ھاكاۋۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ مېھمانخانىغا كىرىپ كەتكۈچە قىلىشقان بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلىرى مەريەمنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پاشتۇنچە پاراڭلاشسا، بەزىلىرى پارسچە ياكى ئوردۇچە سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەرەبچە سۆزلەيدىغانلارمۇ بار ئىدى.

— مانا بۇلار ھەقىقىي غوجايىنلار، — دېدى رەشىد ئاۋازىنى تۆۋەن قىلىپ، — پاكىستان ۋە ئەرەب ئىسلامچىلىرى، تالىبانلار دېگەن بۇلارنىڭ قورچىقى. مانا مۇشۇلار ھەممە ئىشقا ئىگە.

ئافغانىستان دېگەن بۇلارنىڭ ئۆيۈن ئويناىدىغان يېرى.

رەشىد يەنە مەريەمگە بۇ كىشىلەرنىڭ ئافغانىستاننىڭ ھەممە جايلىرىدا تەربىيەلەش لاگېرى قۇرۇۋاتقانلىقىنى، ياش يىگىتلەرنى ئۆزىنى پارتلىتىدىغان ئەسكەر قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىدىغانلىقىنى، تالىبانلارنىڭ بۇلارغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىدىغانلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇ ئادەم تېخىچە چىقمايدۇغۇ؟ — سورىدى مەريەم.

رەشىد يەرگە تۈكۈرۈپ، پۇتى بىلەن تۈكۈرۈك ئۈستىگە توپا ئىتتىردى.

بىر سائەتتىن كېيىن، مەريەم بىلەن رەشىد دەرۋازىۋەنگە ئەگىشىپ، مېھمانخانا ئىچىگە كىردى. ئۇلار ئاياغلىرىدىن ئاۋاز چىقارغان ھالدا، ھاۋا تەڭشىگۈچتىن چىققان سالقىن شامالدا راھەت بىلىنىدىغان كارىدوردىن مېڭىپ زالغا يېتىپ كەلدى. زالدا ئىككى ئادەم ملىتىقلىرىنى يانلىرىغا قويۇپ، خۇرۇم ئورۇندۇقتا قارا چاي ئىچىپ، قىيامى بىلەن شېكەرلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان جىلابى يەپ ئولتۇرۇشقانىدى. مەريەم ئەزىزەنىڭ جىلابىنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ، دەرھال يانغا قارىۋالدى.

دەرۋازىۋەن ئۇلارنى بالكونغا باشلاپ چىقىپ، يانچۇقىدىن قارا رەڭلىك كىچىككىنە يانفون بىلەن نومۇر يېزىلغان بىر پارچە قەغەزنى ئالدى. ئۇ رەشىدكە بۇ تېلېفوننىڭ ئۆزىنىڭ باشلىقىنىڭ سۇنئىي ھەمراھتىن سىگنال تارتىدىغان تېلېفونى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— مەن بۇ تېلېفوننى پەقەت بەش مىنۇتلا سورىيالىدىم، — دېدى ئۇ، — ئارتۇق ئەمەس.

— رەھمەت، — دېدى رەشىد، — مەن ئۇنتۇپ قالمايمەن.

دەرۋازىۋەن بېشىنى لىڭشىتقاندىن كېيىن، ئارقىسىغا قايتىپ كېتىپ قالدى. رەشىد نومۇرنى باسقاندىن كېيىن، تېلېفوننى مەريەمگە تۇتقۇزدى. مەريەم تېلېفوننىڭ ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ

جىرىڭشىغان ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ، خىيالغا پاتتى. ئۇ 1987 ـ يىلى جېلىلنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم، ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كوچىدا، ئۇستىگە ئاق سىزىق سىزىلغان، كۆك رەڭلىك مېرسېدىسنىڭ يېنىدا تۇۋرۇككە يۆلىنىپ تۇرغان ھالدا كۆرگەنىدى. ئۇ ئاشۇ يەردە سائەتلەپ تۇردى. مەريەم جېلىلنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرغانغا ئوخشاش، جېلىلمۇ مەريەمنىڭ ئىسمىنى چاقىردى. ئۇ پەردىنى قايرىپ جېلىلغا تېزلىك بىلەن بىر نەزەر سالدى. جېلىلنىڭ پاخپايغان چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن، گەۋدىسى ئالدىغا مۈكچىيىشكە باشلىغانىدى. ئۇ كۆزىگە كۆزئەينەك، بوينىغا قىزىل گالستۇك تاقىغانىدى. خۇددى بۇرۇنقى چاغلارغا ئوخشاش ئاق ياغلىقنى ئۈچ بۇرجەك قاتلاپ مەيدە يانچۇقىغا سېلىۋالغانىدى. مەريەمنى بەكرەك ھەيران قىلغىنى ئۇ بەك ئورۇقلاپ كەتكەنىدى. جېلىل مەريەمنىڭ كۆزىگە بۇرۇنقى چاغلارغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ئورۇق كۆرۈندى. ئۇنىڭ بېغىر رەڭ كاستيۇمىنىڭ مۈرىلىرى ئىككى تەرەپكە ساڭگىلاپ قالغانىدى.

جېلىلمۇ مەريەمنى كۆردى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى خۇددى يىللار بۇرۇن پەردىنىڭ ئارقىسىدا ئۇچراشقاندەك، ناھايىتى قىسقىلا ئۇچراشتى. لېكىن، بۇ قېتىم پەردىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇۋاتقىنى مەريەم ئىدى. مەريەم دەرھال پەردىنى چۈشۈردى. ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، جېلىلنىڭ قايتىپ كېتىشىنى كۈتتى.

مەريەم جېلىلنىڭ شۇ ۋاقىتتا بوسۇغىدا قالدۇرۇپ كەتكەن خېتىنى ئەسكە ئالدى. ئۇ خەتنى ياستۇقىنىڭ ئاستىدا بىرنەچچە كۈن ساقلىغاندىن كېيىن، ئاچماستىنلا يىرتىۋەتكەنىدى.

ئەمدىلىكتە بولسا، مەريەم شۇنچە يىللاردىن كېيىن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىۋاتاتتى.

مەريەم ئۆزىنىڭ ياش چاغلىرىدىكى ئەخمەقلىقىگە پۇشايمان قىلدى. ئۇ جېلىلنى ئۆيگە كىرگىلى قويغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسا،

ھېچقانداق زىيان تارتمايتتى. نېمە دېگەنبىلەن ئۇ مەريەمنىڭ دادىسىغۇ؟ ئۇنىڭ ياخشى دادا بولالمىغانلىقى راست. بىراق، رەشىدنىڭ قارا نىيىتى ئالدىدا ياكى بۇ يەردىكى ئەرلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە قىلىدىغان رەھىمسىزلىكى ۋە زوراۋانلىقى ئالدىدا ئۇ كەچۈرۈۋەتكىلى بولىدىغان سەۋەنلىكلەر ئىدى.

ئۇ خەتنى يىرتىۋەتكەنلىكىگە ئۆكۈندى.

تېلېفوندا بىر ئەرنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئاۋاز مەريەمگە ھېراتنىڭ شەھەر باشلىقىنىڭ ئىشخانىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەريەم گېلىنى قاقتى.

— سالام، ئاغا. مەن ھېراتتا ياشايدىغان ياكى نەچچە يىللار بۇرۇن شۇ يەردە ياشىغان بىرسىنى ئىزدەيتتىم. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى جېلىلخان. ئۇ شارىناۋدا تۇراتتى. بىر كىنوخانىسىمۇ بار ئىدى. سىز ئۇ كىشى توغرۇلۇق بىرەر ئۇچۇر بىلەرسىزمۇ؟

ئۇ كىشى مەريەمنىڭ سۆزلىرىدىن تېرىككەندى.

— مۇشۇ ئىش ئۈچۈن شەھەر باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا تېلېفون قىلدىڭىزمۇ؟

مەريەم ئۇ كىشىگە ئۇنىڭدىن باشقا يول تاپالمىغانلىقىنى ئېيتتى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، ئاغا. سىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىدىغان نۇرغۇن مۇھىم ئىشلىرىڭىز بارلىقىنى بىلىمەن. لېكىن، بۇ ھايات ـ ماماتلىققا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش ئىدى.

— مەن ئۇ كىشىنى بىلمەيمەن. ئۇ كىنوخانا تاقىلىپ كەتكىلى ئۇزاق يىللار بولدى.

— بەلكىم ئۇنى تونۇيدىغان باشقىلارمۇ بولۇشى مۇمكىن.

— بۇ يەردە باشقا ئادەم يوق.

مەريەم كۆزىنى يۇمدى.

— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئاغا. بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك باللار بار. نارەسىدە باللار.

قارشى تەرەپتىن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— بەلكىم ئۇ يەردە ئۇنى تونۇيدىغان بىرەرسى باردۇ؟

— بۇ يەردە تازىلىقچى بىر ئادەم بار. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇ كىشى بىر ئۆمۈر مۇشۇ يەردە ياشىغان.

— بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سوراپ باقسىڭىز، ئاغا.

— ئەتە تېلېفون قىلىڭ.

مەريەم ئۇ كىشىگە ئۇنداق قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— مەن بۇ تېلېفوننى بەش مىنۇتلۇقلا ئارىيەتكە ئالغان. مەن ئەتە تېلېفون قىلالمايمەن.

قارشى تەرەپتىن «كىلىك» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. دەسلەپتە، مەريەم ئۇ كىشىنى تېلېفوننى قويۇۋەتتى، دەپ ئويلىدى. لېكىن، بىرئازدىن كېيىن، ئاياغ تىۋىشىغا ئەگىشىپ، باشقىلارنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازى، يىراقتىن ماشىنىنىڭ كاناي ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ تېلېفوننى يەنە بىر قولىغا يۆتكەپ، كۆزىنى يۇمدى.

مەريەم جېلىلنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، يانچۇقىغا قولىنى سالغان ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

— ھە، توغرا. مانا بۇ يەردە...

ئاي ۋە يۇلتۇزنىڭ شەكلى ئويۇلغان كىچىك تەڭگىلەر ساڭگىلاپ تۇرغان يوپۇرماق شەكىللىك مېداليون.

— تاقاپ بېقىڭ، مەريەم.

— قانداق، ياخشى كۆردىڭىزمۇ؟

— سىز خۇددى خانىشلارغا ئوخشىدىڭىز.

ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، قارشى تەرەپتىن ئاياغ تىۋىشى بىلەن «كىلىك» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئۇنى تونۇيدىكەن.

— شۇنداقمۇ؟

— ئۇ شۇنداق دېدى.

— ئۇ قەيەردە ئىكەن؟ — دېدى مەريەم، — ئۇ ئادەم جېلىلخاننىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەمدىكەن؟

ئارنى جىمجىتلىق باستى.

— ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ كىشى 1987 ـ يىلى ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

مەريەمنىڭ يۈرىكى ئاغىدى. ئۇ بۇنداق ئېھتىماللىقنىمۇ ئويلىغانىدى، ئەلۋەتتە. جېلىل ھايات بولغان بولسا سەكسەن ياشلارغا كىرگەن بولاتتى. لېكىن...

1987 ـ يىلى.

ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى بىلگەچكە، ھېراتتىن ئاخىرقى قېتىم خوشلاشقىلى ماشىنا ھەيدەپ كەلگەنىكەن ـ دە.

ئۇ بالكونىنىڭ قىرىغا يۆتكەلدى. تۆۋەن تەرەپتە بۇرۇنلاردا خېلى نامى بار، ئەمدىلىكتە بولسا سۇنىڭ ئورنىغا ئەخلەت بىلەن توشقان، مىلتىق ئوقلىرىدا ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى كۆرۈنەتتى. كۆلچەكنىڭ يېنىدا تاشلاندۇق چويلا توپ مەيدانى بار بولۇپ، سېتكىسى خۇددى تاشلانغان يىلان قاسرىقىدەك يەردە سۆرىلىپ قالغانىدى.

— مەن ئەمدى ئىشىمغا ماڭاي، — دېدى تېلېفوندىكى ئاۋاز.

— سىزنى ئاۋارە قىلدىم، — دېدى مەريەم پەس ئاۋازدا. ئۇ ئەمدى يىغلاۋاتاتتى.

جېلىلنىڭ يانچۇقىنى سوۋغىلارغا توشقۇزۇپ، ئېرىق ئىچىدىكى تاشلارغا دەسسەپ ئۆتۈپ، مەريەمگە قاراپ قولىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتقان ھالىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. مەريەم ھەر قېتىم خۇدادىن جېلىل بىلەن كۆپرەك ۋاقىت بىللە تۇرۇشقا يول قويۇشنى تىلىگەنىدى.

— رەھمەت، — دېدى مەريەم. لېكىن، ئۇ ئادەم ئاللىقاچان تېلېفوننى قويۇۋەتكەنىدى.

مەريەم ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان رەشىدكە قاراپ بېشىنى چايقىدى.

— يارىماس، — دېدى رەشىد ئۇنىڭ قولىدىن تېلېفوننى تارتىۋېلىپ، — دادىسىغا ئوخشاشلا يارىماس.

ئۇلار زالدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، رەشىد ھېلىقى ئىككى ئەسكەر ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا تېزلىك بىلەن باردى. ئۇ يەردە ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. رەشىد ئۇستەلنىڭ ئۇستىدىكى ئېشىپ قالغان جېلابىنى يانچۇقىغا سالدى. ئۇلار ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە، رەشىد يانچۇقىدىن جېلابىنى چىقىرىپ زالمايغا بەردى.

# قىرىق ئىككىنچى باب

## لەيلا

ئەزىزە ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان نەرسىلەرنى بىر قەغەز خالتىغا سالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گۈللۈك مايكا، بىر جۈپ پايپاق، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان يۇڭ پەلەي، يۇلتۇز بىلەن پىلانېتىلارنىڭ رەسىمى بېسىلغان كاۋا رەڭلىك كونا ئەدىيال، چاك كەتكەن سولياۋ ئىستاكان، بىر بانان ۋە بىر يۈرۈش شىلغا بار ئىدى. ئۇ 2001 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ سالقىن كۈنلىرىنىڭ بىرى، كۆل رەڭ ئاسماندا قۇياش كۆرۈنمەيتتى. سوغۇق شامال سىيرىلما ئىشىككە ئۇرۇلاتتى.

بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن، لەيلا ئەھمەدشاھ مەسئۇدنىڭ فىرانسىيەگە بېرىپ، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئالدىدا نۇتۇق سۆزلىگەنلىكىنى ئاڭلىدى. مەسئۇد ھازىر ئۆزىنىڭ يۇرتىغا، يەنى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغا قايتىپ كەلگەن بولۇپ، تالىبانلارغا بىردىنبىر قارشى تۇرۇۋاتقان شىمالىي بىرلەشمە دەپ ئاتىلىدىغان گۇرۇپپىغا رەھبەرلىك قىلىۋاتاتتى. مەسئۇد غەرب دۆلەتلىرىنى تالىبانلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئامېرىكىدىن تالىبانلارغا قارشى ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ـــ ئەگەر زۆڭتۈڭ بۇش بىزگە ياردەم قىلمىسا، ـــ دېگەنىدى ئۇ، ـــ بۇ تېررورچىلار ئامېرىكا بىلەن ياۋروپانى ئۇزاققا قالماي ھالاك قىلىدۇ.

بىر ئاي ئىلگىرى، تالىبانلار بامىياندىكى ھەيۋەتلىك بۇددالارنىڭ ھەيكەللىرىنى ئاللاغا شەك كەلتۈرگەن

گۇناھكارلارنىڭ سىمۋولى دېگەن باھانىلەر بىلەن پارتىلاتماقچى بولدى. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر، تارىخچىلار ۋە ئارخېئولوگلار تەرەپ - تەرەپتىن تالىبانلارغا ئۆتۈنۈش خەتلىرىنى يېزىپ، ئۇلارنى ئافغانىستاندىكى بۇ ئىككى تارىخىي يالدامىنى بۇزۇش نىيىتىدىن ياندۇرماقچى بولدى. لېكىن، تالىبانلار قارارىنى ئۆزگەرتمەستىن، ئاشۇ ئىككى مىڭ يىللىق تارىختىقا ئىگە بۇتلارنى پارتلاتتى. ھەر قېتىم پارتلاش ئاۋازى ئاڭلانغاندا، ئۇلار «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ۋارقىرىشاتتى. بۇتلارنىڭ پۇتى ياكى بېشى توپا - چاڭغا ئايلانغاندا، ئۇلار بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ تەنتەنە قىلىشاتتى. لەيلا 1987 - يىلى دادىسى ۋە تارىق بىلەن بىللە ئاشۇ ئىككى بۇتنىڭ ئۇستىگە چىققانلىقىنى ئەسلىدى. ئۇ شامالدا چاچلىرىنىڭ يەلپۈنگەن، بۈركۈتنىڭ تۆۋەن تەرەپتىكى جىلغىنى ئايلىنىپ ئۇچقان كۆرۈنۈشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

لېكىن، ھەيكەللەرنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان لەيلادا ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى. بۇلار لەيلا ئۈچۈن بەربىر ئىدى. ئۆزىنىڭ ھاياتى توپا - چاڭغا ئايلىنىۋاتقان ۋاقىتتا، ھەيكەللەرنىڭ تەقدىرىنى ئويلاشقا لەيلانىڭ قانداقمۇ قۇربى يەتسۇن؟

لەيلا مېھمانخانا ئۆينىڭ پەگاھىدا ئۈن - تىنسىز ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق. گەرچە ئۇ قانچە كۈچەپ تىنسىمۇ، ئۆپكىسىگە ھاۋا يېتىشمىگەندەك ھېس قىلاتتى. رەشىد ئۇنىڭغا ماڭىدىغان ۋاقىت بولغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇلار كارتېھسەھ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. رەشىد زالمايىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئەزىزە بولسا مەريەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇلارغا يېتىشىپ مېڭىش ئۈچۈن قەدەملىرىنى تېز - تېز ئالاتتى. ئەزىزە ھەربىر قەدەمدە ئۆزىگە راست گەپ قىلىنمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كۆڭۈلسىز بولۇشقا باشلىدى.

لەيلانىڭ ئەزىزەگە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتقۇدەك ھەپسىلىسى يوق ئىدى. مەريەم ئەزىزەگە ئۇنىڭ مەكتەپكە بارىدىغانلىقىنى، مەكتەپتە بالىلارنىڭ ئۆيگە قايتماي، شۇ يەردە تاماق يەپ، شۇ يەردە ئۇخلايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئەزىزە نەچچە كۈندىن بېرى سوراۋاتقان سوئاللارنى لەيلادىن قايتا سوراشقا باشلىدى. ئۇ يەردە ئوقۇغۇچىلار ئايرىم ئۆيدە ئۇخلامدۇ ياكى يوغان ئۆيدە بىللە ئۇخلامدۇ؟ دوستلىرىم بولامدۇ؟ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ماڭا ياخشى قارايدىغانلىقىنى قانداق بىلىسىز؟

ئۇ يەنە بىرنەچچە قېتىم لەيلادىن: «مەن ئۇ يەردە قانچە ئۇزاق تۇرىمەن» دەپمۇ سورىدى. ئۇلار ئېگىز تۇۋرۇككىلۇك بىنادىن ئىككى كوچا نېرىدا توختىدى.

— زالماي بىلەن ئىككىمىز مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرايلى، — دېدى رەشىد، — ھە، مەن ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن...

ئۇ يانچۇقىدىن بىر تال سېغىز كەمپۈتنى چىقىرىپ، سېخىيلىق بىلەن ئەزىزەگە ئۇزاتتى. ئەزىزە ئۇنى قولىغا ئېلىپ، بوغۇق ئاۋازدا رەھمەت ئېيتتى. لەيلا ئەزىزەنىڭ ئەدەپلىككىلىكى، باشقىلارغا كۆڭلىدە غۇم ساقلىماي ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتەلەيدىغانلىقىدەك خىسلەتلىرىگە كۆڭلى سۆيۈنۈپ كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلماقتا ئىدى. بۈگۈندىن باشلاپ چۈشتىن كېيىنلىرى ئەزىزە ئورۇق قوللىرىنى ۋە بېشىنى لەيلانىڭ كۆكسىگە قويۇپ ئۇخلىمايدۇ. ئۇنىڭ ئىسسىق تىنىقلىرى ئەمدى لەيلانىڭ يۈزىگە ئۇرۇلمايدۇ. ئۇخلىغاندا ئۇنىڭ پۇتلىرى ئەمدى لەيلانىڭ قورسىقىغا تېگىپ تۇرمايدۇ. لەيلا مۇشۇلارنى ئويلاپ خۇدىنى يوقاتماقتا ئىدى.

مەريەم بىلەن لەيلا ئەزىزەنى يېتىلەپ ماڭغاندا، زالماي قوللىرىنى سوزۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئەزىزە! ئەزىزە!

يولنىڭ قارشىسىدا گارمون چېلىپ ئولتۇرغان ئادەمنىڭ مايمۇنىنى كۆرۈپ زالماينىڭ دىققىتى چېچىلغۇچە، ئۇ دادىسىنىڭ

قولتۇقىدا تىپچەكلەپ، ئاچىسىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ يىغلىدى.

يولنىڭ قالغان قىسمىدا مەريەم، ئەزىزە ۋە لەيلالار بىللە ماڭدى. بىنانىڭ تاملىرى سويۇلۇپ كەتكەن، تورۇسلىرى ساڭگىلاپ قالغان، ئەينىكى يوق دېرىزىلەر ياغاچ تاختايلار بىلەن مىخلىۋېتىلگەنىدى. ئۆرۈلۈپ كەتكەن تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە باللار ئويناۋاتقان ئىلەڭگۈچ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇلار ئىشىك تۈۋىدە توختىدى. لەيلا ئەزىزەگە ئۆگەتكەن سۆزلەرنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاتقۇزدى.

— ئەگەر ئۇلار دادىڭىزنى سورىسا نېمە دەيتتىڭىز؟

— مۇجاھىددىنلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن دەيمەن، — دېدى ئەزىزە گۇمان نەزىرىدە لەيلاغا قاراپ.

— ياخشى. ئەزىزە، سىز بۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسىز، شۇنداقمۇ؟

— چۈنكى بۇ ئالاھىدە مەكتەپ، — دېدى ئەزىزە.

لەيلانىڭ ئەزىزەگە ئېيتقانلىرى مانا ئەمدى رېئاللىققا ئايلانغانىدى. ئەزىزەنى تىترەك باستى. ئۇنىڭ ئاستىنقى لېۋى تىترەپ، كۆزلىرى ياشقا تولدى. لەيلا ئۇنىڭ چىداملىق بولۇشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ئەگەر بىز راست گەپ قىلساق، — دېدى ئەزىزە ئىسەدىگەن ھالدا، — ئۇلار مېنى مەكتەپكە قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ دېگەن ئالاھىدە مەكتەپ. مەن ئۆيگە كېتىمەن.

— مەن سىزنى پات - پات يوقلاپ كېلىمەن، — دېدى لەيلا ئۆزىنى تەسلىكتە تۇتۇۋېلىپ، — مەن ۋەدە قىلاي.

— مەنمۇ شۇنداق قىلىمەن، — دېدى مەريەم، — بىز سىزنى يوقلاپ كېلىمىز، ئەزىزە. بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا بىللە ئوينايمىز. بۇ پەقەت ۋاقىتلىق. دادىڭىز خىزمەت تاپقاندىن كېيىن سىزنى ئۆيگە ئەكېتىمىز.

— بۇ يەردە سىز يەيدىغان تاماق بار، — دېدى لەيلا تىترەك

ئاۋاز بىلەن. ئۇ يۈزىنىڭ بۇرقا بىلەن يېپىقلىق بولغىنىغا، ئەزىزەنىڭ ئۆزىنىڭ پارە - پارە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەلمىگەنلىكىگە كۆڭلىدە خۇشال بولدى، — بۇ يەردە سىز ئاچ قالمايسىز. بۇ يەردە گۈرۈچ بار، نان بار. بەلكىم مېۋىلەرمۇ بار بولۇشى مۇمكىن.

— لېكىن سىز بۇ يەردە يوق. مەريەم ھامماممۇ مەن بىلەن بىللە تۇرمايدۇ.

— مەن سىزنى كۆرگىلى كېلىمەن، — دېدى لەيلا، — پات - پات كېلىمەن. ماڭا قاراڭ ئەزىزە. مەن سىزنىڭ ئاپىڭىز. سىزنى سېغىنسام سىزنى كۆرگىلى كېلىمەن.

دارىلئېيتامنىڭ دىرېكتورى گەۋدىسى مۇكچەيگەن، مۇرىسى تار، يۈزىگە تەكشى قورۇق چۈشكەن، چاچلىرى شالاڭ، يۈزلىرىنى ساقال باسقان، كۆزلىرى كىچىك ئادەم ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى زامان بولۇپ، بېشىغا شاپاق دوپپا كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزئەينىكىنىڭ سول كۆزىنىكى دەز كېتىپ ئاجراپ كەتكەنىدى.

زامان ئۇلارنى ئىشخانىسىغا باشلىغاندىن كېيىن، لەيلا بىلەن مەريەمدىن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى سورىدى. ئەزىزەنىڭمۇ ئىسمىنى ۋە يېشىنى سورىدى. ئۇلار غۇۋا يورۇتۇلغان كارىدوردىن ئۆتكەندە، يالاڭ ئاياغلىق بالىلار يۈگۈرۈپ چىقىشىپ ئۇلارغا قاراشتى. ئۇلارنىڭ چاچلىرى تارالمىغان ياكى چۈشۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇستىگە يەڭلىرى تارىلىپ كەتكەن پوپايكا، تىزلىرى ئۇپراپ يىپلىرى چىقىپ قالغان كونا پادىچى ئىشتىنى، ياماقلىرى شىلىم قەغەز بىلەن چاپلانغان چاپان كىيىۋېلىشقانىدى. لەيلانىڭ بۇرنىغا سوپۇن، ئىسپىرت ۋە سۈيدۈكنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلدى. قورقۇپ كەتكەن ئەزىزە ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

لەيلا دەرھال ياۋا ئوتلار قاپلاپ كەتكەن ھويلىغا كۆز تاشلىدى. ھويلىدا چۈۋۈلۈپ كېتىشكە ئاز قالغان ئىلەڭگۈچ، ماشىنىنىڭ كونا چاقى، يېلى چىقىپ كەتكەن بىر ۋاسكېتبول تۇراتتى. ئۇلار ئالدىدىن ئۆتكەن ئۆيلەرنىڭ ئىچى قورۇق بولۇپ، دېرىزىلىرىگە

سوْلياۋ چاپلانغانىدى. بىر بالا بىر ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، لەيلانىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئىسلاماقچى بولدى. يەردىكى سۈيدۈك يۇقىنى تازىلاۋاتقان خىزمەتكار بولسا، قولىدىكى پول سۈرتىدىغان لاتىنى يەرگە قويۇپ، ئۇ بالىنى قوغلىۋەتتى. زامان كۆرۈنۈشتە يېتىم بالىلارغا كۆيۈنىدىغاندەك ئىدى. ئۇ ئالدىغا ئۇچرىغان بىرنەچچە بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ، يەنە بەزىلىرىنىڭ چاچلىرىنى ئوڭشاپ قويدى. بالىلارمۇ ئۇنىڭ بۇنداق يېقىنچىلىقىنى ياخشى كۆرگەندەك، زامانغا ئۈمىد بىلەن كۆز تىكىشەتتى. زامان ئۇلارنى ئىشخانىغا باشلاپ كەلدى. ئىشخانىدا ئۈچ ئورۇندۇق بىلەن ئۈستىگە توپ ـ توپ قەغەزلەر يېيىلغان بىر ئۈستەل بار ئىدى.

— سىز ھېراتلىق ئوخشىمامسىز؟ — دېدى ئۇ مەريەمگە قاراپ، — شېۋىڭىزدىن بىلىۋالدىم.

ئۇ ئورۇندۇقتا قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرغاچ، ئۆزىنىڭ قېينئاكىسىنىڭ بۇرۇن ھېراتتا تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. زامانىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ئۇنىڭ ئىشچان ئادەم ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. گەرچە ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرسىمۇ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قىسمىغا يوشۇرۇنغان ساقايماس يارا ۋە مەغلۇبىيەتنى چاقچاقلار بىلەن يېپىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىش قىيىن ئەمەس ئىدى.

— ئۇ ئەينەك ياسىغۇچى ئىدى، — دېدى زامان، — ماۋۇ چىرايلىق يېشىل رەڭلىك قاشتاش ئاق قۇنى ئاشۇ كىشى ياسىغان. سىز بۇنى كۆتۈرۈپ، كۈن نۇرىغا تۇتسىڭىز، ئىچىدە خۇددى ئۇششاق مەرۋايىت باردەك جۇلالىنىدۇ. سىز ھېراتقا قايتىپ باقتىڭىزمۇ؟

مەريەم بېشىنى چايقىدى.

— مەن ئۆزۈم قەندەھارلىق. سىز قەندەھارغا بېرىپ باققانمۇ، سىڭلىم؟ ياق؟ ئۇ ئىنتايىن گۈزەل يۇرت. باغلىرى ئىنتايىن گۈزەل! پاھ، ئۈزۈملىرىچۇ تېخى. ئۈزۈملىرىنىڭ شەربەتلىرى

تىلىگىمىزنى يارىدۇ دەڭا.

بىر توپ باللار ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولۇپ، ماراشقا باشلىدى. زامان ئۇلارنى پاشتۇنچە سىلىق ئاۋازدا ھەيدىدى.

— ئەلۋەتتە، مەن ھىراتنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. ئۇ دىگەن ئارتىسلارنىڭ، يازغۇچىلارنىڭ يۇرتى. سوفىزمىنىڭ ماكانى. ھىراتتا شائىرنىڭ كۆپلۈكىدىن پۇتۇڭنى سوزساڭلا بىر شائىرنىڭ كاسىسىغا تىپىپ سالىسەن، دەيدىغان چاقچاقلار بولىدىغان.

لەيلانىڭ يېنىدا تۇرغان ئەزىزە كۈلۈپ كەتتى.

زامان ئۇنىنى ئىچىگە تارتتى.

— ھە، مانا. مەن سىزنى كۈلدۈرۈۋەتتىم، كىچىك سىڭلىم. مەن بۇ يەردە مۇشۇنىڭدىن ئەنسىرىگەنىدىم. مەن تېخى سىزنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن توخۇدەك قاقىلدىسام بولارمۇ ياكى ئېشەكتەك ھاڭرىسام بولارمۇ، دەپ ئويلاۋاتاتتىم. مانا ئەمدى سىز بىر ئوماققىنا كۈلۈپ بەردىڭىز.

ئۇ خىزمەتكارنى چاقىرىپ، ئەزىزەگە بىرئاز قاراپ تۇرۇشنى ئېيتتى. ئەزىزە بولسا مەريەمنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ، ئۇنىڭغا مەھكەم چاپلاشتى.

— بىز بىرئاز پاراڭلىشىمىز، قەدىرلىكىم، — دېدى لەيلا، — مەن بىردەمدىن كېيىنلا سىزنىڭ يېنىڭىزغا چىقىمەن. بولامدۇ؟ ھازىرلا.

— بىز سىرتقا بىللە چىقامدۇق، ئەزىزە؟ — دېدى مەريەم، — ئاپىڭىزنىڭ زامان تاغىڭىزغا ئىككى ئېغىز سۆزى بار ئىكەن. بىر مىنۇتلا. ماقۇل دەڭ، يۇرۇڭ.

ئۇلار يالغۇز قالغاندا، زامان لەيلادىن ئەزىزەنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، كېسەل تارىخى، بىرەر نەرسە رېئاكسىيە قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇ يەنە ئەزىزەنىڭ دادىسى توغرۇلۇقمۇ سوئال سورىدى. لەيلانىڭ يالغان ھېكايىسى ئەمەلىيەتتە ھەقىقەت ئىدى. زامان لەيلانىڭ سۆزىنى قولاق

سىلىپ ئاڭلىدى. ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن ئۇ ھېكايىگە ئىشەنگەن ياكى گۇمانلانغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دارىلئىپتامنى «سەممىيلىك سىستېما» ئاساسىدا ماڭدۇرىدىغانلىقىنى، ئەگەر بىرەر ئايال ئېرى توگەپ كېتىپ، باللىرىنى باقالمىغانلىقىنى ئېيتسا، ئۇ ھېچقانداق سوئال سورىماي باللىرىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

لەيلا كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى. زامان قولىدىكى قەلەمنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى.

— مەن نومۇس قىلىۋاتىمەن، — دېدى لەيلا ئۆكسۈگەن ھالدا ئالىقىنى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ.

— ماڭا قاراڭ، سىڭلىم.

— قانداق ئانا ئۆز پەرزەنتىدىن ۋاز كېچىدۇ؟

— ماڭا قاراڭ، سىڭلىم.

لەيلا زامانغا قارىدى.

— ئۇ سىزنىڭ خاتالىقىڭىز ئەمەس. ئاڭلاۋاتامسىز؟ بۇنىڭغا سىز سەۋەبچى ئەمەس. بۇنىڭغا ئاشۇ ياۋۇزلار سەۋەبچى. ئۇلار مەندەك پاشتۇنلارغا، خەلقىمگە نومۇس ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز يالغۇز ئەمەس، سىڭلىم. بىز سىزدەك ئانىلارنى كۈندە دېگۈدەك ئۇچرىتىمىز. تالىبانلار ئاشۇ ئانىلارنى سىرتقا چىقىپ، ئىشلىگىلى يول قويمىغانلىقى ئۈچۈن، باللىرىنىڭ قورسىقىنى باقالمايدۇ. شۇڭا، ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىزنى ئەيىبلىمەڭ. بۇ يەردىمۇ ھېچكىم سىزنى ئەيىبلىمەيدۇ. مەن ھەممىنى چۈشىنىمەن، — ئۇ ئالدىغا ئېڭىشتى، — مەن چۈشىنىمەن، سىڭلىم.

لەيلا بۇرقىسىنىڭ پېشى بىلەن كۆز يېشىنى ئېرتتى.

— بۇ جاينىڭ شارائىتىغا كەلسەك، — دېدى زامان خورسىنغان ھالدا قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇ يەرنىڭ شارائىتى ئىنتايىن ناچار. بىزدە يېتەرلىك ئىقتىساد بولمىغاچقا، داۋاملىق بىرنەرسىلەر يېتىشمەيدۇ. تالىبانلارنىڭ ئازراق

ياردىمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمەيمىز. بىز خۇددى سىزگە ئوخشاشلا قولىمىزدىن كەلگەننى قىلىمىز. شەپقەتلىك ئاللا ھەممىگە قادىردۇر. ئاللا خالىسا، ئەزىزەنىڭ قورسىقى ئاچ، ئۇچىسى يالاڭ قالمايدۇ. مەن سىزگە شۇنچىلىك ۋەدە بېرەلەيمەن.

لەيلا بېشىنى لىڭشىتتى.

— بولامدۇ؟ — ئۇ لەيلاغا قاراپ، مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى، — لېكىن، ئەمدى يىغلىماڭ، سىڭلىم. ئۇنىڭغا يېشىڭىزنى كۆرسەتمەڭ.

لەيلا يەنە كۆز يېشىنى سۈرتتى.

— ئاللا سىزدىن رازى بولسۇن، — دېدى لەيلا چوڭقۇر ئاۋازدا، — ئاللا سىزدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى بولسۇن، ئاكا.

بىراق، خوشلىشىدىغان پەيت كەلگەندە، لەيلا پەرەز قىلغاندەكلا ئەزىزە قورقۇشقا باشلىدى.

يول بويى لەيلا مەريەمگە يۆلىنىپ ماڭدى. ئەزىزەنىڭ ئېچىنىشلىق يىغلىغان ئاۋازى لەيلانىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭرايتتى. ئەزىزەنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ تۇرغان زاماننىڭ سېمىز قوللىرى لەيلانىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. دەسلەپتە، زامان ئەزىزەنىڭ بىلىكىنى ئېھتىيات بىلەن تارتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن كۈچ بىلەن تارتىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا، زامان ئۆزىنىڭ قولىدىن بوشىنىشقا ئۇرۇنغان ئەزىزەنى قولتۇقىدىن كۆتۈرگەن پېتى بۇلۇڭدىن قايرىلىپ غايىب بولدى. ئەزىزە بولسا كۈچىنىڭ بارىچە تېپچەكلەپ، خۇددى بۇ يەر شارىدىن ھازىرلا غايىب بولۇپ كېتىدىغاندەك چىرقىرىماقتا ئىدى. لەيلا بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ھۆكىرىگەن ھالدا ئىشىككە قاراپ يۈگۈردى.

— مەن ئۇنىڭ پۇرىقىنى پۇرىدىم، — دېدى ئۇ مەريەمگە. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردەم تامغا تىكىلسە، بىردەم ھويلىغا، ئاندىن

كېيىن يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغ چوققىلىرىغا تىكىلەتتى، — مەن ئۇنىڭ ئۇخلىغاندىكى پۇرىقىنى پۇراۋاتىمەن. سىز پۇرىدىڭىزمۇ؟ ئۇ پۇراق بۇرنىڭىزغا ئۇرۇلدىمۇ؟

— ئاھ، لەيلا، — دېدى مەريەم، — ئۇنداق قىلماڭ. بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟

دەسلەپتە، رەشىد لەيلانىڭ رايىغا بېقىپ ئۇلاغا ھەمراھ بولۇپ دارىلئېيتامغا بېرىشقا ماقۇل بولدى. بىراق، يول بويى رەشىد لەيلانىڭ ئۆزىنى قىيناۋاتقانلىقىدىن، پۇت - قوللىرىنىڭ ئاغرىپ كەتكەنلىكىدىن قاقشايتتى. لەيلاغا ئۆزىنىڭ قانداق قىينىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

— مەن ئەمدى ئۇنداق ياش يىگىت ئەمەس، — دەيتتى ئۇ، — سېنىڭغۇ بۇنىڭ بىلەن كارىڭ يوق. سەن ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىڭنى قىلىپ، مېنى قىيناۋاتىسەن. لېكىن، سەن كالىلاڭنى سىلكىۋەت. ئىشلار سېنىڭ دېگىنىڭدەك ماڭمايدۇ.

ئۇلار دارىلئېيتامغا ئىككى كوچا يول قالغاندا ئايرىلاتتى. رەشىد بولسا ئۇلارغا ئون بەش مىنۇتلا ۋاقىت بېرەتتى.

— ئەگەر بىر مىنۇت كېچىكسەڭ، — دەيتتى ئۇ، — مەن ئۆيگە كېتىۋېرىمەن. راست دەۋاتىمەن.

لەيلا ئەزىزەنى يوقلايدىغان مىنۇتلارنى ئۇزارتىش ئۈچۈن رەشىدكە يالۋۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، مەريەم ئۈچۈنمۇ شۇنداق قىلاتتى. ئەزىزەنىڭ ئۆيدە بولماسلىقى مەريەمگىمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. لېكىن، ئۇ ئەزەلدىن ئازابلىرىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەيتتى. زالىمۇ ھەر كۈنى لەيلادىن ھەدىسىنى سورايتتى. بەزى ۋاقىتتا سېغىنىش ئۇزۇنغا سوزۇلغان يىغىغا ئايلىناتتى.

بەزى كۈنلىرى، ئۇلار دارىلئېيتامغا بارىدىغان يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، رەشىد پۇتىنىڭ ئاغرىپ كەتكەنلىكىدىن زارلىناتتى - دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ماڭاتتى. لېكىن، ئۇ ئاقسىماستىن، سالماقلىق بىلەن دەسسەپ ماڭاتتى ياكى تىلىنى

چىقىرىپ:

— مېنىڭ ئۆپكەم، لەيلا. مېنىڭ نەپىسىم قىسىلىۋاتىدۇ. بەلكىم ئەتىلەردىن ياكى ئۆگۈنلۈككىچە ياخشى بولۇپ قالارمەن. قېنى قاراپ باقارمىز، — دەيتتى.

لېكىن، ئۇ بىرەر قېتىممۇ ھاسىراپ قويمايتتى. ئۆيگە قاراپ كېتىۋاتقاندا بولسا، بىر تال تاماكىنى تۈتاشتۇرۇپ چېكىشكە باشلايتتى. لەيلا پۈتۈن بەدىنى غەزەپ بىلەن تىترىگەن ھالدا ئامالسىز رەشىدنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭاتتى.

بىر كۈنى، ئۇ لەيلانى دارىلئېيتامغا ئاپارمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— مەن بىر كۈن كوچىدا مېڭىپ چارچاپ كەتتىم، — دېدى ئۇ، — بىر كۈن خىزمەت ئىزدەپ يۈردۈم.

— ئۇنداق بولسا مەن ئۆزۈم يالغۇز بارىمەن، — دېدى لەيلا، — سىز مېنى توسۇپ قالالمايسىز، رەشىد. ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ سىز مېنى قانداق ئۇرسىڭىزمۇ، ئۇ يەرگە بارغىنىم بارغان.

— قانداق قىلساڭ شۇنداق قىل. لېكىن، سەن تالىبانلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتەلمەيسەن. كېيىن ئاگاھلاندۇرمىدى دەپ مەندىن رەنجىمە.

— مەن سىز بىلەن بىللە باراي، — دېدى مەريەم.

لەيلا قوشۇلمىدى.

— سىز زالماي بىلەن ئۆيدە قالمىسىڭىز بولمايدۇ. ئەگەر يولىمىز توسۇلۇپ قالسا ... مەن زالماينىڭ ئۇ ئىشلارنى كۆرۈشىنى خالىمايمەن.

شۇنىڭ بىلەن لەيلانىڭ كۈندىلىك ھاياتى ئەزىزەنىڭ قېشىغا بېرىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەش بىلەن ئۆتىدىغان بولدى. كۆپ ھاللاردا، ئۇ دارىلئېيتامنىڭ يېنىغا بارالماي قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولاتتى. يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە تالىبانلار ئىسمىڭ نېمە؟ نەگە بارىسەن؟ نېمىشقا يالغۇز كوچىغا چىقتىڭ؟ ساڭا ھەمراھ بولىدىغان ئەر قېنى؟ دېگەندەك سوراقلارغا

تارتقاندىن كېيىن، ئۆيگە قايتۇرۇۋېتەتتى. ئۇنىڭ تەلىيى كەلسە يامان گەپ ئاڭلايتتى ياكى كاسىسىغا بىرەر تېپىك يەيتتى. تەلىيى كەلمىسە، بەزىدە ئۇزۇن تاياق ياكى دەرەخنىڭ ئىنچىكە چىۋىقى بىلەن تاياق يېسە، يەنە بەزى ۋاقىتلاردا قىسقا قامچا ياكى مۇشت يەيتتى.

بىر كۈنى، ياش تالىبلارنىڭ بىرى لەيلانى رادىيونىڭ ئانتېنناسى بىلەن ئۇردى. ئۇ لەيلانىڭ دۈمبىسى بىلەن بوينىغا ئۇرغاندىن كېيىن:

— ئەگەر مەن سېنى قايتا ئۇچرىتىپ قالسام، سۆڭىكىڭدىن ئاناڭنىڭ سۈتى چىققۇچە ئۇرىمەن، — دەپ لەيلانى ئۆيگە قايتۇرۇۋەتتى.

لەيلا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ دۈم ياتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر بىچارە هايۋانغا ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈن خورلۇق هېس قىلدى. مەريەم لۆڭگىنى هۆلدەپ ئۇنىڭ قان ئېقىپ تۇرغان دۈمبىسى بىلەن پاقالچىقىنى سۈرتتى.

لېكىن، كۆپ ۋاقىتلاردا لەيلا ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمايتتى. ئۇ ئۆيگە قايتقان بولۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭاتتى ـ دە، دارىلئېتامغا تۇتىشىدىغان باشقا بىر كوچىغا بۇرۇلاتتى. بەزى چاغلاردا، بىر كۈندە ئىككى، ئۈچ، هەتتا تۆت قېتىم تۇتۇلۇپ، سوراققا تارتىلاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قامچىلار، ئانتېننالار ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا ئارقا ـ ئارقىدىن تېگىشكە باشلايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەزىزەنىڭ دىدارىنى كۆرەلمەي، باش ـ كۆزى قانغا مىلەنگەن هالدا ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، لەيلا ئۆزىنى تاياقتىن قوغداش ئۈچۈن، ئىسسىققا قارىماي بۇرقىنىڭ ئاستىدىن ئىككى ـ ئۈچ قات پوپايكىلارنى كىيىۋالىدىغان بولدى.

ئەگەر لەيلا تالىبانلارنىڭ توسۇقىدىن ئۆتەلىسە، ئۇنىڭ تارتقان جاپالىرىنىڭ مۇكاپاتى هېسابسىز بولاتتى. ئۇ ئەزىزە بىلەن سائەتلەپ بىللە بولالايتتى. ئۇلار ئىلەڭگۈچنىڭ يېنىدا باشقا

باللار ۋە ئۆلارنى كۆرگىلى كەلگەن ئانىلار بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇرۇپ، ئەزىزەنىڭ ئاشۇ ھەپتىسى ئۆگەنگەن نەرسىلىرى توغرۇلۇق سۆزلىشەتتى.

ئەزىزە زامان تاغىنىڭ ئۆلارغا ھەر كۈنى دېگۈدەك يېزىش ۋە ئوقۇشنى ئۆگىتىدىغانلىقىنى، بەزى چاغلاردا جۇغراپىيە، تارىخ، ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋانلار توغرۇلۇق دەرس بېرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— لېكىن بىز پەردىلەرنى يېپىپ، دېرىزىلەرنى توسۇشىمىز كېرەك، — دېدى ئەزىزە، — شۇنداق قىلساق تالىبانلار بىزنى كۆرمەيدۇ.

ئەزىزە يەنە زامان تاغىنىڭ يىپ بىلەن بىگىزنى تەييار قىلىپ قويىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— ئەگەر تالىبانلار تەكشۈرۈپ كېلىپ قالسا، بىز كىتابلىرىمىزنى تىقىپ قويۇپ، پوپايكا توقۇۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالىمىز، — دېدى.

بىر كۈنى، لەيلا ئەزىزەنى يوقلاپ كەلگەندە، يۈزىدىكى بۇرقىنى ئېلىۋەتكەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايالغا كۆزى چۈشتى. ئۇ ئايال دارىلئېيتامغا ئۇچ ئوغۇل ۋە بىر قىز بىللە بىللە كەلگەندى. ئايالنىڭ ئاق چاچلىرى بىلەن قورۇق باسقان جاۋغىيىدىن باشقا، ئۇنىڭ قىرلىق يۈزى، قويۇق قاشلىرى لەيلاغا تونۇش بىلىندى. لەيلا ئۇ ئايالنىڭ قارا يوپكىسىنى، قوپال ئاۋازىنى، ئارقىدىن بوغۇۋالىدىغان قارا چاچلىرىنىڭ ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئۇششاق بۇدۇر چاچلىرىنى يادىغا ئالدى. ئەينى ۋاقىتتا، بۇ ئايال قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈزىنى يېپىشىغا قارشى تۇرۇپ، «ئاياللار بىلەن ئەرلەر باراۋەر. ئەگەر ئەرلەر يۈزىنى ياپمىسا، ئاياللارنىڭ يۈزىنى يېپىش مەجبۇرىيىتى يوق» دېگەندى.

راھىمال قالا بېشىنى كۆتۈرۈپ لەيلاغا قارىدى. لېكىن، لەيلا ئۆز ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنى تونۇغانلىق ئىپادىسىنى

كۆرمىدى.

— يەر شارىنىڭ پوستىدا چاك كەتكەن بىرنەچچە يەر بار، — دېدى ئەزىزە، — بىز ئۇ چاكلارنى «يېرىق» دەپ ئاتايمىز.

2001 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ بىر جۈمە كۈنى، مەريەم، لەيلا، ئەزىزە ۋە زالماي دارىلئېيتامنىڭ ئارقا ھويلىسىدا بىللە ئولتۇراتتى. بۇ قېتىم رەشىد ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بىللە بېرىشقا ماقۇل بولۇپ كېلىپ، كوچىنىڭ ئايغىدىكى ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئۇلارنى ساقلاپ قالغانىدى. يالاڭ ئاياغ باللار ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا يىلى يوق پۇتبولنى تېپىپ ئويناۋاتاتتى.

— ئاشۇ يېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بىر قەۋەت قاتتىق قەۋەت «يەر پوستى» دەپ ئاتىلىدىكەن، — دېدى ئەزىزە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

كىمدۇر بىرسى ئەزىزەنىڭ چېچىنى ئۆرۈپ، بېشىنىڭ ئۈستىگە رەتلىك تۇگۇپ قويغانىدى. لەيلا ئۆز قىزىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ چېچىنى ئۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن كىشىگە ھەسەت قىلدى.

ئەزىزە ئىككى قولىنىڭ ئالقانلىرىنى كەڭرى ئېچىپ، بىر ـ بىرىگە سۈركەپ، ئۇلارغا چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. زالماي بولسا قېتىرقىنىپ ئاڭلاۋاتاتتى.

— ئۇلار «كېكتونىك تەكشىلىكلەر» دەپ ئاتىلىدۇغۇ، دەيمەن؟

— تېكتونىك، — دېدى لەيلا. ئۇنىڭ ئېڭىكىدىكى ئاغرىق تېخى يانمىغان، دۈمبىسى بىلەن بويىنمۇ چىدىغۇسىز ئاغرىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كالپۇكى ئىششىغان، تىلى بولسا رەشىد ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتكەن ئاستىنقى ئىككى چىشىنىڭ خالتىسىغا تېگىپ ئۇنى بىئارام قىلاتتى. ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، لەيلانىڭ ھاياتى ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ ئادەم بەدىنىنىڭ مۇشۇنداق دائىملىق رەھىمسىزلەرچە ئۇرۇشلارغا ئۇچراپ تۇرۇپمۇ، يەنە نورمال خىزمەت قىلالايدىغانلىقىغا

ئىشەنمىگەن بولاتتى.
— توغرا. ئاشۇ تەكشىلىكلەر بىر - بىرى بىلەن سۈركىلىپ ئۆتۈشكەندە، توغرىمۇ ئاپا؟ ئېنېرگىيە قويۇپ بېرىدىكەن. ئاشۇ ئېنېرگىيە يەر ئۈستىگە يېتىپ كەلگەندە، يەرنى تەۋرىتىدىكەن.
— سىز بارغانسېرى تېخىمۇ ئەقىللىك بولۇپ كېتىۋېتىپسىز، — دېدى مەريەم، — مەندەك دۆت هامىڭىزدىن نەچچە هەسسە ئەقىللىك.
ئەزىزەنىڭ چىرايى نۇرلىنىپ، كۆزى يوغان ئېچىلدى.
— سىز دۆت ئەمەس، مەريەم هاما. زامان تاغىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تەكشىلىكلەرنىڭ سۈركىلىشى كۈچلۈك بولسا، يەرنىڭ چوڭقۇر جايلىرىغىچە تەسىر قىلىدىكەن. يەر بەك قورقۇنچلۇق تەۋرەيدىكەن. لېكىن، بىز يەر ئۈستىدە بولغاچقا، يەر تەۋرەشنىڭ ناهايىتى ئاز قىسمىنى هېس قىلىدىكەنمىز. كىچىككىنە قىسمىنى.
ئالدىنقى قېتىم ئەزىزەنى يوقلاپ كەلگەندە، ئەزىزە ئۇلارغا هاۋادىكى ئوكسىگېن ئاتوملىرىنىڭ قۇياشتىن كەلگەن كۆك نۇرنى ئەتراپقا چاچىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. «ئەگەر يەر شارىنى ئاتموسفېرا قاپلاپ تۇرمىغان بولسا، — دېگەنىدى ئەزىزە هاياجانلانغان هالدا، — ئاسمان كۆك رەڭلىك بولۇپ كۆرۈنمەيتتى. قاپقارا دېڭىزدەك كۆرۈنگەن بولاتتى. قۇياش بولسا ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك كۆرۈنەتتى.»
— بۇ قېتىم ئەزىزە بىز بىلەن بىللە ئۆيگە قايتامدۇ؟ — دېدى زالماي.
— ئاز قالدى، قەدىرلىكىم، — دېدى لەيلا، — ئاز قالدى.
زالماي ئورنىدىن تۇرۇپ، دادىسىغا ئوخشاش ئالدىغا ئېڭىشكەن هالدا، ئىلەڭگۈچنىڭ قىشىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىلەڭگۈچنىڭ قۇرۇق ئورۇندۇقىنى غەزەپ بىلەن ئىتتىرىپ، سېمونت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يەرنىڭ يېرىقىدا ئۆسۈپ قالغان ياۋا ئوتلارنى يۇلۇشقا باشلىدى.

— سۇ تامچىلىرى يوپۇرماقنىڭ يۈزىدىن پارغا ئايلىنىدىكەن، ئاپا، سىز بىلەمسىز؟ خۇددى يېپىلغان كىردىكى سۇلار پارغا ئايلانغانغا ئوخشاش. دەرەخلەر يەر ئاستىدىكى يىلتىزى ئارقىلىق سۇ سۇمۇرىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، سۇ دەرەخنىڭ غولىدىن شېخىغا بېرىپ، ئاخىرىدا يوپۇرمىقىغا بارىدىكەن. ئۇنى «پارغا ئايلىنىش» دەپ ئاتايدىكەنمىز.

لەيلا تالىبانلار زامان تاغىنىڭ مەخپىي دەرس ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالسا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدا ئويلىدى.

ئەزىزەنىڭ پاراڭ سالمايدىغان ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا، هاياجان بىلەن سۆزلىگەن نوتۇقلىرى ئەتراپنى بىر ئالاتتى. ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ هەرىكىتى ۋە چىراي ئىپادىسى ئۇ سۆزلەۋاتقان تېمىنىڭ مەزمۇنىغا ماسلىشىپ ئۆزگىرەتتى. ئۇنىڭ كۆلكىلىرىمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىغان بولۇپ، لەيلا ئۇچۇن، ئۇنى كۆلكە دېيىشتىن كۆرە، جىددىيلىك ۋە ئەنسىزلىكنى بېسىش ئۇچۇن چىقارغان ئاۋاز دېيىش مۇۋاپىقراق ئىدى. لەيلا ئەزىزەدە كۆرۈلگەن باشقا ئۆزگىرىشلەرنىمۇ بايقىدى. ئەزىزە لەيلانىڭ ئارىسىغا توپا كىرىپ قالغان تىرنىقىغا قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال قولىنى ئارقىغا تۇتۇۋالدى. ئەگەر بىرەر بالا يىغلاپ قالسا، پوتلىسى ئېقىپ قالسا ياكى كاسىسى ئوچۇق بىرەرسى ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالسا، ئەزىزەنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، چۈشەندۈرۈشكە باشلايتتى. ئۇنىڭ هەرىكەتلىرى خۇددى مېھمان ئالدىدا ئۆيىنىڭ رەتسىزلىكى ياكى بالىلىرىنىڭ قالايمىقانلىقىدىن خىجىل بولغان ئۆي ئىگىسىگە ئوخشايتتى. ئەزىزەنىڭ بۇ يەردە قانداق تۇرۇۋاتقانلىقى توغرۇلۇق سوئال سورالغاندا، ئۇ مەزمۇنى ئېنىق بولمىغان، لېكىن قىزغىن ئاۋاز بىلەن جاۋاب بېرەتتى.

— بالىلار سىزنى بوزەك قىلىدىمۇ؟

— ياق، ئاپا، بۇ يەردىكىلەر بەك ياخشى.

— سىز تاماق يەۋاتامسىز؟ ياخشى ئۇخلاۋاتامسىز؟
— يەۋاتىمەن. ئۇخلاۋاتىمەن. توغرا. ئاخشام بىز قوي گۆشى سالغان تاماق يېدۇق... ياق ئۆتكەن ھەپتە.

ئەزىزەنىڭ بۇنداق پاراڭ سېلىشى لەيلاغا مەريەمنى ئەسلەتتى.

ئەزىزە سۆز قىلغاندا سەل كېكەچلەيدىغان بولدى. بۇنى دەسلەپتە مەريەم بايقىدى. ئۇ گەرچە ئېغىر بولمىسىمۇ بايقىغىلى بولاتتى. بولۇپمۇ «ل» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تېخىمۇ ئېنىق بىلىنەتتى. لەيلا زاماندىن سورىدى. ئۇ مۈرىسىنى چىقىرىپ قويۇپ:

— مەن ئۇنى ئەزەلدىن شۇنداق گەپ قىلىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، — دېدى.

ئۇلار ئەزىزەنى رەشىدكە كۆرسىتىش ئۈچۈن، سىرتقا ئاچىقتى. رەشىد ئۇلارنى ئاپتوبۇس بېكىتىدە ساقلاۋاتاتتى. زالماي دادىسىنى كۆرگەن ھامان، خۇشاللىقىدا ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن چىرقىراپ لەيلانىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى. ئەزىزە رەشىد بىلەن سىلىق ئاۋازدا قىسقىلا سالاملاشتى. رەشىد ئۆزىنىڭ ئىككى سائەت ئىچىدە ئىشقا بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ تېزرەك ھەرىكەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بۇ ئۇنىڭ «قىتئەلەر ئارا مېھمانخانىسى»دا ئىش باشلىغان بىرىنچى ھەپتىسى ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدىن سائەت سەككىزگىچە ماشىنىلارنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ مېھمانلارنى قارشى ئالاتتى. يۈك - تاقلارنى كۆتۈرەتتى. بەزىدە يەرگە تۆكۈلۈپ كەتكەن سۇيۇقلۇقلارنى سۈرتەتتى. بەزى چاغلاردا، رەشىد ئۆيگە قايتىدىغان ۋاقىتتا، تاللا تاماقخانىنىڭ ئاشپەزى ئۇنىڭغا ئېشىپ قالغان تاماقلاردىن ئېلىپ بېرەتتى. تاماقلارنىڭ كۆپىنچىسى مايغا چىلىشىپ قالغان قىيما گۆش، تېرىسى قاتتىق پىشىپ قالغان توخۇ گۆشى، خېمىرى ياخشى پىشمىغان لەغمەن، گۈرۈچى ئالا بولۇپ قالغان پولۇ قاتارلىق تاماقلار ئىدى. رەشىد لەيلاغا

بىرئاز پۇل يىغقاندىن كېيىن، ئەزىزەنى قايتۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋەدە قىلغانىدى.

رەشىد ئىش ئۈستىدە ئۇچىسىغا قىزىل رەڭلىك چاپان، ئاق رەڭلىك كۆڭلەك كىيىپ، بوينىغا گالىستۇك تاقايتتى. بېشىغا ئاق چاچلىرىنى باستۇرۇپ شەپكە كىيىۋالاتتى. ئۇ خىزمەت كىيىملىرىدە باشقا بىر ئادەمگە ئايلانغان بولۇپ، نازۇك، بىچارە ھەم قايمۇققان قىياپەتتە كۆرۈنەتتى. ئۇ ئەمدى تۇرمۇشنىڭ تەڭسىزلىكىگە ھېچقانداق ئىسيان كۆتۈرمەي تەسلىم بولغان ئادەملەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلغانىدى. ئۇنىڭ بۇنداق ھالىتى بىر تەرەپتىن ئادەمنى يىرگەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئادەمنى قايىل قىلاتتى.

ئۇلار ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، «تىتانىك» شەھىرىگە بېرىپ، دەريا ئېقىنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ۋاقىتلىق ياسالغان دۇكانلارنى ئارىلىدى. كۆۋرۈكنىڭ تۈۋرۈكىدە قۇلاقلىرى كېسىۋېتىلگەن، بوينى تانىغا باغلانغان بىر يالاڭ ئاياغ جەسەت ساڭگىلاپ تۇراتتى. بازاردا سودا قىلىۋاتقان ئادەملەرمۇ ساناقسىز ئىدى. پۇل سودىگەرلىرى ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن ئالماشتۇرىدىغان پۇلى بار ـ يوقلۇقىنى سورايتتى. ئۇ يەردە چەت ئەللىك كىشىلەرنىمۇ ئۇچراتقىلى بولاتتى. تاماكا ساتىدىغانلار تەڭنىسىنى بېشىدا كۆتۈرۈپ خېرىدار چاقىراتتى. بۇرقا ئارتىۋالغان ئاياللار بولسا قوللىرىدا پېنسىلىنىنىڭ قۇرۇق بوتۇلكىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، كىشىلەردىن دورا ئالىدىغان پۇل سوراپ تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرەتتى. ئېغىزلىرىدا ناسۋال چاينىغاچ قوللىرىدا قامچىلىرىنى ئوينىتىپ يۈرگەن تالىبانلار ئۇنىلۇك كۆلگەن ياكى يۈزىنى ياپمىغان ئاياللارنى ئىزدەپ بازارنى چارلىماقتا ئىدى.

زالماي ئويۇنچۇق ساتىدىغان دۇكاننىڭ پوكىيىدىن سېرىق ۋە يېشىل سىزىقى بار رېزىنكە توپنى قولىغا ئالدى.

— سەنمۇ بىرنەرسە تاللا، — دېدى رەشىد ئەزىزەگە. ئەزىزە خىجىل بولۇپ يەرگە قارىدى، — تېز بول. مەن بىر سائەت

ئىچىدە ئىشقا ماڭمىسام بولمايدۇ.

ئەزىزە بىر سولياۋ ماشىنىنى تاللىدى. ئۇنىڭغا تەڭگە سالسا، ئاستىدىن كەمپۇت دومىلاپ چۈشەتتى. ساتقۇچى باھاسىنى ئېيتقاندا رەشىدنىڭ قاشلىرى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئىككى تەرەپ باھا تالاشتى. ئاخىرىدا رەشىد ئەزىزەگە قوپاللىق بىلەن دېدى:

— بۇنى جايىغا قويۇپ قوي. ئۇنىڭغا چىقىش قىلالمىغۇدەكمەن.

دارىلئېتامغا يېقىنلاشقاندا، ئەزىزەنىڭ خۇشاللىقى قەيەرگىدۇر يوقالدى. قوللىرى ھەرىكەتتىن، ئاغزى سۆزلەشتىن توختاپ، چىرايى تۇتۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ھەر قېتىمدا شۇنداق بولاتتى. لەيلا جىمجىتلىقنى بۇزۇش ئۈچۈن، مەقسەتسىز پاراڭلارنى سېلىشقا باشلىدى. مەريەم دائىم لەيلاغا ماسلىشىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ كۆلگەن ئاۋازىدىن ھودۇقۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

رەشىد ئۇلارنى دارىلئېتامىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇپ، ئاپتوبۇسقا چۈشۈپ ئىشقا ماڭدى. ئەزىزە قولىنى پۇلاڭلىتىپ خوشلاشقاندىن كېيىن، تامنى بويلاپ دارىلئېتامىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا قاراپ ماڭدى. لەيلا ئەزىزەنىڭ كىچىكچىلىگەن ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

— يەرنىڭ چوڭقۇر جايلىرىغىچە تەسىر قىلىدىكەن. يەر بەك قورقۇنچلۇق تەۋرەيدىكەن. لېكىن، بىز يەر ئۈستىدە بولغاچقا، يەر تەۋرەشنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمىنى ھېس قىلىدىكەنمىز. كىچىككىنە قىسمىنى.

— ھەي، نېرى كەت! — دەپ ۋارقىرىدى زالماي.

— ئۇنداق دېمە! — دېدى مەريەم، — كىمگە شۇنداق دەۋاتىسەن؟

ئۇ قولىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆرسەتتى.

— ئاۋۇ ئادەمنى دەۋاتىمەن.

لەيلا ئۇ قولى بىلەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. بىر ئادەم ئالدى ئىشىككە يۆلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئادەم بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلار كېلىۋاتقان تەرەپكە قارىدى. ئۇ قوۋۇشتۇرۇلغان قوللىرىنى قويۇۋېتىپ، ئۇلارغا قاراپ بىرنەچچە قەدەم ئاقساپ ماڭدى.

لەيلا ئورنىدا تۇرۇپ قالدى.

ئۇنىڭ بوغۇزىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك، نەپىسى سىقىلىپ، پۇتلىرى تىترىمەكتە ئىدى. ئۇ يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن تۇتۇۋالىدىغان بىرنەرسە ئىزدىمەكچى بولدى ـ يۇ، ئورنىدىن مىدىراشقا ياكى نەپەس ئېلىشقا پېتىنالمىدى. ئالدىدىكى ئادەمنىڭ يىراقتىن كۆرۈنگەن بىر سايە بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئېچىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. لەيلا تاكى نەپىسى يېتىشمەي، كۆزلىرى بەرداشلىق بېرەلمىگۈچە، ئورنىدا مىدىرلىماي قاراپ تۇردى. ئۇ يەنە بىر نەپەس ئېلىپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقاندا، ئۇ ئادەم، ياق، تارىق يەنە شۇ ئىزىدا مىدىرلىماي تۇراتتى.

لەيلا ئالدىغا قاراپ بىر قەدەم ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر قەدەم، يەنە بىر قەدەم ...

# قىرىق ئۈچىنچى باب

## مەريەم

زالماي ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى مەريەمنىڭ ھۇجرىسىدا قولىدىكى رېزىنكە توپىنى ھە دەپ تامغا ئېتىپ ئويناۋاتاتتى. مەريەم ئۇنىڭغا ئۇنداق قىلماسلىقنى ئېيتتى. لېكىن، ئۇ مەريەمنىڭ ئۆزىنى باشقۇرىدىغان ھوقۇقى يوقلۇقىنى بىلگەچكە، مەريەمنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پىسەنت قىلماي، ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ، توپنى تامغا ئېتىپ ئويناۋەردى. ئۇ توپ ئويناپ ھارغاندىن كېيىن، يەنە بىر ئويۇنچۇقى — جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنى ئۆيىنىڭ بۇ بېشىدىن - ئۇ بېشىغا ئىتتىرىپ ئويناشقا باشلىدى.

سەل ئىلگىرى، يەنى ئۇلار تارىقنى ئىشىك تۈۋىدە كۆرگەن ۋاقىتتا، زالماي قولىدىكى توپنى تارىقنىڭ مەيدىسىگە قارىتىپ ئېتىپ، بارمىقىنى ئاغزىغا سالغانىدى. ئۇ پەقەت ئاچچىقى كەلگەندىلا مۇشۇنداق قىلىقلارنى قىلاتتى. زالماي تارىققا بىر خىل گۇمان بىلەن نەزەر سالدى.

— ئۇ ئادەم كىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — مەن ئۇ ئادەمنى پەقەت ياقتۇرمىدىم.

مەريەم ئۇنىڭغا ئۇ كىشىنىڭ لەيلانىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى دوستى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، زالماي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ماشىنىسىنىڭ ئالدىنى ئۆزىگە قاراتتى. مەريەم سۆزدىن توختىغاندا، زالماي ئەمدى توپنى ئويناي‌دىغانلىقىنى ئېيتتى.

— تـوپۇم قەيەردە؟ — دېـدى زالـماي، — دادام مـاشـا ئېلـىـپ بەرگەن توپنى قەيەرگە قويدۇڭ؟ ماشا توپنى تېـپـىپ بەر. دەرھـال تېپـىپ بەر! — ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈپ، سۆزلـىـرى ئاچچىق بىلەن ئۈزۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى.

— توپ بـايىلا مۇشـۇ يەردە ئىدى، — دېـدى مەريەم. زالـمـاي ئەمدى يىغلاشقا باشلـىدى.

— ياق، توپ يىتـىپ كېتىپتۇ. مەن بىلدىم. يىتمىگەن بولسا، ئۇ قەيەردە؟ قەيەردە؟

— مانـا، — دېدى مەريەم، كـىـيىم ئىشكاپىنىڭ ئـاستـىدىن توپنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بېرىپ.

لېكـىن، زالماي قـولىدىكـى توپنى يـەرگە تاشلاپ، يـىغلاشـقـا بـاشلـىدى. ئـۇ بۇ توپـنـىڭ ئۆزىـنـىڭ تـوپـى ئـىـكـەنلـىـكـىـگـە ئىشەنمىگەنىدى. ئۇ مەريەمدىن «يىتىپ كەتكەن» توپنـى تېپـىـپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، تېپچەكلەپ يىغلاشقا باشلىدى. زالماينىڭ يىغىسىنى ئـاڭلىغـان لەيلا ئۈستۈنكى قـەۋەتكە چىقىپ، ئـۇنـى كۆتـۈرۈپ بـۇدۇر چاچلـىـرىنى سـىـلاپ، مەڭزلـىـرىگـە سۆيـۈپ بەزلىدى.

مەريـەم ئـۆيىنـىڭ سـىرتـىدا سـاقلاپ تۇردى. ئـۇ ئـۈستۈنـكـى قەۋەتتە تۇرۇپ، تارىقنىڭ مېھمانخانا ئۆيـىـنىڭ پەگـاھىغا سـوزۇلۇپ ئولتۇرغان سۇنئـىـي پۇتىغـا ۋە ساق پۇتـىغا قارىدى. تـوساتتـىـن، «قىتئەلەر ئارا مېھمانخانىسى» ئالدىدا ئۇچرىغـان دەرۋازىۋەنىـنىڭ چـىرايى مەريـەمنىڭ كـۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئـۇ كۆنى رەشىـد بىلەن بىللە ئۇ مېھمانخـانىغا بـارغاندا، بېـشىـدا شەپكە، كۆزىگـە كۆزئەينەك تاقىۋالغان ئۇ كىشىنىڭ چىراي ـ تۇرقىنىڭ ئۆزىگـە شۇنداق تونۇش بىلىنگەنلىكىنى ئەمدى چۈشەنگەنىدى. ئۇ توققۇز يىلنىڭ ئالدىدا، دەل مۇشۇ ئۆيدە قول ياغلىـق بىلەن تـەرلىرىنـى سۈرتۈپ تۇرۇپ ئۆزىدىن ئىچىدىغان سۇ سورىغـان ئادەمنـىڭ دەل شـۇ دەرۋازىۋەن ئىكـەنلىـكـىنى جـەزملـەشتـۈردى. مـەريەمنـىـڭ كاللىسىدا نۇرغۇن سوئاللار پەيدا بولدى: ھېلىقى گـۈڭگۈرتلۈك

دورىنىڭ ھېكايىسى ئۇلار ئىشلەتكەن تاكتىكىنىڭ بىرسىمۇ؟ ئادەمنى قايىل قىلغۇدەك ئۇ يالغانچىلىقلارنى ئۇلارنىڭ قايسىسى ئويلاپ چىققاندۇ؟ رەشىد ئۆزىنى «ئابدۇل شەرىف» دەپ ئاتىۋالغان ئۇ ئادەمگە تارىخنىڭ ئۆلۈمىنى ئويدۇرۇپ چىققانلىقى ئۈچۈن قانچىلىك پۇل بەرگەندۇ؟

# قىرىق تۆتىنچى باب

## لەيلا

تارىق لەيلاغا ئۆزىنىڭ تۈرمىدىشىنىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنىنىڭ قىزىل قانات سىزغانلىقى ئۈچۈن، جامائەت ئالدىدا قامچا بىلەن ئۇرۇلۇپ، سازايى قىلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئۇ بىر نەۋرە تۇغقىنىنىڭ قىزىل قانات سىزىدىغان ئىشتىياقى مەڭگۈ تۈزەتكىلى بولمايدىغان بىر خۇمارغا ئايلىنىپ قالغانمىش.

— رەسىم سىزىدىغان دەپتىرى، — دېدى تارىق، — قىزىل قاناتلارنىڭ نەچچە ئونلىغان ماي بوياق رەسىملىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنمىش. بەزىلىرى سايلىقتا مېڭىپ يۈرگەن، بەزىلىرى ساسلىقلاردا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقان، يەنە بەزىلىرى كۈن پېتىۋاتقان ۋاقىتتا ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان رەسىملەرىمىش.

— قىزىل قانات دېگىن، — دېدى لەيلا. ئۇ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان تارىققا قارىدى. تارىق ساق پۇتىنى يىغىپ ئولتۇراتتى. لەيلانىڭ تارىققا يەنە يېقىنلاشقۇسى كەلدى. ھېلىراقتا ئۇ ئالدى ئىشكىنىڭ يېنىدا قاراپ تۇرغان تارىققا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېسىلغانىدى. لېكىن، لەيلا ئۆزىنىڭ تارىقنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىسمىنى بوغۇق ئاۋازدا قايتا ـ قايتا چاقىرغانلىقىنى ئويلاپ خىجىل بولۇشقا باشلىدى. لەيلا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنمىدۇ؟ ئۆزىنىڭ بۇ كۆڭۈلدىكى قانچىلىك تەشنا بولغانلىقىنى چاندۇرۇپ قويغانمىدۇ؟ بەلكىم، شۇنداق قىلغاندۇ. لېكىن، ئۇ ھاياجىنىنى قانداقمۇ باسالىسۇن؟ ئۇ ھازىرمۇ تارىقنى

تۇتقۇسى، ئۇنىڭ راستلا ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ چۈش ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىغۇسى كەلدى.

— ھەئە، — دېدى ئۇ، — قىزىل قانات.

تارىقنىڭ دېيىشىچە، تالىبانلار ئۇ رەسىملەرنى تېپىۋالغاندا، قۇشلارنىڭ تۇكسىز ئۇزۇن پۇتلىرىدىن ئەيىب تېپىپتۇ. ئۇلار ئۇ نەۋرە تۇغقىنىنى باغلاپ ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىنى قان قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا رەسىملەرنى يوقات ياكى قىزىل قاناتنىڭ پۇتلىرىنى تۇزۇكرەك سىز، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نەۋرە تۇغقىنى قولىغا رەسىم سىزىدىغان چوتكىسىنى ئېلىپ، ھەربىر قىزىل قاناتنىڭ پۇتىنىڭ ئورنىغا ئىشتان سىزىپ چىقىپتۇ.

— شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىزىل قاناتلار «مۇسۇلمان قىزىل قانات»لارغا ئايلىنىپتۇ، — دېدى تارىق. لەيلانى كۈلكە قىستىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ سارغىيىشقا باشلىغان چىشلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇدۇل چىشىنىڭ يوقلۇقىنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن نومۇس قىلدى. ئۇنىڭ قورۇق چۈشۈشكە باشلىغان چىرايى بىلەن ئىششىپ قالغان كالپۇكىمۇ ئۇنى بىئارام قىلىۋاتاتتى. ھېچبولمىغاندا، تارىق كېلىشتىن بۇرۇن، يۈزىنى يۇيۇش ياكى چېچىنى تاراشقا ئۈلگۈرگەن بولسا، نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە!

— لېكىن ئۇ نەۋرە تۇغقىنىم تالىبانلارنى ئەخمەق قىپتۇ. ئۇ قىزىل قاناتلارنىڭ ئۈستىگە سىزغان ئىشتانلارنى سۇ بوياقتا سىزغاچقا، تالىبانلار كەتكەن ھامانلا ئۇلارنى يۇيۇپ چىقىرىۋېتىپتۇ، — دېدى تارىق كۈلۈمسىرەپ. لەيلا ئۇنىڭمۇ ئۇدۇل چىشىنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى. تارىق بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۆزىنىڭ قولىغا قاراپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇنداق قىپتۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇ بېشىغا ئافغان دوپپىسى، پۇتىغا قېلىن چەمى بار ئۆتۈك كىيىۋالغان، قارا يۇڭ پوپايكىسىنىڭ پەشلىرىنى ئىشتىنىنىڭ

ئىچىگە تىقىۋالغانىدى. ئۇ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى لىڭشىتاتتى. لەيلا ئۇنىڭ بۇرۇن «ئەلۋەتتە» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن ۋاقتىنى ئەسكە ئالالمىدى. ئۇنىڭ سالاپەتلىك ھەرىكەتلىرى، ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرىنى چېكىپ ئولتۇرۇشلىرى، تەمكىنلىك بىلەن باش لىڭشىتىشلىرى لەيلا ئۈچۈن يېڭىلىق ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەرگە مەنسۇپ سۆز ـ ھەرىكەتلەر ئىدى. توغرا، تارىقمۇ ئەمدى بالاغەتكە يەتكەن يىگىتقۇ؟ ئۇ يىگىرمە بەش ياشقا قەدەم قويغان، قەدەملىرى ئېغىر ۋە ئويچان بىر ئەر كىشىگە ئايلانغانىدى. گەرچە ئۇنىڭ تۇرقى لەيلانىڭ چۈشىدە ئايان بولغاندىن سەل ئورۇقراق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك بەستلىك ئىدى. تومۇرلىرى كۆپۈپ تۇرغان قوللىرىدىن ئۇنىڭ جىسمانىي ئەمگەك بىلەن يېتەرلىك شۇغۇللانغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ھېلىمۇ ئورۇق ھەم يېقىشلىق بولسىمۇ، تېرىسىنىڭ بۇرۇنقى ئاق ھەم يۇمرانلىقى ئاللىقاچان غايىب بولغان، قوشۇمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭقۇر سىزىقلار پەيدا بولغان، پېشانىسى خۇددى بويىنىغا ئوخشاشلا ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى دوپپىسىنىڭ ئاستىدىن كۆرۈنگەن چاچلىرىمۇ شالاڭلىشىشقا باشلىغانىدى. بەلكىم چىراغ نۇرىنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى لەيلاغا بۇرۇنقىدىن نۇرسىز كۆرۈندى.

لەيلا تارىقنىڭ ئاپىسىنى ئەسكە ئالدى. ئۇنىڭ تەمكىن ھەرىكەتلىرى، چېچەنلىك چىقىپ تۇرىدىغان كۈلكىسى، سۇس بىنەپشە رەڭلىك يالغان چاچلىرى لەيلانىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. تارىقنىڭ دادىسىنىڭ ھەييارلىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قاراشلىرى لەيلانىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە ئىدى. باياتىن مېھمانخانا ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا، لەيلا ئۆزىنىڭ تارىق ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى توغرۇلۇق ئاڭلىغانلىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىگەندە، تارىق خورسىنغان ھالدا بېشىنى توختىماي چايقاپ ئاڭلىغانىدى.

لەيلا ئۇنىڭدىن ئاتا - ئانىسىنىڭ قانداق تۇرۇۋاتقانلىقىنى سورىدى. تارىق يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈلۈمسىرەشلەر غايىب بولغانىدى.

— ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى تارىق.

— كېلىشمەسلىك بوپتۇ. ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي.

— شۇنداق. ماۋۇنى ئال، — ئۇ يانچۇقىدىن كىچىك قەغەز خالتىنى چىقىرىپ، لەيلاغا ئۇزاتتى، — بۇ ئالىيونانىڭ سوۋغىسى.

خالتىنىڭ ئىچىدە سولياۋغا ئورالغان سۈزمە بار ئىدى.

— ئالىيونا، چىرايلىق ئىسىم ئىكەن، — دېدى لەيلا ئاۋازىدىكى جىددىيلىكنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، — ئۇ سېنىڭ ئاياللىڭنىڭ ئىسمىمۇ؟

— مەن باققان ئۆچكىنىڭ ئىسمى، — دېدى تارىق لەيلانىڭ بىر نەرسىنى ئەسكە ئېلىشىنى كۈتكەندەك، ئۇنىڭغا مەنىلىك كۈلۈپ.

لەيلا ئەمدى ئەسكە ئالدى. توغرا، ئالىيونا ھېلىقى سوۋېت ئىتتىپاقى فىلىمىدىكى كاپىتانىنىڭ قىزى، خىزمەتكارنى ياخشى كۆرۈپ قالغان قىز ئىدى.

ئۇ كۈنى لەيلا ئۇ فىلىمنى تارىق ۋە خاسىنا بىلەن بىللە كۆرگەن، سوۋېت تانكىلىرى، جىپ ماشىنىلىرى كابۇلدىن چېكىنگەن، تارىق بولسا غەلىتە كۆرۈنىدىغان رۇسچە قۇلاقچىنى بېشىغا كىيىۋالغانىدى.

— مەن ئۇنى قوزۇقتا باغلاپ، ئەتراپىنى چىتلاق بىلەن توسۇيمەن، — دەۋاتاتتى تارىق، — بولمىسا بۆرە يەپ كېتىدۇ. مەن ياشايدىغان تاغنىڭ باغرىدىن بىرەر كىلومېتىر نېرىسىدا بىر ئورمان بار. ئۇ يەردىكى دەرەخلەرنىڭ كۆپىنچىسى قارىغاي دەرەخلىرى. يەنە چىنار ۋە ھىمالايا كەندىرىمۇ بار. ئۇ بۆرىلەر ئاشۇ ئورماندا ياشايدۇ. لېكىن، ئوتلاپ يۈرگەن ئۆچكىلەرنى كۆرۈپ قالسىلا، ئورماندىن چىقىپ كېلىشىدۇ. شۇڭا، قوزۇق

بىلەن چىتلاق بولمىسا بولمايدۇ.

لەيلا تارىق ياشايدىغان تاغنىڭ ئىسمىنى سورىدى.

— پاكىستاننىڭ پىر پانجال دېگەن يېرىدە، — دېدى ئۇ، — مەن تۇرغان جايىنى مۇرى دەپ ئاتايدۇ. ياز كۈنلىرى گۈزەل بولۇپ كېتىدۇ. ئىسلامئابادقا بىر سائەتلىك يول. ياپيېشىل ئوتلاق ۋە دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان. شۇڭا، يازدا ھاۋاسى سالقىن. ساياھەتچىلىككە مۇۋاپىق.

تارىقنىڭ دېيىشىچە، مۇشۇ يەرگە ئەنگلىيەلىكلەر ۋىكتورىيە خانلىقىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۈچۈن يازدا دەم ئالىدىغان ساياھەت ئورنى قۇرۇپ بەرگەنىكەن. ئۇ جاي راۋالپىندىكى ئەنگلىيەلىكلەر قوشۇنىنىڭ باش ئىشتابىغا يېقىن ئىكەن. ئۇ يەردە ھېلىمۇ بۇرۇنقى مۇستەملىكە دەۋرىدىن قېلىپ قالغان چايخانا ۋە ئۆگزىلىرى قەلەي بىلەن ياسالغان كەپە ئۆيلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. بازار كىچىك بولسىمۇ، كۆڭۈللۈك ئىكەن. بازارنىڭ ئاساسلىق كوچىسى «مول» دەپ ئاتىلىدىكەن. كوچىدا بىر پوچتىخانا، بىرنەچچە رېستوران ۋە ساياھەتچىلەرگە خاتىرە بۇيۇملىرىنى نەچچە ھەسسە قىممەت ساتىدىغان بىرنەچچە دۇكان بار ئىكەن. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بۇ بازاردا قاتناشنىڭ يۆنىلىشى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. ھەر ھەپتىسى قاتناش پەقەت بىر يۆنىلىشكىلا ماڭالايدىكەن.

— يەرلىكلەرنىڭ دېيىشىچە، ئىربلاندىيەدىكى بىر قىسىم شەھەرلەرنىڭ قاتنىشىمۇ مۇشۇنداق ئىكەن، — دېدى تارىق، — ئىشقىلىپ، ئۇ يەردىكى تۇرمۇش ئاددىي. ئانچە مەنىلىك بولمىسىمۇ، مەن ئاشۇ يەردە ياشاشنى ياخشى كۆرىمەن.

— ئۆچكەڭ ئاليونا بىلەن ياشاشنى ياخشى كۆرىمەن، دېگىن.

لەيلا بۇنى چاقچاق قىلىپ ئەمەس، بەلكى تارىقنىڭ تۇرمۇشىدا، ئاليونانى بۆرە يەپ كېتىشتىن ئەنسىرەيدىغان يەنە كىملەرنىڭ بارلىقىنى بىلىش ئۈچۈن دېگەنىدى. لېكىن، تارىق پەقەت بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى.

— ئاتا ـ ئاناڭنىڭ قازا قىلغىنىغا كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولدى.
— ئاڭلاپسەن ـ دە...
— مەن ھېلىراقتا بىرنەچچە قوشنىلار بىلەن سۆزلەشتىم، — ئارىنى سۈكۈت باستى. لەيلا قوشنىلارنىڭ ئۈنىڭغا يەنە نېمىلەرنى دېگەنلىكى توغرۇلۇق ئويلاندى، — مەن ھېچكىمنى تونۇيالمىدىم. ئەينى ۋاقىتلاردىكى قوشنىلارنى دەيمەن.
— ئۇلار ھەممىسى كېتىشتى. سەن تونۇيدىغانلاردىن ھېچكىم قالمىدى.
— كابۇلنىمۇ تونۇيالمىدىم.
— مەنمۇ شۇ، — دېدى لەيلا، — لېكىن مەن ھېچ يەرگە كەتمىدىم.

— ئاپام يېڭى دوست تاپتى، — دېدى زالماي شۇ كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا. بۇ چاغدا تارىق ئالىلىقاچان قايتىپ كەتكەنىدى، — بىر ئەر دوست.
رەشىد بېشىنى كۆتۈردى.
— شۇنداقمۇ؟ قاچان؟ ھازىرمۇ؟

تارىق لەيلادىن تاماكا چەكسە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سوراپ، تاماكىسىنى تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، ھېكايىسىنى باشلىدى.
تارىق ئاتا ـ ئانىسى بىللە ناسىرباغدىكى پاناھلانغۇچىلار لاگېرىدا بىر مەزگىل تۇردى. ئۇلار لاگېرغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ يەردە ئالىلىقاچان ئاتمىش مىڭ ئافغان پاناھلانغۇچى بار ئىكەن.
— لېكىن ئۇ يەر باشقا لاگېرلارغا، بولۇپمۇ جالوزايىغا قارىغاندا مىڭ مەرتىۋە ياخشى، — دېدى ئۇ، — بىلىشىمچە، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئۇ لاگېر غەرب

ئەللىرىنىڭ دۇنياغا ئۆزلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان لاگېرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئافغانىستانغا يالغۇز قورال ـ ياراغلا ئەمەس، بەلكى باشقا ئىنسانپەرۋەرلىكنىمۇ يەتكۈزەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان جايى ئىكەندۇق.

لېكىن، ئۇ ياخشى چاغلار سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۇرۇشقان مەزگىل بولۇپ، تارىقنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ چاغلاردا پۈتۈن دۇنيانىڭ مەنپەئەتى ئاشۇ ئۇرۇشقا باغلانغان بولغاچقا، غەرب دۆلەتلىرى سېخىيلىق بىلەن پۇل ئاجراتقانىكەن. ھەتتا، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى ساچېر خانىممۇ ئۇ يەرنى زىيارەت قىلغانىكەن.

— ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلاردىن خەۋىرىڭ بار. ئۇرۇشتىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى گۇمران بولدى. غەرب دۆلەتلىرىمۇ ئۆز يولىغا ماڭدى. ئافغانىستاندا ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە باغلىنىدىغان ھېچ نەرسە قالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردىن كېلىدىغان پۇلمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. ھازىر ناسىرباغدا قۇرۇق چېدىر، توپا دۆۋىلىرى، ئۈستى ئوچۇق ئەۋرەز يولىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق. بىز ئۇ يەرگە بارغاندا، ئۇلار بىزگە ئىككى تال خادا بىلەن بىر پارچە بىرېزېنتنى قولىمىزغا تۇتقۇزۇپ، ئۆزىمىزنىڭ چېدىر تىكىشىمىزنى بۇيرۇدى.

ناسىرباغدا ياشىغان بىر يىللىق تۇرمۇشىدا تارىقنىڭ ئەسلىمىسىدە قالغىنى پەقەت بىرلا نەرسە — قوڭۇر رەڭ ئىدى.

— قوڭۇر رەڭلىك چېدىرلار، قوڭۇر رەڭلىك ئادەملەر، قوڭۇر رەڭلىك ئىتلار، قوڭۇر رەڭلىك ئۇماچلار.

تارىق ھەر كۈنى چېدىرنىڭ ئالدىدىكى قۇرۇپ كەتكەن دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ، يارىلىرىنى ئاپتاپقا سېلىپ ئولتۇرغان كىشىلەرنى كۆرەتتى. ئۇ تېرىلىرى سۆڭەكلىرىگە چاپلىشىپ قالغان باللارنىڭ رېزىنكە تۇڭلاردا سۇ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئوت قالاش ئۈچۈن ئىتنىڭ تېزەكلىرىنى يىغىۋاتقانلىقىنى، گال پىچاق بىلەن ياغاچنى ئويۇپ، ئويۇنچۇق

ياساۋاتقانلىقىنى، خېمىر يۇغۇرسا چاپلاشمايدىغان خالتىلىق ئۇنلارنى سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەتتى. شامال لاگېردىكى چېدىرلارنى توختىماي يەلپۈپ، ئەتراپنى غازاڭلار بىلەن توشقۇزاتتى، لاي كېسەكتە ياسالغان ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدىن لەگلەكلەرنى ئۇچۇرۇپ كېلەتتى.

— ئىچى سۇرۇش، تۇبېركۇليوز، ئاچارچىلىق دېگەندەك تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن نۇرغۇن بالىلار ئۆلۈپ كەتتى. بولۇپمۇ ئاشۇ ئىچى سۇرۇش كېسىلى بەكمۇ ئەجەللىك ئىدى. توۋا، لەيلا، مەن نۇرغۇن بالىلارنىڭ يەرگە كۆمۈلگەنلىكىنى كۆردۈم. دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن نارەسىدە بالىلارنىڭ جان ئۈزگىنىنى كۆرۈشتىن ئازابلىق ئىش بولمىسا كېرەك.

ئۇ ساق پۇتىنى ئەگدى. ئارىنى يەنە جىمجىتلىق باستى.

— دادام ئاشۇ يىلى قىشتىن چىقالمىدى، — دېدى ئۇ، — ئۇ ئۇخلاۋېتىپ جان ئۈزدى. ئاللا ئۇنىڭغا ئاسانلىق ئاتا قىلدى.

تارىق يەنە شۇ يىلى قىشتا ئاپىسىنىڭ ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى، ئەگەر لاگېردا ئۆزىنىڭ ماشىنىسىنى دوختۇرخانا قىلىپ كېسەل كۆرۈۋاتقان دوختۇرنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، ئاپىسىنىڭ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. تارىقنىڭ ئېيتىشىچە، ئاپىسى كېچىچە ئۇخلىماي، يۆتىلىپ، كۆكۈچ رەڭلىك بەلغەم تۈكۈرۈپ چىقىدىكەن. دوختۇرغا كۆرۈنۈش ئۈچۈن تىزىلغان ئۇزۇن رەت، بىر تەرەپتىن تىترەپ، يەنە بىر تەرەپتىن يۆتىلىۋاتقان، ۋايساۋاتقان، چوڭ تەرىتى پۇتىنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان، ھەتتا ئاچلىق ئازابىدىن ئۆرە تۇرۇشقا ماغدۇرى يەتمەي، يەردە ئولتۇرۇپ قالغان ئادەملەر بىلەن توشۇپ كېتىدىكەن.

— ئۇ دوختۇر تولىمۇ ياخشى ئادەم ئىدى. ئۇ كىشى ئاپامنى دورا بېرىپ داۋالىغانلىقى ئۈچۈن ئاپام شۇ يىلى قىشتا ھايات قالدى.

يەنە شۇ قىشتا، تارىق بىر بالىنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ.

— ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلاردا بولسا كېرەك، — دېدى ئۇ بىر خىل ئاۋازدا، — ئۇنىڭ گېلىغا بىر پارچە ئەينەكنى تەگلەپ تۇرۇپ، قولىدىكى ئەدىيالنى تارتىۋېلىپ، ئاپامغا يېپىپ قويدۇم.

ئاپىسى ئاغرىغاندىن كېيىن، تارىق ئۆزىگە بۇنىڭدىن كېيىنكى قىشنى ھەرگىزمۇ بۇ لاگېردا ئۆتكۈزمەسلىككە ۋەدە قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشلەپ، پۇل يىغىپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، پېشاۋەردىن پاكىز، پار ۋە سۇيى بار ئۆيدىن بىرنى ئىجارە ئېلىپ، ئاپىسى بىلەن شۇ يەردە ياشاپتۇ. ئەتىياز يېتىپ كەلگەندە، ئۇ يەنە ئىش ئىزدەپتۇ. بەزى ۋاقىتلاردا، بىر ماشىنا سەھەردە لاگېرغا كېلىپ بىر توپ باللارنى تاش توشۇتۇش ئۈچۈن ئەكېتىدىكەن. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قولىغا ئازراق پۇل، ئەدىيال ياكى ئاياغلارنى تۇتقۇزۇپ قويىدىكەن. لېكىن، ئۇ ماشىنىدىكىلەر ھەر قېتىم تارىقنى ئايرىپ قويىدىكەن.

— ئۇلار مېنىڭ پۇتۇمغا قاراپلا بولدى قىلىشاتتى.

بەزىدە ئورەك كولايدىغان، ئۆگزە ياپىدىغان، سۇ توشۇيدىغان ياكى ئېغىلدىن قىغ توشۇيدىغان ئىشلار تېپىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇ ئىشنى تالىشىدىغان ياشلار نۇرغۇن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن تارىق ئۇلار بىلەن تالىشىشقا ئامالسىز قالىدىكەن. 1993 - يىلى كۈزدە، تارىق بىر دۇكانچى بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ.

— ئۇ ماڭا بىر خۇرۇم چاپاننى لاھورغا ئاپىرىپ بەر دەپ پۇل بەردى. گەرچە ئۇ كىشىنىڭ بەرگەن پۇلى كۆپ بولمىسىمۇ، بىر، ئىككى ئايلىق ئىجارىنى تۆلەشكە يېتەرلىك ئىدى.

دۇكان ئىگىسى ئاپتوبۇس بېلىتى بىلەن لاھور پويىز بېكىتىگە يېقىن جايدىكى كىيىملەرنى تاپشۇرۇۋالىدىغان كىشىنىڭ ئادرېسىنى تارىقنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ.

— مەن خۇرۇم چاپانلاردا نېمە بارلىقىنى بىلەتتىم. ئەلۋەتتە،

شۇ نەرسە ئېنىق ئىدىكى، — دېدى تارىق، — ئەگەر مەن تۇتۇلۇپ قالسام، ئاقىۋىتىگە ئۆزۈم مەسئۇل بولاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ مېنىڭ ئاپامنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. لېكىن، مېنىڭ ئۇ يولدىن ۋاز كېچىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، قىش يېقىنلىشىپ قالغانىدى.

— قانچىلىك يىراقلىققا بارالىدىڭ؟

— بەك يىراققا ئەمەس، — دېدى ئۇ ئوڭايسىزلانغان هالدا كۈلۈپ، — هەتتا ئاپتوبۇس بېكىتىگە بېرىشقىمۇ نېسىپ بولمىدى. لېكىن، مەن ئۆزۈمنى بىخەتەر، هېچكىم دىققەت قىلمايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. خۇددى قولىقىغا قېرىنداش قىستۇرۇۋالغان بوغالتىر يەرگە قاراپلا: «بولىدۇ، بولىدۇ. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭسا بولىدۇ» دەيدىغاندەك سەل چاغلاپتىمەن.

ساقچىلار خۇرۇم چاپاننى پىچاق بىلەن يىرتقاندا، ئىچىگە سېلىنغان زەهەرلىك چېكىملىكلەر يەرگە تۆكۈلۈپ، كوچىنى بىر ئاپتۇ.

تارىق هېكايىسىنى توختىتىپ بىر خىل بىئاراملىق بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا سىلكىنىپ كۈلۈشكە باشلىدى. لەيلا ئۇنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدا، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن خىجىل بولغاندا ئاشۇنداق كۈلىدىغانلىقىنى ئەسكە ئالدى.

— ئۇ توكۇر ئادەم ئىكەن، — دېدى زالماي.

— ئۇ مەن پەرەز قىلغان ئادەمنىڭ دەل ئۆزى ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇ پەقەت يوقلىغىلى كەپتىكەن، — دېدى مەريەم.

— ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى رەشىد مەريەمنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، قولىنى چېنەپ، ئۇ لەيلاغا تىكىلدى، — بەللى، بەللى. ماۋۇ ئىشنى قارا. لەيلى بىلەن مەجنۇن قايتىدىن جەم بوپتۇ – دە؟ خۇددى بۇرۇنقى چاغلاردەك، — ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلدى، — سەن ئۇنى بۇ ئۆيگە، مېنىڭ ئۆيۈمگە باشلاپ

كىردىڭ. ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم بىلەن بىر ئۆيدە تۇردى دېگىن.

— سەن مېنى ئالداپسەن! ماڭا يالغان سۆزلەپسەن! — دېدى لەيلا چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، — سەن ئۇ ئادەمنى مېنىڭ ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغۇزۇپ.... سەن بىلىدىكەنسەن. ئەگەر ئۇنىڭ ھاياتلىقىنى بىلسەم، مېنىڭ بۇ يەردىن كېتىدىغىنىمنى ئوبدان بىلىدىكەنسەن.

— سەن ماڭا يالغان سۆزلىمىدىڭمۇ؟ — دېدى رەشىد ھۆركىرەپ، — سەن ئۆزۈڭچە مېنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلامسەن؟ سېنىڭ ئۇ ھارامىڭ توغرۇلۇق ھېچ نەرسە بىلمەيدۇ دەمسەن؟ سەن مېنى دۆت كۆردۇڭ، شۇنداقمۇ، جالاپ؟

لەيلا تارىقىنىڭ سۆزدىن توختىشىدىن قورقتى. ئەگەر ئۇ توختاپ قالسا، سۆزلەش نۆۋىتى لەيلاغا كېلەتتى ـ دە، تارىق بىلەن بولغان ئىشلارنى، قاچان، قانداق سەۋەب بىلەن رەشىدكە ياتلىق بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى. تارىق ھەر قېتىم سۆزىنى ئاياغلاشتۇرغاندا، لەيلانىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشاتتى ـ دە، كۆزلىرىنى تارىقتىن ئېلىپ قاچاتتى. ئۇ تارىقنىڭ قوللىرىغا، ئۇلار ئايرىلغان ئۇزاق يىللاردىن بېرى تارىقنىڭ قوللىرىنىڭ دۈمبىسىنى قاپلىغان قارا تۈكلەرگە قارىدى.

تارىق تۈرمىدە ئۆزىنىڭ ئوردۇچە ئۆگەنگەنلىكىدىن باشقا ئىشلاردىن ئېغىز ئاچمىدى. لەيلا سورىغاندا بولسا، ئۇ بېشىنى چايقىدى. ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن لەيلا ھەممىنى چۈشەندى. تەر پۇراپ تۇرغان بەدەنلەر، ئادەم ئۇرۇشقا تەييار تۇرغان جىنايەتچىلەر، ئادەمگە تولغان زاللار، تورۇسنى زەيلىشىپ كەتكەن كامېرلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ جاينىڭ ئىنسانىنىڭ غۇرۇرىنى، روھىنى دەپسەندە قىلىدىغان جاي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

تارىقنىڭ ئاپىسى ئۇنى تۈرمىگە يوقلاپ كەلگەنمىش.

— ئۇ ئۈچ قېتىم يوقلاپ كەلدى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىدىم، — دېدى ئۇ.

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ تۈرمىدە ئاپىسىغا خەت يازغانلىقىنى، لېكىن ئۇلارنى ئاپىسىنىڭ تاپشۇرۇۋالغان ياكى تاپشۇرۇۋالمىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— مەن ساڭىمۇ خەت يازدىم.

— شۇنداقمۇ؟

— نۇرغۇن، — دېدى ئۇ، — ھەتتا سېنىڭ دوستۇڭ رۇمىمۇ مېنىڭ ئۇ ئىجادىيەتلىرىمگە چوقۇم ھەسەت قىلىدۇ.

ئۇ يەنە كۈلدى. بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىمايلا ئۇ سۆزلەرنى دەپ سالغانلىقى ئۈچۈن خىجىل بولۇپ، ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ كۈلدى.

زالماي ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئۇنلۇك ئاۋازدا جېدەل قىلىشقا باشلىدى.

— خۇددى كونا چاغلاردەك، — دېدى رەشىد، — ئۇ ئىككىڭ. ھەرقاچان ئۇنىڭغا يۈزۈڭنى كۆرسەتكەنسەن.

— كۆرسەتتى، — دېدى زالماي. ئۇ لەيلاغا قارىدى، — سىز كۆرسەتتىڭىز، ئاپا. مەن كۆردۈم.

— ئوغلۇڭ مېنى ئانچە ياقتۇرمىغان بولسا كېرەك، — دېدى تارىق پەشتاقتىن چۈشۈۋاتقان لەيلاغا قاراپ.

— كەچۈر، — دېدى لەيلا، — ئۇنداق ئەمەس. ئۇ پەقەت... بولدى، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن.

لەيلا گەپنى تېزلىك بىلەن باشقا ياققا بۇرىدى. نېمە دېگەنبىلەن، زالماي كىچىك بالا. ئۇ دادىسىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ يات ئادەملەردىن ھېيىقىشى ياكى ئۇلارغا خىرىس قىلىشى چۈشىنىشكە بولىدىغان، ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش - دە.

— مەنمۇ ساڭا نۇرغۇن خەت يازدىم. سېنىڭ مۇرىدا ياشاۋاتقىنىڭغا قانچە ئۇزاق بولدى؟

— تېخى بىر يىل بولمىدى، — دېدى تارىق.

ئۇ تۈرمىدىكى ۋاقتىدا پاكىستان مۇز توپ كوماندىسىنىڭ

سابىق ئەزاسى، سەلىم ئىسىملىك ياشانغان بىر ئادەم بىلەن دوست بوپتۇ. سەلىم پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىغا پىچاق تىققانلىقى ئۈچۈن ئون يىللىق قاماققا ئېلىنغانىكەن. تارىقنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ھەرقانداق تۈرمىدە سەلىمدەك ھىيلە ـ مىكىرلىك، مۇناسىۋەت تورى كەڭ، جەمئىيەتنىڭ سىستېمىلىرىدىن يوچۇق تېپىپ، باشقىلارغا يول ئېچىپ بېرىدىغان ئادەملەرنى تېپىش مۇمكىنمىش. ئۇنداق ئادەملەر ئەگەشكەنلەرگە پۇرسەت بىلەن خەتەرنى تەڭ ئېلىپ كېلەرمىش. تارىقنىڭ ئاپىسىنىڭ دېرىكىنى قىلىشقا ياردەم قىلغانمۇ، تارىقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئاپىسىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەنمۇ دەل شۇ سەلىم ئىكەن.

تارىق پاكىستان تۈرمىسىدە يەتتە يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

— مەن تۈرمىدىن خېلى ئاسان چىقىۋالدىم، — دېدى ئۇ، — تەلىيىم كېلىپ قالدى. مېنىڭ دېلويۇمنى ئىشلىگەن سوتچىنىڭ ئاكىسى بىر ئافغان ئايال بىلەن توي قىلغانىكەن. بەلكىم شۇ سەۋەبتىن ماڭا رەھىم قىلغان بولسا كېرەك. ھېچ بىلمىدىم.

2000 ـ يىلى قىشتا، تارىقنىڭ مۇددىتى توشقاندا، سەلىم ئۇنىڭغا ئۆز ئىنىسىنىڭ ئادرېسى بىلەن تېلېفون نومۇرىنى بېرىپتۇ. سەلىمنىڭ ئىنىسىنىڭ ئىسمى سەئىد ئىكەن.

— ئۇ ماڭا سەئىدنىڭ مۇرىدا بىر مېھمانخانىسى بارلىقىنى ئېيتتى، — دېدى تارىق، — مېھمانخانىنىڭ ساياھەتچىلەرنى كۆتىدىغان يىگىرمىدەك ئۆيى، بىر زالى بار ئىكەن. سەلىم ماڭا ئىنىسىغا ئاكىسىنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىشىمنى تاپىلىدى.

تارىق ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا مۇرىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ يەرنىڭ قارغا پۈركەلگەن قارىغايلىرى، سوغۇق ۋە قۇرغاق ھاۋاسى، تۈرخۇنلىرىدىن ئىس چىقىۋاتقان كىچىك كەپە ئۆيلەر ئۇنىڭ كۆزىگە شۇ قەدەر گۈزەل كۆرۈنۈپتۇ. تارىق سەئىدنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ بۇ رەھىمسىز دۇنيادىنلا ئەمەس، بەلكى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن خالىي بىر زېمىنغا كېلىپ قالغاندەك

ھېسسىياتقا كەپتۇ.

— مەن ئۇ جاينى ھاياتنى قايتا باشلاشقا مۇۋاپىق بىر جاي ئىكەن دەپ ئويلىدىم.

تارىق مېھمانخانىنىڭ تازىلىقچىسى، شۇنداقلا رېمونتچىسى بولۇپ ئىشقا ئېلىنىپتۇ. ئۇ كۈچىنىڭ بارىچە ياخشى ئىشلەپتۇ. بىر ئايلىق سىناق ۋاقتى توشقاندىن كېيىن، سەئىد ئۇنى مۇقىم خىزمەتكە ئاپتۇ.

تارىق ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى. لەيلا ياغاچ كېسىۋاتقان، يولدىكى قارنى گۈرجەك بىلەن تازىلاۋاتقان، ئەۋرەز يولى ئاستىدىكى سۇ ئېقىۋاتقان تۇرۇبىنى ئوڭشاۋاتقان تارىقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ يەنە تارىقنى دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان ۋە تارتمىدىكى پۇلنى ساناۋاتقان، كۆزى كىچىك ۋە مەڭزى قىزىل بىر ئادەمنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

تارىق يەنە ئۆزى ياتىدىغان كەپىسىنىڭ ئەدىبە ئىسىملىك ياشانغان بىر تۇل ئايال ئاشپەزنىڭ ياغاچ ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا جايلاشقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ھەر ئىككى كەپە مېھمانخانا بىناسىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئارىسىدا تارقاق تىكىلگەن بادام دەرەخلىرى بار ئىكەن. بىنانىڭ ئەتراپىغا ئورۇندۇقلار قويۇلغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا پىرامىدا شەكىلدىكى تاش فونتان بار ئىكەن. ياز كۈنلىرى فونتاندىن كۈنبويى سۇلار چاچراپ تۇرىدىكەن.

لەيلا تارىقنىڭ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، دېرىزىدىن يەرگە چۈشۈۋاتقان يوپۇرماقلارغا قاراۋاتقان ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

سىناق ۋاقتى توشقاندىن كېيىن، سەئىد تارىقنىڭ ئىش ھەققىنى تولۇق بېرىپ، تاماق پۇلىنى كۆتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇنىڭغا يۇڭ پەلتو بېرىپتۇ. تېخى يېڭى پۇتمۇ سالدۇرۇپ قويۇپتۇ. تارىق ئۇ كىشىنىڭ ساخاۋىتىدىن تەسىرلىنىپ، كۆز يېشى قىپتۇ. تولۇق ئىش ھەققى ئالغان بىرىنچى كۈنى تارىق بازارغا بېرىپ ئالىيونانى سېتىۋاپتۇ.

— ئۇنىڭ توكى شۇنداق ئاقكى، — دېدى تارىق كۈلۈپ تۇرۇپ، — كېچىچە قار ياغقان كۈنىنىڭ ئەتىسى سىرتقا چىققىنىمدا، پەقەت ئۇنىڭ ئىككى كۆزى بىلەن تۇمشۇقىلا كۆزگە كۆرۈندۇ.

لەيلا بېشىنى لىڭشىتتى. ئارىنى يەنە جىمجىتلىق باستى. ئۇستۇنكى قەۋەتتە، زالىماي قولىدىكى توپنى يەنە تامغا ئېتىشقا باشلىدى.

— مەن سېنى ئۆلۈپ كەتتى، دەپ ئويلاپتىمەن، — دېدى لەيلا.

— بىلىمەن. سەن ماڭا شۇنداق دېدىڭ.

لەيلانىڭ ئاۋازى تىترەشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن گېلىنى قىردى.

— ماڭا خەۋەر ئەكەلگەن ئۇ ئادەم قارىماققا سەمىمىي كۆرۈندى... مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىپتىمەن، تارىق. ئىشەنمىسەم بوپتىكەن. لېكىن، مەن شۇنداق قىلدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن ناھايىتى يالغۇزلۇق ھېس قىلدىم، قورقتۇم. ئۇنداق بولمىغان بولسا مەن ھەرگىزمۇ رەشىد بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلمىغان بولاتتىم. ھەرگىزمۇ...

— سەن بۇلارنى چۈشەندۈرمىسەڭمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن لەيلاغا گۇناھ قويۇش ياكى ئەيىبلەش بىلىنمەيتتى.

— لېكىن سەن بۇنى ئاڭلىشىڭ كېرەك. چۈنكى، مېنىڭ نېمە ئۈچۈن رەشىد بىلەن توي قىلغىنىمنىڭ يەنە مۇھىم بىر سەۋەبىمۇ بار. بۇ يەردە سەن بىلمەيدىغان يەنە بىر ئىش بار، تارىق. ساڭا مۇھىم بىرسى توغرۇلۇق دەيدىغان سۆزۈم بار.

— سەنمۇ ئۇنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى رەشىد زالمايدىن.

زالماي جاۋاب بەرمىدى. لەيلا زالماينىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ھودۇقۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشكارىلىغانلىرىنىڭ

ئاددىي ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانىدى.
— ھەي بالا، مەن سەندىن سوئال سوراۋاتىمەن.
زالماي تۇكۇرۇكىنى يۇتتى. ئۇ بىردەم دادىسىغا، بىردەم لەيلاغا قارايتتى.
— مەن ئۇستۇنكى قەۋەتتە مەريەم بىلەن بىللە ئوينىدىم.
— ئۇنداق بولسا ئاپاڭچۇ؟
زالماي كۆزىگە ياش ئېلىپ، لەيلادىن كەچۇرۇم سورىغان ھالدا قارىدى.
— ھېچقىسى يوق، زالماي. راست گەپنى ئېيتقىن.
— ئۇ... ئۇ ئاستىنقى قەۋەتتە، ئۇ ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، — دېدى ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا.
— مۇنداق دە، — دېدى رەشىد، — بۇلار بىر - بىرىگە ئوبدان ھەمكارلىشىپتۇ - دە.

تارىق ئۆيدىن خوشلىشىپ چىقتى.
— مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۇشكۇم بار. مېنىڭ ئۇنى كۆرگۇم بار.
— مەن ئورۇنلاشتۇراي، — دېدى لەيلا.
— ئەزىزە، ئەزىزە، — تارىق ئىسمىنى چاقىرىۋېتىپ كۇلۇمسىرىدى. ھەر قېتىم رەشىد لەيلانىڭ قىزىنىڭ ئىسمىنى ئاغزىغا ئالغاندا لەيلانىڭ قۇلىقىغا قوپال ھەم ھاقارەت قىلغاندەك ئاڭلىناتتى.
— ئەزىزە، نېمىدېگەن ئوماق ئىسىم.
— ئۆزىمۇ ئىسمىدەك ئوماق. ئۇنى كۆرگەندە بىلىسەن.
— مەن تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتىمەن.
ئۇلار ئاخىرقى قېتىم كۆرۇشكەنگىمۇ ئون يىل بولغانىدى، ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ كوچىلاردا يوشۇرۇن سۆيۇشۇپ يۇرگەن ھالەتلىرى لەيلانىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۇشكە باشلىدى. ئۇ ھازىرمۇ تارىقنىڭ كۆزىگە بۇرۇنقىدەك چىرايلىق كۆرۇنگەنمىدۇ ياكى يۇزلىرى قورۇق باسقان، بىچارە چىراي قېرى

خوتۇندەك كۆرۈنگەنمىدۇ؟ ئون يىل. لېكىن، ئۇ قۇياش نۇرى ئاستىدا تارىقنىڭ يېنىدا تۇرغان مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، ئاشۇ ئون يىل ھېچقاچان مەۋجۇت بولمىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى، ئۇنىڭ رەشىدكە ياتلىق بولغانلىقى، ئۆلتۈرۈشلەر، ئېتىلغان توپ ئوقلىرى، تالىبانلاردىن تاياق يېيىشى، ئاچلىق، ھەتتا ئۇنىڭ بالىلىرى... ئاشۇ ئون يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بىر چۈشتەك، ئارىلىقتا كۆرگەن غەلىتە بىر چۈشتەك بىلىندى.

توساتتىن تارىقنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە قەيەرگىدۇر غايىب بولۇپ، چىرايى تاتىرىشقا باشلىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر لەيلاغا تونۇش ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى بالىلىق چاغلىرىدا يالغان پۇتىنى قولىغا ئېلىپ، كازىمىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغان ۋاقىتتىكى غەزەپلىك چىرايغا ئوخشايتتى. ئۇ بىر قولى بىلەن لەيلانىڭ ئاستىنقى لېۋىنى سىلىدى.

ـــ ئۇ سېنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ، ـــ دېدى ئۇ.

تارىقنىڭ ئۇنىڭغا تەگكەن قولىنىڭ ھارارىتى، لەيلاغا ئاشۇ كۈننى، يەنى ئەزىزە بۇ دۇنياغا تۆرەلگەن ئاشۇ كۈننى ئەسلەتتى. ئۇنىڭ نەپىسى لەيلانىڭ بويىنىغا ئۇرۇلغان، مەيدىسى لەيلانىڭ كۆكسىگە چاپلاشقان، ئۇلارنىڭ قوللىرى بىر ـ بىرىگە كىرىشكەنىدى.

ـــ مەن سېنى ئۆزۈملا ئەكەتسەم بوپتىكەن، ـــ دېدى تارىق پىچىرلاپ.

لەيلا يىغلىماسلىققا تىرىشىپ، يەرگە قارىۋالدى.

ـــ مەن بىلىمەن. سەن ھازىر توي قىلغان، بالىسى بار بىر ئايال. مېنىڭ شۇنچە يىللاردىن كېيىن، شۇنچە ئىشلار يۈز بەرگەندىن كېيىن، بوسۇغاڭدا پەيدا بولۇشۇم مۇۋاپىق ئەمەس. ئادىللىقمۇ ئەمەس. لېكىن، مەن شۇنچە ئۇزۇن يول بېسىپ، سېنى كۆرگىلى كەلدىم. مەن... ئاھ، لەيلا، مەن سېنى تاشلاپ كەتمىسەم بوپتىكەن.

ـــ بولدى قىل، ـــ دېدى لەيلا بوغۇق ئاۋازدا.

— مەن كۆچىگەن بولسام، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، سەن بىلەن توي قىلغان بولسام، ھەممە ئىشلار باشقىچە بولغان بولاتتى.

— ئۇنداق دېمە. ئۆتۈنۈپ قالاي. مەن ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، لەيلاغا قاراپ نەچچە قەدەم ئالدىغا ماڭغاندىن كېيىن، ئورنىدا توختىدى.

— مېنىڭ بىرنەرسىلەرنى پەرەز قىلغۇم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ، سېنىڭ ھاياتىڭنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىش مەقسىتىممۇ يوق. ئەگەر سەن مېنى پاكىستانغا كەت دېسەڭ، مەن ھازىرلا كېتىمەن. سېنى بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئاۋارە قىلمايمەن. مەن...

— ياق! — دېدى لەيلا. ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ كەسكىن ئاڭلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ تارىقنىڭ قولىنى تۇتۇپ، چىڭ سىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، قولىنى دەرھال تارتىۋالدى، — ياق، كەتمە، تارىق. ياق، ئۆتۈنۈپ قالاي. تۇرۇپ قال.

تارىق بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇ ئون ئىككىدىن كەچ سائەت سەككىزگىچە ئىشلەيدۇ. سەن ئەتە چۈشتىن كېيىن كەلگىن. مەن سېنى ئەزىزەنىڭ يېنىغا ئاپىراي.

— مەن ئۇنىڭدىن قورقمايمەن، ئۇنى بىلىسەن، — دېدى تارىق، — مەن ھەممىنى چۈشىنىمەن، كەچۈر. ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن.

— ئۇنداق دېمە. سەن قايتىپ كېلىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىدىڭ. راستلا قايتىپ كەلدىڭ.

تارىقنىڭ كۆزى نەملەشتى.

— سېنى كۆرۈپ شۇنداق خۇش بولدۇم، لەيلا.

لەيلا تىترىگەن ھالدا تارىقنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قايغۇ ۋە يالغۇزلۇق بىلەن بىللە تەلۋىلەرچە ئىنتىلىش ۋە ئۈمىد چىرمىۋالغانىدى.

# قىرىق بەشىنچى باب

مەريەم

— مەن ئۈستۈنكى قەۋەتتە مەريەم بىلەن ئويىنىدىم، — دېدى زالماي.
— ئۈنداقتا ئاپاڭچۇ؟
— ئۇ... ئۇ ئاستىنقى قەۋەتتە ئۇ ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى.
— مۇنداق دە، — دېدى رەشىد، — بۇلار بىر - بىرىگە ئوبدان ھەمكارلىشىپتۇ - دە.
مەريەم ئۇنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكنىڭ يوقالغانلىقىنى، قوشۇمىسىدىكى سىزىقلارنىڭ غايىب بولغانلىقىنى بايقىدى. رەشىد قەددىنى رۇسلاپ، خۇددى كاپىتان جەڭنىڭ كېيىنكى قەدىمىنى قانداق بېسىش توغرۇلۇق ئويلانغاندەك، ئويچان كۆزلىرىنى يەرگە تىككەن ھالدا ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى.
ئۇ بېشىنى كۆتۈردى.
مەريەم بىرنەرسە دېيىشكە تەمشىلىشىگە، مەريەمگە قارىماي تۇرۇپ قولىنى كۆتۈردى.
— سەن بەك كىچىكتىڭ، مەريەم.
ئۇ زالمايغا قاراپ سوغۇق ھالدا:
— سەن ئۈستىگە چىقىپ كەت، بالام، — دېدى.
زالماينىڭ چىرايىدا جىددىيلىك پەيدا بولدى. ئۇ ئالاقزادە بولغان ھالدا رەشىدكە، مەريەمگە، ئۇنىڭدىن كېيىن لەيلاغا

قارىدى. ئۇ ئۆزى ئاشكارىلاپ قويغان ئىشلارنىڭ ئۆيدىكى چوڭلارنىڭ ئارىسىدا ئېغىر بىر ئەھۋالنى پەيدا قىلغانلىقىنى چۈشەنگەندى. ئۇ قورقۇمسىرىغان ھالدا دەسلەپتە مەريەمگە، ئۇنىڭدىن كېيىن لەيلاغا قارىدى.

رەشىد غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھازىرلا چىقىپ كەت!

ئۇ زالماينىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ كۆتۈردى. زالماي قارشىلىق كۆرسەتمەي ئۇستۇنكى قەۋەتكە قاراپ ماڭدى.

مەريەم بىلەن لەيلا جايىدا مىدىرلىماي، يەرگە قاراپ تۇراتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە قارىسا، رەشىدنىڭ گۇمانىنى ئىسپاتلاپ سالىدىغاندەك، ئۇ مېھمانخانىدا باشقىلارنىڭ يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا، بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆزىنىڭ جانجىگەر ئوغلىنىڭ كۆز ئالدىدا تىل بىرىكتۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى جەزملەشتۈرىدىغاندەك، كۆزلىرىنى بىر - بىرىدىن ئېلىپ قاچتى. ئۇلار جىمجىت ھالدا ئۇستۇنكى قەۋەتتىن ئاڭلانغان ئېغىر بىر ئاياغ تىۋىشى بىلەن يېنىكرەك، لېكىن يۈگۈرگەندەك ئاڭلانغان ئاياغ تىۋىشىغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى. ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا تۆۋەن ئاۋازدا ئېيتىلغان بىرنەچچە سۆز بىلەن يالۋۇرغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئاچقۇچنىڭ شاراقشىغان ئاۋازىدىن كېيىن، ھېلىقى ئېغىر قەدەمنىڭ پەلەمپەيدىن تېزلىك بىلەن چۈشۈۋاتقانلىقى ئاڭلاندى.

رەشىد پەلەمپەيدىن تېز قەدەم بىلەن چۈشۈۋاتاتتى. مەريەم ئۇنىڭ ئاچقۇچنى يانچۇقىغا سېلىپ، كەمىرىنى قولىغا يۆگەۋاتقانلىقىنى كۆردى. كەمەرنىڭ يالغان مىستىن ياسالغان ئۇچى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پەلەمپەيدە سۆرىلىپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ رەشىدنى توسۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. لېكىن، ئۇ مەريەمنى ئىتتىرىۋېتىپ، يېنىدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى. رەشىد گەپ - سۆز قىلماي، كەمىرىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا لەيلانىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ سۈرئىتى شۇنچە تېز ئىدىكى،

لەيلا ئۆزىنى ئوڭشاشقا، ھەتتا قولىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنى قوغداشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. لەيلا پېشانىسىنى تۇتۇپ، قولىدىكى قانغا قارىغاندىن كېيىن، رەشىدكە ھەيرانلىق بىلەن قارىدى. لېكىن، بىر سېكۇنت ئۆتمەي، لەيلانىڭ چىرايىدىكى ھەيرانلىق غەزەپكە ئايلاندى.

رەشىد كەمىرىنى يەنە كۆتۈردى.

بۇ قېتىم لەيلا بىلىكى بىلەن ئۆزىنى توسۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن كەمەرگە ئېسىلدى. لېكىن، تۇتالمىدى. رەشىد كەمەرنى تۆۋەنگە چۈشۈردى. لەيلا كەمەرنىڭ ئۇچىنى تۇتقان بولسىمۇ، ئالدىنىدىن سىيرىلىپ چىقىپ كەتتى. رەشىد كەمەرنى لەيلاغا قارىتىپ شىلتىدى. لەيلا ئۆي ئىچىدە قېچىشقا باشلىدى. مەريەم بولسا، لەيلانىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەمەر بىلەن ئۇرۇۋاتقان رەشىدكە قاراپ، بىرنەرسىلەرنى دەپ يالۋۇرماقتا ئىدى. رەشىدنىڭ قولىقىغا تەگكەن لەيلانىڭ بىر مۇشتى ئۇنى تېخىمۇ غەزەپكە كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇ لەيلانىڭ كەينىدىن تەلۋىلەرچە قوغلاشقا باشلىدى. ئۇ لەيلانى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى تامغا تىرەپ، قولىدىكى كەمەر بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن ساۋاشقا باشلىدى. كەمەرنىڭ مېتال ئۇچى لەيلانىڭ كۆكسىگە، دولىسىغا، قولىغا، بارماقلىرىغا تېگەتتى. كەمەر تەگكەنلا يەردىن قان چىقىۋاتاتتى.

مەريەم كەمەرنىڭ قانچە قېتىم تەگكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قانچە قېتىم يالۋۇرۇپ ۋارقىرىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانچە قېتىم ئۆز ھوشىنى بىلمىگەن ھالدا، رەشىدنىڭ قولىدىكى كەمەرگە ئېسىلىپ، يۈزىنى تاتىلاپ، چاچلىرىنى تارتقانلىقىنىمۇ ئېسىگە ئالالمايتتى.

رەشىد لەيلانى قويۇۋېتىپ، مەريەم تەرەپكە بۇرالدى. دەسلەپتە، ئۇ مەريەمگە قارىغان بولسىمۇ، ئۇنى كۆرمىدى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، مەريەمگە ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش بىلەن تىكىلدى. ئۇ قاراشلار

قايمۇقۇشتىن چۆچۈشكە، ئۇنىڭدىن كېيىن نارازىلىق ۋە ئۈمىدسىزلىككە ئايلاندى.

مەريەم توي روملىنىڭ ئاستىدىن تۇنجى قېتىم رەشىدنىڭ كۆزىگە قارىغان ۋاقىتنى ئەسلىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئەينەكتە ئۇچراشقاندا، ئۇ رەشىدنىڭ كۆزلىرىدىن ھېچقانداق ئىپادە كۆرمىگەن، ئۆزىنىڭ كۆزىدە بولسا تەن بېرىش، بويسۇنۇش، ھەتتا گۇناھىنى تىلەشتەك ئىپادىلەرنى كۆرگەنىدى.

گۇناھىنى تىلەشتەك !

مەريەم دەل شۇ كۆزلەردە ئۆزىنىڭ قانچىلىك نادان ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ئۆزىگە سوئال قويدى.

ئۇ رەشىدكە خىيانەت قىلدىمۇ؟ رەشىدكە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلدىمۇ؟ ئۇنىڭغا سادىق بولدىغۇ؟ ئۇنى ھۆرمەت قىلدىغۇ؟ مەريەم بۇ ئادەمنىڭ ياۋۇزلۇقىغا، ئۇزۇكسىز دەپسەندە قىلىشىغا، خورلۇقىغا ئۇچرايدىغان نېمە گۇناھ قىلدى؟ ئۇ ئاغرىپ قالغاندا ھالىدىن خەۋەر ئالمىدىمۇ؟ ئۇنىڭ ۋە دوستلىرىنىڭ قورسىقىغا تاماق بەرمىدىمۇ؟ قىلچە ئېرىنمەي، ئۇنىڭ تازىلىقىنى قىلمىدىمۇ؟ ئۇ بۇ ئادەمگە ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى ئاتا قىلدىغۇ؟ ئەنە شۇنداق تۇرۇپ، مەريەمنىڭ ئېرىشكىنى ئۇنىڭ ئىپلاسلىقى بولدىغۇ؟

رەشىد تاسمىنى يەرگە پاققىدە تاشلىدى. ئۇ مەريەمگە قاراپ كەلدى. «پاق» قىلغان ئاۋاز بەزى ئىشلارنىڭ قۇرۇق قول بىلەن بېجىرىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

بىراق، رەشىد مەريەمگە قولىنى تەڭلەپ كەلگەن پەيتتە، مەريەمنىڭ يەردىن بىرنەرسە ئېلىۋاتقان لەيلاغا كۆزى چۈشتى. لەيلا قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ رەشىدنىڭ چېكىسىگە ئۇردى. ئەينەكنىڭ چېقىلغان ئاۋازى بىلەن تەڭ، سۇ ئىچىدىغان ئىستاكاننىڭ پارچىلىرى يەرگە چۈشتى. لەيلانىڭ قولى قانغا مىلەندى. رەشىدنىڭ يېرىلغان چېكىسىدىن ئاققان قان بويىنىدىن ئېقىپ چۈشۈپ، كۆڭلىكىگە تارالدى. ئۇ چىشلىرىنى

كىرىشتۈرگەن ھالدا، غەزەپكە تولغان كۆزلىرىنى لەيلاغا تىكتى.
ئۇلار يەرگە پومىلاقلىشىپ چۈشتى. رەشىد لەيلانىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئىككى قولى بىلەن ئۇنىڭ گېلىنى سىقىشقا باشلىدى.
مەريەم ئۆزىنى رەشىدكە ئاتتى. لەيلا رەشىدنىڭ مەيدىسىگە ئۇراتتى. پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى ئىتتەردى. مەريەم رەشىدنىڭ لەيلانىڭ گېلىنى قاماللىغان قوللىرىنى تارتىپ ئاجراتماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى چىشلىدى. لېكىن، ئۇ قوللار لەيلانىڭ كانىيىغا مەھكەم چاپلاشقان بولۇپ، رەشىدنىڭ لەيلانىڭ جېنىنى ئالماقچى بولغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەپسۇسكى، ھەر ئىككىسىنىڭ ئۇنىڭغا كۈچى يەتمەيتتى.
مەريەم ئارقىسىغا يېنىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئاياغ تىۋىشلىرى، كىچىك قوللارنىڭ قولۇپ سېلىنغانلىق ئىشىكنى ئىتتىرگەن ئاۋازى قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى. ئۇ كارىدوردىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ، ئالدى ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقتى ـ دە، ھويلىنىڭ ئۇ تەرىپىگە قاراپ يۈگۈردى.
مەريەم ئەسۋاب سالىدىغان ئامبارغا كىرىپ، گۈرجەكنى قولىغا ئالدى.
رەشىد مەريەمنىڭ ئۆيگە قايتىپ كىرگەنلىكىنى كۆرمىدى. ئۇ تېخىچە لەيلانىڭ ئۈستىدە بولۇپ، تەلۋىلىككە تولغان كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە لەيلانىڭ گېلىنى سىقماقتا ئىدى. لەيلانىڭ چىرايى كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، كۆز قارىچۇقى ئارقىسىغا كېتىۋاتاتتى. لەيلانىڭ بەدىنى قارشىلىق كۆرسىتىشتىن توختىغانىدى. «ئۇ لەيلانى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بولدى، — دەپ ئويلىدى مەريەم، — ئۇ بۇ قېتىم راستلا لەيلانى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بولدى.» مەريەم بۇنىڭغا يول قويالمايتتى. يىگىرمە يەتتە يىلدىن بۇيان، رەشىد ئۇنىڭدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى تارتىۋالدى. ئۇنىڭ ئەمدى ئۆزىدىن لەيلانى تارتىۋېلىشىغا قاراپ تۇرالمايتتى.
مەريەم قەددىنى رۇسلاپ، گۈرجەكنىڭ سېپىنى مەھكەم سىقىپ، ئېگىز كۆتۈردى. ئۇ گۈرجەكنى رەشىدكە كۆرسىتىش

ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىردى.

— رەشىد.

رەشىد بېشىنى كۆتۈردى. مەريەم گۈرجەكنى ئۇنىڭغا قارىتىپ شىلتىدى.

گۈرجەكنىڭ ئۈچى رەشىدنىڭ چېكىسىگە تەگدى. ئۇنىڭ شامىلى رەشىدنى لەيلانىڭ ئۈستىدىن ئۆرۈۋەتتى. ئۇ بارماقلىرىنىڭ ئۈچىدىكى قاندىن كۆزىنى ئۈزۈپ، مەريەمگە قارىدى. مەريەمگە ئۇنىڭ چىرايى مۇلايىملاشقاندەك كۆرۈندى. بەلكىم مەريەم ئۇنىڭ كاللىسىنى سىلكىۋەتكەندۇ. شۇنىڭ بىلەن رەشىدنىڭ كۆزىنى تورىۋالغان نەرسىلەر غايىب بولۇپ، شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۆزىنىڭ ھاقارەتلىرىگە، ئەيىبلەشلىرىگە، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئېزىشلىرىگە ئۈن ـ تىنسىز بويسۇنۇپ، ئۆزىگە كۆپ قۇربانلارنى بەرگەن مەريەمنىڭ چىرايىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندۇ. ئەگەر شۇنداق بولسا، رەشىدنىڭ كۆزىدە ئەكس ئەتكىنى پۇشايمانمىدۇ؟

بىراق، توساتتىن ئۇنىڭ ئۈستۈنكى كالپۇكى كۆتۈرۈلۈپ، غەزەپ بىلەن خىرىس قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. دەل شۇ پەيتتە، مەريەم بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى چوقۇم چىقىرىش لازىملىقىنى چۈشەندى. ئەگەر ئۇ رەشىدنى مۇشۇ پېتى مەيلىگە قويۇۋەتسە، ئۇنىڭ زالىمىنى سولاپ قويغان ئۆيدىكى مىلتىقنى ئاچقىشىغا قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟ ئەگەر رەشىد مىلتىق بىلەن مەريەمنىلا ئېتىپ، لەيلانىڭ قېنىدىن كېچىدىغانلا بولسا، مەريەم گۈرجەكنى يەرگە قويۇشقا رازى ئىدى. لېكىن، رەشىدنىڭ كۆزلىرىدىن مەريەمنىڭ كۆرۈۋاتقىنى ئۇنىڭ ھېچكىمنى تىرىك قويمايدىغان قاتىللىق ئۈچقۇنلىرىدىن ئىبارەت ئىدى، خالاس.

مەريەم گۈرجەكنى ئېگىز كۆتۈردى. ئەنە شۇنداق قىلىپ، ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ قانچىلىك ياشايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

مەريەم گۈرجەكنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالدىغا قارىتىپ ئۇردى.

# قىرىق ئالتىنچى باب

## لەيلا

لەيلا ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدىكى چىرايىنىڭ، كىرىشكەن چىشلارىنىڭ، ياۋۇز كۆزلەرىنىڭ، شۇنداقلا قويۇق تاماكا پۇرىقىنىڭ كىمگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى. ئۇ يەنە ئارىلىقتا مۇشتۇمىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن مەرىيەمنىڭ چىرايىنىمۇ غۇۋا كۆردى. لەيلا تورۇسقا كۆز تىكتى. تورۇستىكى قارا داغلار خۇددى كۆڭۈلەكنىڭ ئۈستىگە چېچىلىپ كەتكەن رەڭگە ئوخشايتتى. سوۋاقنىڭ ئۈستىدىكى يېرىق بولسا ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدىن قارىسا سوغۇق كۈلكىگە، يەنە بىر بۇلۇڭىدىن قارىسا ھىجايغاندەك كۆرۈنەتتى. لەيلا سۈپۈرگىنىڭ ئۇچىغا لاتىنى چىگىپ، ئاشۇ تورۇستىكى ئۆمۈچۈك تورلىرىنى سۈپۈرگەن، مەرىيەم بىلەن بىللە ئاشۇ تورۇسنى ئۈچ قېتىم ئاق سىردا سىرلاپ چىققانىدى. لېكىن، تورۇستىكى يېرىق لەيلانىڭ كۆزىگە كۈلكە ئەمەس، مەسخىرىلىك ھىجايغاندەك كۆرۈنۈپ، بارغانسېرى غۇۋالىشىشقا باشلىدى. تورۇس بارغانسېرى كىچىكلەپ، يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، لەيلادىن يىراقلاپ بېرىپ پوچىتا ماركىسىچىلىك كۆرۈندى. تورۇسنىڭ ئەتراپىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. رەشىدنىڭ چىرايى ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قۇياش دېغىغا ئوخشايتتى.

لەيلانىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى پارتلىغان يۇلتۇزدىن چاچرىغانغا ئوخشاش كىچىك نۇرلار چاقناشقا باشلىدى. يورۇقلۇق ئارىسىدا تۈخۈم شەكىللىك غەلىتە نەرسىلەر ھەر تەرەپكە قاراپ مىدىرلاپ، بىر ـ بىرىگە قېتىلىپ كېتىشەتتى. ئۇلار يەنە ئايرىلىپ، باشقا

بىر شەكىلگە كىرەتتى ـ دە، قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولاتتى.

يىراقتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

بالىلىرىنىڭ چىرايى لەيلانىڭ كۆز ئالدىدا غۇۋا پەيدا بولىدى. ئەنە، ئەزىزەنىڭ سەگەك، لېكىن غەمكىن، سىرلار بىلەن يوشۇرۇنغان چىرايى. زالىماي بولسا دادىسىغا قايىل بولغان هالدا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرماقتا. «ئەمدى بۇ هايات ئاياغلىشىدۇ. هەممىسى تۈگەيدۇ، — دەپ ئويلىدى لەيلا، — ئەپسۇس...»

لېكىن، لەيلانىڭ كۆز ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق غايىب بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى بىرسى يەردىن كۆتۈرۈپ ئېلىۋاتقاندەك هېس قىلدى. تورۇسمۇ ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنلەشكە ۋە كىچىكلىشكە باشلىدى. لەيلا تورۇستىكى لاۋزا كۆلگە ئوخشايدىغان يېرىقنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق كۆردى.

ئۇنى بىرسى هە دەپ سىلكىمەكتە ئىدى.

— سىز ساقمۇ؟ جاۋاب بېرىڭ، ئاڭلاۋاتامسىز؟

ئۇ مەريەمنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەريەمنىڭ قانغا مىلەنگەن، ۋەهىمىگە تولغان چىرايى لەيلانىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى.

لەيلا نەپەس ئالماقچى بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ گېلى چىدىغۇسىز ئاغرىيتتى. ئۇ يەنە بىر قېتىم نەپەس ئالماقچى بولدى ـ يۇ، كانىيىنىڭ ئاغرىقىغا قوشۇلۇپ، مەيدىسىمۇ چىدىغۇسىز ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇ قاتتىق يۆتىلىپ، هاسىراپ، تېز ـ تېز نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ساق قۇلىقى بولسا غوڭۇلداۋاتاتتى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈردى. رەشىد كۆزلىرى ئوچۇق، ئاغزى يېرىم ئېچىلغان هالەتتە ياتاتتى. شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك ماغزاپ جاۋغىيىدىن ئېقىپ چۈشكەن، ئىشتىنىنىڭ ئالدى هۆل بولۇپ كەتكەنىدى. لەيلا دەسلەپتە رەشىدنىڭ پېشانىسىنى، ئارقىدىن قىرى قانغا بويالغان گۇرجەكنى كۆردى.

لەيلا جېنىنىڭ بارىچە چىرقىرىدى.

— ئاھ... — ئۇ پۈتۈن بەدىنى تىترىگەن ھالدا نالە قىلاتتى، — ئاھ، مەريەم.

لەيلا قوللىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ نالە قىلماقتا ئىدى. مەريەم بولسا رەشىدنىڭ يېنىدا قولىنى تىزىغا قويۇپ، تەمكىنلىك بىلەن مىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇزاققىچە ئېغىز ئاچمىدى.

لەيلانىڭ ئاغزى قۇرۇپ كەتكەن، پۈتۈن بەدىنى تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا بىرنەرسىلەرنى دەپ نالە قىلاتتى. ئۇ رەشىدنىڭ جانسىز بەدىنىگە، تۇمشۇقىغا، ئۇنىڭ ئوچۇق كۆزىگە، بوينىدىكى يېرىقتا قېتىپ قالغان قانغا قارىماسلىققا تىرىشاتتى.

سىرتتىكى يورۇقلۇق بارغانسېرى غۇۋالىشىپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىدى. مەريەمنىڭ يۈزى ئورۇق ۋە قانسىز كۆرۈنسىمۇ، چىرايىدىن نە جىددىيلىك، نە قورقۇشتىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەن، ئېڭەكىگە قونغان چىۋىنمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى. ئۇ پەقەت ئاستىنقى كالپۇكىنى پۈرۈشتۈرگەن ھالدا مىدىرلىماي ئولتۇراتتى.

مەريەم ئاخىر زۇۋانغا كەلدى.

— ئولتۇرۇڭ، لەيلا.

لەيلا مەريەمنىڭ سۆزىگە بويسۇندى.

— بىز ئۇنى بىر يەرگە يۆتكەيلى. زالماي كۆرۈپ قالمىسۇن.

ئۇلار رەشىدنى كىرلىككە يۆگەشتىن بۇرۇن، مەريەم رەشىدنىڭ يانچۇقىدىن ھۇجرا ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئالدى. لەيلا ئۇنىڭ ئىككى پۇتىدىن تۇتتى. مەريەم قولتۇقىدىن كۆتۈرۈشكە تەييار بولدى. ئۇلار رەشىدنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، رەشىد ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۇنى سۆرەشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئالدى ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا، رەشىدنىڭ پۇتى ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا ئىلىنىپ قېلىپ، پاچىقى يان تەرەپكە قاتلىنىپ قالدى. ئۇلار ئارقىسىغا يېنىپ، جەسەتنى

توغرا يۆنىلىشكە توغرىلىندى. دەل شۇ پەيتتە، ئۈستۈنكى قەۋەتتىن شەپە ئاڭلاندى. لەيلا رەشىدنىڭ پۇتىنى يەرگە تاشلاپ، ئۆكسۈپ يىغلىغان ھالدا يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. مەريەم ئىككى قولىنى بېلىگە تىرىگىنىچە لەيلاغا بولغان ئىشنى كەينىگە قايتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى، لەيلانىڭ ھوشىنى يىغىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. لەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈزىدىكى ياشنى ئېرتتى. ئۇلار رەشىدنى سۆرەپ، زاپچاس ئامبىرىغا ئەكىرىپ، ئىش ئۈستىلىنىڭ ئارقىسىغا قويدى. ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە ھەرە، مىخ، ئەتۋېركە ۋە زالمايغا ئويۇنچۇق ئويۇپ بېرىش ئۈچۈن ئەكېلىپ قويغان سىلىندىر شەكىللىك ياغاچ تۇراتتى. ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كىردى. مەريەم يۈز ـ كۆزلىرىنى سوغۇق سۇدا يۇغاندىن كېيىن، چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

— مەن سىزنىڭ يارىڭىزغا قاراپ باقاي. پۈتۈن بەدىنىڭىز تىلىنىپ كېتىپتۇ، لەيلا.

مەريەم ئۆزىنىڭ بىر كېچە ئويلىنىپ، كەلگۈسىگە پىلان تۈزۈپ بېقىش خىيالى بارلىقىنى ئېيتتى.

— بىزگە چوقۇم يول تېپىلىدۇ، — دېدى مەريەم، — لېكىن مېنىڭ ياخشىراق ئىزدىنىشىمگە توغرا كېلىدۇ.

— بىز بۇ يەردىن كېتىشىمىز كېرەك! بىز بۇ يەردە تۇرساق بولمايدۇ، — دېدى لەيلا بوغۇق ئاۋازدا.

توساتتىن گۈرجەكنىڭ رەشىدنىڭ بېشىغا تەگكەن ئاۋازى لەيلانىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئاڭلانغاندەك بولدى ـ دە، كۆڭلى ئېلىشىشقا باشلىدى.

لەيلا ئەسلىگە كېلىپ، خۇددى بىلىنمىگەن مەريەم ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ لەيلاغا بېشىنى ئۆزىنىڭ قۇچىقىغا قويۇشنى ئېيتتى. ئۇ قوللىرى بىلەن لەيلانىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىدىن ئەنسىرىمەسلىكىنى، ھەممە ئىشنىڭ ياخشى بولۇپ

كېتىدىغانلىقىنى تەمكىن ئاۋازدا ئېيتتى. ئۇ يەنە لەيلاغا ئۆزىنىڭ لەيلا ۋە بالىلار بىلەن بىللە كېتىدىغانلىقىنى، بۇ ئۆينى، بۇ نەس باسقان شەھەرنى، بۇ دۆلەتنى تاشلاپ، يىراققا، ھېچكىم ئۇلارنى ئىزدەپ تاپالمايدىغان جايغا كېتىپ، ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ، ھاياتنى يېڭىدىن باشلايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— دەرەخلەر بار يېشىللىققا، — دېدى مەريەم، — تۇغرا، باراقسان دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان ئورماننىڭ ئارىسىغا كېتىمىز.

مەريەم لەيلاغا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەردى.

ئۇلار ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان، يىراقتىكى كىچىك يېزىنىڭ بىر بۇرجىكىگە جايلاشقان كەپىدە بىللە ياشايدۇ. ئۇ يېزىنىڭ يوللىرى تار ھەم توپا بولسىمۇ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە چاتقاللار، ياۋا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان. بەلكىم ئۇ يوللار كەڭ يايلاققا تۇتىشىدىغاندۇ. ئەگەر شۇنداق بولسا، بالىلار ئوت - چۆپنىڭ ئۈستىدە ئوينايدۇ. ياكى ئۇلارنى سۈزۈك، كۆپكۆك سۈيى بار كۆلچەككە باشلاپ بارىدىغان چىغىر يولنىمۇ تاپقىلى بولىدۇ، ھەرقاچان. بالىلار كۆلدە ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلارنى، كۆلنىڭ ئاستىدىن ئۆسۈپ چىققان قومۇشلارنى كۆرۈپ چوقۇم خۇش بولىدۇ. ئۇلار يەنە قوي ۋە توخۇلارنى باقىدۇ. بىللە نان ياقىدۇ. بالىلارغا كىتاب ئوقۇشنى بىللە ئۆگىتىدۇ. ئۇلار ئۇ يەردە تىنىچ ھەم خاتىرجەم ھايات كەچۈرىدۇ. ئۆتمۈشتە تارتقان ئازابلىرىنى خىياللىرىدىن مەڭگۈلۈك چىقىرىپ تاشلاپ، ئاددىي ھاياتتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ.

لەيلا بىرئاز روھلانغان ھالدا پىچىرلاشقا باشلىدى. ئۇ كەلگۈسىدىكى قىيىنچىلىقىنىڭ ئۆتمۈشتىكى قىيىنچىلىققا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، پۈتۈنلەي ئۆزلىرىگە تەئەللۇق بولىدىغان، پەخىرلىنىدىغان قىيىنچىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. مەريەمنىڭ ئانىلارغا خاس مېھرىبان ئاۋازى لەيلاغا تەسەللىي

بولدى. مەريەم لەيلاغا بۇ يەردە چوقۇم يول تېپىلىدۇ، دېدى. خۇدا خالىسا، سەھەردە مەريەم لەيلاغا نېمە قىلىش توغرۇلۇق يول كۆرسىتىدۇ. ئۇلار بىرلىكتە ئىشنى بېجىرىدۇ. بەلكىم ئەتە مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۇلار ئالىلقاچان ئۆزلىرى بىر ئۆمۈر كۈتكەن خۇشاللىققا ئېلىپ بارىدىغان، يېڭى قىيىنچىلىقلارغا تولغان يېڭى ھاياتنى باشلىشى مۇمكىن. لەيلا مەريەمنىڭ سەزگۈرلۈك ۋە تەمكىنلىك بىلەن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىغا خۇشال ئىدى. چۈنكى، ئۆزىنىڭ چېچىلىپ كەتكەن خىيالى بىلەن نورمال پىكىر قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مەريەم ئورنىدىن تۇردى.

— ئەمدى ئوغلىڭىزغا قاراڭ.

لەيلا مەريەمنىڭ چىرايىدىكى قايغۇلۇق كۆرۈنۈشنى ئىنسانىنىڭ چىرايىدا تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى.

لەيلا زالماينى قاراڭغۇدا، كارىۋاتنىڭ رەشىد ياتىدىغان تەرىپىدە تۈگۈلۈپ ياتقان ھالەتتە تاپتى. ئۇ يان تەرەپتىن ئەدىيالنى تارتىپ، زالماي بىلەن ئۆزىنىڭ ئۈستىگە ياپتى.

— ئۇخلىمىدىڭمۇ؟

زالماي لەيلاغا قارىماي تۇرۇپ دېدى:

— ئۇخلىيالمايۋاتىمەن. بابالۇ ئايىتىنى مەن تېخى دادام بىللە ئوقۇمىدىم.

— بۈگۈن ئاخشام ئىككىمىز بىللە ئوقۇيلى، بولامدۇ؟

— سىز ئۇنىڭغا ئوخشاش ئوقۇيالمايسىز.

ئۇ زالماينىڭ كىچىككىنە مۇرىسىنى مەھكەم سىقىپ، بوينىغا سۆيۈپ قويدى.

— قېنى مەن سىناپ باقاي.

— دادام قېنى؟

— داداڭ بىر يەرگە كەتتى، — دېدى لەيلا، كانىيىغا خۇددى بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك تولىمۇ تەسلىكتە.

ئۇ بۇ نەس باسقۇر يالغان سۆزنى تۇنجى قېتىم ئېغىزىدىن چىقاردى. لەيلا بۇ يالغان سۆزنى يەنە قانچە قېتىم ئېغىزغا ئېلىشقا، قانچە قېتىم زالىماينى ئالداشقا مەجبۇر بولار؟ ئۇ زالىماينىڭ ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان رەشىدكە قاراپ يۈگۈرگەن، رەشىدنىڭ بولسا ئۇنى بىلىكىدىن تۇتۇپ، تاكى ئىككى پۇتى هاۋادا تۇيپتۇز بولغۇچە چۆرگىلەتكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن زالىماي بېشى قېيىپ دەلدەڭشىگەندە ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ كەتكەن چاغلىرىنى ئەسلىدى. ئۇلارنىڭ تەرتىپسىز ئويۇنلىرى، قۇلاقنى يارغۇدەك ئۇنلۇك كۈلۈشلىرى ۋە بىر ـ بىرىگە سىرلىق قاراشلىرى لەيلانىڭ كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى.

ئوغلىغا يۈز كېلەلمەسلىك ئازابى ۋە نومۇس لەيلانىڭ يۈرىكىنى ئامبۇردەك سىقىشقا باشلىدى.

— دادام قەيەرگە كەتتى؟

— بىلمەيمەن، قوزام.

— ئۇ قاچان كېلىدۇ؟ دادام قايتىپ كەلگەندە سوۋغات ئەكېلەمدۇ؟

لەيلا زالىماي بىلەن بىللە دۇئا ئوقۇدى. ئۇلار يەتتە بارماقنىڭ هەربىر بوغۇمىغا بىر قېتىمدىن «بىسمىللاهىررەهمانىررەهىم» دېدى. زالىماي ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ، ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىپ پۈۋلىگەندىن كېيىن، قولىنىڭ دۈمبىسىنى پېشانىسىغا تەگكۈزۈپ، بىرنەرسىنى تاشلىغاندەك هەرىكەت قىلدى. ئاغزىدا بولسا «بابالۇ، نېرى كەت. زالمايغا يېقىن كەلمە، ئۇنىڭ سەن بىلەن هېچ ئىشى يوق. بابالۇ، نېرى كەت» دەپ پىچىرلايتتى. دۇئانىڭ ئاخىرىدا ئۇلار «ئاللاهۇئەكبەر»نى ئۈچ قېتىم ئوقۇدى.

خېلى كەچ بولغاندا، زالىماينىڭ: «دادام مېنىڭ سەۋەبىمدىن يىراققا كەتتىمۇ؟ سىز بىلەن هېلىقى ئادەم توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزلىرىم ئۈچۈن يىراققا كەتتىمۇ» دېگەن سوئاللىرى لەيلانى

ھالڭ ـ تالڭ قالدۇردى.

ئۇ زالماي تەرەپكە ئېڭىشىپ، ئۇنىڭغا: «ياق، بولغان ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى سەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز، زالماي. ياق، ھېچقايسىسى سېنىڭ خاتالىقىڭ ئەمەس» دەپ تەسەللى بېرىشكە تەمشەلدى. لېكىن، زالماي ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كىچىككىنە كۆكسى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيەتتى.

ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا لەيلانىڭ كاللىسى قۇيقۇرۇق بولۇپ، ئۇنىڭ خىيالىنى يىغىپ پىكىر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئۇ سەھەردە، ئەزان ئاۋازى بىلەن ئويغانغاندا بولسا، كاللىسىدىكى ھارغىنلىق يوقالغانىدى.

ئۇ مۇشتۇمىنى ئېڭىكىنىڭ ئاستىغا تىرەپ ئۇخلاۋاتقان زالمايىنىڭ يېنىدا بىرپەس ئولتۇردى. بەلكىم مەريەممۇ بۇ ئۆيگە كىرىپ، ئۇخلاۋاتقان لەيلا بىلەن زالمايىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئەتىنىڭ، كەلگۈسىنىڭ پىلانىنى قىلغاندۇر.

لەيلا ئاغرىق ئازابىدىن تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ بوينىدىن تارتىپ، پۇتىغىچە رەشىدنىڭ كەمىرىنىڭ ئىزى قالغانىدى. ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە، ھۇجرىسىدىن ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

مەريەمنىڭ ھۇجرىسىدىكى چىراغ غۇۋا يورۇتۇلغان، مەريەم بۇلۇڭغا سېلىنغان جايىنامازنىڭ ئۈستىدە دېرىزە تەرەپكە قاراپ بامدات نامىزىنى ئوقۇۋاتاتتى. لەيلا ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، يەردە ئولتۇردى.

— سىز بۈگۈن سەھەردە، ئەزىزەنى يوقلاڭ، — دېدى مەريەم.

— مەن سىزنىڭ نېمە قىلماقچى بولغىنىڭىزنى بىلىمەن.

— پىيادە ماڭماڭ. ئاپتوبۇسقا چىقىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز چانمايسىز. تاكسىغا چىقسىڭىز، يالغۇز ئولتۇرغانلىقىڭىز ئۈچۈن، ئۇلار سىزنى چوقۇم توسىدۇ.

— سىز ئاخشام ۋەدە قىلغان...

لەيلا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. چۈنكى، ئۇ

ئاخشام تەسۋىرلىگەن ئورمانلار، نامسىز يېزا، ھەممىسى ۋەزىيەتنى سىلىقلاشتۇرۇش ياكى يىغلاۋاتقان بالىنى بەزلەش ئۈچۈن ئېيتىلغان يالغان سۆزلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندى.

— راست دەۋاتىمەن، — دېدى مەريەم، — مەن سىزگە كۆڭلۈمدىكىنى دەۋاتىمەن.

— ماڭا سىزسىز بۇلارنىڭ لازىمى يوق، — دېدى لەيلا كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا. مەريەم غەمكىن كۈلۈمسىرىدى، — ماڭا سىز تەسۋىرلىگەن نەرسىلەر كېرەك. سىز، مەن، بالىلار... تارىقنىڭ پاكىستاندا تۇرىدىغان يېرى بار ئىكەن. بىز ئۇ يەردە، ئىشلار پەسەيگۈچە بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ تۇرىمىز.

— ئۇنداق قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، — دېدى مەريەم تەمكىنلىك بىلەن، خۇددى خاتا يولغا ماڭغان بالىغا تەربىيە قىلىۋاتقان ئانىدەك.

— بىز بىر - بىرىمىزنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمىز، — دېدى لەيلا بوغۇق ئاۋازدا، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئاقماقتا ئىدى، — سىز ئېيتقاندەك مەن ئەمدى سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىمەن.

— ئاھ، لەيلا.

لەيلانىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ مەريەمگە ئۆزىنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى، تاماق ئېتىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋەدە بەردى، يالۋۇردى.

— سىز ھېچ ئىش قىلمايسىز. مەڭگۈ ئىشلىمەيسىز. سىز ئارام ئېلىپ، ئۇخلاپ، باغچىغا گۈللەرنى تېرىپ، خاتىرجەم دەم ئالسىڭىزلا بولىدى. سىزگە نېمە لازىم بولسا، ماڭا دېسىڭىز، مەن دەرھال سىزگە ئەكېلىپ بېرىمەن. ئۇنداق قىلماڭ، مەريەم. مېنى تاشلاپ كەتمەڭ. ئەزىزەنىڭ يۈرىكىنى ئەزمەڭ.

— ئۇلار نان ئوغرىلىغانلارنىڭ قولىنى كېسىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىر ئۆلگەن ئەرنىڭ جەسىتىنى بايقاپ، ئۇنى ئىككى خوتۇنىنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ قالسا نېمە

قىلمايدۇ، دەيسىز.

— ھېچكىم بىلمەيدۇ، — دېدى لەيلا تېز نەپەس ئالغان ھالدا، — ھېچكىم بىزنى تاپالمايدۇ.

— ئۇلار تاپالايدۇ. ھامان بىر كۈنى تاپالايدۇ. ئۇلار ئاپشاركىدىن قېلىشمايدۇ، — مەريەمنىڭ بوش ئاۋازدا ئېھتىيات بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغان لەيلا ئۆزىنىڭ بەرگەن ۋەدىلىرىنىڭ قانچىلىك رېئاللىقتىن يىراق، قانچىلىك ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— مەريەم، ئۇنداق قىلماڭ.

— ئەگەر ئۇلار بىزنى تېپىۋالسا، سىزنى مەن بىلەن ئوخشاشلا گۇناھكار ھېسابلايدۇ. تارىقنىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. مەن ئىككىڭلارنىڭ قاچقۇنلارچە تۇرمۇش كەچۈرۈشۈڭلارغا يول قويمايمەن. ئەگەر سىز تۇتۇلۇپ قالسىڭىز، ئىككى بالىڭىز قانداق قىلىدۇ؟ — لەيلانىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرى غۇۋالاشماقتا ئىدى، — ئۇلارغا كىم قارايدۇ؟ تالىبانلارمۇ؟ سىز ئانىغا ئوخشاش ئويلاڭ، لەيلا. ئانىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ ئويلاڭ. مەن دەل شۇنداق قىلىۋاتىمەن.

— مەن ئۇنداق قىلالمايمەن.

— سىز چوقۇم شۇنداق قىلىشىڭىز كېرەك.

— بۇ ئادىللىق بولمايدۇ، — دېدى لەيلا بوغۇق ئاۋازدا.

— لېكىن، مۇشۇنداق قىلساق ئادىللىق بولىدۇ. بۇياققا كېلىڭ. بېشىڭىزنى قويۇڭ.

لەيلا ئۆمىلەپ كېلىپ، مەريەمنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويدى. ئۇ مەريەم بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن چاغلارنى، بىر - بىرىنىڭ چاچلىرىنى ئۆرۈگەن ۋاقىتلارنى، ئۆزىنىڭ مەريەمنىڭ ئاددىي پىكىرلىك پاراڭلىرىنى سەۋرلىك بىلەن قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغان، مەريەمنىڭ بولسا لەيلانىڭ ئۆزىگە بەرگەن دىققىتىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا تېخىمۇ روھلىنىپ ئېيتقان ھېكايىلىرىنى ئەسلىدى.

— مانا بۇ ئادىللىق، — دېدى مەريەم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئېرىمىزنى مەن ئۆلتۈرگەن. ئوغلىڭىزنى دادىسىدىن ئايرىغانمۇ مەن. ئۇنداق بولغانىكەن، مەن قېچىپ كەتسەم توغرا بولمايدۇ. مەن قانداقمۇ قېچىپ كېتەلەيمەن؟... ئۇلار بىزنى تۇتالمىغان تەقدىردىمۇ، مەن ... — ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترىدى، — مەن ھەرگىزمۇ سىزنىڭ ئوغلىڭىزنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتەلمەيمەن. مەن ئۇنىڭغا قانداقمۇ تىكىلىپ قارايمەن، قانداقمۇ ئۇنىڭغا قارىيالايمەن، لەيلا؟

مەريەم لەيلانىڭ بۇدۇر چېچىدىكى بىر چىگىكنى قوللىرى بىلەن يەشتى.

— مەن ئۈچۈن ھەممە ئىشلار مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ماڭا ئەمدى باشقا نەرسە لازىم ئەمەس. مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئۈمىد قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىز بەردىڭىز. سىز ۋە سىزنىڭ بالىلىرىڭىز ماڭا خۇشاللىق ئاتا قىلدىڭلار. ھېچقىسى يوق، لەيلا، ھېچقىسى يوق. ھەرگىز كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ.

لەيلا مەريەمنىڭ ئېيتقانلىرىغا قارشى سەۋەب كۆرسىتەلمىدى. لېكىن، ئۇ توختاپ قالمىدى. خۇددى كىچىك بالىدەك يالۋۇردى. مەريەم تىكىدىغان دەرەخلەر، ئۇنىڭ بېقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان توخۇلار، مەريەم تەسۋىرلىگەن نامسىز يېزا، بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرگەن كۆلچەكلەرنى ئۇنىڭ سەمىگە سالدى. لەيلا سۆزدىن توختىدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆز يېشى تاراملاپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇ تەسلىم بولدى. مەريەمنى نىيىتىدىن ياندۇرۇش مەقسىتىدىن ئاخىر ۋاز كەچتى. ئۇ مەريەمنىڭ چوڭلارغا خاس پىكرىگە تەڭ كېلەلمەي، كىچىك بالىدەك ئۆكسۈپ يىغلىماقتا ئىدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم مەريەمنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

چۈشكە يېقىن، مەريەم زالماينىڭ چۈشلۈك تامىقى ئۈچۈن بىر پارچە نان بىلەن بىرنەچچە قۇرۇق ئەنجۈرنى تەييارلىدى. ئۇ

يەنە ئەزىزە ئۇچۇن هايۋانلارنىڭ شەكلىدە پىشۇرۇلغان بىرنەچچە پىرەنىك ۋە بىرنەچچە قۇرۇق ئەنجۇر تەييارلىدى. ئۇ يېمەكلەرنىڭ ھەممىسىنى قەغەز خالتىغا سېلىپ، لەيلاغا تۇتقۇزدى.

— ئەزىزەنى مەن ئۇچۇن سۆيۈپ قويۇڭ، — دېدى مەريەم، — ئۇ مەڭگۇ مېنىڭ كۆزلىرىمنىڭ نۇرى، يۈرىكىمنىڭ سۇلتانى ئىكەنلىكىنى ئېيتىڭ. سىز مەن ئۇچۇن شۇنداق قىلالامسىز؟

لەيلا بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭ كالپۇكلىرى بىر - بىرىگە جۇپلەشتى.

— مەن ئېيتقاندەك ئاپتوبۇسقا چىقىڭ. بېشىڭىزنى تۆۋەن قىلىڭ.

— مەن سىزنى قاچان كۆرىمەن، مەريەم؟ مەن گۇۋاھلىقتا چىقىشتىن بۇرۇن، سىز بىلەن كۆرۇشۇشۇم كېرەك. مەن ئۇلارغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىمەن. بولغان ئىشنىڭ سىزنىڭ خاتالىقىڭىز ئەمەسلىكىنى، سىزنىڭ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىڭىزنى ئېيتىمەن. ئۇلار چوقۇم چۈشىنىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ مەريەم؟ ئۇلار چۈشىنىدۇ.

مەريەم لەيلاغا قاراپ، غەمكىن كۈلۈمسىرىدى.

ئۇ ئېڭىشىپ، زالمايىنىڭ كۆزىگە قارىدى. زالماي ئۈستىگە قىزىل مايكا ۋە يىرتىلىپ كەتكەن ئىشتان كىيگەنىدى. پۇتىدا رەشىد ماندايدىن ئېلىپ بەرگەن پادىچىلار ئۆتۈكى، قولىدا يېڭى ۋاسكېتبولنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. مەريەم ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيدى.

— سەن غەيرەتلىك يىگىت بول، — دېدى مەريەم، — ئاپاڭنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئال.

مەريەم ئىككى ئالىقىنى بىلەن زالمايىنىڭ يۈزىنى سىلىدى. زالماي بولسا، يۈزىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى. لېكىن، مەريەم قولىنى قويۇۋەتمىدى، — مېنى كەچۈر، زالماي. مەن ساڭا ئەكەلگەن بارلىق ئازابلار ئۈچۈن ئىنتايىن ئۆكۈنىمەن.

لەيلا زالمايىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، كوچىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە

قاراپ ماڭدى. ئۇ كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە ئارقىسىغا قارىدى. مەريەم بوسۇغىدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇراتتى. ئۇ بېشىدا ئاق ياغلىق، ئۇچىسىدا تۇگمىلىك كۆك پوپايكا ۋە ئاق ئىشتان، بىر تۇتام ئاق چاچ ئۇنىڭ قېشىنىڭ ئۇستىنى يالاپ تۇراتتى. قۇياش نۇرى ئۇنىڭ يۇزى بىلەن مۇرىسىگە چۇشۇپ تۇراتتى. ئۇ لەيلا بىلەن زالىمايغا تەلمۇرگەن ھالدا قولىنى پۇلاڭشىتتى.

ئۇلار دوقمۇشتىن ئەگىلدى. مەريەمنىڭ سىيماسى لەيلانىڭ كۆز ئالدىدىن مەڭگۈگە غايىب بولدى.

# قىرىق يەتتىنچى باب

مەرىيەم

مەرىيەم شۇنچە يىللاردىن كېيىن يەنە كۆلبىسىگە قايتىپ كەلگەندەك ھېسسىياتتا بولدى.

ۋالايات ئاياللار تۈرمىسى توخۇ كوچىسىنىڭ يېنىغا يېقىن، شارىناۋ مەيدانىدىكى ئەرلەر تۈرمىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى كىۋادرات شەكىللىك كۆل رەڭ بىناغا جايلاشقانىدى. زەنجىر بىلەن قۇلۇپلانغان يوغان دەرۋازا مەرىيەم ۋە باشقا ئايال جىنايەتچىلەرنى ئەرلەردىن ئايرىپ تۇراتتى. ئاياللار تۈرمىسىدە جەمئىي بەش كامېر بار بولۇپ، كامېر ئىچى قۇرۇق، تاملىرىنىڭ سۇۋاقلىرى سويۇلۇپ چۈشكەن، يەرلىرى مەينەت ئىدى. كامېرلارنىڭ كىچىك دېرىزىلىرى مەيدانغا قارايتتى. گەرچە ئىشىكلىرى قۇلۇپسىز، ئايال خالىغان ۋاقىتتا مەيدانغا چىقالايدىغان بولسىمۇ، دېرىزىلەرنىڭ ھەممىسى تۆمۈر سىم بىلەن ئېتىۋېتىلگەنىدى. لېكىن، دېرىزىدە نە ئەينەك، نە پەردە يوق بولۇپ، قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان تالىبانلار كامېرنىڭ ئىچىنى ئاشۇ دېرىزىدىن قاراپ نازارەت قىلاتتى. بەزى ۋاقىتلاردا، قاراۋۇللار دېرىزىنىڭ ئالدىدا تاماكا چەككەچ، ئاياللارغا يامان نىيەت بىلەن قاراپ، بىر ـ بىرىگە ئايال جىنايەتچىلەر توغرۇلۇق قىلىقسىز چاقچاقلارنى قىلىشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئايالالرنىڭ كۆپ قىسمى كۈن پاتقۇچە ئۈستىدىكى بۇرقىنى ئېلىۋېتىشكە پېتىنالمايتتى.

مەرىيەم بەش ئايال ۋە تۆت كىچىك بالا بىلەن بىر كامېردا

كېچىنى ئۆتكۈزەتتى. ئېلېكتىر بار كېچىلەردە، ئۇلار نەغمە ئىسىملىك، بويى پاكار، مەيدىسى تۈز، چاڭگا چاچ قىزنى تورۇسقا يەتكۈدەك قىلىپ كۆتۈرۈشەتتى. نەغمە تورۇستىكى ئۈزۈۋېتىلگەن سىمنى قولى بىلەن ئۇلايتتى. شۇنىڭ بىلەن لامپىدىن چىققان يورۇقلۇق كامېرنى يورۇتاتتى.

ھاجەتخانىلار كىيىم ئاسىدىغان ئۆينىڭ چوڭلۇقىدا ئىدى. يەردىكى سېمونتلار يېرىلىپ كەتكەن، تۆت بۇرجەك كولانغان چوڭقۇر ئورەكلەرنىڭ ئاستى بولسا قىغ دۆۋىسىگە تولغانىدى. ئورەكلەردىن چىققان چىۋىنلەر ھەممە يەردە ئۇچۇپ يۈرەتتى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قۇدۇق، يەنە بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ ئارتىلغان تانىلار بار بولۇپ، ئۇلارغا پايپاق بىلەن زاكىلار ئارتىلغانىدى. مانا مۇشۇ مەيداندا جىنايەتچىلەر ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەلگەن تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشەتتى، ئۇلار ئەكەلگەن گۈرۈچلەرنى پىشۇرۇشاتتى. تۈرمىدە ئۇلارغا تاماق بېرىلمەيتتى. بۇ مەيدان يەنە بالىلارنىڭ ئوينايدىغان يېرى ئىدى. مەريەمنىڭ ئاڭلىشىچە، بۇ بالىلارنىڭ نۇرغۇنلىرى مۇشۇ تۈرمىنىڭ ئىچىدە تۇغۇلغان بولۇپ، تۈرمە تاملىرىنىڭ سىرتىنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. ئۇلار كۈنبويى بەدەنلىرىدىن تاراۋاتقان تەرەتنىڭ پۇراقلىرىدىن خەۋەرسىز ھالدا يۈگۈرۈپ ئوينىشاتتى. ئەتراپنى چارلاۋاتقان تالىبانلار ئۇلارنى ئۇرمىغۇچە، ئۇلار تالىبانلارنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى.

مەريەمنى ھېچكىم يوقلاپ كەلمەيتتى. ئۇنىڭ تالىبانلارغا ئېيتقان بىردىنبىر تەلىپىمۇ يوقلاپ كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشمەسلىك ئىدى.•

مەريەم بىلەن بىر كامېردا تۇرۇۋاتقان ئاياللارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ جىنايىتى ئېغىر ئەمەس ئىدى. ئۇلار پەقەت ئۆيدىن قېچىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلانغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، مەريەم ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئالاھىدە

دىققىتىنى تارتتى. ئۇلار مەريەمگە ھەيران بولغان، چوقۇنغان ھالدا قارايتتى. ئۇنىڭغا ئەدىيالىلىرىنى خالىسانە تەقدىم قىلىشاتتى. تاماقلىرىنى مەريەم بىلەن بىللە يېيىش ئۈچۈن بىر ـ بىرى بىلەن تالىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەريەمگە ھەممىدىن بەكرەك سادىقى نەغمە ئىدى. ئۇ مەريەم قەيەرگە بارسا مەريەمنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ بىللە باراتتى. نەغمە باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۆلپەتلىك ھېكايىلىرىنى تارقىتىپ كۆڭلىنى ئاچىدىغانلاردىن ئىدى. نەغمەنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ دادىسى ئۇنى ئۆزىدىن ئوتتۇز ياش چوڭ بىر كىيىم تىكىدىغان كىشىگە ياتلىق قىلىشقا قوشۇلۇپتۇ.

— ئۇ ئادەم پوقتىنمۇ بەتتەر سېسىق پۇرايدۇ. چىشى ئون بارمىقىمدىنمۇ ئاز، — دەيتتى نەغمە ئۇ ئادەم توغرۇلۇق پاراڭ سالغاندا.

ئۇ مەھەللىدىكى موللامىنىڭ ئوغلى بىلەن گاردىز دېگەن يەرگە قاراپ قېچىپتۇ. لېكىن، ئۇلار كابۇلنىڭ سىرتىغا چىقىپلا تۇتۇلۇپ قېلىپ، ئۆيگە قايتۇرۇلۇپتۇ. لېكىن، موللامىنىڭ ئوغلى سوراقتا تارتىلغاندا، ئۇ تالىبلارغا نەغمەنىڭ ئۇنى ئالدىغانلىقىنى، ئۇنى ئۆزىگە ئوقۇتۇۋالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ يەنە تالىبلارغا پۈتۈن ھاياتىنى قۇرئان ئوقۇشقا بېغىشلاپ، گۇناھىنى يۇيىدىغانلىقىغا ۋەدە قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، موللامىنىڭ ئوغلى ئەركىنلىككە چىقىپتۇ. نەغمەگە بولسا مۇددەتلىك بەش يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىپتۇ.

نەغمە تۈرمىدە ئۆزىنى ئۆيىدىكىدىن بىخەتەر ھېس قىلاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ دادىسى نەغمە تۈرمىدىن چىققان كۈنى، ئۇنى پىچاق بىلەن بوغۇزلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قەسەم قىلغانىكەن.

نەغمە مۇشۇلارنى ئېيتىۋاتقاندا، مەريەم نانانى ئەسلىدى. ئۇزاق يىللار ئىلگىرى، سافىدكوھ تېغىنىڭ ئارقىسىدىن قىزىل شەپەق كۆتۈرۈلگەن بىر سەھەردە، نانانىڭ «خۇددى كومپاسنىڭ

تىلى شىمالنى كۆرسەتكەندەك، ئەر كىشىنىڭ ئەيىب تاپىدىغان بارمىقى ئايال كىشىنى تاپىدۇ. داۋاملىق شۇنداق بولىدۇ. سەن شۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت، مەريەم» دېگەن ئاۋازى نەغمەنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاۋاتقان مەريەمنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاشقا باشلىدى.

بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا، مەريەم سوراققا تارتىلدى. سوتتا قانۇن مەسلىھەتچىسى ياكى ئادۋوكاتتىن ئەسەر يوق بولۇپ، دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىدىغان، نارازىلىق بىلدۈرىدىغان جەريانلارمۇ يوق ئىدى. ھەممە ئىش ئون بەش مىنۇت ئىچىدىلا ئاياغلاشتى.

مۇنبەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان، ئورۇق، تېرىسى قورۇلۇپ كەتكەن، قىزىل رەڭلىك بۇدۇر ساقاللىق تالىپ ئۆلىرىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە تاقىۋالغان ئەينىكى كۆزلىرىنى چوڭايتىپ كۆرسىتىپ، كۆز ئېقىنىڭ نەقەدەر سېرىق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىنچىكە بوينى خۇددى سەللە ئورالغان بېشىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

— سەن بۇنىڭغا ئىقرار بولدۇڭمۇ، مەريەم؟

— شۇنداق، — دېدى مەريەم.

تالىپ بېشىنى لىڭشىتقاندەك قىلدى. ئۇنىڭ قولى بىلەن بېشىنىڭ توختىماستىن تىترىشى مەريەمگە فەيزۇللا موللامنى ئەسلەتتى. ئۇ چاي ئىچمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مۇرىلىرى تۈز كەلگەن كىشى ھۆرمەت بىلەن پىيالىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ لېۋىگە تەگكۈزدى. تالىپ رازىمەنلىك بىلەن كۆزىنى يۇمدى. مەريەم تالىپنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان سۈپەتلىرىنى بايقىدى. ئۇ سۆزلىگەندە ئاۋازىدىن ناتىقلىق ۋە ھېسسىيات بىلىنىپ تۇراتتى. كۆلكىسىدىن سەۋرچانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ مەريەمگە سەسكىنىش نەزىرى بىلەن قارىمىدى. ئۇنى ئەيىبلىمىدى. ئەكسىچە، مەريەمگە كەچۈرۈم سوراۋاتقاندەك

مۇلايىم ئاۋازدا سۆز قىلدى.

— سەن ئۆزۈڭنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى تولۇق چۈشىنەمسەن؟ — دېدى باش تالىپنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان قىرلىق يۈز تالىپ مەنسىتمىگەن تەلەپپۇزدا. ئۇ ئولتۇرغان ئۈچ سوتچىنىڭ ئىچىدە ياشراق ئىدى، ئۇ مەريەمنىڭ پاشتۇنچە سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى. مەريەم ئۇنىڭ ھوقۇقنى ياخشى كۆرىدىغان، قەيەردە سەۋەنلىك تاپسا، ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشنى ئۆزىنىڭ ھوقۇقى دەپ ھېسابلايدىغان قېنى قىزىق ياشلاردىن ئىكەنلىكىگە جەزم قىلدى.

— چۈشىنىمەن، — دېدى مەريەم.

— مەن شۇنىڭغا ھەيران، — دېدى ياش تالىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئاللا بىزنى سىلەر ئاياللارغا ئوخشىمايدىغان قىلىپ يارىتىپتىكەن. بىزنىڭ مېڭىمىزمۇ ئوخشىمايدىكەن. سىلەر خوتۇن خەقلەر بىرنەرسىلەرنى بىزدەك ئويلىيالمايسىلەر. ھەتتا غەرب دوختۇرلىرىنىڭ قىلغان تەتقىقاتلىرىمۇ مۇشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ چىقىپتۇ. شۇڭا، بىز بىر ئەر گۇۋاھچىنىڭ ئورنىغا ئىككى ئايال گۇۋاھچى تەلەپ قىلىمىز.

— مەن قىلغانلىرىمنى ئىقرار قىلدىم، ئاغا، — دېدى مەريەم، — ئەگەر مەن ئۇنداق قىلمىغان بولسام، ئۇ ئايالنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. ئۇ ئايالنىڭ بوينىنى بوغۇۋاتقانىدى.

— سىز شۇنداق دېدىڭىز. لېكىن، ئاياللار ھەر زامان ھەرقانداق ئىشقا قەسەم قىلىدۇ.

— لېكىن مېنىڭ ئېيتقانلىرىم راست.

— سېنىڭ گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟

— يوق، — دېدى مەريەم.

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئۇ كېسەل تالىپ. ئۇ توساتتىن ئۆزىنىڭ قوللىرىغا قۇسۇپ سالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇرنىنى تارتىپ تۇرۇپ، — مېنىڭ پېشاۋەردە بىر دوختۇرۇم بار. ئۇ ناھايىتى مۇلايىم ۋە ياش

پاكىستانلىق بولىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئۆتكەن ئايدا كۆرۈنگەنىدىم. ئۆتكەن ھەپتە يەنە قېتىم كۆرۈندۇم. مەن ئۇنىڭغا راست گەپنى قىلىدىڭ دوستۇم، دېدىم. ئۇ ماڭا: «ئۇچ ئاي، موللا ساھىب، كۆپ بولسا ئالتە ئاي» دەپ جاۋاب بەردى. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللا ئىگەمنىڭ تەقدىرى، — ئۇ يېنىدىكى تۈز مورىلىك تاللىپقا ئېھتىيات بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، تالىپ ئۇزاتقان چايدىن بىر يۇتۇم ئىچتى — دە، تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن ئاغزىنى ئېرتتى، — مېنىڭ يالغۇز ئوغلۇم بەش يىل بۇرۇن بۇ دۇنيانى تاشلاپ كەتكەن. مەن بۇ دۇنيادىن كېتىشتىن قورقمايمەن. بىز بۇ دۇنياغا جاپا چېكىش ئۈچۈن تۆرەلگەن. يەنە جاپانى ئۇستىمىزگە ئارتىپ، بۇ دۇنيادىن كېتىمىز. ياق، مېنىڭ ۋاقىت — سائىتىم توشقاندا، ئۇ دۇنياغا خۇشاللىق بىلەن قەدەم باسىمەن. لېكىن، مەريەم، مەن ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئۇلۇغ ئىگەمنىڭ، سەن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ يولۇمدا ماڭمىدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ قانۇنلىرىمغا بويسۇنمىدىڭ؟ دەپ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمەي قېلىشىمدىن قورقىمەن. مەن ئۇلۇغ ئاللاغا ئۇنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى بېجىرمىگەنلىكىمنى قانداق چۈشەندۈرىمەن، مەريەم؟ مېنىڭ مۇشۇ ساناقلىق قالغان كۈنلىرىمدە، ئاللا ئىگەمنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن يوللىرىغا، قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلماقتىن باشقا ئامالىم يوق. ئەلۋەتتە، بۇنداق قىلىش ماڭمۇ ئازابلىقتۇر.

ئۇ بېلىدىكى ياستۇقنى يۆتكىمەكچى بولۇپ مىدىرلىدى — يۇ، ئاغرىق ئازابىدىن چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

— مەن سېنىڭ ئېرىڭنى ئاچچىقى ئىنتايىن يامان دەپ تەسۋىرلىگىنىڭگە ئىشىنىمەن، — ئۇ سۆزدىن توختاپ، كۆزئەينىكىنىڭ ئاستىدىن مەريەمگە ھېسداشلىق بىلەن تىكىلدى، — لېكىن، مەن سېنىڭ ۋەھشىيلەرچە قىلغان ھەرىكىتىڭدىن ئىنتايىن ئەپسۇسلاندىم. سېنىڭ ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى كىچىك بالىنىڭ دادىسىنى چاقىرىپ يىغلاۋاتقان

ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، نىيىتىڭدىن يانمىغانلىقىڭ مېنى ئويغا سالدى. مەن بەك ھېرىپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساناقلىق كۈنۈم قالدى. مېنىڭ سېنى كەچۈرۈۋەتكۈم بار. لېكىن، ئاللا مېنى ئالدىغا چاقىرىپ، باشقىلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈش سېنىڭ ۋەزىپەڭ ئەمەس، موللا دېسە، مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىم كېرەك؟

موللامنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرغان ھەمراھلىرى ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولغان ھالدا باشلىرىنى لىڭشىتتى.

— مەن بىلىمەن، سەن ئۇنداق قارا نىيەت ئاياللاردىن ئەمەس، مەريەم. لېكىن، سەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزدۈڭ. ئۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن چوقۇم بەدەل تۆلىشىڭ كېرەك. بۇنداق ئىشلارغا شەرىئەتنىڭ قانۇنى ناھايىتى ئېنىق. شەرىئەت بويىچە مەن سېنى ئۆزۈم بارىدىغان جايغا يولغا سېلىشىم كېرەك. چۈشەندىڭمۇ؟

مەريەم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، چۈشىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇلۇغ ئىگەم گۇناھىڭنى كەچۈرگەي.

ئۇلار مەريەمنى سوتتىن ئېلىپ چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىقرار قىلغان خېتى بىلەن موللامنىڭ بەرگەن جازا خېتىگە ئىمزا قويۇشنى ئېيتتى. ئۇ ئۈچ تالىپنىڭ گۇۋاھلىقىدا خۇددى يىگىرمە يەتتە يىل بۇرۇن، جېلىلنىڭ ئۆيىدە، ھېلىقى موللامنىڭ گۇۋاھلىقىدا ئىمزا قويغاندەك قەغەزنىڭ ئاستى تەرىپىگە «مەريەم» دەپ يازدى.

مەريەم ئون كۈن تۈرمىدە ياتتى. ئۇ دېرىزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، مەيداندىكى تۈرمە ھاياتىغا نەزەر سالاتتى. ياز بورانلىرى تۈرمىنىڭ ئېگىز تاملىرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن قەغەز پارچىلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېلەتتى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان قۇيۇن باشقىلارنىڭ قوللىرى بىلەن يۈزلىرىنى توسۇۋېلىشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ قۇلاق ۋە ئېغىزلىرىنى توپىغا

تولدۇراتتى. پەقەت كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىغاندىلا شامالنىڭ كۈچى ئاجىزلاشقا باشلاپ، سالقىن شامالغا ئايلىناتتى.

مەريەمنىڭ ۋالاياتتىكى ئاخىرقى كۈنى ئىدى. نەغمە بىر دانە ئاپېلسىننى مەريەمنىڭ ئالىقىنىغا قويۇپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى ئۆزىنىڭ ئالىقانلىرى بىلەن مەھكەم سىقتى. بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن، نەغمە كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى.

— سىز مېنىڭ بىردىنبىر جانجىگەر دوستۇم، — دېدى ئۇ.

مەريەم كۈنىنىڭ قالغان قىسمىنى دېرىزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا قاراپ ئۆتكۈزدى. سىرتتا كىمدۇر بىرسى تاماق ئېتىۋاتقان بولۇپ، مەززىلىك زىرە پۇرىقى بىلەن ئىسسىق ھور مەريەمنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلدى. مەريەم دېرىزىنىڭ سىرتىدىن مەيداندا «قارىغۇ چاشقان» ئويۇنى ئويناۋاتقان بالىلارنى كۆردى. ئىككى قىز مەريەم كىچىك ۋاقتىدا جېلىل ئۇنىڭغا تاشتا ئولتۇرۇپ، بېلىق تۇتقاچ ئېيتىپ بەرگەن قوشاقنى ئېيتىۋاتاتتى.

كىچىككىنە كۆلچەك بار،
چىغىر يولنىڭ بويىدا،
بېلىجان كۆلچەك قىرىدا،
سۇ ئىچمەكنىڭ كويىدا.
ئوڭدا چۈشتى تېيىلىپ،
چۆكۈپ كەتتى شۇ سۇغا.

شۇ كۈنى كەچتە، مەريەم بىر - بىرىگە ئۇلانمىغان چۈشلەرنى كۆردى. ئۇ چۈشىدە ئۇزۇنىسىغا تىزىلغان ئون بىر تال تاشنى كۆردى. چۈشىدە جېلىلمۇ بار ئىدى. ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەكلا ياش ئىدى. يەنىلا ئاشۇ ئادەمنى تەسلىم قىلىدىغان كۈلكىسى، زىنىخلىرى، تەر تامچىلىرى پارقىراپ تۇرغان پېشانىسى... ئۇ چاپىنىنى مۈرىسىگە يېپىنچاقلىۋالغانىدى. ئۇ ئاخىر قىزىنى

ئەكېتىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئۇ ھەيدەپ كەلگەن قارا رەڭلىك بىر ماركىلىق ماشىنىسى كۆلبىنىڭ ئالدىغا توختىتىلغانىدى. فەيزۇللا موللام تەسۋىسىنى سىيرىغان ھالدا مەريەم بىلەن بىللە ئىرىقنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ سۇدىكى شولىسى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى. ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپى كۆك رەڭلىك ياۋا گۈللەر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، قەلەمپۇرنىڭ پۇرىقى مەريەمنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلاتتى. مەريەم چۈشىدە يەنە كۆلبىنىڭ بوسۇغىسىدا قاراپ تۇرغان نانانى كۆردى. نانانىڭ ئاۋازى تۈۋەن بولۇپ، چۈمۈلە ـ قوڭغۇزلار ئۈمىلەپ يۇرگەن ئوتلاقتا ئويناۋاتقان مەريەمنى كەچلىك تاماققا چاقىرىۋاتاتتى. ئۈچ چاقلىق قول ھارۋا چاقى غىچىرلىغىنىچە، توپا يولنى بويلاپ دۆڭ ئۈستىگە ياماشماقتا ئىدى. كالا قوڭغۇرىقى جىرىڭشىپ، قويلار مەرەشمەكتە ئىدى.

غازى مەيدانىغا قاراپ ماڭغان ماشىنىنىڭ چاقى ئازگالنى بېسىپ ئۆتكەندە، ماشىنىنىڭ كوزۇپىدا ئولتۇرغان مەريەممۇ ماشىنا بىلەن تەڭ چايقىلاتتى. ماشىنىنىڭ سىلكىنىشلىرىدە ئۇنىڭ بېلى ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. مەريەمنىڭ قارشى تەرىپىدە قولىدا قورال تۇتۇپ ئولتۇرغان ياش تالىپ مەريەمگە تىكىلدى. مەريەمگە بېرىلگەن جازانى مۇشۇ يىقىملىق چىراي، ئۆتكۈر كۆزلۈك تالىپ بېجىرەرمۇ؟

— قورسىقىڭ ئاچتىمۇ، ئانا؟ — دېدى تالىپ تىرنىقى كىر بېسىپ كەتكەن ئوتتۇرا بارمىقى بىلەن كوزۇپنىڭ يۆلەنچۈكىنى چېكىپ تۇرۇپ.

مەريەم بېشىنى چايقىدى.

— مەندە بىر تال پىرەنىك بار. بەك تەملىك. قورسىقىڭ ئاچقان بولسا سەن يە.

— ياق، رەھمەت ئۇكام.

تالىپ بېشىنى لىڭشىتىپ مەريەمگە قىزىقىش بىلەن قارىدى.

— قورقۇۋاتامسەن، ئانا؟
مەريەمنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى.
— ھەئە، ئىنتايىن قورقۇۋاتىمەن، — دېدى مەريەم ئۈزۈك ئاۋازدا.
— مەندە دادامنىڭ سۈرىتى بار، — دېدى تالىپ، — ئۇنىڭ چىرايى ئېسىمدە يوق. ئۇنىڭ ۋېلسىپىت رېمونچىسى ئىكەنلىكىلا يادىمدا. لېكىن، مەن ئۇنىڭ قانداق ماڭىدىغانلىقىنى، قانداق كۈلىدىغانلىقىنى، ئاۋازىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيمەن، — تالىپ كۆزىنى باشقا تەرەپكە يۆتكەپ بىردەم سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، يەنە مەريەمگە قارىدى، — ئاپام ماڭا ئۇنىڭ شىرغا ئوخشاش ناھايىتى باتۇر كىشى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرەتتى. لېكىن، ئۇ ماڭا يەنە كوممۇنىستلار ئۇنى ئېلىپ ماڭغاندا كىچىك بالىدەك يىغلاپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ بەرگەنىدى. مېنىڭ ساڭا دېمەكچى بولغىنىم، بۇنداق ئەھۋالدا قورقۇنچ ھېس قىلىش نورمال ئەھۋال. ئۇ ھەرگىزمۇ نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس، ئانا.
ئەنە شۇ كۈنى مەريەم تۇنجى قېتىم ئازراق كۆز يېشى قىلدى.

مىڭلىغان كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. قاتار قويۇلغان تۆمۈر ئورۇندۇقتا كىشىلەر بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، مەيدانغا قاراشماقتا ئىدى. مەريەم ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن چۈشۈۋاتقان پەيتتە، كىشىلەرنىڭ تىللىرىنى چېكىلدىتىشىپ، بىر نەرسىلەرنى دەپ غودۇڭشىغان ئاۋازى مەيداننى بىر ئالدى. مىكروفوندا مەريەمنىڭ گۇناھى ئوقۇلدى. مەريەم كىشىلەرنىڭ باشلىرىنى چايقاۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلدى. لېكىن، ئۇ توپ ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ ياكى ھېسداشلىق قىلىپ باش چايقىغىنىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئادەملەر توپىغا قارىمىدى.
شۇ كۈنى سەھەردە، مەريەم ئۆزىنىڭ ئەخمەقلەرچە يېلىنىپ،

يىغلاپ سىلىشىدىن ئەنسىرىدى. ئۇ ئاخىرقى باسقۇچقا كەلگەندە ئۆزىنىڭ ھوش ـ كاللىسىنى يوقىتىپ، چىرقىراپ سىلىشىدىن، ياندۇرۇۋېتىشىدىن ۋە ياكى تەرىتىنى تۇتالماي قىلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. بىراق، ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ مەيدانغا قەدەم قويغاندا، ئۇنىڭ پۇتلىرى بىر ـ بىرىگە پۇتلاشمىدى. قوللىرى ھاۋادا پۇلاڭشىمىدى. ئۇنى ھېچكىممۇ سۆرەپ ماڭمىدى. ئۇ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقاندەك ھېس قىلغاندا زالىمىنى، ئۆزىنىڭ زالىمىنى ھاياتىدىكى ئەڭ قەدىرلىك ئادىمىدىن ئايرىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى دادىسىز، دادىنىڭ مۇھەببىتىسىز ئۆتىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ـ دە، قەددىنى رۇسلاپ، ھېچقانداق قارشىلىقسىز ئالدىغا قاراپ ماڭدى. قورالىق بىر ئادەم ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭغا مەيداننىڭ جەنۇبىدىكى ۋارتا سېتكىسىغا قاراپ مېڭىشنى ئېيتتى. مەريەم ئەتراپتىكى ئادەم توپىنىڭ جىددىي ھالەتتە ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن، ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزىنى قەتل قىلىشقا تەييارلەنگەن تالىپنىڭ سايىسىغا تىكىلگەن ھالدا ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

بەزى خۇشاللىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھاياتىنىڭ ئۇنىڭغا ئادىل مۇئامىلە قىلمىغانلىقى مەريەمگە ئايان ئىدى. لېكىن، ئۇ ئاشۇ ئاخىرقى يىگىرمە قەدەمنى بېسىش جەريانىدا ئاشۇ بىۋاپا ھاياتتىن يەنە ئازراق بەھرىمەن بولۇشنى ئارزۇ قىلدى. لەيلانى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشنى، ئۇنىڭ يېقىملىق كۈلكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاشنى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىدا چاي ئىچكەچ ھالۋا يېيىشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەزىزەنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى، چىرايلىق قىز بولۇپ، بالاغەتكە يەتكەن چاغلىرىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ تويىدا قوللىرىغا خىنە ياقالمايدىغانلىقىنى، توي چاچقۇلىرىنى چاچالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئازابلاندى. ئۇ ئەزىزەنىڭ بالىلىرىنى كۆرەلىگەن، ئۇلار بىلەن بىللە

ئويىنىيالىغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە!

پۇتبول ۋاراتاسىغا ئاز قالغاندا، مەريەمنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان كىشى ئۇنىڭغا توختاشنى ئېيتتى. مەريەم ئورنىدا توختىدى. ئۇ بۇرقىنىڭ كىچىك كاتەكچە توردىن ئۇ ئادەمنىڭ ملىتىقىنى مۇرىسىدىن ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

مەريەم ئاشۇ ئاخىرقى مىنۇتلاردا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇمىد قىلدى. لېكىن، ئۇ كۆزىنى يۇمغاندا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا پۇشايمان ئەمەس، بەلكى خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىق تارقالغانىدى. ئۇ بۇ دۇنياغا ھارامدىن بولغان ئارتۇقچە ئىنسان ۋە ياۋا ئوت ـ چۆپ سۈپىتىدە قەدەم قويغانىدى. لېكىن، ئەمدىلىكتە بۇ دۇنيادىن بىر ئايال، باشقىلارغا مۇھەببىتىنى ئاتا قىلغان ۋە باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن ئىنسان سۈپىتىدە ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. مەريەم بىرسىنىڭ دوستى، ھەمراھى، يېتەكچىسى، ئانىسى! ئۇ ھاياتىدا مەنىلىك ياشىغان بىر ئىنسان. شۇنداق. مەريەمنىڭ ھاياتى قەدىرلىك ھايات. «ھارىمى» بولۇپ باشلىنىپ، سالاھىيەت ۋە ئورۇن بىلەن ئاخىرلاشقان ھايات.

مەريەم ئۆزىنىڭ ئاخىرقى خىيالىنى قۇرئاندىكى ئايەتنى ئاۋازىنى چىقارماي ئوقۇش بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

— تىزلان، — دېدى تالىپ.

ئاھ، پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان، ھەممىگە قادىر ئاللاھ، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەيسەن.

— بۇ يەرگە تىزلان، يەرگە قارا.

مەريەم ئاخىرقى قېتىم باشقىلارنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈردى.

# قىرىق سەككىزىنچى باب

تارىقنىڭ باش ئاغرىقى بارغانسېرى ئېغىرلاشقا باشلىدى.
بەزى كېچىلىرى لەيلا ئويغىنىپ، تارىقنىڭ بېشىنى ئاسما مايكىسى بىلەن يۆگىگەن ھالدا كارىۋاتنىڭ ئايىغىدا تەۋرىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرەتتى. ئۇنىڭ باش ئاغرىقى ناشىرباغدا باشلانغان بولۇپ، تۇرمىگە كىرگەندىن كېيىن تېخىمۇ ئېغىرلاشقانىدى. بەزى چاغلاردا، باش ئاغرىقى تۇتقاندا ياندۇراتتى. ھەتتا بىر كۆزى بىر مەزگىل كۆرمەسمۇ بولۇپ قالاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ باش ئاغرىقىنى خۇددى قاسساپ پىچىقى ئۇنىڭ بىر چېكىسىدىن تېشىپ كىرىپ يەنە بىر چېكىسىدىن چىققاندەك، دەپ تەسۋىرلەيتتى.
— ئاغرىق باشلانغاندا، مەن ھەتتا پىچاقنىڭ تەمىنى تېتىغاندەك بولىمەن، — دەيتتى ئۇ.
بەزى چاغلاردا، لەيلا لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ، تارىقنىڭ پېشانىسىغا قويۇپ قويغاندا، تارىقنىڭ باش ئاغرىقى ئازراق پەسەيگەندەك بولاتتى. بەزىدە سەئىدنىڭ دوختۇرى بەرگەن ئاق رەڭلىك دورىنىڭمۇ خېلى ئۈنۈمى بولاتتى. لېكىن، بەزى كېچىلىرى تارىققا بېشىنى چاڭگاللاپ تۇتۇپ، ۋايسىماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئەنە شۇ چاغلاردا، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىپقىزىل قانغا تولۇپ، بۇرنىدىن توختىماي سۇ ئاقاتتى. لەيلا تارىق بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ توي ئۈزۈكى سېلىنغان قولىنى ئۆزىنىڭ ئالىقىنىغا ئېلىپ، يەنە بىر قولى بىلەن بوينىنى ئۇۋۇلاپ بېرەتتى.
ئۇلار مۇرىغا يېتىپ بارغان كۈنىلا توي قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان سەئىدنىڭ كۆڭلى ئارامىغا

چۈشتى. چۈنكى، ئەمدى ئۇنىڭ توي قىلمىغان بىر جۈپ ئەر - ئايالنى ئۆزىنىڭ مېھمانخانىسىدا تۇرغۇزۇشتەك ئىنچىكە مەسىلىنى تارىق بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. سەئىد لەيلا پەرەز قىلغاندەك مەڭزى قىزىل، كىچىك كۆز ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ شاپ بۇرۇتلىرىنىڭ ئۇچى ئىچىگە ئېگىلگەن، ئۇزۇن ئاق چاچلىرى قېشىنىڭ ئۈستىدىن يانغا تارالغانىدى. ئۇ يۇمشاق سۆزلۈك، ئەدەپلىك ۋە سۆز - ھەرىكەتلىرى مۇلايىم ئادەم ئىدى.

سەئىد شۇ كۈنى بىر دوستى بىلەن بىر موللامنى تارىق بىلەن لەيلانىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ قويۇشقا تەكلىپ قىلدى. تارىقنى بىر يانغا تارتىپ، ئۇنىڭ رەت قىلىشىغا قارىماي، قولىغا پۇل تۇتقۇزدى. تارىق بازارغا بېرىپ، سەئىد بەرگەن پۇلغا ئىككى تال توي ئۈزۈكى سېتىۋالدى. كەچتە، بالىلار ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئۇلارنىڭ نىكاھى ئوقۇلدى.

موللام ئۇلارنىڭ بېشىغا يېشىل ياغلىق ياپتى. ئەينەككە چۈشكەن ئەكسىدىن لەيلا بىلەن تارىقنىڭ كۆزلىرى بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ كۆزلەردىن نە خۇشاللىق ياشلىرى، نە توي شادلىقى كۆرۈنمەيتتى. لەيلا ئۈن - تىنسىز ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىگە كۆز تىكتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ۋاقىتسىز چۈشكەن قورۇقلار، كۆزلىرىنىڭ ئاستىدىكى سولاشقان تېرىلەر ئۇلارنىڭ بىر ۋاقىتلاردىكى ياش ھەم جۇشقۇن چىرايلىرىنىڭ ئورنىنى ئالغانىدى. تارىق ئاغزىنى ئېچىپ، بىرنەرسە دېيىشكە تەمشەلدى. لېكىن، دەل شۇ پەيتتە، بىرسى ئۇلارنىڭ بېشىدىكى يېشىل ياغلىقنى تارتىپ ئېلىۋەتتى، لەيلا ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلىشكە ئامالسىز قالدى.

شۇ كۈنى كەچتە، ئۇلار بىر كارىۋاتتا ياتتى. تۆۋەندە، قاتلىما كارىۋاتتا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن بالىلارنىڭ يەڭگىل خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لەيلا ئۆزلىرىنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىنى ئويلىدى. ئۇ چاغلاردا بىر - بىرىگە سۆز قىلىش

نەقەدەر ئاسان ئىدى - ھە؟ ئۇلار ھەرقاچان بىر - بىرىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ياقىلىرىدىن تارتىشىپ بىر - بىرىگە مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئارقىدىن بىر - بىرىنى مەسخىرە قىلىشىپ كۈلۈشەتتى. يەنە بىردەمدىن كېيىن ياخشى بولۇپ قېلىشاتتى. ئەنە شۇ ۋاقىتلاردىن كېيىن، ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتتى. بىر - بىرىگە ئېيتىشىدىغان سۆزلىرىمۇ نۇرغۇن ئىدى. لېكىن، بۇ ئاخشام لەيلا تارىققا ئېيتماقچى بولغان سۆزلىرى يوقاپ كەتكەندەك جىمىپلا كەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن تارىقنىڭ يېنىدا بولۇشى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن چىقىۋاتقان ھارارەتنى سېزىشى، پېشانىسىنى ئۇنىڭ مەڭزىگە يېقىپ، ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتقان ھالدا بىر ياستۇقتا باش قويۇشىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى.

لەيلا يېرىم كېچىدە، ئۇسساپ كېتىپ ئويغاندى. تارىقنىڭ يوغان قولى خۇددى كىچىك بالا شارنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ يىپىدىن چىڭ تۇتۇۋالغاندەك، لەيلانىڭ قول بېغىشىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى.

لەيلا مۇرىنىڭ سالقىن تۇمانلىق سەھەرلىرىنى، شەپەق نۇرلىرى بىلەن بېزەلگەن ئاسمىنىنى، كەچتىكى قويۇق قاراڭغۇلۇقنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. تىيىنلار يېشىل قارىغاينىڭ ئېگىز غولىغا يامىشىپ، يەنە تۆۋەنگە چۈشۈپ ئويىنىشاتتى. ئەتراپتا تىجارەت قىلىۋاتقان كىشىلەر تۇيۇقسىز تۆكۈلگەن يامغۇردىن قېچىپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشاتتى. لەيلا بۇ يەرنىڭ يادىكارلىقلارنى ساتىدىغان دۇكانلىرىنى، ھەر خىل پاسوندا سېلىنغان مېھمانخانىلىرىنى ياخشى كۆرەتتى. يەرلىكلەر يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان قۇرۇلۇشلارنىڭ مۇرىنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىنى ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىدىن نارازى بولاتتى. لېكىن، ئۇ كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن سېلىنغان بىنالار ئۈچۈن قايغۇرىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ئەگەر كابۇلغا مۇشۇنداق يېڭى

بىنالار سىپلىنىسا، كىشىلەر چوقۇم خۇشاللىق بىلەن تەنتەنە قىلىشقان بولاتتى.
لەيلا ئۆي ئىچىدە زامانىۋى ھاجەتخانا، مۇنچا، شۇنداقلا ئىسسىق ۋە سوغۇق سۇ چۈشىدىغان تۇرۇبا بارلىقىغا بەك مەمنۇن ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە ئالىيونانىڭ مەرىگەن ئاۋازى بىلەن ئەدىبە ئىسىملىك چۈس مىجەز ئاشپەزنىڭ ئاشخانىدا بىر نەرسە توغرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىناتتى.
بەزى چاغلاردا، لەيلا تارىق بىلەن باللىرىنىڭ ئۇخلاۋاتقان ھالىتىنى تاماشا قىلغاچ، ئۆزىنىڭ ھاياتتىن قانچىلىك مىننەتدار ئىكەنلىكىنى ئويلىغاندا، كۆزلىرى ياشقا تولاتتى.
ئەتىگەنلىرى بولسا، لەيلا تارىقنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ئۆيمۇئۆي كىرەتتى. تارىقنىڭ بىلىگە ئېسىلغان بىر تۇتام ئاچقۇچى بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ جىرىڭشىيتتى. ئۇ يەنە بىلىگە دېرىزە تازىلايدىغان سۈيۇقلۇق قاچىلانغان بوتۇلكىنى ئېسىۋالاتتى. لەيلا تارىقنىڭ ئارقىسىدىن ئىچىگە لاتا، باكتېرىيە ئۆلتۈرىدىغان سۈيۇقلۇق، ھاجەتخانىنى چوتكىلايدىغان چوتكا ۋە ئۆي جاھازلىرىنى تازىلايدىغان سۈيۇقلۇق قاچىلانغان سولياۋ چېلەكنى كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. ئەزىزە بىر قولىدا يەر ئېرتىدىغان لاتا، يەنە بىر قولىدا مەريەم ياساپ بەرگەن لاتا قورچاقنى تۇتۇپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشەتتى. زالماي بولسا خۇشياقمىغان ھالدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭاتتى.
لەيلا پولنى ماشىنا بىلەن تازىلايتتى ۋە چاڭ - توزانلارنى قاقاتتى. تارىق بولسا مۇنچىنىڭ ۋاننىسىنى يۇياتتى. تەرەت تۆشۈكىنى چوتكىلايتتى. ئۇ يەنە تام ئىشكاپلىرىغا پاكىز لۆڭگىلەرنى قاتلاپ قوياتتى. سۇخانىلارغا كىچىك چاچ سوپۇن قۇتىلىرىنى، بادام پۇراقلىق يۇز سوپۇنلىرىنى تىزاتتى. ئەزىزە بولسا دېرىزىلەرنى ئۆزۈم سۈرتىمەن دەپ تۇرۇۋالاتتى. بىراق، ئۇ قورچاقنى ئۆزىگە يېقىن بىر جايغا قويۇشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتى.

نىكاھ ئوقۇلۇپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، لەيلا ئەزىزەگە تارىق توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى.
ئەزىزە بىلەن تارىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىق لەيلانى ھەيران قالدۇردى. تارىقنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئەزىزە ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ بولاتتى. تارىقمۇ ئەزىزە سوراشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا لازىملىق نەرسىلەرنى ئەكېلىپ بېرەتتى.
كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، ئۇلار خۇددى ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلىپ ئاخىر جەم بولغان بىر ئۆيلۈكلەردەك بىر ـ بىرىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈمسىرىشەتتى.
لەيلا ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندە، ئەزىزە خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.
— مەن ئۇنى ياقتۇرىمەن، — دېدى ئۇ ئۇزۇن سۈكۈتتىن كېيىن.
— ئۇ سىزگە بەك ئامراق، ئەزىزە.
— ئۇ شۇنداق دېدىمۇ؟
— ئۇنىڭ ئۇنداق دېيىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئەزىزە.
— ماڭا پۈتۈن جەرياننى دەپ بېرىڭ، ئاپا. مېنىڭ ھەممىنى بىلگۈم بار.
لەيلا ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە، بولغان ئەھۋالنى تولۇق ئېيتىپ بەردى.
— سىزنىڭ دادىڭىز ياخشى ئادەم. مەن ئۇنىڭدەك ئالىيجاناب ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان.
— ئۇ يىراققا كېتىپ قالسىچۇ؟ — دەپ سورىدى ئەزىزە.
— ئۇ ھېچ يەرگە كەتمەيدۇ. ماڭا قاراڭ، ئەزىزە. سىزنىڭ دادىڭىز مەڭگۈ سىزنىڭ دىلىڭىزنى ئاغرىتمايدۇ. بىزنى تاشلاپ كەتمەيدۇ.
ئەزىزەنىڭ خاتىرجەملىك تېپىپ تۇرغان چىرايى لەيلانىڭ يۈرىكىنى پارە ـ پارە قىلدى.

تارىق زالمايغا ياغاچ ئات ئېلىپ بەردى. ئۇنىڭغا ھارۋا ياساپ بەردى. تۇرمىداشلىرىدىن ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە قەغەزلەرنى قاتلاپ كېسىپ، شىر، كىنگورۇ، ئات ۋە قۇشلارنى ياساپ بەردى. لېكىن، زالماي بۇ سوۋغىلارنىڭ ھەممىسىنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلدى.

— سەن ئېشەك! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — ماڭا سېنىڭ ئويۇنچۇقلىرىڭنىڭ لازىمى يوق!

— زالماي! — دەپ توۋلىدى لەيلا.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى تارىق، — لەيلا، ھېچ ۋەقەسى يوق. ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بېرىڭ.

— سەن مېنىڭ دادام ئەمەس! مېنىڭ ھەقىقىي دادام يىراقتا سەپەرگە كەتتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە سېنى تازا ئۇرىدۇ. سەن يىراقتا قاچالمايسەن. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى بار. سېنىڭ ئاران بىر پۇتۇڭ بار!

كەچتە، لەيلا زالماينى باغرىغا بېسىپ، ئۇنىڭ بىللە بىللە بابالۇ ئايىتىنى ئوقۇيتتى. ئۇ رەشىدنى سورىسا، لەيلا ئۇنىڭغا ئۇنىڭ يىراقتا كەتكەنلىكىنى، قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ئۆزىنىڭ بىر كىچىك بالىغا قايتا ـ قايتا مۇشۇنداق نومۇسسىزلارچە يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر بولغانلىقىغا ئېچىناتتى. لېكىن، لەيلا مۇشۇنداق يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر بولاتتى. چۈنكى، زالماي ھەر كۈنى، چۈشلۈك ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئېلەڭگۈچتىن چۈشۈپ، رەشىدنى سورايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئايىغىنىڭ شوينىسىنى چىگكۈدەك بولغاندا، مەكتەپكە ئۆزى بارغۇدەك بولغاندا، يەنە مۇشۇ سوئالنى سورايدىغانلىقى، لەيلانىڭ يەنە ئوخشاش يالغان سۆز بىلەن جاۋاب بېرىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

لەيلا ھامان بىر كۈنى بۇ سوئاللارنىڭ ئاستا ـ ئاستا يوقايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زالمايمۇ

دادىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى ئويلىمايدىغان بولىدۇ. ئۇ كوچىدا مۇكچىيىپ كېتىۋاتقان ياكى دوقمۇشتىكى ئالدى ئوچۇق ساماۋارخانىلاردا چاي ئىچىپ ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن دادىسىنى تاپالمايدۇ. كەلگۈسى بىر كۈنلەردە، ئۇ دەريا ئېقىنىنى بويلاپ كېتىۋاتقان ياكى ئىزسىز قار يېپىنچاقلىرىنى كۆرگەندە، دادىسىنىڭ يوقاپ كېتىشىنىڭ ئۇنداق ئاددىي ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭدا ئېيتىلمىغان بىر سىرنىڭ ۋە ساقايمىغان بىر ئوچۇق يارىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئاڭلىغانلىرىنىڭ غايىۋىلەشتۈرۈلگەن، بۇرمىلانغان چۆچەك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ.

لەيلا ئۆزىنىڭ مۇرىدىكى تۇرمۇشىدىن خۇشال ئىدى. لېكىن، بۇ خۇشاللىق ھەرگىزمۇ ئاسان قولغا كەلگەن، ھېچقانداق بەدەل تۆلەنمىگەن خۇشاللىق ئەمەس.

دەم ئالغان كۈنلەردە، تارىق لەيلا بىلەن بالىلارنى بازارغا ئېلىپ باراتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سېلىنغان چېركاۋنىڭ يېنىدىكى زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان دۇكانلارنى ئايلاندۇراتتى. كوچىدىكى كاۋاپچىلاردىن قىزىلمۇچ چېچىلغان، تەملىك قىيما كاۋاپلارنى ئېلىپ بېرەتتى. ئۇلار يەرلىكلەر، رەسىم ئاپپاراتلىرى ۋە يانفون كۆتۈرۈۋېلىشقان ياۋروپالىقلار، شۇنداقلا ئىسسىقتىن قېچىپ كەلگەن پۇنجابلىقلار توپىغا قېتىلىپ كوچىلارنى ئايلىناتتى.

بەزى ۋاقىتلاردا، ئۇلار ئاپتوبۇس بىلەن كەشمىر چوققىسىغا باراتتى. ئاشۇ يەردە تۇرۇپ، تارىق ئۇلارغا جېلۇم دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان جىلغىنى، قارىغاي بىلەن يېپىنچاقلانغان تاغ باغرىلىرىنى، قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان تاغ چوققىلىرىنى كۆرسىتەتتى. ئۇ تېخى ئۇلارغا ئاشۇ ئورمانلاردا مايمۇنلارنى ئۇچراتقىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ سۆزلەپ بەردى. ئۇلار مۇرىدىن ئوتتۇز كىلومېتىر نېرىسىدىكى ناتىيا غالى دەپ ئاتىلىدىغان

ئاكاتسىيەلىككىمۇ بارغان، ھاكىمنىڭ داچىسىغا ئېلىپ بارىدىغان يولدا لەيلانىڭ قولىدىن يېتىلەپ ماڭغانىدى. يول بويىدا ئۇلار ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ قەبرىستانىدا توختايتتى ياكى تاكسى بىلەن تاغ چوققىسىغا چىقىپ، تۇمان ئارىسىدىكى ياپيېشىل جىلغىلارنى تاماشا قىلاتتى.

بەزى ۋاقىتلاردا، ئۇلار دۇكانلارنىڭ دېرىزىسى ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۆزلىرىنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىگە لەيلانىڭ كۆزى چۈشەتتى. ئەر، ئايال، قىز، ئوغۇل. سىرتتا ئۇچرىغان يات ئادەملەرگە ئۇلارنىڭ نورمال، مەخپىيەتلىكتىن، پۇشايماندىن خالىي ئائىلە بولۇپ كۆرۈنىدىغانلىقى لەيلاغا ئايان ئىدى.

ئەزىزە كەچلىرى قارا بېسىپ ئويغىنىپ كېتەتتى. لەيلا ئەزىزەنىڭ يېنىدا قاتلىما ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ ئۇخلىتاتتى.

لەيلامۇ چۈش كۆرەتتى. ئۇ چۈشىدە كابۇلدىكى ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ پەلەمپەيگە يامىشاتتى. چۈشىدە ئۇ يالغۇز ئىدى. لېكىن، ئىشىكنىڭ ئارقىسىدىن دەزمالنىڭ پۇشۇلدىغان، كىرلىكنىڭ قاتلانغان ۋە بىر ئايالنىڭ كونا ھېرات ناخشىسىنى دىمىقىدا غىڭشىغان ئاۋازىنى ئاڭلايتتى. لېكىن، ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەندە، ھۇجرىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.

لەيلا بۇ چۈشلەردىن پۇتۇن بەدىنىنى تەر باسقان، كۆزلىرىدىن ياش ئاققان ھالدا ئويغىناتتى. ئۇنىڭ چۈشلىرى ئۇنى ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئازابلايتتى.

# قىرىق توققۇزىنچى باب

سېنتەبىرنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. لەيلا زۇكامداپ قالغان زالماينى ئۇخلاتماقچى بولۇپ ياتقانىدى، تارىق ئىشىكتىن ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ھاسىرىغان ھالدا، — ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئەھمەد شاھ مەسئۇد. ئۇ ئۆلۈپتۇ.

— نېمە؟

تارىق بوسۇغىدىن پۈتىنى ئالمايلا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئۆزلىرىنى بېلگىيەلىك دەپ تونۇشتۇرغان ئىككى مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىۋاتقانىكەن. ئۇلار ئەسلىدە ماراكەشلىك كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندا، سىنئالغۇ ئاپپاراتىغا ئورنىتىپ قويۇلغان بومبا پارتلاپ كېتىپتۇ. مەسئۇد بىلەن مۇخبىرلارنىڭ بىرسى شۇ يەردە ئۆلۈپتۇ. يەنە بىرسى قېچىپ كېتىۋاتقاندا، ساقچىلار ئۇنى ئېتىۋېتىپتۇ. ئەمدى ئۇلار ھېلىقى مۇخبىرلارنى ئەل قائىدە تەشكىلاتىنىڭ ئادەملىرى دەپ گۇمان قىلىۋاتقۇدەكمىش.

لەيلا ئاپىسىنىڭ ئەھمەد شاھ مەسئۇدنىڭ سۈرىتىنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويغىنىنى يادىغا ئالدى. ئۇ سۈرەتتە ئەھمەد شاھ مەسئۇد ئالدىغا ئېڭىشكەن، بىر قېشىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا خۇددى بىرسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقاندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇراتتى. شۇ ۋاقىتتا، ئاپىسى ئەھمەد شاھ مەسئۇدنىڭ لەيلانىڭ ئاكىسىنىڭ قەبرە بېشىدا تۇرۇپ، دۇئا قىلغانلىقىدىن شۇنچە مىننەتدار بولۇپ، قولۇم - قوشنىلارغا

ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ بەرگەندى. ھەتتا، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى باشقا قوشۇنلار بىلەن سوقۇشۇپ، ئافغانىستاندا ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان ۋاقىتتىمۇ ئاپىسى مەسئۇدنى ئاقلىغانىدى. «ئۇ ياخشى ئادەم، — دەيتتى ئاپىسى، — ئۇ تىنچلىقنى خالايدۇ. ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇپ چىقىشنى ئويلايدۇ. لېكىن، ئۇلار بۇنىڭغا يول قويمايدۇ، قەتئىي يول قويمايدۇ.» ئاقىۋەتتە، ھەممە نەرسە خاتاغا مېڭىپ، كابۇل توپا ـ كېسەككە ئايلانغان ۋاقىتتىمۇ، ئاپىسى ئۇچۇن مەسئۇد يەنىلا پەنشىرنىڭ ئارسلانى ئىدى.

لەيلانىڭ مەسئۇدنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلگەنلىكىگە كۆڭلى يېرىم بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ لەيلانىڭ يۇرتىنى قانداق ۋەيران قىلغانلىقى تېخىچە ئېسىدە ئىدى. ئۆيلەرنىڭ خارابىلىككە ئايلانغان قالدۇقلىرى ئارىسىدىن تارتىپ چىقىرىلغان جەسەتلەر، يەرلىككە قويۇلۇپ بولغان بالىلارنىڭ نەچچە كۈندىن كېيىن ئۆگزىنىڭ ئۈستىدىن تېپىلغان پۇت ـ قوللىرى...

توپ ئوقى ئۇلارنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشۈشىنىڭ ئالدىدىكى ئاپىسىنىڭ چىرايى لەيلانىڭ ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىدە تۇرۇپتۇ. لەيلا دادىسىنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغا چۈشكەن باشسىز جەسىتىنى، ئۇنىڭ مايكىسىغا بېسىلغان ئالتۇن دەرۋازا كۆۋرۈكىنىڭ سۈرىتىدىن ئېتىلىپ چىققان ئىس ۋە قاننى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن؟

— ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ، — دېدى تارىق، — مەن بىلىمەن. بەلكىم راۋالپىندىدا ئۆتكۈزۈلۈشى مۇمكىن. چوقۇم داغدۇغىلىق مۇراسىم بولىدۇ.

ئۇخلاشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان زالمايمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇلار مېھمانخانىنىڭ ياتاقلىرىنى تازىلاۋاتقاندا، يىراقتىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاڭلاندى. تارىق قولىدىكى يەر سۈرتىدىغان لاتىنى تاشلاپ قويۇپ، سىرتقا قاراپ

يۈگۈردى. لەيلا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.
ئۇ ئاۋازلار مېھمانخانىنىڭ زالى تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. زالدىكى تىزىملاش ئورنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كۈتۈش ئورنى بار بولۇپ، ئۇ يەرگە بىرنەچچە ئورۇندۇق ۋە ئىككى سافا چۆرىدەپ قويۇلغانىدى. سافانىڭ ئۇدۇلىدىكى بۇلۇڭغا تېلېۋىزور قويۇلغان بولۇپ، سەئىد، مېھمانخانا باشقۇرغۇچىسى ۋە بىرنەچچە مېھمان تېلېۋىزورنىڭ ئالدىغا يىغىلىشقانىدى. لەيلا بىلەن تارىق توپ ئارىسىدىن قىستىلىپ، ئالدىغا ئۆتتى.
تېلېۋىزور BBS نىڭ قانىلىغا توغرىلاقلىق ئىدى. تارىق سەئىدكە بىرنەرسە دېدى. ئۇ تارىققا جاۋاب بېرىشكە تەمشەلگەن پەيتتە، تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلان پەيدا بولۇپ، ئېگىز مۇنارغا سوقۇلدى ـ دە، خۇددى ساليۇتقا ئوخشاش پارتلىدى. مېھمانخانا زالىدىكىلەر ئۇنىنى ئىچىگە تارتىشتى.
ئىككى سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ھەر ئىككى بىنا ئۆرۈلدى.
ئۇزاق ئۆتمەي ھەممە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ئافغانىستان، تالىبان ۋە ئوساما بىن لادىن توغرۇلۇق سۆزلەشكە باشلىدى.

— سىز تالىبانلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى تارىق.
— بىن لادىن توغرۇلۇقمۇ؟
ئەزىزە تارىقنىڭ ئۇدۇلىدا شاھمات تاختىسىغا قارىغىنىچە ئولتۇراتتى. تارىق ئۇنىڭغا شاھمات ئويناشنى ئۆگىتىپ قويغانىدى. ئۇ دادىسىنىڭ شاھمات ئوينىغاندىكى ھەرىكىتىنى دوراپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئاستىنقى لېۋىنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن چەككەچ، كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش توغرۇلۇق ئويلىنىۋاتاتتى.

زالمايىنىڭ زوكىمموْ بىرئاز ياخشى بولوْپ قالغانىدى. ئوْ ئالىقاچان ئوْيقوْغا كەتكەن بولوْپ، لەيلا ئوْنىڭ مەيدىسىگە دورا سوْركەۋاتاتتى.

— ئاڭلىدىم، — دېدى لەيلا.

— تالىبانلار «ئوسامابىن لادىننى بىزنىڭ مېھمىنىمىز. مېھماننى ھەيدىۋېتىش پاشتوْنلارنىڭ قائىدىسىگە خىلاپ» دېگوْدەك.

تارىق ئەپسوْسلانغان ھالدا ئېغىزىنى چىكىلداتتى. ئوْنىڭ ئوْز مىللىتىنىڭ مېھماندوستلوْق ئادىتىنىڭ خالىغانچە دەپسەندە قىلىنغانلىقىغا ئېچىنىۋاتقانلىقى كوْروْنوْپ توْراتتى.

بىنا بومباردىمان قىلىنىپ بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن، لەيلا بىلەن تارىق مېھمانخانا زالىدىكى تېلېۋىزورنىڭ ئالدىغا كەلدى. تېلېۋىزوردا زوْڭتوْڭ بوْش سوْزلەۋاتاتتى. ئوْنىڭ ئارقىسىغا يوغان ئامېرىكا بايرىقى قادالغانىدى، سوْز ئارىلىقىدا ئوْنىڭ ئاۋازى تىترەشكە باشلىدى.

سەئىد ئوْلارغا بوْشنىڭ ئوْروْش ئېلان قىلغانلىقىنى ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلىپ، ئوْلارغا چوْشەندوْردى.

— كىم بىلەن ئوْروْش قىلىدىكەن؟ — دەپ سورىدى تارىق.

— ئوْلار ئوْروْشنى سىزنىڭ دوْلىتىڭىزدىن باشلايدىكەن.

— بوْ ئوْروْشموْ بەك يامان ئىش بولمىسا كېرەك، — دېدى تارىق.

تارىق قولى بىلەن لەيلانىڭ قورسىقىنى توْتوْپ، لەيلانىڭ كوْكسىگە بېشىنى قويوْپ ياتتى. ئوْلار موْشوْنداق ياتقاندا لەيلا ئوْزىنى قوغدالغاندەك، بىخەتەر ھېس قىلاتتى. ئوْنىڭ تەشوْىشلىرى، بوْ كوْنلەرنىڭ ۋاقىتلىق خوْشاللىق بولوْپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشلىرى قەيەرگىدوْر غايىب بولاتتى.

— ئوْ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپ سورىدى لەيلا.

— ۋەتىنىمىزدە ھازىر بولوْۋاتقان ئىشلارنى دەيمەن. ماڭا بوْ ئوْروْشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ياخشى بولىدىغاندەك

بىلىنىۋاتىدۇ.

ئۇلارنىڭ ۋەتەن زېمىنىغا يەنە بىر قېتىم بومبا چۈشۈشكە باشلىغانىدى. بۇ قېتىمقىسى ئامېرىكىلىقلارنىڭ بومبىسى ئىدى. لەيلا ھەر كۈنى مېھمانخانا ياتاقلىرىدىكى كارىۋاتلارنىڭ كىرلىكىنى ئالماشتۇرغاچ، تېلېۋىزوردا ئۇرۇش خەۋەرلىرىنى كۆرەتتى. ئامېرىكىلىقلار يەنە مىلىتارىستلارنى قوراللاندۇرۇپ، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا تايىنىپ، تالىبانلار بىلەن بىر لادىننى ئافغانىستاندىن قوغلاپ چىقارماقچى بولغانىدى.

لېكىن، تارىقنىڭ سۆزلىرى لەيلانى بىئارام قىلدى. ئۇ تارىقنىڭ بېشىنى كۆكسىدىن ئىتتەردى.

— يامان ئىش ئەمەس؟ ئادەملەر ئاياللار، باللار، قېرى - ياش دېمەي ئۆلۈۋاتسا، بۇ ياخشى ئىشمۇ؟ ئۆيلەر ۋەيران بولسا يامان ئىش ئەمەسمۇ؟

— شۇ... باللارنى ئويغىتىۋېتىسەن.

— سەن قانداقمۇ شۇنداق دېيىشكە پېتىندىڭ، تارىق؟ — دېدى لەيلا تارىقنىڭ سۆزىنى ئاچچىق بىلەن بۆلۈپ، — كارام دېگەن يەردە خاتا ئېتىلىپ قالغان بومبا بىلەن يۈزدىن ئارتۇق بىگۇناھ خەلق ئۆلۈپ كەتتىغۇ؟ ئۇلارنىڭ جەسىتىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنى يەنە ياخشى ئىش دەمسەن؟

— ياق، — دېدى تارىق. ئۇ جەينىكى بىلەن بەدىنىنى تىرەپ تۇرۇپ لەيلاغا قارىدى، — سەن مېنىڭ سۆزۈمنى خاتا چۈشىنىپ قالدىڭ. دېمەكچى بولغىنىم...

— سەن ئۇنى بىلمەيسەن، — دېدى لەيلا. ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتى تۇنجى قېتىم ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى جېدەلگە ئايلاندى، — مۇجاھىددىنلار ئۇرۇشقا باشلىغاندا سەن كابۇلدىن كەتكەن تۇرساڭ، نېمىنى بىلەتتىڭ؟ مەن شۇ ئۇرۇشتا كەتمەي، كابۇلدا قالغان. مەن ئۇرۇشنىڭ قانداقلىقىنى بىلىمەن. ئاشۇ ئۇرۇشتا ئاتا - ئانامدىن ئايرىلدىم. مەن شۇ ئۇرۇشنىڭ

سەۋەبىدىن ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلغان، تارىق. ئەمدىلىكتە، سېنىڭ ئاغزىڭدىن «ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ياخشى» دېگەن سۆزنى ئاڭلاۋاتقىنىمنى قارىمامدىغان.

— خاپا بولما، لەيلا. مېنى كەچۈر، — ئۇ لەيلانىڭ يۈزىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، ئۆزىگە قاراتتى، — توغرا دەيسەن، مېنى كەچۈر. دېمەكچى بولغىنىم، مۇشۇ قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ ئازراق نەتىجىسى بولامدىكىن، تۇنجى قېتىم ئافغانىستانغا ئازراق ئۈمىد ئېلىپ كېلەمدىكىن دېمەكچىدىم.

— مېنىڭ ئەمدى بۇ تۇغرۇلۇق سۆزلەشكۈم يوق، — دېدى لەيلا. ئۇ ئۆزىنىڭ تارىققا قوپال تەگكەنلىكىدىن ھەيران قالدى. ئۇنىڭ تارىققا ئېيتقانلىرىنىڭ ئادالەتسىزلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ئۇرۇش تارىقنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ ئېلىپ كەتتىمۇ؟ لەيلانىڭ تارىققا بولغان ئاچچىقى ئاللىقاچان غايىب بولغانىدى. تارىق سىلىق ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلماقتا ئىدى. ئۇ لەيلانى ئۆزىگە تارتقاندا، ئۇنىڭ قوللىرىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن پېشانىسىنى سۆيگەندە، لەيلا قارشىلىق كۆرسەتمىدى. ئۇ تارىقنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ئاساسى بارلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ دېمەكچى بولغان مەقسىتىنىمۇ ئوبدان چۈشىنەتتى. بەلكىم بۇ ئۇرۇش ھەقىقەتەن زۆرۈردۇر. بۇشنىڭ بومبىلىرى ئافغانىستانغا يېڭى ئۈمىد ئېلىپ كېلەر. لېكىن، ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئۆزىگە ئېيتالمايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئاشۇ بومبىلار باشقىلارنىڭمۇ جېنىغا زامىن بولىدىغانلىقىنى، ئافغانىستاندا بىگۇناھ باللارنىڭ ئاشۇ بۇش ئاتقان ئوقلار سەۋەبلىك يېتىم باللارغا ئايلانغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، قانداقمۇ ئۇرۇش ياخشى دېيەلىسۇن؟ ئۇنداق دېيىش لەيلا ئۈچۈن ئۆزىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس.

شۇ كۈنى كېچىسى، زالماي يۆتىلىپ ئويغىنىپ كەتتى. لەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە، تارىق ساق پۇتىنى كارىۋاتتىن يۆتكەپ، سۈنئىي پۇتىنى كىيدى ـ دە، زالماينىڭ قېشىغا

كېلىپ، ئۇنى قولىغا ئېلىپ كۆتۈردى. كارىۋاتتا ياتقان لەيلا قاراڭغۇ ئۆيدە تارىققا سەپسالدى. زالماي بېشىنى تارىقنىڭ دولىسىغا قويۇپ، تارىقنىڭ بوينىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ كىچىككىنە پۇتلىرى تارىقنىڭ يانپېشىغا تېگىپ تۇراتتى.

تارىق كارىۋاتقا قايتىپ كەلدى. ئارىنى جىمجىتلىق باستى. لەيلا قولىنى سوزۇپ تارىقنىڭ يۈزىنى سىلىدى. ئۇنىڭ مەڭزى ھۆل ئىدى.

# ئەللىكىنچى باب

لەيلانىڭ مۆرىدىكى ھاياتى ئۇنىڭغا راھەت ۋە خاتىرجەملىك ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىشى ئالدىراش ئەمەس ئىدى. دەم ئالغان كۈنلىرىدە، تارىق بىلەن بىللە باللارنى فۇلمىكلىيۇرغا ئولتۇرغۇزۇپ، پاترىياتا تېغىغا ئاچىقاتتى ياكى پىندى چوققىسىغا ئاچىقىپ، تۆۋەنگە قاراپ، يىراقتىن كۆرۈنگەن ئىسلامئابادتىن تارتىپ، راۋالپىندىغىچە شەھەر بازارلىرىنى تاماشا قىلىشاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، دۆڭدىكى چىملىقتا بىر ئەدىيالنى سېلىپ ئولتۇرۇپ، گۆشنان، تەرخەمەك بىلەن سوغۇق زەنجىۋىل سۈيى ئىچىملىكى ئىچىشەتتى.

لەيلا ھەمىشە ئۆز ـ ئۆزىگە ھازىرقى تۇرمۇشىدىن نەقەدەر مىننەتدار ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى. ئۇ رەشىد بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن زۇلمەتلىك كۈنلەردە، دەل مۇشۇنداق ھاياتنى ئارزۇلايتتى.

2002 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى، لەيلا بىلەن تارىق كارىۋاتتا يېتىپ، يۇرتلىرىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر توغرۇلۇق پىچىرلىشىپ پاراڭغا چۈشتى. ئۇ تەرەپتە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ناھايىتى زور ئىدى. بىرلەشمە كۈچلەر تالىبانىنى ئافغانىستاننىڭ بارلىق ئاساسلىق شەھەرلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، پاكىستان چېگراسى تەرەپكە ۋە جەنۇب تەرەپلەردىكى تاغلىق رايونلارغا قىستاپ باردى. خەلقئارالىق تىنچلىق قوغداش كۈچى كابۇلغا ئەۋەتىلدى. خەمىد كارزايى ئافغانىستاننىڭ ۋاقىتلىق زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى.

لەيلا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى تارىققا ئېيتىشنى قارار

قىلدى.

لەيلا بىر يىلنىڭ ئالدىدا كابۇلدىن سىرتقا چىقىپ كېتەلىگەنلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشال ئىدى. لېكىن، بىرنەچچە ئايدىن بۇيان، ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن ئاشۇ شەھەرنى سېغىنىشقا باشلىدى. شور بازارنىڭ ئالدىراش كوچىلىرى، بابۇرنىڭ باغچىلىرى، سۇ ساتقۇچىلارنىڭ ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن تولۇمنى مۈرىسىگە ئارتىپ توۋلاشلىرى، توخۇ كوچىسىدا مال تالىشىۋاتقان كىشىلەر، كارتىپە پارۋاندىكى قوغۇن ساتىدىغان باققاللار... ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىدىغان بولدى.

يۇرتنى سېغىنىش لەيلانى كابۇل توغرۇلۇق ئويلاندۇرۇۋاتقان بىردىنبىر سەۋەب ئەمەس ئىدى. ئۇ يەردىكى ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭ بەكرەك دىققىتىنى قوزغىغانىدى. لەيلا كابۇلدا مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى، يوللارغا يېڭىدىن ماي ياتقۇزۇلغانلىقىنى، ئاياللارنىڭ خىزمەت ئورنىغا قايتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ يەردىكى تۇرمۇشى خاتىرجەم ھەم كۆڭۈللۈك بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەستەك، نەتىجىسىز ۋە ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدەك بىلىندى. كېيىنكى كۈنلەردە دادىسى ھاكىمنىڭ ئېيتقانلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەيدىغان بولدى. «سىز چوڭ بولغاندا قانداق ئادەم بولىمەن دەپ ئىرادە قىلسىڭىز، شۇنداق بولالايسىز، لەيلا، — دېگەنىدى دادىسى، — مەن سىزنى ئوبدان چۈشىنىمەن. بۇ ئۇرۇش ئاياغلاشقاندا، ئافغانىستاننىڭ سىزگە ھاجىتى چۈشىدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن.»

ئاپىسىنىڭ سۆزلىرىمۇ لەيلانىڭ ئېسىدە ئىدى. دادىسى ئافغانىستاندىن كېتىش توغرۇلۇق مەسلىھەت سالغاندا، ئاپىسى: «مەن ئوغۇللىرىمنىڭ ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىمەن. ئافغانىستان ئازاد بولغاندا مەن مۇشۇ زېمىندا تۇرۇپ تەبرىكلەيمەن. مەن ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقىنىنى كۆرسەم، ئوغۇللىرىممۇ مېنىڭ كۆزلىرىم

ئارقىلىق ئاشۇ كۈنلەرنى كۆرىدۇ» دېگەنىدى. لەيلا شۇ تاپتا ئاتا ــ ئانىسى ئۈچۈن بولسىمۇ كابۇلغا قايتىشنى، ئۇلارنىڭ ئافغانىستاندىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆزىنىڭ كۆزلىرى ئارقىلىق كۆرەلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

لېكىن، ھەممىدىن مۇھىمى، لەيلانىڭ خىيالىدا مەريەم بار ئىدى. «مەريەم مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغانمۇ؟ ــــ دەپ سورايتتى لەيلا، ــــ ئۇ لەيلانىڭ چەت ئەلدە خىزمەتكار بولۇپ ياشىشى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغانمۇ؟» بەلكىم مەريەم ئۈچۈن لەيلانىڭ ئۆز بالىلىرى بىلەن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشى كۇپايىدۇر. لېكىن، لەيلا ئۈچۈن بۇ ئىشلار توساتتىن ئىنتايىن مۇھىم ئىشقا ئايلانغانىدى.

ــــ مېنىڭ قايتىپ كەتكۈم بار، ــــ دېدى لەيلا.

تارىق ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.

لەيلا تارىقنىڭ كەڭ پېشانىسىغا، بىلەكلىرىدىكى مۇسكۇللىرىغا، ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىگە يەنە بىر قېتىم قاراپ، تارىقنىڭ قاملاشقان جىسمىغا زوقى كەلدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، لەيلا ئۆزلىرىنىڭ قايتىدىن جەم بولغانلىقىغا، تارىقنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ئېرى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ يېنىدا ياتقانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى.

ــــ قايتىپ كېتىمەن؟ كابۇلغا؟

ــــ لېكىن، سەنمۇ مەن بىلەن بىللە قايتىشنى خالىساڭ.

ــــ سەن خۇشال ئەمەسمۇ؟ لېكىن، سەن بۇ يەردە خۇشالدەك كۆرۈنگەنىدىڭ.

لەيلا ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى. تارىق بىر چەتكە يۆتكىلىپ، لەيلاغا ئورۇن ھازىرلىدى.

ــــ مەن خۇشال، ــــ دېدى لەيلا، ــــ ئەلۋەتتە. مەن بۇ يەردە ناھايىتى خۇشال. لېكىن... بىز بۇ يەردىن قەيەرگە بېرىپ توختايمىز، تارىق؟ بىز بۇ يەردە قانچە ئۇزاق ياشايمىز؟ بۇ بىزنىڭ ماكانىمىز ئەمەس، كابۇل بىزنىڭ ماكانىمىز... ئۇنىڭ ئۈستىگە

كابۇلدا ئۇرغان ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ. ياخشى ئىشلار. مېنىڭ ئاشۇ ئىشلارغا ئارىلاشقۇم، مېنىڭمۇ بىر ئىشلارنى قىلغۇم، تۆھپە قوشقۇم بار. دېمەكچى بولغانلىرىمنى چۈشەندىڭمۇ؟

تارىق ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى.

— سېنىڭ شۇنداق قىلغۇڭ بارمۇ؟ راست شۇنداق قىلغۇڭ بارمۇ؟

— ھەئە، راست. لېكىن، سەۋەب مۇشۇلا ئەمەس. مەن ئېمىشقىدۇر، بۇ يەردە تۇرىۋەرسەك توغرا بولمايدىغاندەك ھېس قىلىمەن.

تارىق بىرپەس سۈكۈتتە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ لەيلاغا قارىدى.

— لېكىن، سەنمۇ بىرىشنى خالىساڭ.

تارىق كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ قوشۇمىسىدىكى سىزىقلار غايىب بولۇپ، بېشى ئاغرىمايدىغان، بىر چاغلاردىكى خۇش چاقچاق تارىققا ئايلاندى. بەلكىم بۇ لەيلانىڭ تەسەۋۋۇرى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇرۇنقى تارىقنىڭ ئەكسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا داۋاملىق ئەكس ئېتىدىغان بولغانىدى.

— مەنمۇ؟ — دېدى ئۇ، — مەن ساڭا زامان ئاخىر بولغۇچە ئەگىشىمەن، لەيلا.

لەيلا تارىقنى ئۆزىگە تارتىپ، لېۋىگە سۆيدى. ئەنە شۇ پەيتتە، ئۇ تارىققا بولغان مۇھەببىتىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— رەھمەت، — دېدى ئۇ پېشانىسىنى تارىقنىڭ پېشانىسىغا تەگكۈزۈپ.

— بولىدۇ. بىز ئۆز ماكانىمىزغا قايتايلى.

— بىراق، بىز ئالدى بىلەن ھېراتقا بارىمىز، — دېدى لەيلا.

— ھېرات؟

لەيلا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

بالىلارغا ئۆز يولىدا چۈشەندۈرۈش زۆرۈر ئىدى. لەيلا بىر ھەپتە بۇرۇن كۆرگەن چۈشىگە كۆڭۈلسىز بولۇۋاتقان ئەزىزەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا كابۇلدا تالىبانلارنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى، ئۇرۇشنىڭمۇ بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەمدى دارىلئېتامغا بارمايدىغانلىقىنى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— بىز ھەممىمىز بىللە ياشايمىز. سىز، دادىڭىز، زالماي ھەم مەن. سىز مەڭگۈ، مەڭگۈ مەندىن ئايرىلمايسىز. مەن ۋەدە قىلاي، — ئۇ قىزىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، — سىز تاكى بىرەر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغۇچە مەن بىلەن تۇرىسىز.

ئۇلار مۇرىدىن ئايرىلىدىغان كۈنى زالمايغا تەسەللى بېرىش ئىنتايىن قىيىن بولدى. ئۇ ئالىيونانىڭ بويىنىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغانىدى.

— مەن ئۇنى ئالىيونادىن ئاجرىتالمايۋاتىمەن، ئاپا، — دېدى ئەزىزە.

— زالماي، بىز ئاپتوبۇسقا ئۆچكىنى ئاچىقالمايمىز، — دەپ چۈشەندۈردى ئەزىزە.

تارىق زالماينىڭ قېشىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، كابۇلغا بارغاندا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئالىيوناغا ئوخشاش ئۆچكىدىن بىرنى ئېلىپ بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى. زالماي كۆڭلى پەرىشان ھالدا ئالىيونانىڭ بويىنىدىن قولىنى ئاجراتتى.

ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى ئۈچ قېتىم سۆيگەندىن كېيىن، تارىق «قۇرئان كەرىم»نى ئېگىز كۆتۈردى. بالىلار ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆتتى. سەئىد تارىققا ياردەملىشىپ، چامادانلارنى ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا قويدى. ئۇلارنى بېكەتكىچە ئۇزىتىپ باردى.

لەيلا ئورۇندۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، دېرىزىنىڭ سىرتىدىن

ئۇزاپ كېتىۋاتقان سەئىدكە نەزەر سېلىۋاتقان پەيتتە، خىيالىدا نۇرغۇن سوئاللار پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ مۇرىدەك تىنچ يەرنى تاشلاپ كېتىشى ئەخمەقلىقمىدۇر؟ ئاتا ـ ئانىسىنى ۋە ئاكىلىرىنى ھالاك قىلغان، بومبىنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى ئاسماندىن ئەمدىلىكتە تارقاشقا باشلىغان بىر زېمىنغا بېرىشى ھاماقەتلىكمىدۇر؟

دادىسىنىڭ كابۇل بىلەن خوشلاشقاندا ئېيتقان ئىككى مىسرا شېئىرى لەيلانىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاشقا باشلىدى.

ئاي شولىسى ئۆگزىدە، ئاينىڭ سانى نامەلۇم.
پارلاپ تۇرغان مىڭ قۇياش تام كەينىگە مۆكۈنەر.

لەيلا بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە قويۇپ، چانىقىدا تۇرۇپ قالغان ياش تامچىلىرىنى كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ چىقاردى. كابۇل ئۇنى ساقلىماقتا، ئۇنىڭغا موھتاج بولماقتا. ئۇنىڭ بۇ قېتىم يۇرتقا قايتىشى پۈتۈنلەي توغرا.
لېكىن، كابۇلغا بېرىشتىن بۇرۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق خوشلىشىشىنى بەجا كەلتۈرۈشى كېرەك.

ئافغانىستاندا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار كابۇل، ھېرات ۋە قەندەھارنىڭ ئارىلىقىدىكى يوللارنى ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. ھېراتقا ئاسانراق يول بىلەن بېرىش ئۈچۈن، ئىرانىڭ ماشاد دېگەن يېرىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇلار ماشادتا بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى باشقا ئاپتوبۇسقا ئالماشتى.
ماشاد كوچىلىرى ئادەمگە تولغان قايناق شەھەر ئىدى. لەيلا ئاپتوبۇسنىڭ ئەينىكىدىن كوچىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان باغلارغا، مەسجىتلەرگە، قىيما كاۋاپ ساتىدىغان رېستورانلارغا كۆز تىكتى. ئاپتوبۇس شىئە مەزھىپىنىڭ سەككىزىنچى ئىمامى رىزانىڭ قەبرە بېشىدىن ئۆتكەندە، لەيلا قەبرىنىڭ پارقىراپ

تۇرغان مەرمەر تاشلىرىنى، ئالتۇندىن قاتۇرۇلغان ھەيۋەتلىك گۈمبىزىنى ئېنىق كۆرۈش ئۈچۈن ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ بوينىنى سوزۇپ قارىدى. ئۇ بۇ قەبرىلەرنىڭ نەچچە ئەسىرلەردىن كېيىنمۇ، يەنە شۇنداق ھەيۋەتلىك تۇرغانلىقىنى، ياخشى ئاسرالغانلىقىنى كۆرۈپ زوقلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ دۆلىتىدىكى بۇت ھەيكىلىنى كۆز ئالدىغا ئەكەلدى. ئۇنىڭ ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۇ يادىكارلىق ئالىلىقاچان توپا دۆۋىسىگە ئايلىنىپ، باميان جىلغىسىنىڭ شامىلىدا ھەر يانغا ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

ئاپتوبۇس ئون سائەتتىن كېيىن ئىران بىلەن ئافغانىستاننىڭ چېگراسىغا يېتىپ كەلدى. ئافغانىستان چېگراسىغا يېقىن قالغاندا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە شالاڭ جايلاشقان تۇرالغۇلار ۋە قاقاسلىقلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ھېراتقا بارىدىغان چېگرادىن ئۆتۈشنىڭ ئالدىدا، ئۇلار ئافغانىستان پاناھلىق لاگېرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. لېكىن، لەيلانىڭ كۆزلىرىگە كۆرۈنگىنى سېرىق توپا ـ چاڭ بىلەن كۆمۈلگەن قارا رەڭلىك چېدىرلار ئىدى. ئۇ قولىنى ئۇزارتىپ، تارىقنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتتى.

ھېراتنىڭ كوچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا خىش ياتقۇزۇلغان، يولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە پۇراقلىق قارىغاي دەرەخلىرى تىكىلگەنىدى. شەھەر ئىچىدىكى باغلار بىلەن كۇتۇپخانىلار قايتىدىن رېمونت قىلىنىۋاتقان، بىنالار يېڭىدىن سىرلانغانىدى. كوچىلاردىكى قاتناش چىراغلىرى نورمال ئىشلەيتتى. لەيلا ئۇ يەردىكى ئېلېكتىرنىڭمۇ نورمال ئىشلەۋاتقانلىقىدىن ھەيران قالدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ھېراتتىكى ئىسمائىلخان ئىسىملىك مىلىتارىست ھېرات بىلەن ئىران چېگراسىدىن يىغقان تاموژنا ھەققىنى ئىشلىتىپ، ھېراتنى قايتىدىن قۇرۇشقا ياردەملەشكەنىكەن. ئۇلارنى مۇۋاپىق مېھمانخانىسىغا ئەكېتىۋاتقان تاكسى شوپۇرى ئىسمائىلخاننىڭ ئىسمىنى

ئېھتىيات ۋە ھۆرمەت بىلەن ئېغىزغا ئالدى.

مۇۋاففاق مېھمانخانىسىدا ئىككى كېچە قونۇش ئۈچۈن ئۇلار يېنىدا بار پۇلىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ياتاق ھەققىگە تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى، ئۇلار ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەچكە، بالىلار چارچاپ كەتكەنىدى. ئىش بېجىرىش ئۈستىلىدىكى خىزمەتچى تارىققا ياتاق ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى تەڭلىگەچ، بۇ مېھمانخانىغا چەت ئەللىك مۇخبىرلار بىلەن ھۆكۈمەتسىز خەير - ساخاۋەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئادەملىرى داۋاملىق كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— بىن لادىنمۇ بۇ مېھمانخانىدا بىر قېتىم قونغان، — دېدى ئۇ مەغرۇرلانغان ھالدا.

ياتاقتا ئىككى كارىۋات قويۇلغانىدى. ياتاقنىڭ ھاجەتخانىسى، يۇيۇنۇش تۇرۇبىسىدىن سوغۇق سۇ چۈشەتتى. كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تامغا شائىر غوجا ئابدۇللا ئەنسارىنىڭ سۈرىتى ئېسىلغانىدى. لەيلا دېرىزىدىن تۆۋەندىكى ۋاژ - ۋاژ كوچا بىلەن يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى باغنى كۆرەلەيتتى. باغدىكى گۈللۈكلەرنىڭ ئارىسىدا خىش ياتقۇزۇلغان يوللار بار ئىدى. تېلېۋىزور كۆرۈپ كۆنۈپ قالغان بالىلار ياتاقتا تېلېۋىزورنىڭ يوقلۇقىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن بولسىمۇ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇخلاپ قالدى. لەيلا بىلەن تارىقمۇ ئۇخلاپ قېلىشتى. يېرىم كېچىدە ئېسىدە تۇتالمايدىغان قانداقتۇر چۈشلەرنى كۆرۈپ بىرەر قېتىم ئويغىنىپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، لەيلا دائىم تارىقنىڭ بىلىكىگە بېشىنى قويۇپ ئېغىر ئۇخلايتتى.

ئەتىسى ئۇلار يېڭىلا تونۇردىن چىققان نان، بىيە مۇرابباسى ۋە سۇدا پىشۇرۇلغان تۇخۇم بىلەن ناشتا قىلغاندىن كېيىن، تارىق سىرتقا چىقىپ لەيلا ئۈچۈن بىر تاكسى تېپىپ كەلدى.

— مەن سەن بىلەن بىللە بارمايمەنمۇ؟ — دەپ سورىدى تارىق ئەزىزەنىڭ قولىنى يېتىلەپ تۇرغان تارىق. زالماي تارىققا قولىنى

بەرمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ پاچىقىغا يۆلىنىپ تۇرغانىدى.
— ئۆزۈم يالغۇز باراي.
— مەن ئەنسىرەۋاتىمەن.
— ماڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ، — دېدى لەيلا، — مەن ۋەدە قىلاي. باللارنى بازارغا ئاپىرىپ بىرنەرسىلەرنى ئېلىپ بەرگىن.
تاكسى ئورنىدىن قوزغالغاندا زالماي يىغلاشقا باشلىدى. تاكسىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان لەيلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاراپ، زالماينىڭ تارىقا قولىنى تەڭلىگىنىنى كۆردى. زالماينىڭ تارىقنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغانلىقى بىر تەرەپتىن لەيلانى خۇش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى.

— سىز ھېراتلىق ئەمەسكەنسىز - دە، — دېدى شوپۇر.
ئۇ باشقا كىشىلەرگە ئوخشاشلا، تالىبانغا بولغان نارازىلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن چېچىنى مۈرىسىگىچە ئۇزۇن ئۆستۈرۈۋالغانىدى. لەيلا ئۇ كىشىنىڭ بۇرۇتىنىڭ سول تەرىپىدىكى تاتۇققا دىققەت قىلدى. تاكسىنىڭ ئالدى تەرەپتىكى دېرىزىسىگە چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان بىر قىزنىڭ سۈرىتى چاپلاقلىق ئىدى.
لەيلا تاكسىچىغا ئۆزىنىڭ پاكىستاندا بىر يىل تۇرغانلىقىنى، شۇ تاپتا كابۇلغا قايتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.
— دېھمازاڭ.
لەيلا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مىسكەرلەرنىڭ چەينەككە تۇتقۇچ ئورنىتىۋاتقانلىقىنى، ئېگەرچىلەرنىڭ تېرىلەرنى ئاپتاپقا يېيىۋاتقانلىقىنى كۆردى.
— سىز بۇ يەردە ياشاۋاتقانىغا ئۇزاق بولدىمۇ، ئاغا؟ — دەپ سورىدى لەيلا.
— شۇنداق، مەن مۇشۇ يەردە تۇغۇلغان. پۈتۈن ئۆمرۈمنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزدۈم. بۇ يەردە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. ھېلىقى قوزغىلاڭ ئېسىڭىزدە بارمۇ؟

لەيلا ئېسىدە بارلىقىنى ئېيتتى. تاكسىچى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— ئۇ ئىش 1979 ـ يىلى، سوۋېتلىكلەر بېسىۋېلىشتىن توققۇز ئاي بۇرۇن يۈز بەرگەن. بىر قىسىم ئاچچىقى بار ھېراتلىقلار بىرنەچچە سوۋېت مەسلىھەتچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سوۋېتلىكلەر تانكا بىلەن تىك ئۇچار ئايروپىلانلارنى ئەۋەتىپ بۇ يەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇلار بۇ شەھەرنى ئۈچ كۈن توپقا تۇتتى. بىنالارنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتتى. يەنە تېخى مۇنارلاردىن بىرنى ئۆرۈۋەتتى. نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. نەچچە مىڭ دەڭا، سىڭلىم. ئاشۇ كۈنلەردە مەنمۇ ئىككى ھەدەمدىن ئايرىلدىم. ئۇلارنىڭ بىرسى ئون ئىككى ياشتا ئىدى، — ئۇ ئەينەكتىكى سۈرەتنى بىر بارمىقى بىلەن چەكتى، — مۇشۇ شۇ.
— ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي، — دېدى لەيلا.
ئۇ ھەربىر ئافغانىستانلىقنىڭ ھېكايىسىنىڭ ئۆلۈم ۋە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئازابلار بىلەن تولغانلىقىغا ھەيران قالدى. لېكىن، ئاشۇ كىشىلەر يەنە بىر ئاماللارنى تېپىپ، داۋاملىق ياشاشقا تىرىشاتتى. لەيلانىڭ ئۆزىنىڭ شۇنچە ئازابلارنى باشتىن كەچۈرگەن تۇرۇقلۇق، يەنە ھايات تۇرغانلىقىغا، مۇشۇ تاكسىدا ئولتۇرۇپ، بۇ ئادەمنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاۋاتقانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

گۈلدامان لاي تام بىلەن ياسالغان، ئۆگزىلىرى تۈز كەلگەن ئۆي ۋە كۆلبىلەردىن تەركىب تاپقان كىچىك يېزا ئىدى. كۆلبىنىڭ سىرتىدا، ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن ئاياللار تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ئوچاقتىكى قارىداپ كەتكەن كورىلاردا بىر نەرسىلەرنى قاينىتىپ پىشۇرۇۋاتاتتى. قېچىرلار ئوقۇردا يەم يەۋاتاتتى. توخۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاۋاتقان باللار تاكسىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشكە باشلىدى. لەيلا يەنە ئۈچ چاقلىق ھارۋىدا

تاش تـوشـۇۋاتقـان ئـەرلـەرنى كـۆردى. ئـۇلار تـوختـاپ، ئـۆتـۈپ كېتىۋاتقان تاكسىغا قاراشتى. تاكسى ئوتتۇرىسىدىكى گۇمبىزى شامالدا ئۇچـراپ كەتكەن قـەبرىنىڭ يېنىـدىن ئۆتكـەندە، تاكسـى شـوپۇرى لەيلاغـا ئۇ گۇمبـەزنىڭ مۇشـۇ يېزىنىـڭ سوپىسىنىـڭ قـەبرىسى ئىكەنلىكىنـى ئېيتىـپ بەردى. يول بـويىدا ئـۈچ بـالا داتلىـشىپ كەتـكەن چاقـپـەلەكنىـڭ سايىسىـدا ئولـتـۇرۇپ لاي ئوينـاۋاتاتتـى. تـاكسى شـوپـۇرى ماشـىنىـنى يـول يـاقىسىـدا توختىتىپ، بېشىنى ئەينەكتىن چىقاردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چوڭراقى تاكسىچىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، دۆڭ تۆپىسىدىكى بىر ئۆينى كۆرسەتتى. تاكسىچى بالىغا رەھمەت ئېيتىـپ، يولنـى داۋاملاشتۇردى.

ئۇ ماشـىنىنـى ئەتراپى ئـەنجان تام بـىلەن قـورشـالغان بـىر قەۋەتلىـك ئۆينىـڭ ئالدىدا تـوختاتتـى. ھويلىـنىڭ ئـىچىدىكـى ئەنجۈر دەرىخىنىڭ شاخلىرى تامدىن ئارتىلىپ يەرگـە ساڭگىلاپ تۇراتتى.

— مەن ئـۇزۇن ھـايال بولـمـايمەن، — دېدى لـەيلا تـاكـسـى شوپۇرىغا.

ئافغانچە كىيىمنىـڭ ئۈستىـگە چاپان كـىيىۋالـغان، ئوتتـۇرا ياشلىق بىر كىشى ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ كىـشىنىـڭ بويى پاكـار، قىزغۇچ چاچلىرى تەكشى ئاقارغانىدى.

ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن سالاملاشتى.

— بۇ فەيزۇللا موللامنىڭ ئۆيىمۇ؟ — دەپ سورىدى لەيلا.

— شۇنداق، مەن ئـۇنىڭ ئوغـلى بولـىمەن. ئىسـمىم ھەمـزە. سىزگە مېنىڭ ياردىمىم كېرەكمۇ، يەڭگە؟

— مەن بۇ يەرگە دادىڭىزنىڭ كونا دوستى مـەريەم توغرۇلـۇق ئۇچۇر ئالاي دەپ كەلگەنىدىم.

ھەمزە تېڭىرقىغان ھالدا كۆزىنى چىمچىقلاتتى.

— مەريەم...

— جىلىلخاننىڭ قىزى.

ئۇ يەنە كۆزىنى چىمچىقلاتتى. ئۇ بىردەمدىن كېيىن ئالىقىنى بىلەن مەڭزىنى تۇتۇپ، كۆزىنى يوغان ئاچتى ـ دە، كاماك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى.

— ھە! — دېدى ئۇ ئۈنىنى ئىچىگە تارتىپ، — ھە! مەريەم! سىز ئۈنىڭ قىزىمۇ؟ — ئۇ بوينىنى سوزۇپ ئىشىك سىرتىغا قارىدى، — ئۇمۇ سىز بىللە كەلدىمۇ؟ ئارىدىن شۇنچە ئۇزاق يىل ئۆتتى. مەريەم ھازىر مۇشۇ يەردىمۇ؟

— ئۇ قازا قىلدى.

ھەمزەنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە غايىب بولدى.

ھەمزە يەرگە قارىدى. ئۇلار ئىشىك تۈۋىدە سۈكۈتتە تۇردى. بىر يەردىن ئېشەكنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

— كىرىڭ، — دېدى ھەمزە ئىشىكنىڭ يەنە بىر قانىتىنى ئېچىپ، — ئۆيگە مەرھەمەت قىلىڭ.

ئۇلار ئۆيگە كىردى، ئانچە ـ مۇنچە بېزەلگەن ئۆينىڭ پولىغا ھېرات گىلىمى سېلىنغانىدى. كەشتە تىكىلگەن ياستۇقلار تامغا چۆرىدەپ تىزىلغان، تامغا مەككىنىڭ سۈرىتى ئېسىلغانىدى. ئۇلار ئوچۇق دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ياندىكى ئۆيدىن ئاياللارنىڭ پىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. يالاڭ ئاياغ بالا يېشىل چاي بىلەن پىستە ـ بادام سېلىنغان قاچا قويۇلغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ھەمزە بالىغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— مېنىڭ ئوغلۇم.

بالا سۆز قىلماي چىقىپ كەتتى.

— ماڭا ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرسىڭىز، — دېدى ھەمزە مەيۈسلەنگەن ھالدا.

لەيلا بولغان ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى ھەمزەگە سۆزلەپ بەردى. سۆزلەپ بولۇش ئۈچۈن، ئۇ ئويلىغاندىن كۆپرەك ۋاقىت كەتتى.

سۆزىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، لەيلا يىغلىماسلىققا تىرىشتى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ مەريەم توغرۇلۇق سۆز قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسان ئەمەس ئىدى.

لەيلا سۆزىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىنمۇ، ھەمزە قولىدىكى پىيالىنىڭ قىرىنى سىلىغىنىچە سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ كەتتى.

— رەھمەتلىك دادام ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى، — دېدى ئۇ ئاخىر سۈكۈتنى بۇزۇپ، — دادام ئۇ تۇغۇلغاندا قۇلىقىغا ئەزان توۋلىغانىدى. ئۇنى ھەر ھەپتىسى يوقلاپ باراتتى. بەزىدە ئۇ مېنىمۇ بىللە ئاپىراتتى. ئۇ مەريەمنىڭ ھەم ئۇستازى، ھەم دوستى ئىدى. مېنىڭ دادام ناھايىتى سېخىي ئادەم ئىدى. جېلىلخان مەريەمنى باشقىلارغا بېرىۋەتكەندە، دادام قاتتىق ئازابلاندى.

— دادىڭىزنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئاللا ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغاي.

ھەمزە بېشىنى لىڭشىتىپ، رەھمىتىنى بىلدۈردى.

— ئاللا ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر بەردى. ئۇ جېلىلخاندىنمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى. بىز ئۇنى يېزىدىكى قەبرىستانغا دەپنە قىلدۇق. مەريەمنىڭ ئانىسىنىڭ قەبرىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەرگە. مېنىڭ دادام جەننەتكە لايىق، پەرىشتە سۈپەت كىشى ئىدى.

لەيلا پىيالىسىنى يەرگە قويدى.

— سىزدىن بىرنەرسە سورىسام بولارمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— مېنى مەريەم تۇرغان ئۆيگە باشلاپ بارالارسىزمۇ؟

تاكسىچى يەنە بىردەم ساقلاشقا ماقۇل بولدى.

لەيلا بىلەن ھەمزە مەھەللىدىن مېڭىپ چىقىپ، گۇلدامان بىلەن ھېراتنى تۇتاشتۇرىدىغان يول بىلەن دۆڭدىن تۆۋەنگە قاراپ

ماڭدى. ئون بەش مىنۇتلاردىن كېيىن، ھەمزە لەيلاغا چاتقاللىقنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدىغان چىغىر يولنى كۆرسەتتى.
— مۇشۇ يول بىلەن بارىمىز.
ئەگرى ـ بۈگرى كەتكەن چىغىر يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تىكەنلىك چاتقاللىقلار بىر ـ بىرىگە يېقىن ئۆسكەن بولۇپ، شامال چاتقالنىڭ شاخلىرىنى لەيلانىڭ بىلەكلىرىگە ئۇراتتى. چاتقالنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كۆز يەتكۈسىز ياۋا گۈللەر شامالدا يەلپۈنەتتى. گۈللەرنىڭ بەزىلىرى ئېگىز، بەزىلىرى پاكار ئۆسكەنىدى. بەزىلىرى قاتمۇقات ياپراقلىق، يەنە بەزىلىرى ئۇزۇن ياپراقلىق ئىدى. سېرىق رەڭلىك ئېيىقتاپان گۈللىرى بولسا پاكار ئۆسكەن ئوتلار ئارىسىدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان قارلىغاچلارنىڭ سايرىغان ئاۋازى بىلەن چاتقاللىق ئارىسىدىكى چېكەتكىنىڭ چىرىلداشلىرى لەيلانىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
ئۇلار دۆڭگە قاراپ ئىككى يۈز مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن، دۆڭ تۆپىسىدىكى تەكشى كەتكەن تۇزلەڭلىككە چىقتى. ئۇلار مېڭىشتىن توختىدى. لەيلا پېشانىسىدىكى تەرلەرنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ، يۈزىنىڭ ئالدىدا ئۇچۇپ يۈرگەن پاشىلارنى ھەيدىدى. تۇزلەڭلىكنىڭ ئۈستىدىن ئەتراپتىكى قاتمۇقات تاغلار، ئاندا ـ ساندا ئۆسكەن ئۇچ بۇرجەك يوپۇرماقلىق تېرەكلەر، ئاق تېرەكلەر، ئوخشىمىغان ياۋا چاتقاللىقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
— بۇ يەردە بۇرۇن بىر ئېرىق بولىدىغان، — دېدى ھەمزە ھاسىرىغان ھالدا، — لېكىن خېلى بۇرۇنلا قۇرۇپ كەتتى.
ئۇ لەيلاغا ئۆزىنىڭ لەيلانى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى، مۇشۇ قۇرۇق ئېرىقتىن ئۆتۈپ، دۆڭگە قاراپ ماڭسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
— مەن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇراي، — دېدى ئۇ ئاق تېرەكنىڭ ئاستىدىكى تاشتا ئولتۇرۇپ، — سىز مېڭىۋېرىڭ.
— ئۇزۇن ھايال بولمايمەن.

— ئەنسىرىمەڭ. خاتىرجەم بېرىپ كېلىڭ.

لەيلا ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ئېرىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ قويغان تاشقا دەسسەپ، ئۇ تەرەپكە ئۆتتى. گازلىق ئىچىملىكنىڭ بوتۇلكىلىرى ئېرىقتىكى تاشنىڭ ئەتراپىدا چېچىلىپ ياتاتتى. داتلىشىپ كەتكەن تۇنىكە قۇتىلار ئېرىقنىڭ ئاستىدىكى لايغا يېرىم پېتىپ قالغانىدى.

ئۇ دۆڭدىكى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان مەجنۇنتالنى كۆردى. ئۇنىڭ يۇرىكى دۈكۈلدەپ سېلىشقا باشلىدى. ئۇ مەجنۇنتالنىڭ مەريەم تەسۋىرلەپ بەرگىنىدەك تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكىلگەنلىكىنى كۆردى. لەيلا قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرالدى. تۆۋەن تەرەپتە ئولتۇرغان ھەمزە لەيلاغا ناھايىتى كىچىك كۆرۈندى. ئۇ يەردىكى تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلدى ـ يۇ، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تىزىغىچە تۈرۈپ، يولىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ مەجنۇنتالنىڭ تۈۋىگە يېتىپ كەلگەندە ھاسىراپ ھالىدىن كەتكەنىدى.

مەريەمنىڭ كۆلبىسى ئۆز جايىدا تۇراتتى.

ئۇ كۆلبىگە يېقىنلاشقاندا، دېرىزە ئەينىكى بىلەن ئىشىكنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى. مەريەم ئۇنىڭغا تەسۋىرلەپ بەرگەن توخۇ كاتەكلىرى، تونۇر ۋە ياغاچتىن ياسالغان ئامبارلاردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇ كۆلبىگە كىرىدىغان ئېغىزدا بىردەم سۈكۈتتە تۇردى. كۆلبىنىڭ ئىچىدە چىۋىنلار غوڭۇلداپ يۈرەتتى.

ئۇ ئىشىك ئېغىزىدىكى يوغان ئۆمۈچۈك تورىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۆيگە كىردى. كۆلبىنىڭ ئىچى قاراڭغۇ ئىدى. لەيلانىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇققا ماسلاشقاندىن كېيىن، ئەتراپنى كۆرۈشكە باشلىدى. كۆلبىنىڭ ئىچى لەيلا پەرەز قىلغاندىن خېلىلا كىچىك ئىدى. يەرگە ياتقۇزۇلغان تاختاينىڭ پەقەت بىر قىسمىلا قالغانىدى. لەيلا تاختاينىڭ قالغان قىسمىنىڭ يۇلۇپ ئېلىنىپ، ئوت قالاشقا ئىشلىتىلگەنلىكىنى پەرەز قىلدى. پول قۇرۇق غازاڭلار، چېقىلغان قۇرۇق بوتۇلكىلار، سېغىز قەغەزلىرى، ياۋا

گۆمبەمەدەك، سارغىيىپ كەتكەن تاماكا قالدۇقلىرىغا تولغان، قالغان قىسمىنى ياۋا ئوتلار قاپلىغانىدى. ئون بەش يىل. مانا بۇ مەريەم ئون بەش يىل ياشىغان جاي ئىدى.

لەيلا تامغا يۆلىنىپ يەردە ئولتۇرۇپ، مەجنۇنتالنى سىيپاپ كەلگەن شامالغا قۇلاق سالدى. تورۇستا ئۆمۈچۈك تورلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان، تامدا چوڭ قىلىپ يېزىلغان خەتنىڭ ئىزناسى تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆپ قىسمى سويۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەچكە، لەيلا ئۇ خەتنى ئوقۇشقا ئامالسىز قالدى. بىرئازدىن كېيىن، ئۇ خەتنىڭ رۇسچە يېزىلغانلىقىنى پەرەز قىلدى. تامنىڭ بىر بۆلۈكىدا قۇشنىڭ قۇرۇق ئۇۋىسى، يەنە بىر بۆلۈكىدا بىر شەپەرەڭ تورۇستىكى تۈۋرۈككە ئېسىلىپ تۇراتتى.

لەيلا كۆزىنى يۇمدى.

ئۇ پاكىستاندىكى ۋاقىتتا، مەريەمنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەي قىينىلاتتى. بەزى ۋاقىتلاردا، لەيلا خۇددى تىلىنىڭ ئۇچىدىكى سۆزنى تاپالمىغاندەك، مەريەمنىڭ چىرايىنى ئەسلىيەلمەيتتى. لېكىن، مۇشۇ ۋاقىتتا، مۇشۇ يەردە مەريەمنىڭ چىرايى لەيلانىڭ كۆز ئالدىدا ئۇ خۇددى ھايات چېغىدەكلا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ سىڭار يان قاراشلىرى، ئۇزۇن ئېڭىكى، تېرىلىرى پۈرلىشىپ كەتكەن بوينى، لەۋلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ كۈلۈشلىرى...

لەيلا مەڭزىنى مەريەمنىڭ يۇمشاق ئېتىكىگە قويدى. مەريەمنىڭ يېنىككىنە تەۋرىتىشلىرىنى سەزدى. ئەنە مەريەم قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى بوش ئاۋازدا ئوقۇماقتا. لەيلا ئۇنىڭ ھەربىر سۆزنى ئېغىزىدىن چىقارغاندا بەدىنىنىڭ يەڭگىل تىترەشلىرىنى سەزمەكتە.

تۇيۇقسىز، يەردىكى ئوت ـ چۆپلەر گويا بىرسى يىلتىزىدىن تارتىۋاتقاندەك يەر ئاستىغا چۆكۈپ غايىب بولدى. ئۆمۈچۈك تورلىرى سېھرىي كۈچ بىلەن تامدىن ئاجراشقا باشلىدى. قۇشنىڭ ئۇۋىسى ئۆزلۈكىدىن چۇۋۇلۇپ، چىۋىقلىرى بىر ـ بىرلەپ

يېشىلىپ كۆلىبىدىن ئۇچۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئۆچۈرگۈچ تامدىكى رۇسچە خەتلەرنى پاكپاكىز ئۆچۈردى.

يەردىكى تاختايلار جايىغا قايتىپ كەلدى. لەيلا كۆلىبىنىڭ ئىچىدىكى ئىككى كارىۋاتنى، ياغاچ ئۈستەلنى، ئىككى دانە ئورۇندۇقنى، بۇلۇڭغا قويۇلغان چويۇن مەشنى كۆردى. تامدىكى چىنە چەينەك ۋە پىيالىلەر تىزىلغان تەكچىلەرمۇ بۇرۇنقى ئورنىدا پەيدا بولغانىدى. لەيلا سىرتتا توخۇلارنىڭ چۇكۇلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. يەنە ئېرىقتىكى سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىناتتى. كىچىك مەريەم ئۈستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، كىرسىن چىراغىنىڭ يورۇقىدا، دىمىقىدا ناخشا غىڭشىغاچ قورچاق ئويناۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى سىلىق، پاكىز يۇيۇلغان چاچلىرى ئارقىغا تارالغان، ھەممە چىشلىرى ساق ئىدى. لەيلا مەريەمنىڭ توغرىسىغا توغرالغان تاتلىق بەرەڭگىنى شىلىم بىلەن قورچىقىنىڭ بېشىغا چاپلىشىغا قاراپ تۇردى. يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، بۇ كىچىك قىز ھاياتتىن ھېچقانداق نەرسە تەلەپ قىلمايدىغان، باشقىلارغا ھېچقانداق ئېغىرلىقىنى چۈشۈرمەيدىغان بىر ئايالغا ئايلىنىدۇ. ئۆزىنىڭمۇ دەردى، ئازابلىرى ۋە باشقىلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان شېرىن چۈشلىرى بارلىقىنى ھېچكىمگە تىنمايدۇ. بۇ ئايال خۇددى دەريانىڭ ئاستىدىكى تاشقا ئوخشاش، ئۈن ـ تىنسىز ھالدا تۇرمۇشنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ پاك قەلبىدىكى مېھرىبانلىق تۇرمۇشنىڭ قايناملىرىدا غايىب بولماي، ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

لەيلا ئۇ قىزنىڭ كۆزىدىن رەشىد ياكى تالىبانلار بۇزالمايدىغان، قورام تاشتىنمۇ مەزمۇت، ئاخىرىدا پەقەت مەريەمنىڭ ئۆزىگىلا مەنسۇپ بولغان، لەيلا ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان قىممەتلىك بىرنەرسىنى كۆردى.

قىزچاق بېشىنى كۆتۈرۈپ، قورچىقىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە

قويۇپ، لەيلاغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— لەيلا؟

لەيلا چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى - دە، تېز نەپەسلىنىپ ئالدىغا قاراپ ئۆمىلىدى. تورۇستىكى شەپەرەڭ لەيلانىڭ ھەرىكىتىدىن چۆچۈپ، كۆلىبىنىڭ ئىچىدە پالاقلاپ قالايمىقان ئۇچقاندىن كېيىن، دېرىزىدىن ئۇچۇپ كەتتى.

لەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشتىنىغا چاپلىشىپ قالغان غازاڭلارنى قاققاندىن كېيىن، كۆلىبىدىن قايتىپ چىقتى. سىرتتا كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىغانىدى. شامال يەردىكى ئوتلار بىلەن مەجنۇنتالنىڭ ئۇششاق شاخلىرىنى ھەر تەرەپكە يەلپۈيتتى.

لەيلا تۇزلەڭلىكتىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن، مەريەم ئۇخلىغان، تاماق يېگەن، جېلىلنى ساقلىغان كۆلىبىگە ئاخىرقى قېتىم نەزەر سالدى. مەجنۇنتالنىڭ شاخلىرى ھەر قېتىملىق شامالدا ئۆرۈلۈپ چۇشۇشكە باشلىغان تامغا ئۇرۇلۇپ، كۆڭۈلسىز ئاۋاز چىقىراتتى. قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن قاغا كۆلىبىنىڭ ئۇستىگە قونۇپ، بىرنەرسىنى چوقۇپ ئالغاندىن كېيىن، قاقىلدىغان ھالدا يەنە ئۇچۇپ كەتتى.

— خەير - خوش، مەريەم.

لەيلانىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزىدىن تاراملاپ چۇشۇشكە باشلىدى. ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا يۇگۇرۇپ دېگۇدەك قايتتى. ھەمزە تېخىچە تاش ئۇستىدە ئولتۇراتتى. ئۇ لەيلانى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇردى.

— قايتايلى، — دېدى ھەمزە، — سىزگە بېرىدىغان بىرنەرسە بار.

لەيلا ئالدى ئىشىكنىڭ يېنىدىكى گۈللۈكتە ھەمزەنى ساقلىدى. ئۇلارغا چاي ئەكەلگەن بالا ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئاستىدا توخۇنى قولتۇقىغا قىسقان ھالدا لەيلاغا قاراپ تۇراتتى. لەيلا باشلىرىغا ھىجاپ ئارتىۋالغان ئىككى ئايالنىڭ ئۆي ئىچىدىن

ئۆزىگە تارتىنغان ھالدا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئاياللارنىڭ بىرسىنىڭ يېشى چوڭراق، يەنە بىرسى يىگىرمە ياش ئەتراپىدا ئىدى.

ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ھەمزە بىر قولىدا بىر ساندۇقنى كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كەلدى.

ئۇ ساندۇقنى لەيلاغا تەڭلىدى.

— جېلىلخان بۇ ساندۇقنى ئۆلۈپ كېتىشتىن بىرنەچچە ئاي بۇرۇن دادامغا بېرىپتىكەن، — دېدى ھەمزە، — ئۇ دادامغا مەريەم ئۇچۇن ئوبدان ساقلاپ قويۇشنى ئېيتىپتىكەن. دادام بۇ ساندۇقنى ئىككى يىل ساقلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۆلۈپ كېتىشنىڭ ئالدىدا، بۇنى ماڭا بېرىپ، مەريەم ئۇچۇن ساقلاپ بېرىشىمنى تاپشۇرغان. لېكىن، ئۇ... سىزنىڭ خەۋىرىڭىز بولغىنىدەك بۇ يەرگە پەقەت كېلىپ باقمىدى.

لەيلا تۇخۇم شەكىللىك شاكىلات قۇتىسىغا ئوخشايدىغان تۆمۈر ساندۇققا قارىدى. زەيتۇن رەڭگىدىكى ساندۇقنىڭ چۆرىسىگە بېرىلگەن ئالتۇن رەڭ ھەل ئاللىقاچان ئۆپراپ كەتكەنىدى. ساندۇقنىڭ ئىككى تەرىپى بىرئاز داتلاشقان بولۇپ، ئاغزىنىڭ ئالدى تەرىپىدە كىچىككىنە ئويمان بار ئىدى. لەيلا ساندۇقنى ئاچماقچى بولدى. لېكىن، ساندۇقنىڭ ئېغىزى قۇلۇپلاقلىق ئىدى.

— بۇنىڭ ئىچىدە نېمە بار؟

ھەمزە ئاچقۇچنى ئۇنىڭ ئالىقىنىغا قويدى.

— دادام بۇ ساندۇقنى ئېچىپ باقمىدى. مەنمۇ ئاچمىدىم. بۇ ساندۇقنى ئېچىش سىزگە نېسىپ بولغانىكەن، بۇمۇ ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولسا كېرەك.

لەيلا مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدى. تارىق بىلەن باللار تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنىدى.

لەيلا ساندۇقنى تىزىغا قويۇپ، كارىۋاتتا ئولتۇردى. ئۇنىڭ

كۆڭلىنىڭ بىر يېرى ساندۇقنى ئاچماسلىقنى، جېلىلىنىڭ ئېيتماقچى بولغانلىرىنىڭ مەڭگۈ سىر بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلدى. لېكىن، ئاخىرىدا ئۇنىڭ قىزىقىشى ھەممىنى يەڭدى. ئۇ يانچۇقىدىكى ئاچقۇچقا قولىنى ئۇزارتتى. ئۇ سەل ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ساندۇقنى ئاچتى.

ساندۇقنىڭ ئىچىدە بىر كونۋېرت، بىر كىچىك خالتا ۋە بىر سىن لېنتىسى بار ئىدى.

لەيلا لېنتىنى كۆتۈرۈپ، كۇتۇش ئۇستىلىگە كەلدى. ئوتتۇرا ياشلىق كۇتكۇچى ئۇنىڭغا مېھمانخانىدا پەقەت بىرلا سىنئالغۇ بارلىقىنى، ئۇنىڭ مېھمانخانىنىڭ ئەڭ چوڭ ياتىقىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ياتاقتا مېھمان بولمىغاچقا، كۇتكۇچى لەيلانى ئۇ سىنئالغۇ قويۇقلۇق ياتاققا باشلاپ كىرىشكە ماقۇل بولدى. ئۇ يانفوندا سۆزلىشىۋاتقان، كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىۋالغان بىر ياش بالىغا كۇتۇش ئۇستىلىگە قاراپ قويۇشنى تاپىلاپ، لەيلانى ئىككىنچى قەۋەتكە باشلاپ ماڭدى.

ئۇ قولۇپنى ئېچىپ، لەيلانى ياتاققا كىرگۈزدى.

لەيلا ئەتراپقا قاراشقا ئۈلگۈرمەيلا بۇلۇڭغا قويۇقلۇق تېلېۋىزورغا قاراپ ماڭدى. ئۇ تېلېۋىزورنى ئېچىپ، سىنئالغۇغا لېنتىنى سالدى. ئېكراندا خىلى ۋاقىتقىچە سۇرەت كۆرۈنمىدى. لەيلا جېلىلىنىڭ نېمە ئۈچۈن قۇرۇق لېنتىنى مەرىيەمگە بەرمەكچى بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمەي تۇرۇپ قالدى. بىراق، بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن مۇزىكا چىقىپ، ئارقىدىن ئېكراندا سۇرەتلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. لەيلا قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ھالدا، فىلىمنى بىرنەچچە مىنۇت دىققەت بىلەن كۆردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، فىلىمنى توختىتىپ، ئالدىغا بىرئاز ماڭدۇرغاندىن كېيىن، يەنە قويدى. يەنە ئوخشاش فىلىم كۆرۈندى.

كۇتكۇچى ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

ئېكراندا قويۇلۇۋاتقىنى «ۋولتېر دىسنېي» شىركىتىنىڭ «پىناكىيو» ناملىق، ياغاچ قونچاق توغرىسىدىكى فىلىمى ئىدى،

لەيلا بۇ فىلىمنىڭ نېمە ئۈچۈن ساندۇقتا سېلىنغانلىقىنى چۈشەنمىدى.

كەچ سائەت ئالتىلەر بولغاندا تارىق بىلەن باللار ياتاقتا قايتىپ كەلدى. ئەزىزە لەيلانىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، تارىق ئېلىپ بەرگەن كېپىنەك شەكىللىك كۆمۈش ھالقىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. زالماي بولسا سىقسا ئاۋاز چىقىرىدىغان دېلفىننى چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدى.

— ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ — دەپ سورىدى تارىق لەيلانىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ.

— ياخشى، — دېدى لەيلا، — مەن ساڭا كېيىنچە ھەممىنى دەپ بېرىمەن.

ئۇلار مېھمانخانىغا يېقىن جايدىكى بىر كاۋاپخانىغا كەچلىك تاماق يېيىش ئۈچۈن كىردى. كاۋاپخانىنىڭ ئىچى كىچىك، ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە مايلىشىپ كەتكەن سولياۋ داستىخان سېلىنغانىدى. كاۋاپخانا ئىچىنى ئىس بىر ئالغانىدى. كاۋاپ ناھايىتى يۇمشاق پىشقان، نانمۇ ئىسسىق ئىدى. ئۇلار تاماقتىن كېيىن كوچىنى بىردەم ئايلاندى. تارىق باللارغا كوچىدىكى باققالدىن ئەتىرگۈل ماروژنىسى ئېلىپ بەردى. ئۇلار ماروژنىنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ يېيىشتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى تاغ چوققىلىرى شەپەق نۇرىدا قاپقارا كۆرۈنەتتى. ھاۋا ئىسسىق بولۇپ، چىنارنىڭ ھىدى دىماققا ئۇرۇلاتتى.

تارىق بىلەن باللار قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، لەيلا سىنئالغۇ لېنتىسىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز ياتىقىغا قايتىپ كىرىپ كونۋېرتنى ئاچقانىدى. كونۋېرتنىڭ ئىچىدە سىزىقلىق سېرىق قەغەزگە كۆك رەڭ بىلەن يېزىلغان بىر پارچە خەت بار ئىدى.

خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

1987 ـ يىلى، ئارسلان ئېيىنىڭ 13 ـ كۈنى.

قەدىرلىك مەريەم:

مەن سېنىڭ بۇ خەتنى ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇۋېلىشىڭنى ئۇلۇغ ئاللادىن تىلەيمەن. سېنىڭ خەۋىرىڭ بولغاندەك، مەن بىر ئاي بۇرۇن كابۇلغا سەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بارغانىدىم. لېكىن، سەن مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلدىڭ. گەرچە كۆڭلۈم يېرىم بولغان بولسىمۇ، ھەرگىز سەندىن رەنجىمەيمەن. ئەگەر مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بولغان بولسامىمۇ چوقۇم شۇنداق قىلغان بولاتتىم. مەن سېنىڭ ماڭا بولغان مېھرىڭدىن خېلى بۇرۇنلا مەھرۇم قالدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئالدىڭدا ئەيىبلىكمەن. لېكىن، ئەگەر سەن بۇ خەتنى ئوقۇۋاتقان بولساڭ، چوقۇم مەن سېنىڭ ئىشىكىڭنىڭ ئالدىغا قويۇپ كەتكەن خەتنى ئوقۇغان، مېنىڭ تەلىپىم بويىچە فەيزۇللا موللامنىڭ قېشىغا كەلگەن بولىسەن. سېنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن مەن ئىنتايىن خۇشال، مەريەم. ئۆزۈمنىڭ ساڭا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قالدۇرالىغىنىم ئۈچۈن ئىنتايىن مىننەتدارمەن.

گەپنى قەيەردىن باشلىسام بولار؟

بىز ئاخىرقى قېتىم سۆزلەشكەندىن بۇيان، سېنىڭ بۇ داداڭ نۇرغۇن دەرد تارتتى. ئۆگەي ئاپاڭ ئەفسۇن 1979 ـ يىلىدىكى قوزغىلاڭدا قازا تاپتى. شۇ كۈنى، غايىبتىن كەلگەن ئوق سىڭلىڭ نىلۇفەرنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. مېنىڭ قەدىرلىك نىلۇفەرىمنىڭ مېھمانلارنى ھەيران قالدۇرۇش ئۈچۈن بېشىچىلاپ تىك تۇرۇشلىرى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئاكاڭ فەرھاد 1980 ـ يىلى ئۇرۇشقا قاتناشتى. 1982 ـ يىلى سوۋېتلىكلەر ئۇنى خېلماندنىڭ سىرتىدا ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولمىدى. مەن سېنىڭ بالىلىرىڭنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلمىدىم. ئەگەر شۇنداق بولسا ئاللادىن ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى تىلە. ساڭا مەن تارتقان بالا ئازابىنى كۆرسەتمەسلىككە دۇئا قىل. ئۇلار مېنىڭ چۈشۈمگە كىرىدۇ. مەن ئۆلۈپ كەتكەن بالىلىرىمنى دائىم چۈشۈمدە كۆرىمەن.

مەن سېنىمۇ چۈشەيمەن، مەريەم. سېنىڭ ئاۋازىڭنى، كۈلكەڭنى سېغىنىمەن. ساڭا كىتاب ئوقۇپ بەرگەن، سەن بىلەن بىللە بېلىق تۇتقان چاغلارنى ئەسلەيمەن. بىز بىللە بېلىق تۇتقان چاغلار ھېلىمۇ

ئېسىڭدىمۇ؟ سەن ياخشى قىز ئىدىڭ، مەريەم. مەن ھەر قېتىم سېنى ئەسلىگىنىمدە، يۈرىكىمنى نومۇس ۋە پۇشايمان قاپلايدۇ. پۇشايمان... ساڭا كەلگەندە، مەريەم، پۇشايمىنىم گويا دېڭىزدەك چوڭقۇر: سەن ھېراتقا مېنى ئىزدەپ كەلگەندە، سەن بىلەن كۆرۈشمىگىنىمگە پۇشايمان قىلىمەن.

ئۆزۈمنىڭ ئىشىكنى ئېچىپ، سېنى باشلاپ كىرمىگىنىمگە پۇشايمان قىلىمەن. سېنى ئۆز قىزىم قاتارىدا كۆرۈپ، سېنى بۇ جايدا ياشاشقا يول قويمىغىنىمغا پۇشايمان قىلىمەن. مەن نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم؟ يۈزۈمنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقۇپمۇ؟ ئۆزۈمنىڭ نامىنى قوغداش ئۈچۈنمۇ؟ بۇ نەس باسقان ئۇرۇشتا ھەممە نەرسەمدىن ئايرىلىپ، شۇنچە ئازابلىق ئىشلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ ئابرۇينىڭ ماڭا نېمە كېرىكى بولدى؟ ئەپسۇسكى، مەن كېچىكتىم. بەلكىم بۇلارنىڭ ھەممىسى مەندەك يۈرىكى قارىلارنىڭ تارتىدىغان جازاسىدۇر. مېنىڭ ھازىر سېنىڭ قانداق ياخشى قىز ئىكەنلىكىڭنى، مېنىڭ سېنىڭ داداڭ بولۇشقا ئەرزىمەيدىغانلىقىمنى ئېيتىشتىن باشقا ئامالىم يوق. مەن سېنىڭ مېنى كەچۈرۈشۈڭنى سورايمەن. مېنى كەچۈر، مەريەم. مېنى كەچۈر. مېنى كەچۈر.

مەن سەن بىلىدىغان چاغلاردىكىدەك باي ئەمەس. كوممۇنىستلار مېنىڭ يەرلىرىمنىڭ كۆپ قىسمىنى، دۇكانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋالدى. لېكىن، خۇداغا شۈكۈر، بىر سەۋەبلەر بىلەن باشقىلارغا قارىغاندا يەنىلا ئەھۋالىم ياخشى. مەن كابۇلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەرلىرىمنىڭ قالغان قىسمىنى ساتالىدىم. ساڭا تەئەللۇق مىراسنى شۇنىڭ ئىچىگە قاتتىم. سېنىڭ كۆرگىنىڭدەك، ئۇ چوڭ بايلىقمۇ ئەمەس. لېكىن، ھەرھالدا ساڭا ئازراق ياردىمى تېگىپ قالار.( مەن يەنە ئۇ پۇللارنى دوللارغا ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشتىم. مېنىڭچە مۇشۇنداق قىلغىنىم توغرا. چۈنكى، بىزنىڭ پۇللىرىمىزغا نېمە قىسمەت يېتىدىغانلىقىنى ئاللا ئۆزى بىلىدۇ.)

مەن سېنىڭ بۇ قىلغىنىمنى خاتا چۈشىنىپ قالماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ھەرگىزمۇ سېنىڭ مېنى كەچۈرۈشۈڭنى پۇل بىلەن سېتىۋالماقچى ئەمەس. سېنىڭ مېھرىڭنى پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى مېنىڭ چۈشىنىدىغانلىقىمغا ئىشىنىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن پەقەت ساڭا بۇرۇنلا مەنسۇپ

بولغان ھەقىقەتنى بەرمەكچىمەن. مەن سەن ئۈچۈن بىر مەسئۇلىيەتچان دادا بولالمىدىم. بەلكىم ئۆلۈش ئالدىدا بولسىمۇ مەسئۇلىيىتىمنىڭ ئازراق بىر قىسمىنى بولسىمۇ ئادا قىلىش ئارزۇيۇم بار.

توغرا، ئۆلۈم. مەن ساڭا تەپسىلاتىنى چۈشەندۈرۈپ سېنى بىئارام قىلغۇم يوق. لېكىن، مېنىڭ ساناقلىق كۈنۈملا قالدى. دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، يۈرىكىم ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. مەندەك بىر ئاجىز بەندىگە ئۆلۈم كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ.

مەريەم، سەن مۇشۇ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، گەرچە مەن ساڭا نامەردلىك قىلغان بولسامۇ، سېنىڭ ماڭا رەھىم قىلىشىڭنى، يۈرىكىڭنى ئېرىتىپ، مەندەك بىر داداڭنى يوقلاپ كېلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. سېنىڭ مېنىڭ ئىشىكىمنى يەنە بىر قېتىم چېكىشىڭنى، ئۆزۈمنىڭ يەنە بىر قېتىم ساڭا ئىشىك ئېچىپ، سېنى باغرىمغا بېسىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشىمنى چىن قەلبىمدىن تىلەيمەن، قىزىم. بۇ ئۈمىدلىرىمنىڭ گويا مېنىڭ يۈرىكىمدەك ئاجىز، ئەمەلگە ئېشىش ئېھتىماللىقى تۆۋەن ئىكەنلىكى ماڭا مەلۇم. لېكىن، مەن ساقلايمەن. سېنىڭ ئىشىكىمنى قېقىشىڭنى كۈتىمەن.

ئاللا ساڭا ئۇزاق ۋە باياشات تۇرمۇش ئاتا قىلسۇن، قىزىم. ئۇلۇغ ئىگەم ساڭا ساغلام، چىرايلىق پەرزەنتلەرنى بەرسۇن. مەن ساڭا بېرەلمىگەن خۇشاللىق، تىنچلىق، ئۆزۈڭگە ئەزەلدىن مەنسۇپ بولۇشقا تېگىشلىك ئىجتىمائىي ئورۇن ئاتا قىلسۇن.

ئامان بول.

مەن سېنى ئۇلۇغ ئىگەمنىڭ قولىغا تاپشۇردۇم.

سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە ئەرزىمەيدىغان داداڭ جېلىل.

تارىقلار مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدى. باللار بىردەم ئوينىغاندىن كېيىن، ئۇيقۇغا كەتتى. لەيلا تارىققا خەت توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، كىچىك خالتىدىكى پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. تارىق لەيلانىڭ مەڭزىدىكى ياشلارنى سۈرتتى. ئۇنىڭ يۈزىگە سۆيۈپ، ئۇنى باغرىغا باستى.

# ئەللىك بىرىنچى باب

2003 ـ يىلى ئاپرېل

قۇرغاقچىلىق ئاياغلاشتى. ئۆتكەن يىلى قىشتا ئاخىر تىزغا كەلگۈدەك قار ياغدى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى يامغۇر توختىماي يېغىۋاتاتتى. كابۇل دەرياسىغا سۇ كېلىپ، ئەتىيازدىكى كەلكۈن سۇلىرى «تىتانىك» بازىرىنى يۇتۇپ كەتتى. كوچىلار يەنە بىر قېتىم پاتقاقچىلىق بولۇپ ئاياغلار لايغا چىلاشتى. ماشىنىلارنىڭ چاقلىرى ئازگاللارغا پېتىپ قالدى. لىق ئالما قاچىلانغان ئېشەك هارۋىلىرى يامغۇر سۇلىرىنى ئەتراپقا چاچرىتىپ كېتىۋاتاتتى. بىراق، هېچكىممۇ پاتقاقتىن زارلانمىدى. هېچكىممۇ يوقالغان «تىتانىك شەهىرى» ئۈچۈن كۆڭلىنى يېرىم قىلمىدى. كىشىلەر: «بىز بۇرۇنقى يېشىللىققا پۈركەنگەن كابۇلغا تەشنا» دېيىشەتتى.

لەيلا بالىلىرىنىڭ ئارقا هويلىدا يۈگۈرۈپ ئويناشلىرىغا زوقلىنىپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇلار دېهمازاڭغا جايلاشقان بۇ ئىككى ئېغىزلىق ئۆينى ئىجارە ئالغانىدى. هويلىدا بىر تۈپ ئانار دەرىخى بىلەن قويۇق ئۆسكەن ئازغان گۈللىرى بار ئىدى. تارىق تاملارنى سۇۋاپ، هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىيرىلغۇچ، ئىلەڭگۈچ ياسىدى. زالمايىنىڭ ئۈچكىسى ئۈچۈن كىچىككىنە بىر ئېغىلمۇ ياساپ بەردى. زالماي تارىقنى دوراپ چېچىنى ئالدۇرۇۋەتتى. زالماي بىلەن بىللە بابالۇ ئايىتىنى ئوقۇشنى ئەمدى تارىق ئۈستىگە ئالغانىدى. ئەزىزەنىڭ چاچلىرى يامغۇردا تۈزلىنىپ قالغانىدى، هەر قېتىم بېشىنى سىلكىگەندە چېچىدىكى يامغۇر سۈيى زالمايىنىڭ يۈزلىرىگە چاچرايتتى.

زالـماي ئالـتـه ياشقا كـىرىش ئالـدىدا تۇراتتـى. ئۇلار ئۆتكـەن ھـەپـتـە ئەزىـزەنـىڭ ئون يـاشـقا كـىرگـەن تۇغۇلـغـان كۈنـىـنـى تەبرىكـلـەپ، ئۇنى كـىنوخانـىغا ئاپـاردى. «تىتانىك» فىلـىمىنـى كـىنوخانـىدا ئوچۇق ـ ئـاشكارا كۆرۈش كـابۇللـۇقـلارغا ئاخـىـر نېسىپ بولغانىدى.

ـــ تېز بولۇڭلار بالىلىرىم. بولمىسا كېيىن قالـىسىلـەر، ـــ دەپ چاقىردى لەيلا ئۇلارنىڭ چۇشلۇك تامىقىنـى قەغەز خـالـتىغـا سالـغاچ. ھازىر ئـەتىگەن سـائەت سەككـىز بولغـان، لەيلا سائـەت بەشتـىـلا ئورنىـدىـن تۇرۇپ كەتكـەنىدى. ئـەزىـزە ئۇنى بـامـدات نامىزىغا ئويغاتقانىدى. بۇ ناماز ئەزىزەگە مەريەمنى ئەسلىتەتتـى، رەھـىمسـىـز ۋاقىت ئۇنـىڭ مەريەم تـوغرۇلۇق ئەسـلـىمـىـلـىرىنـى خۇددى ياۋا ئوتـنـى يۇلۇپ تـاشـلـىغـانـدەك ئۇنـىڭ قـەلبـىـدىـن يـوقىتـىـۋەتكـۈچـە، ئـۇنىڭ مـەريـەمگە يـېقـىن تـۇرىـدىغان يـولـى ئىكەنلىكى لەيلاغا ئايان ئىدى.

نامازدىن كېيىن لەيـلا كارىۋاتقـا قايتا چـىقىپ ياتتى. تارىـق ئۆيدىن سـىرتقا ماڭغاندا ئۇ يەنە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ تارىقنـىـڭ ئـۆزىنـىڭ مـەڭزىگە سـۆيگـىنـىـنى غـۇۋا ئـېسـىـگـە ئالدى. تـارىـق فىرانسىيەنىڭ بىر خەير ـ ساخاۋەت تەشكىلاتىنىڭ مـىنالارنىـڭ زىـيانكەشـلـىكـىـگە ئۇچرىغانلارنى سۈنئىي پـۇت ـ قول بـىـلـەن تەمىنلەشكە مەسئۇل شۆبىسىدىن خىزمەت تاپقانىدى.

زالماي ئەزىزەنىڭ ئارقـىسىدىن قوغـلاپ ئاشخانـىغا يۈگـۈرۈپ كـىردى.

ـــ ئىككىڭلار دەپـتـەر، قـىرىـنداشلـىرىڭلارنى ئـالدىڭـلارمـۇ؟ كىتابىڭلارنىچۇ؟

ـــ ماۋۇ يـەردە، ـــ دېـدى ئـەزىزە سـومـكـىسـىـنـى ئېـچـىـپ كـۆرسـىتـىـپ. ئەزىزەنـىڭ دۇدۇقلاشلـىـرى بارغانسـېرى ئازلاشـقـا باشلىغانىدى.

ـــ ئۇنداق بولسا ماڭايلى.

لەيلا بالىلارنى ئىشىكتىن چـىقىرىـپ، قۇلۇپـنـى ئەتتى. ھـاۋا

سالقىن بولسىمۇ، بۇگۈن يامغۇر ياغمىغانىدى. كۆپكۆك ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشقان ھالدا ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ ماڭدى. كوچىلار ئالىقاچان ئۆچ چاقلىق ھارۋا، تاكسى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يۈك ماشىنىلىرى ۋە جىپلار بىلەن تولغانىدى. ئۆيقۇلىرى تولۇق يېشىلمىگەن تىجارەتچىلەر دۇكانلىرىنىڭ تۆمۈر ئىشىكلىرىنى ئېچىشىۋاتاتتى. سېغىز كەمپۈت ۋە تاماكا ساتىدىغانلار ئاللىقاچان تىجارىتىنى باشلىۋەتكەن، تۇل ئاياللار بولسا كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن پۇل تىلىمەكتە ئىدى.

كابۇلدا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. كىشىلەر ئۆيلىرىنىڭ ئالدىغا كۆچەت تىكىپ، كونىراپ كەتكەن ئۆيلىرىنى سىرلاپ، يېڭى ئۆيلەرنى سېلىش ئۈچۈن پىششىق خىشلارنى توشۇيتتى. ھويلىلىرىغا ئېرىق ۋە قۇدۇقلارنى قازاتتى. دېرىزە تەكچىلىرىدە گۈل تەشتەكلەر قاتار تىزىلغانىدى. يېقىندا تېخى تارىق لەيلا ۋە بالىلارنى يېڭىدىن رېمونت قىلىنغان بابۇر باغچىسىغا ئاپاردى. شۇنچە يىللاردىن كېيىن، كابۇلنىڭ كوچا دوقمۇشىدا راۋاب، دۇتار، گارمۇن ۋە تەمبۇرنىڭ ئاۋازى، ئەھمەد زاھىرنىڭ كونا ناخشىلىرى ياڭراشقا باشلىدى.

لەيلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى. ئەپسۇسكى كابۇل خۇددى جېلىلنىڭ خېتىگە ئوخشاشلا تولىمۇ كېچىكىپ توۋا قىلغانىدى.

لەيلا بالىلار بىلەن بىللە بىر كوچىدىن كېسىپ ئۆتمەكچى بولغاندا، «جاھان كەزگۈر» ماركىلىق بىر ماشىنا ئۇلاردىن قول يەتكۈدەك يىراقلىقتىن يولدىكى يامغۇر سۈيىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىبېشىغا چاچرىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. قورقۇپ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغان لەيلا بالىلىرىنى ئارقىسىغا تارتتى. ماشىنا ئىككى قېتىم ئۇنلۇك ئاۋازدا سىگنال بەرگەندىن كېيىن، كوچىدىن ئۇچقاندەك قايرىلىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

لەيلا بالىلىرىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتقىنىچە ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن غەزەپ بىلەن قاراپ تۇردى. مىلىتارىستلارنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ كابۇلغا قايتىپ كېلىشىگە يول قويۇلدى. لەيلانىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىللار ئەمدىلىكتە گۈللەر بىلەن ئورالغان ئېسىل ئۆيلەردە ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇلار ئەمدىلىكتە ئۇ مىنىستىرلىقنىڭ مىنىستىرى، بۇ مىنىستىرلىقنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى دېگەن ئەمەللەرگە ئېرىشىپ، ئۆزلىرى ۋەيران قىلغان مەھەللىلەردە دېرىزىسىدىن ئوق ئۆتمەيدىغان ماشىنىلارنى ھەيدەپ يۈرۈشىدۇ. مانا بۇ رېئاللىق لەيلانىڭ غەزىپىنى قوزغايتتى.

بىراق، لەيلا ئۆزىگە ئۆزىنىڭ قارشىلىق ۋە ئۆچمەنلىكىنىڭ قولى بولمايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغانىدى. مەريەممۇ ئۇنىڭ بۇنداق بولۇشىنى خالىمايتتى. ئەگەر مەريەم ھايات بولغان بولسا: «ئۇنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ بۇنداق قىلىشنىڭ نېمە پايدىسى، لەيلا؟» دېيىشى ئېنىق ئىدى. شۇڭا، لەيلا ئۆزى ئۈچۈن، تارىق ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن ئالدىغا قاراپ مېڭىشنى قارار قىلدى. يەنە مەريەم ئۈچۈنمۇ شۇنداق قىلماقچى بولدى. لەيلا مەريەمنى دائىم چۈشىدە كۆرەتتى. ئۇ ئاللىقاچان ئۆتمۈشنى ئارقىسىغا تاشلاپ، ئالدىغا قاراپ ماڭدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قولىدىن كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارىماقتىن باشقا ئىش كەلمەيتتى.

زامان تىزىنى ئېگىپ، بىر قولىدا ۋاسكېتبولنى يەرگە ئۇرغاچ، مەيداننىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان بىر توپ ئوغۇل بالىلارغا توپ ئويناش قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇچىسىدا ئوخشاش تەنھەرىكەت كىيىمى. بىر توپنى قولتۇقىغا قىسىپ بالىلارغا بىرنەرسىلەرنى دەۋاتقان زاماننىڭ كۆزى لەيلاغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ لەيلاغا قاراپ، قولىنى پۇلاڭشىتىپ ۋارقىرىدى:

— سالام، مۇئەللىم ساھىب !

لەيلا قولىنى پۇلاڭشىتىپ، ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى.

دارىلئېتامىنىڭ شەرقىي تېمىنى بويلاپ ئالما كۆچەتلىرى قاتار تىكىلگەنىدى. لەيلا جەنۇب تەرەپتىكى تام پۇتۇشى بىلەنلا يەنە بىرنەچچە رەت كۆچەت تىكىشنى پىلانلىدى.

هويلىدا يېڭى ئىلەڭگۈچ، يېڭى تورنىك ۋە بالىلار ئوينايدىغان سىيرىلغۇچلار بار ئىدى. لەيلا ئىشىكنى ئېچىپ بىناغا كىرىپ كەتتى.

ئۇلار دارىلئېتامىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى يېڭىدىن سىرلاپ چىققانىدى. تارىق بىلەن زامان ئۆيلەرنىڭ تورۇسلىرىدىكى تۆشۈكلەرنى ئېتىپ، تاملارنى سۇۋاپ، دېرىزىلەرنى ئالماشتۇرۇپ، بالىلار ئۇخلايدىغان يەرگە گىلەملەرنى سالدى. ئۆتكەن يىلى قىشتا لەيلا بالىلارغا بىرنەچچە كارىۋات، ياستۇق ۋە يۇڭ ئەدىياللارنى سېتىۋالدى. ئۇ يەنە چويۇن مەشلەرنى سېتىۋېلىپ، ھەممە ئۆيگە بىردىن ئورناتتى. بىر ئاي بۇرۇن، كابۇلنىڭ «ئانىس» گېزىتى ئۇلار توغرۇلۇق خەۋەر باستى. مۇخبىر يەنە زامان، تارىق، لەيلا ۋە دارىلئېتامدىكى بىرقانچە بالىنىڭ سۈرىتىنىمۇ گېزىتكە چىقارغانىدى. لەيلا گېزىتتىكى خەۋەرنى ئوقۇۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى دوستلىرى گىتى بىلەن خاسىنانى ئەسلىدى.

«گىتى بىلەن ئىككىمىز يىگىرمىگە كىرگۈچە تۆت ـ بەش بالا تۇغۇپ بولىمىز. لېكىن، سەن لەيلا، بىزدەك قاپاقباشلار پەخىرلەنگۈدەك ئادەم بولىسەن. خۇدايىم بۇيرۇسا، بىر كۈنلەردە گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىدە سۈرىتىڭنى كۆرۈشكە نېسىپ بولىدىغانغا ئىشەنچىم بار» دېگەنىدى ئۇلار.

گەرچە لەيلانىڭ سۈرىتى باش بەتتە بولمىسىمۇ، خاسىنانىڭ پەرىزى توغرا بولۇپ چىقتى.

لەيلا ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا مەريەم بىلەن بىللە ئەزىزەنى زامانغا تاپشۇرغان كارىدورغا قاراپ ماڭدى. شۇ ۋاقىتتا ئەزىزەنىڭ قوللىرىنى ئۆزىنىڭ قولىدىن قانداق ئاجراتقانلىقى لەيلانىڭ

تېخىچە يادىدا بار ئىدى. ئۇ مۇشۇ كارىدوردا يېشىنى ئەزىزەگە كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن كۈچىنىڭ بارىچە يوگۈرگەن، مەريەم بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چاقىرغانىدى. ئەزىزەنىڭ ئىچىنىشلىق يىغا ئاۋازى ھېلىمۇ لەيلانىڭ قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەيتتى. كارىدورنىڭ تاملىرى ئەمدىلىكتە ھەر خىل دىنازاۋۇر، قورچاقلار ۋە بامىيانلىكى بۇددالارنىڭ رەسىملىرى بىلەن بېزەلگەنىدى. كارىدورنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە دارىلئېيتامدىكى باللارنىڭ سىزغان رەسىملىرى چاپلانغان بولۇپ، ئۇ رەسىملەرنىڭ كۆپ قىسمىدا تانكىلارنىڭ ئۆينىڭ ئۈستىدىن بېسىپ ئۆتۈۋاتقان، ئەرلەرنىڭ ئاپتومات ئېتىۋاتقان ھالىتى ۋە ئۇرۇش كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرلەنگەنىدى. رەسىملەرنىڭ بەزىلىرىدە پاناھلىق لاگېرىدىكى چېدىرلارمۇ سىزىلغانىدى.

لەيلا كارىدوردىن قايرىلدى. باللار سىنىپىنىڭ سىرتىدا ئۇنى ساقلاۋاتاتتى. بېشىغا ياغلىق ئارتىۋالغان قىزلار، پاكىز قىرىلغان بېشىغا دوپپا كىيىۋالغان ئوغۇللار لەيلانى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئۇلار لەيلانى چۆرىدىگىنىچە بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، بەس ـ بەستە چۇرقىرىشاتتى. قوللىرىنى لەيلاغا سوزۇپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتماقچى بولۇشاتتى. بەزىلىرى لەيلانى «ئانا» دەپمۇ چاقىرىشاتتى.

لەيلا باللارنى قاتار تىزىلدۇرۇپ، سىنىپقا باشلاپ كىردى.

تارىق بىلەن زامان بۇ سىنىپنى ئىككى قوشنا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تامنى بۇزۇپ ياساپ بەرگەنىدى. سىنىپنىڭ ئاستىغا ياتقۇزۇلغان خىشلار كونا ۋە سۇنۇپ كەتكەن، ۋاقتىنچە بىرىزېنت پالاس سېلىپ قويۇلغانىدى. لېكىن، تارىق ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پات يېقىندا پولغا يېڭى سېمونت بىلەن خىش ياتقۇزۇپ بېرىدىغانلىقىنى، ئۈستىگە گىلەم سېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋەدە قىلغانىدى. ئىشىكنىڭ ئۈستىگە تۆت بۇرجەك تاختاي مىخلانغان بولۇپ، زامان تاختايىنى قوۋم قەغەز بىلەن

سىلىقلاشتۇرۇپ، ئاق سىر بىلەن سىرلاپ، ئۈستىگە تۆت مىسرا شېئىر يېزىپ قويدى. بۇ شېئىر زامانىنىڭ «ئافغانىستانغا ياردەم قىلغان پۇللار كەلمەيدۇ. دۆلەتنى قايتا قۇرۇش باسقۇچىنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا، ھۆكۈمەتتە چىرىكلىشىش ئېغىر. تالىبانلار يەنە قايتا تەشكىللىنىۋېتىپتۇ. ئۇلار قايتىپ كېلىپ قىساس ئالىدۇ. دۇنيا يەنە ئافغانىستاننى ئۇنتۇپ قالىدۇ» دەپ ۋايساۋاتقانلارغا بەرگەن جاۋابى ئىدى.

زامانىنىڭ يازغان شېئىرى ھافىزنىڭ غەزەللىرىدىن ئارىيە ئىدى:

يۇسۇف قايتىپ كەلسە كەنانغا، قايغۇرماڭلار،
گۈلىستانلار ئايلانسا خارابىلىككە، قايغۇرماڭلار.
كەلكۈن كېلىپ سۇ باسسا بۇ ئالەمنى،
نوھ ئەلەيھىسسالام باشلاپ ماڭار، قايغۇرماڭلار.

لەيلا سىنىپقا كىرىپ كەلدى. بالىلار ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپ، كىتابلىرىنى ۋاراقلىغاچ، بىر ـ بىرى بىلەن پىچىرلىشىۋاتاتتى. ئەزىزە يېنىدىكى پارتىدا ئولتۇرغان قىزغا پاراڭ قىلىۋاتاتتى. ئارىدىن بىرسى قەغەزدىن ياسالغان بىر ئايروپىلاننى سىنىپنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قارىتىپ ئۇچۇردى.

— بالىلار، پارسچە كىتابىڭلارنى ئېچىڭلار، — دېدى لەيلا قولىدىكى كىتابنى ئۈستەلگە قويۇپ.

بالىلار كىتابلىرىنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. لەيلا دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ، مەيداندا توپ ئېتىشنى مەشىق قىلىۋاتقان بىر توپ ئوغۇللارغا قارىدى. يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغنىڭ ئارقىسىدىن ئەتىگەنلىك قۇياش كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغانىدى. ۋاسكېتبول گارىنىڭ تۆمۈرلىرى، ئىلەڭگۈچنىڭ زەنجىرلىرى، زامانىنىڭ بوينىدىكى پۇشتەك ۋە ئۇنىڭ يېڭىدىن ئەينەك سېلىنغان كۆزئەينىكى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى.

لەيلا ئالىقىنىنى دېرىزە ئەينىكىگە يېقىپ، كۆزىنى يۇمدى. قۇياشنىڭ ھارارىتى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇۋاتاتتى.

ئۇلار كابۇلغا قايتىپ كەلگەندە، لەيلا تالىبانلارنىڭ مەرىيەمنى قەيەرگە كۆمگەنلىكىنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي كۆپ ئازابلاندى. ئۇ مەرىيەمنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ، قەبرە يېنىدا بىردەم ئولتۇرۇشنى، قەبرىسىگە گۈل قويۇپ قويۇشنى شۇ قەدەر ئۈمىد قىلغانىدى. لېكىن، ھازىر بۇلار لەيلا ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. چۈنكى، مەرىيەم ھەرقاچان لەيلا بىلەن بىللە، ئۇنىڭ روھى يېڭىدىن سىرلانغان تاملارنىڭ ئارىسىدا، بالىلارنى ئىسسىق ساقلايدىغان ئەدىياللاردا، ياستۇقلاردا، كىتابلاردا، قەلەملەردە ئىدى. مەرىيەم يەنە ئاشۇ بالىلارنىڭ كۈلكىسىدە، ئەزىزەنىڭ نامازدا ئوقۇغان ئايەتلىرىدە، ئەڭ مۇھىمى ئۇ لەيلانىڭ قەلبىدە، ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشكەن پارلاپ تۇرغان قۇياشنىڭ ھارارىتىدە بار ئىدى.

لەيلا بىرسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرالدى. ئۇ ئەزىزە ئىدى.

— ئاپا، نېمە بولدىڭىز؟

سىنىپنىڭ ئىچى تىمتاسلىقتا چۆمدى. بالىلارنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى.

لەيلا ئەزىزەنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەكچى بولدى ـ يۇ، تۇيۇقسىز كۆڭلى ئېلىشىپ، قولى بىلەن ئۆزىنىڭ گېلىنى تۇتتى. ئەزىزە ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتتى. لېكىن، لەيلا يەنە ئورنىدىن مىدىرلىمىدى.

— ئاپا؟

— قوزام — دېدى لەيلا كۈلۈمسىرەپ، — مەن ھېچ نەرسە بولمىدىم. مېنىڭ ئەھۋالىم ياخشى. ناھايىتى ياخشى.

لەيلا ئۈستەلگە قاراپ ماڭدى.

لەيلا تارىق بىلەن بالىلارغا خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگەندىن بېرى، كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئىسىم تېپىش ئويۇنى ئويناش

ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئادىتىگە ئايلانغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرى تاپقان ئىسىملار توغرۇلۇق تالاش ـ تارتىش قىلىشاتتى. تارىق مۇھەممەد دېگەن ئىسىمنى ياخشى كۆرەتتى. زالماي يېقىندا «خاسىيەتلىك ئادەم» فىلىمىنىڭ سىنئالغۇ لېنتىسىنى كۆرگەنىدى. ئۇ ئافغانلىق ئوغۇل بالىغا نېمە ئۈچۈن كىلارك دەپ ئىسىم قويۇلمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ئەزىزە «ئامان» دېگەن ئىسىمنى ھەدەپ ماختاۋاتاتتى. لەيلا «ئۆمەر» دېگەن ئىسىمنى ياقتۇردى. لېكىن، بۇ ئويۇن پەقەت ئەرلەرنىڭ ئىسمى توغرۇلۇقلا بولاتتى. چۈنكى، ئەگەر بوۋاق قىز تۇغۇلسا، ئۇنىڭغا نېمە دەپ ئىسىم قويۇشنى لەيلا ئاللىقاچان قارار قىلىپ بولغانىدى.

بۇ كىتاب ئامېرىكا «دەريا مەنبەسى» نەشرىياتىنىڭ 2007 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2007 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据美国“河源”出版社2007年10月第1版，2007年10月第1次印刷本翻译出版。

بۇ كىتاب خالىد ھۇسەيىنىنىڭ ئىجازىتى بويىچە چىقىرىلدى

# پارلاپ تۇرغان مىڭ قۇياش

**ئاپتورى:** خالىد ھۇسەيىن (ئامېرىكا)
**ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى:** نۇرنىسا قۇربان
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئىلدانە ئابدۇرېھىم
**ياردەمچى مۇھەررىرى:** گۈلشەھەر نېغمەت
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئايگۈل ھاشىم
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مۇقەددەس دىلشات
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 - 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 15.5
**نەشرى:** 2013 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2013 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 - 3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 16869 - 9
**باھاسى:** 42.00 يۈەن